ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# چىچەن قوشماقلار



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

چىچەن قوشماقلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 978-7-228-12886-0

9 787228 128860 >

定价:26.00 元





ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# چېچەن قوشماقلار

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

聪明的双胞胎：维吾尔文/艾合买提江著．— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2009.9

ISBN 978-7-228-12886-0

Ⅰ.聪… Ⅱ.艾… Ⅲ.儿童文学-科学幻想小说-中国-当代-维吾尔语（中国小数民族语言） Ⅳ.I287.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2009)第173168号

---

| | |
|---|---|
| **责任编辑** | 古丽巴哈尔·艾海提 |
| **责任校对** | 赛娜瓦尔·伊布拉音，热娜古丽·阿布里米提 |
| **特约校对** | 亚生·扎依莫夫 |
| **封面设计** | 买买提·努比提 |
| **绘画插图** | 图尔逊·依沙克 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230毫米 1/32 |
| **印　　张** | 13 |
| **版　　次** | 2009年10月第1版 |
| **印　　次** | 2009年10月第1次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 |
| **定　　价** | 26.00元 |

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# مۇندەرىجە

نۇرلۇق شار ........................ 1
قۇتلۇقنىڭ ئامالى ........................ 10
خاسىيەتلىك لۇغەت ........................ 18
تۇغلۇق كېلىشتىن بۇرۇن ........................ 26
تۇغلۇق تېپىلدى ........................ 33
تۇغلۇققا نېمە بولغاندۇ ........................ 41
تۇغلۇق نۇرلۇق يۇلتۇزدا ........................ 49
ياسالما تۇغلۇق ........................ 57
تۇغلۇق زىيارەتتە ........................ 64
بەسلىشىش ........................ 72
تۇغلۇق قەيەرگە كەلدى ........................ 80
تۇغلۇق قاچتى ........................ 88
يالماۋۇزغا يولۇقۇش ........................ 96
سۇمۇرغ ........................ 104
سۇمۇرغ بىلەن قايتا ئۇچرىشىش ........................ 112
يازلىق لاگېردا ........................ 119
يەنە يالماۋۇزلار ماكانىدا ........................ 126
ياغاچ ئاتقا مىنىش ........................ 134
بۇلۇت باللار ........................ 142
تۇغلۇق پەيدا بولدى ........................ 150
ياۋايى ئادەملەر ........................ 157
جاھاننەمانى كۆرۈش ........................ 165
قايتىشتىن بۇرۇن ........................ 172

تۇغلۇق قايتىپ كەلدى ..... 180
كۆل ئاستىدا ..... 187
پاقا باللارغا ناخشا ئۆگىتىش ..... 196
بېلىق بالىلار ..... 204
ئىككى تۇغلۇق ..... 212
ياسالما تۇغلۇق كەتتى ..... 219
قۇتلۇق ۋە گۈلنار ..... 227
يەنە نۇرلۇق يولتۇزدا ..... 233
سېھىرلىك باغ ..... 240
ئۆمۈچۈك ..... 247
ئۆمۈچۈك موماي ئېيتقان ھېكايە ..... 255
چوغلۇقلار بىلەن كۆرۈشۈش ..... 262
بالىلار ئورمانلىقى ..... 270
قۇرت بالىلار ..... 277
تۆمۈرتۇمشۇققا تۇتۇلۇش ..... 285
تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ ئۇۋىسىدا ..... 292
ئەسلىگە قايتىش جەريانى ..... 300
چۇمۇلىلەرگە تۇتۇلۇش ..... 307
چۇمۇلە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا ..... 314
چۇمۇلە ئوردىسىدىكى ئويۇن ..... 322
ئەسلىگە قايتىش ..... 329
ئۇچۇرما زىياپىتى ..... 336
كۆكتاغقا سەپەر ..... 344
كۆكتاغدىكى يامغۇر ..... 351
ئۆڭكۈردىكى ئېيىق ..... 359
ھەسەل ھەرىسى قىزلار ..... 367
تېپىشماقلار كۆنىكى ..... 374
ئۇچار گىلەم ۋە ئاي ئوردىسى ..... 382
قۇتلۇق قايتىپ كەلدى ..... 390
مۇسابىقىگە قاتنىششتىن بۇرۇن ..... 397
قوشماقلار مۇسابىقىسى ..... 405

# نۇرلۇق شار

توغلۇق بىلەن قۇتلۇق قوشماق ئاكا - ئۇكىلار بولۇپ، بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشايتتىكى، بەزىدە ھەتتا ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەي قالاتتى.

ئۇلار بىر مەكتەپتە ئوقۇسىمۇ، بىر سىنىپتا ئەمەس ئىدى، شۇڭا پەقەت مەكتەپكە كەلگەندىلا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

بۈگۈن يازلىق تەتىلگە قويۇپ بەرگەچكە، توغلۇق بىلەن قۇتلۇق بەك خۇشال ئىدى. ئۇلار مەكتەپتىن قايتىش يولىدا خۇددى يېڭى ئۇچۇرما بولغان قۇشقاچلاردەك شادلىقىنى باسالماي قالغانىدى. ھەر ئىككىسى ياخشى نەتىجە بىلەن ئۈچىنچى يىللىققا كۆچكەنىدى.

— بۈگۈن نېمىش قىلساق بولار، ئۇكام؟ — توغلۇق قۇتلۇقتىن سورىدى.

— سادىغاڭ كېتەي، مېنى بىر ئۇكام دېمىگىنە، سەن بىلەن بىر ئاي، بىر كۈندە تۇغۇلغان تۇرسام، — دېدى قۇتلۇق تېرىكىپ.

— ھەي، سەن ئۇكام بولغاندىكىن ئۇكام دېمەي نېمە دەيمەن؟

— ماڭە ۋاي، مەن سېنىڭ ئۇكاڭ ئەمەس، مەندىن نەچچە مىنۇت بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغانغا ماڭا ئاكا بولۇپ قالامسەن؟ بولدى، بولدى، مېنى قۇتلۇقلا دېگىنە.

— ھە، بوپتۇ، بوپتۇ، سەن مېنىڭ ئۇكام ئەمەس. باشقا گەپنى قويۇپ، بۈگۈن نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى بىر دېگىنە.

— تەتىلنىڭ تاپشۇرۇقلىرىمىزنى ئىشلەيلى، كۆردۈڭمۇ،

تاپشۇرۇق دېگەننى ساماندەك بېرىپتۇ.

— ۋاي، تاپشۇرۇقنى كېيىن ئىشلىسۇمۇ ۋاقىت دېگەن كۆپقۇ، بۇگۈن ئويدان ئوينايدىغاننىڭ گېپىنى قىلە، — تۇغلۇق دەرستىن زېرىكىپ قالغاچقا تاپشۇرۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

ئۇلار ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ شەھەر بويىچە داڭلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن بولمىسىمۇ، خېلى يامان ئەمەس مەكتەپلەردىن ئىدى. مەكتەپنىڭ بىنالىرى يېڭى بولۇپ، توپ مەيدانىمۇ خېلى كەڭرى ئىدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق مەكتەپكە بەك ئامراق ئىدى. مەكتەپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئانچە يىراق بولمىغاچقا، مەكتەپكە پىيادە بېرىپ كېلەتتى. شەھەر چېتىدىكى يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق موممىسىنىڭ ئۆيى ئانچە يېقىن بولمىسىمۇ، بىراق ئۇ يېزىغا توختىماي ئاپتوبۇس قاتناپ تۇراتتى. شۇڭا، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق دائىم دېگۇدەك موممىسىنىڭ ئۆيىگە ئۆزلىرىلا باراتتى. ئۇلار كەلسە بوۋىسى بىلەن موممىسى بەك خۇشال بولاتتى. ئۇلار ئىمتىھان بېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، موممىسىنىڭ ئۆيىگە بارمىغىلىمۇ ئۇزاق بولغانىدى، شۇڭا قۇتلۇقنىڭ بۈگۈنلا موممىسىنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى كېلىپ قالدى.

— ھەي، موماملارنىڭ ئۆيىگە بارايلىمۇ؟

قۇتلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇغلۇقمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ۋاي، ۋاي، بارايسەن، ئەجەب كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم. ھە، راست، ئاپتوبۇسقا چىققۇدەك پۇلۇڭ بارمۇ؟

— مېنىڭ بار، سېنىڭچۇ؟

— مەندە پۇل نېمە قىلىدۇ؟ — تۇغلۇق خاپا بولغاندەك دومسايدى.

— تۈنۈگۈن دادام ساڭىمۇ بەش كوي پول بەرگەنىدىغۇ؟

— ھەي، ساڭا دېمىسەم بولمىدى، تۈنۈگۈننىڭياقى تىتىلداپ

يۇرگىنىمنى سەزمىدىڭمۇ، ئۇ پۇلنى چۈشۈرۈپ قويدۇم. سەندە پۇل بارغۇ، پەقەت بىر كويلۇق بىلەت ئالدۇغۇ، ماڭا بىر كوي خەجلەپ بىلەت ئېلىپ بەرگەنگە نېمەڭ كېتەتتى؟

تۇغلۇق بەش كوينى تۇنۇگۇنلا خەجلىۋەتكەنىدى. ئۇ كۆپ چاغلاردا قۇتلۇققا مانا مۇشۇنداق يالغان سۆزلەيتتى. قۇتلۇق ئەزەلدىن يالغان سۆزلىمەيدىغان بولغاچقا، تۇغلۇقنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنەتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق بىردەمدىلا كېلىشىپ مومىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ مومىسى بىلەن بوۋىسى بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ۋاي، ئاپئاق قوزىلىرىم، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭلارغۇ، يولۇڭلارغا قاراپ كۆزۈم تېشىلىپ كېتەيلا دېدى. بۇگۈن كەلمىگەن بولساڭلار ئالدىڭلارغا ئۆزۈم باراي دېگەنىدىم، — دېدى ئايخان موماي خۇشلۇقىدا ئۇلارنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ تۇرۇپ.

— ھەي، قوشماقلىرىم، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭلار، ئەتىل قويۇپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — ھويلىدىكى كۆكتاتلىقتا ئىشلەۋاتقان ئاسىم بوۋايمۇ ئىشىنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. بالىلىرى ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىپ، يالغۇز قالغان بوۋاي - مومايلارنى قوشماقلار بەك خۇشال قىلىۋەتتى.

— ئاپاڭلارغا دەپ قويۇپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئايخان موماي.

— ئاپلا، ئۇلارغا دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق، تېلېفون بېرىۋەتسەك بولارمىكىن، — دېدى تۇغلۇق بېشىنى قاشلاپ.

— ئەمىسە بوۋاڭلار ئۆيۈڭلەرگە تېلېفون بېرىۋەتسۇن، ئەگەر ۋاقتى بولسا ئۇلارمۇ كەلسۇن، بۇ ئۆيدىمۇ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ باقايلى، — مومىسىنىڭ بۇ گېپى تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا ئانچە خۇشياقمىدى، ئۇلار ئاتا - ئانىسىنىڭ كېلىشىنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتى، چۈنكى ئۇلار تۇغلۇق بىلەن

قۇتلۇقنىڭ ئەركىن ئوينىشىغا توسالغۇ بولاتتى. ئۇلار ئاتا-ئانىسى بولمىسا، مومىسىنىڭ ئالدىدا ئەركىلەپ خالىغىنىنى قىلالايتتى. بۇۋاي بىلەن مومايمۇ ئۇلارنى ئەركىگە قويۇۋېتەتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئاتا-ئانىسىدىن، بولۇپمۇ دادىسىدىن بەك ئەيمىنىدىغان بولغاچقا، ئۆز ئۆيىدە ئانچە ئەركىلىيەلمەيتتى.

ئاسىم بوۋاي سۆزلەپ كەتتى:

— كىچىك بالىلارنى نېمە قىلسۇن دەيدىكىنە؟ تېلېفوننى كۆيئۇغۇل ئالدى، كۆيئوغۇلكەن دەپ گەپ قىلمىسام، بۇ قوشماقلىرىمنى قايتىپ كەلسۇن دېگۇسى بار، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئىشى بار ئىدى دەيدۇ، مۇشتۇمدەك بالىلارنىڭ نېمە مۇھىم ئىشى بولاتتى، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ئۆزۈڭلارغۇ ئايلاپ-يىللاپ كەلمەيسىلەر، ئەمدى نەۋرىلەر كەلسىمۇ توسۇيدىغان بولۇپ كەتتىڭلارمۇ، دەپ بىر قايناپتىكەنمەن، جىمىپ قالدى. قوشماقلىرىم، ئويناۋېرىڭلار، مەن ئۇ داداڭلار-ئاپاڭلاردىن قورقۇپ قالمايمەن، — ئاسىم بوۋاي توم بۇرۇتلىرىنى تولغاپ پىخىلداپ كۈلدى. ئۇلار بوۋىسىغىمۇ بەك ئامراق ئىدى، بوۋاي ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيۈپ قويسا، يىرىك ساقاللىرى يۈزلىرىگە تىكەندەك سانجىلسىمۇ، ئۇلار يەنىلا رازى ئىدى.

بۈگۈندىن باشلاپ تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق مومىسىنىڭ مەھەللىسىدە قانغۇدەك ئوينايدىغان بولدى. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ بۇ مەھەللىگە كۆپ كېلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەر ئۇلارنى تونۇيتتى ھەم بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل بالىلارمۇ ئۇلار بىلەن ئويناشقا ئامراق ئىدى.

چۈشتە، موممىسى ئوخشىتىپ ئەتكەن لەڭمەننى ھۇزۇر قىلىپ يېگەن تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق مومىسىنىڭ، بىردەم ئۇخلىۋېلىڭلار دېگەن گېپىنىمۇ ئاڭلىماي تالاغا يۈگۈردى. چىڭقىچۈش بولغاچقا تالادا تۈزۈك بالىلار كۆرۈنمەيتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق مۇشۇ مەھەللىدىكى بالىلاردىن ئۆگىنىۋالغان قوشاقنى توۋلاپ باقتى:

ئاق تاش، كۆك تاش،
دەريا بويى سۈزۈك تاش.
كېلىڭلار تەڭ ئويناپلى،
بولۇپ يېقىن دوست ـ ئاداش.
...
ئويناپدىغان بالا بامۇ!

ئۇلار خېلى كۆپ توۋلىغان بولسىمۇ بىرەر بالا چىقمىدى.
ــ ھەي، باللار ئۇخلاۋاتقان ئوخشايدۇ، بىز كۆل بويىغا بېرىپ ئويناپ كېلەمدۇق؟ ــ دېدى تۇغلۇق.
ــ مومام كۆل بويىغا بارماڭلار دېدىغۇ، ــ قۇتلۇق ئەنسىرىگەندەك مومىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ قويدى.
مومىسىنىڭ ئۆيىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بىر كۆل بار ئىدى. تاغ سۈيىدىن تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ كۆل قومۇش، يېكەنلەر بىلەن بېزىلىپ، تولىمۇ سىرلىق ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى. يازدا باللار بۇ كۆلگە كېلىپ سۇغا چۈشەتتى، بېلىق تۇتاتتى. بۇ كۆلنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى. باللار پەقەت كۆلنىڭ چېتىدىكى تېيىز يېرىگىلا چۈشەلەيتتى. قۇتلۇقمۇ ئاشۇ كۆل بويىدا ئويناشقا ئامراق بولغاچقا، تۇغلۇقنىڭ گېپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن كۆل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەگەر بۇنداق چاغدا بارمايمەن دېسىمۇ، تۇغلۇق ئۆزى كېتىۋېرەتتى.
ئۇلار كۆل بويىغا كەلگەندە بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھاۋا تىنچىق بولغاچقا، كۆل خۇددى ماي بوياق رەسىمدىكىدەك تىپتىنچ كۆرۈنەتتى. كۆل ئۈستىدە پىلدىرلاۋاتقان ئالۋۇن كۆلنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسىتەتتى. كۆل ئۈستىدە لەيلەپ ئۈچۈپ يۈرگەن بېلىقئالغۇچلار تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ئۆزىنى كۆلگە ئوقتەك ئاتاتتى. يېكەن ۋە قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن غاز ـ

ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلداشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئۇلار كۆل بويىدا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن سۇغا چۆشمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئاسماندىن ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ھەيران بولۇپ ئاسمانغا قارىدى، كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتقان بىلەن ئاسماندا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بىر چاغدا شارسىمان نۇرلۇق بىر جىسىم كۆرۈنۈپ، بىردەمدىلا يەر يۈزىگە قوندى. توغلۇق بىلەن قۇتلۇق نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي بۇ نۇرلۇق پومزەككە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. جىسىم تۇيۇقسىزلا يوغىناپ، ئىككى قەۋەتلىك بىنادەك يوغانلىقتىكى غەلىتە شارغا ئايلاندى. ئۇنىڭدىن چاقناپ تۇرغان رەڭگارەڭ كۈچلۈك نۇر توغلۇقلارنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. قۇتلۇق قورقۇپ توغلۇققا چىڭ چاپلىشىۋالغانىدى. شۇ چاغدا نۇرلۇق شار تەرەپتىن ئاللىقانداقتۇر جانىۋارلارنىڭ چىرقىرىغىنىغا ئوخشايدىغان غەلىتە ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازلارنىڭ نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. توغلۇق قۇتلۇققا قارىغاندا خېلى يۈرەكلىك بولسىمۇ، بۇ ئەھۋالدا ئۇمۇ قورقۇپ تۇراتتى. غەلىتە شار ئۇلار تەرەپكە سىلجىپ كېلىۋاتاتتى. توغلۇق بىلەن قۇتلۇق بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ كەتكەنىدى. قۇتلۇق ئاللىبۇرۇن كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. كۆزىنى ئېتىۋالغان بىلەن غەلىتە ئاۋاز يەنىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاۋاز بىر خىل رىتىمدىن يەنە بىر خىل رىتىمغا ئۆزگىرىۋاتاتتى. بۇ ئاۋازلار ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىپ داۋاملاشقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئۇيغۇرچە سۆزلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سىلەر يەر شارىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرىمۇ؟

— ھەئە، بىز ئۇيغۇر، سىلەر... — توغلۇق تېز جاۋاپ بەردى.

— سىلەر بىزنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ



قۇتلۇقمۇ كۆزىنى ئاچتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا غەلىتە شاردىن باشقا نۇرلىنىپ تۇرغان بىرنەچچە نەرسە جىمىرلاپ تۇراتتى.

— ھە، راست ئۇيغۇر بالىلىرى ئىكەنسىلەر، بايا بىز يەر شارىدىكى نەچچە خىل تىلدا سۆزلەپ باقساقمۇ چۈشەنمىدىڭلار.

— سىلەر...

قۇتلۇق تېخىچىلا كۆزىنى يۇمۇپ تۇراتتى، تۇغلۇق يۈرەكلىك گەپ قىلالماقچى بولۇۋىدى، ئەمما «سىلەر»دىن باشقا گەپنى چىقىرالمىدى.

— سىلەر بىزگە ياردەم قىلالامسىلەر؟ بىزگە ئادەم بالىلىرىدىن بىرى كېرەك ئىدى، شۇڭا بىرىڭلار بىز بىلەن بىللە بالىلار يىغىلىشىغا بارغان بولساڭلار؟

— بارساق ئىككىمىز تەڭ بارايلى، بىز قوشماق ئاكا ـ ئۇكا، ئادەتتە بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلمايمىز.

غەلىتە شارنىڭ ئالدىدا جىمىرلاپ تۇرغان نۇرسىمان مەخلۇقلار بىردەم جىمىپ قالغاندىن كېيىن سادا قايتۇردى:

— ھەي، سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا بەك ئوخشايدىكەنسىلەر، بىراق يەر شارىدىن پەقەت بىرلا بالا بېرىشى كېرەك، بولمىسا ئالەمدىكى بالىلار يىغىلىشىنىڭ تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. ئىككىڭلارنىڭ قايسىڭلار بارىسىلەر؟ بۇنى ئۆزۈڭلار تاللاڭلار، بىراق بىرىڭلار بارمىساڭلار زادى بولمايدۇ.

«زادى بولمايدۇ» دېگەن گەپ كەسكىن، سوغۇق ئېيتىلغاچقا، تۇغلۇق بۇلاردىن قۇتۇلماقنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا مەن باراي، — تۇغلۇق شۇنداق دېيىشى بىلەن تەڭ چاقماق چاققاندەك بولۇپ، كۆل بويىدا قۇتلۇق يالغۇز قالدى. تۇغلۇق تۇرماق ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، بۇ غەلىتە ئىشتىن قورقۇپ كەتكەن قۇتلۇق نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ئەمدى قۇتلۇققا كۆل بويى تېخىمۇ سۈرلۈك، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈندى. شۇڭا، ئۇ ئالمان ـ تالمان مەھەللە

تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۈنىڭ ۋارقىرىغۇسى، ھۆڭرەپ يىغلىغۇسى كەلدى. ھېلىلا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلدى، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ چۈش ئەمەس ئىدى. ئەمدى قۇتلۇق مومىلىرىغا نېمە دېسە بولار؟ ئۇلار، تۇغلۇق نەدە قالدى دېسە، نېمىدەپ جاۋاب بېرەر؟

# قۇتلۇقنىڭ ئامالى

قۇتلۇق قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك كۆل بويىدىن مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ ئادەتتە مەكتەپتىمۇ يۈز مېتىرغا تېز يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە دائىم بىرىنچى بولاتتى. بالىلار بىلەن قوغلاشماق ئوينىغاندىمۇ ئۇنى قوغلاپ تۇتۇش ئاسان ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ بىردەمدىلا مەھەللىگە يېقىنلىشىپ قالدى. قورقۇپ كەتكەچكىمۇ ياكى بەك تېز يۈگۈرۈۋەتكەچكىمۇ تەرلەپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مەھەللىگە ئاز قالغاندا يۈگۈرۈشتىن توختىدى، ئاكىسىنى ھېلىقى «نۇرلۇق شار»نىڭ ئەكەتكىننگە ئىشەنمىگەندەك مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ بەكمۇ بىئارام بولدى. «ئاكام مۇشۇنىڭ بىلەن بىراقلا يوقاپ كېتەرمۇ، ئەمدى مومام بىلەن بوۋامغا نېمە دەيمەن، دادام بىلەن ئاپامغىچۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىغانسېرى مەھەللە تەرەپكە ماڭالماي قالدى. ئۇ تۇغلۇقنى بىرەر قېتىممۇ ئاكا دەپ باقمىغانىدى، مانا ئەمدى ئىچىدە بولسىمۇ ئاكا دېدى. ئاكىسىنىڭ قورقماي «نۇرلۇق شار» بىلەن كەتكەنلىكى ئۇنى بەك تەسىرلەندۈردى. ئەمدى ئۇنىڭ مەھەللە تەرەپكە ماڭغۇسى كەلمەي، يول بويىدىكى ئېرىق قىرىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ھازىرمۇ تىترەشتىن توختىمىغان، ۋۇجۇدىدىكى قورقۇنچ تېخى تاراپ كەتمىگەنىدى. ئۇ بايىقى ئىشلارنىڭ ئۆڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك، ئۆزىنىڭ قولىنى ئۆزى چىمدىپ باقتى، كۆزىنى يۇمۇپ يەنە ئېچىپ باقتى. بۇ قۇتلۇقنىڭ چۈشى ئەمەس ئىدى.

« ھەي، ئۇ ‹نۇرلۇق شار› زادى نېمىدۇ؟ ئاكامنى ئەكەتكىنى

جىن ـ ئالۋاستىمىدۇ؟ موماملارغا، ئاكامنى غەلىتە بىر شار ئەكەتتى، دېسەم ئىشىنەرمۇ؟ ئۇلارنى نېمىدەپ ئىشەندۇرسەم بولار؟ ھەي، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ھازىر ئۇلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىم مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاكام قايتىپ كېلەرمۇ؟ ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمەي قالسىچۇ؟» قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ كەلمەي قېلىشىنى ئويلاپ، ھۆڭرەپ يىغلىۋەتكۈسى كەلدى. ئۇ مۇشۇ چاغدىلا ئۆزى ئانچە چىقىشالمايدىغان ئاكىسىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغاچقا، قۇتلۇق تېخىمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى. ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرنى قول ـ بىلەكلىرى بىلەن ئېرتتى، ئارقىدىن تۇغلۇق ھازىرلا كېلىپ قالىدىغاندەك كۆل تەرەپكە قارىدى. كۆل تەرەپتىن جىمىرلاپ تۇرغان ئالۋۇندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. شۇ چاغدا مەھەللە تەرەپتىن بىر توپ باللار چۇقان سېلىشىپ كېلىۋاتاتتى. قۇتلۇق باللارنى كۆرۈپ ئازراق خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. ئۇلار قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— ھەي سەن قۇتلۇقمۇ، تۇغلۇقمۇ، تاق بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — مەھەللىدىكى گەپدان ئادىل قۇتلۇقتىن سورىدى.

— ھە، مەن قۇتلۇق. تۇغلۇق كەلمىدى، مەن چۈشتىن بۇرۇن كەلگەن.

— بايا ئايخان مومام ھەر ئىككىڭلارنى كەلدى دېگەنىدىغۇ؟ — دېدى ئادىل بىلەن بىللە كەلگەن باللاردىن بىرى. دەماللىققا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي قالغان قۇتلۇق گەپنى تېزلا يۆتكىدى:

— سىلەر كۆل بويىغا ئويىنىغىلى ماڭدىڭلارمۇ؟

— ھەئە.

— مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟

— ئەلۋەتتە بىللە بارارسەن، تۇغلۇق كەلگەن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — ئادىل قۇتلۇقنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

قۇتلۇقنىڭ كۆل بويىغا بېرىپ تۇغلۇقنى ئىزدەپ باققۇسى بولغاچقا، ئۇلار بىللە كۆل تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بالىلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى تىپتىنچ كۆل يۈزىدە ئەركىن يايراپ يۈرگەن ياۋا غاز، ياۋا ئۆردەكلەرنى چۆچۈتۈۋەتكەچكە، غاقىلدىشىپ ئۇركۈپ ئۇچۇشتى. كۆل ئۈستىدە ئانچە ئېگىز ئۇچماي لەيلەپ يۈرگەن بېلىقئالغۇچلارمۇ بالىلاردىن ئۈركۈپ ئېگىزگە ئۆرلىدى. بۇ مەھەللىدىكى بالىلار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا قارىغاندا تېخىمۇ قورقماس ئىدى. ئۇلار سۇ ئۈزۈشكىمۇ بەك ئۇستا ئىدى. ئەمدى ئۇلار شوخ ئۆردەك چۆجىلىرىدەك كۆلدە ئەركىن يايراپ يۈرەتتى. قۇتلۇقنىڭ كۆلگە چۈشكۈسى كەلمىسىمۇ، بالىلارنىڭ زورلىشى بىلەن قىرغاقتىكى تېيىز يەرگە بىرنەچچە شۇڭغۇۋېلىپ قىرغاققا چىقىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولغاچقا بالىلارنىڭ شادلىق سۈرەنلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، تۇغلۇق ئىككىسى ئولتۇرغان يەرگە ۋە ھېلىقى «نۇرلۇق شار» قونغان تەرەپكە قارايتتى. ئۇ تۇغلۇقنىڭ ئاشۇ «نۇرلۇق شار» بىلەن پەيدا بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ تۇغلۇقتىن ئايرىلىپ تېخى بىر سائەتمۇ بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزاق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كۈلگۈسى، ھەتتا گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمەيتتى. بالىلار ئۇنى سۇغا چۈشۈشكە شۇنچە زورلىغان بولسىمۇ، قايتا چۈشمىدى...

ئۇ بالىلار بىلەن بىللە مەھەللىگە قايتىپ كەلدى. مومىسى بىلەن بوۋىسى ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. مومىسى قۇتلۇقنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئەنسىرەپ سورىدى:

— ھەي، سەن تۇغلۇقمۇ، قۇتلۇقمۇ؟ توۋا، قوشماقلىرىمنى يالغۇز پېتى كۆرسەم كۆڭلۈم بىرقىسىملا بولۇپ قالىدۇ دېسە. تاماقنى تەييار قىلىپ ساقلاۋاتقىنىمغا نەكەم، — ئايخان موماي شۇنداق دېگەچ لەگمەن پىلتىسىنى سوزدى.

— ھە، مەن قۇتلۇق، ئاكامنىڭ ئادىل بىلەن ئىشى بار ئىكەنتۇق، بىردەم تۇرۇپ كىرىدۇ.

— ئىمىنئاخۇنىڭ ئوغلى ئادىلمۇ؟ ئۇنى بەك كەپسىز دەۋاتقان، بۇ مەھەللىدە ھەرقىسما بالىلار بار، ئاۋايلاپ ئارىلىشىڭلار.
— ھەي، ھەي، گېپىم بار دەپ دەۋەرمەڭلار، خەقنىڭ بالىسىنى شۇنداق دېسەڭلار، خەق سىلەرنىڭ بالاڭلارنى نېمە دەيدۇ؟ بۇ مەھەللىدە يامان بالا يوق، — ئاسىم بوۋاي بىكار بولغان لەڭمەن تەخسىسىنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويدى.
— ئۇغۇ شۇ، «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دەپتىكەن، — ئايخان موماي ئوشۇق گەپ قىلالماي، قۇتلۇقنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە لەڭمەننى تەييار قىلدى. قۇتلۇقنىڭ تاماقنا تاۋى بولمىسىمۇ زورلاپ يېدى.
— يەنە ئازراق سېلىپ بېرەيمۇ؟ — سورىدى ئايخان موماي مۇلايىمغىنا.
— ياق بولدى، ئاران يەپ بولدۇم.
— كۆپ سالغاندەك قىلمىغانىدىمغۇ، بوپتۇ، تاماق يېمىسەڭ ئىمىنئاخۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاكاڭنى چاقىر، تېز كېلىپ تامىقىنى يەۋالسۇن.
قۇتلۇقنىڭ ئۇستىگە تاغ يىقىلغاندەك بولدى. ئەمدى ئۇ قانداق قىلسا بولار؟ قۇتلۇق بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى، ئۇ تۇغلۇقنىڭ غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى دېيەلمەيتتى. ئۇ گويا تۇغلۇقنا ۋەدە بېرىپ قويغاندەك، بۇ مەخپىيەتلىكنى ساقلىماقچى بولدى.
«توختا، مەن بىر ئامال قىلاي. ئاكام ئىككىمىزنى ئايرىۋالماق شۇنچە تەس بولغاندىكىن، ھازىردىن باشلاپ تۇغلۇقنىڭ رولىنى ئالاي.» قۇتلۇقنىڭ يەرگە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئايخان موماي كايىدى:
— نېمىگە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ تېز، ئاكاڭنى چاقىرىپ كەلگىن.
قۇتلۇق ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئادىللارنىڭ ئۆيىگە

ئەمەس، مومىسنىڭ ئۆيىنىڭ كەينىدىكى دەرەخزارلىققا كىردى. ئۇ بىر دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆل بويىدا يۈز بەرگەن ئىشنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنى پەقەت ئىشەندۈرەلمەيۋاتاتتى.

«بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟ تۇغلۇق ئاكام زادى نەگە يوقاپ كەتكەندۇ؟ ھېلىقى غەلىتە ‹نۇرلۇق شار› قانداق نەرسىدۇ؟ ئاكام مۇشۇ يوقىغىنىچە يوقاپ كېتەرمۇ؟» قۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى خىيالى ئۇنى بەك ئازابلىدى. بىراق، تۇغلۇق يېقىنلا يەردە تۇرغاندەك، ھامان قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

قۇتلۇقنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تۇغلۇقنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى: «ئۇكام، مېنىڭ قانداق كېتىپ قالغانلىقىمنى ھازىرچە ھېچكىمگە دېمە، بۇ ئىش بەك تۇيۇقسىز بولغاچقا، بەزى گەپلەرنى مەن ساڭا دەپ بېرەلمەي قالدىم. مەن ھېلىقى ‹نۇرلۇق شار› بىلەن ئاسماندا سەيلە قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بۇ ئىشنىڭ ھەممىمىزگە پايدىسى بار. سېنىمۇ ئېلىۋالاي دېسەم، ئۇلار ئۇنىمىدى، مەن ئانچە ئۇزاق يوقاپ كەتمەيمەن. سەن بۈگۈن مېنىڭ يوقىلىۋقۇمنى چاندۇرماي تۇرساڭ بولدى. باشقا گەپلەرنى مەن بارغاندىن كېيىن دېيىشەرمىز.» قۇتلۇق بۇ گەپلەر راست ئېيتىلدىمۇ ياكى خىيالىمۇ، ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى. ئۇ تۇغلۇقنىڭ يوقىلىۋقىنى چاندۇرماسلىق ھەققىدە كۆڭلىدە پىلان تۈزۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

— تۇغلۇقنى چاقىرماپسەنغۇ؟ — دېدى ئايخان موماي قۇتلۇقنى كۆرۈپلا.

— مەن تۇغلۇققۇ! — قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ گەپ قىلىشىنى دوراپ پەسرەك ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

— ھە، تۇغلۇقمۇ سەن، نەدە يۈرگەنسەن، قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ؟ قۇتلۇق سېنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتكەن، ئۇچراشماپسىلەر - دە؟ — دېدى موماي بىر تەخسە لەغمەننى

راسلاۋاتقاچ.

— ئۇ مەھەللىدە باللار بىلەن ئويناپ قالدى.

— ھە، بوپتۇ، تامىقىڭنى يەپ بولۇپ سەنمۇ بىردەم ئوينىۋالغىن.

قۇتلۇق ئۇچۇن يەنە بىر تەخسە لەڭمەننى يېيىش تەس كەلگەن بولسىمۇ، چاندۇرماسلىق ئۇچۇن زورلاپ يەۋەتتى.

— موما، مەن كەچتە ئادىلنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالىدىغان بولدۇم.

— ۋاي، نېمە دەيدىغانسەن، قوزام، مۇشۇ ئۆيدە ئۇكاڭ بىلەن ياتماي، خەقنىڭكىدە قونۇپ نېمە قىلىسەن؟

— ئادىل پاراڭلىشىپ ياتىمىز دېگەنىدى، — قۇتلۇق يالغان سۆزلەۋاتقاچقا، چىرايى قىزىرىپ كەتتى.

— ئەمىسە ئۇكاڭنى چاقىرىپ قوي. خەقنىڭ ئۆيىدە كەپسىزلىك قىلما جۇمۇ.

— ماقۇل، — قۇتلۇق ئۇستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يېنىكلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئارىلىقتىن يىگىرمە مىنۇتتەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزىۋېتىپ ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئادىتى بويىچە خەقىش قىلىپ قويدى.

— موما، تۇغلۇق ئادىلنىڭ ئۆيىدە قونىمەن دەيدۇغۇ، مەنمۇ ئادىلنىڭ ئۆيىدە قونىمەن، مەنمۇ ئاكام بىلەن بىللە قونايچۇ!

— خەقنىڭ ئۆيىگە ھەر ئىككىڭلار بېرىۋالساڭلار قانداق بولىدۇ. بولدى قوزام، سەن بولساڭمۇ مۇشۇ ئۆيدە ياتقىن. مەن ساڭا چۆچەك ئېيتىپ بېرىمەن.

قۇتلۇق ئەتەي شۇنداق دەپ قويۇۋاتقان بولغاچقا، باشقا گەپ قىلماي مومىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلغاندەك ئىپادە بىلدۈردى.

«... دۇۋلەر پادىشاھى يېڭى پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. پەرماندا ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئاق كۆڭۈل بالىدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىش تاپىلانغانىكەن. بۇنىڭدىن بېرىلىدىغان

ئىنتايىن ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، دېۋىلەر پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا بەك قىزىقىپ قاپتۇ. بىراق، ئۇلار ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ ئەقىللىقلىرىنى قانداق ئايرىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. بۇ ئىشقا ئەڭ قىزىققان لەشكەر بېگى پادىشاھدىن سوراپتۇ:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئالىيلىرى، سىلىدىن سورايدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

— قېنى سورا! — ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك سۇرلۇك تەختىدە ئولتۇرغان پادىشاھ تېزلا ئىجازەت بېرىپتۇ.

— بالىلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ئاق كۆڭۈللىرىنى قانداق ئايرىيمىز؟ ئادەم بالىلىرى بىر - بىرىگە بەك ئوخشايدىغان تۇرسا، شۇڭا بۇ ئىشنى قىلماق ...

— نېمە؟ — پادىشاھ دەرغەزەپ بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ، — مېنىڭ پەرمانىمنى بەجا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ دېمەكچىمۇسەن؟ سەن دائىم مۇشۇنداق ... جاللات!

— ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە ئالىيلىرى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز ئادەم بالىلىرىنى تۇتۇپ كەلسەك، ئۇنىڭ ئەقىللىق ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىنى سىلى قانداق ئايرىيلا؟ شۇڭا، بۇ ئىشقا بىر نېمە دېمەك تەس كېلەرمىكىن؟

لەشكەر بېگىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق بولغاچقا دېۋە پادىشاھ ئاچچىقىدىن يېنىپ، چاقىرىپ بولغۇچە تەييار بولۇپ بولغان جاللات دېۋىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، مەغرۇرانە سۆزلەپتۇ:

— سەن بۇنى كۆرۈۋاتامسەن؟ — دېۋە پادىشاھ قولىدىكى قەلەمچىلىك بىر نەرسىنى لەشكەر بېگىگە كۆرسىتىپتۇ، — مانا بۇ ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەقلى ۋە كۆڭلىنىڭ رەڭگىنى ئۆلچەيدىغان نەرسە، سىلەر تۇتۇپ كەلگەن بالىلارنىڭ قولتۇقىغا مۇنداقلا تىقسام، ئۇنىڭ قانداق بالا ئىكەنلىكىنى بىردەمدە بىلىمەن. شۇڭا...

دېۋە پادىشاھى يەنە بىردەم سۆزلىگەندىن كېيىن، لەشكەر بېگى بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك باش لىڭشىتقىنىچە چىقىپ

كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بارلىق دۆلەر ئادەم بالىلىرىنى تۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ...»

ئايخان موماي قۇتلۇقنىڭ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

— ھەي، دائىم مۇشۇنداق قىلىدۇ بۇ قوزىلىرىم، چۆچەك ئاڭلاشقا ئامراق بولغان بىلەن بىرەر چۆچەكنىمۇ ئاخىرغىچە ئاڭلاپ باقمىدى، — ئايخان مومايىنىڭ چىرايىغا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى يۈگۈردى.

# خاسىيەتلىك لوٌغەت

قوٌتلوٌقنى دىۋىلەر توٌتوٌۋالدى. ئوٌنىڭ پوٌت ـ قولىنى باغلاپ ماڭغان دىۋىلەر قاقاقلاپ كوٌلەتتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا، ئەمدى موٌكاپاتنىڭ چوڭىنى ئالىدىغان بولدوٌق، شاھىمىز دېگەن ئەقىللىق، ئاق كوٌڭوٌل بالا دەل موٌشوٌ.

— سىلەر خاتالاشتىڭلار، مەن ئەقىللىق ئەمەس، مەن ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا ئاران ئاتمىش نومور ئالغان توٌرسام، ئوٌنىڭ ئوٌستىگە ئاق كوٌڭوٌلموٌ ئەمەس، ئوٌزوٌمنىڭ توٌغلوٌق ئاكىسىنىموٌ ئاكا دېمىگەن توٌرسام، مېنى قانداقموٌ ئاق كوٌڭوٌل دېگىلى بولسوٌن، سىلەر ئاق كوٌڭوٌل، ئەقىللىق بالىنى تاپمەن دېسەڭلار ئاكام توٌغلوٌقنى توٌتوٌڭلار.

دىۋىلەر قوٌتلوٌقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوٌنىڭدىن سورىدى:

— ئوٌنداق بولسا سەن ئوٌنى بىزگە تېپىپ بەر، ئاندىن سېنى قويوٌپ بېرىمىز.

— ھەي، مەن سىلەرگە ئوٌنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەيموٌ؟

— ھە، قېنى دېگىنە؟

— ئوٌ «نوٌرلوٌق شار»دا.

— «نوٌرلوٌق شار» دېگەن نېمە گەپ ئوٌ؟ مەن بوٌنداق غەلىتە گەپنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. سەن كىچىككىنە توٌروٌپ بىزنى ئالدىماقچى بولوٌۋاتامسەن؟ موٌشوٌنداق دېگىنىڭ ئوٌچوٌن بولسىموٌ، بىز سېنى... — دىۋىلەر گوٌلدوٌرمامىدەك ئاۋازى بىلەن ۋارقىراۋاتقاندا، ھېلىقى «نوٌرلوٌق شار» پەيدا بولوٌپ قالدى.

— ھەي، قولوٌڭنى تارتىش، — بوٌ توٌغلوٌقنىڭ ئاۋازى ئىدى، —

ئۇكام، قورقمىغىن، مەن سېنى قۇتقۇزۇۋالىمەن.

— تۇغلۇق ئاكا، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! — قۇتلۇق قاتتىق چىرقىراپ ئويغىنىپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئايخان موماي بىلەن بوۋاي ھويلىغا چىقىپ كەتكەنىكەن، ئۇنىڭ چىرقىرىغىنىنى ئاڭلىمىدى. ئۆيىنىڭ يوپيورۇق بولۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا، تاڭ ئاتقىلى خېلى بولۇپ قالغانىدى. چۈشىنىڭ تەسىرى بىلەن مەڭدەپ ئولتۇرغان قۇتلۇقنىڭ ئېسىگە تۇغلۇق كېلىپ، ئۇنى يەنە غەم باستى. «تۇنۇگۈن بىر كۈننىغۇ ئەپلەپ ئۆتكۈزدۈم، بۈگۈنمۇ بىر ئامالىنى قىلارمەن. ئەگەر ئۇ كەلمەۋەرسە قانداق قىلىمەن...» قۇتلۇق يوتقاندىن چىقماي تۇرۇپ يەنە شۇ خىياللارنى قىلىۋاتاتتى.

تۇغلۇق ئۆزىنىڭ غەلىتە شارنىڭ ئىچىگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. شارنىڭ ئىچى شۇنداق يورۇق



بولۇپ، يورۇقلۇقنىڭ نەدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تۈغلۈق غەلىتە شار ئىچىدىكى بولۇتسىمان ئولتۇرغۇچقا كېلىپ ئولتۇردى. شارنىڭ ئىچى خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇ يەردە چاچ ۋە يۈزلىرى بولۇتقا، كۆزلىرى يۇلتۇزغا ئوخشايدىغان ئالتە ـ يەتتە بالا ئولتۇراتتى. ئۇلار غەلىتە تىلدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. تۈغلۈق قارىماققا ئۆزى بىلەن تەڭدەك كۆرۈنىدىغان بۇ بالىلارنىڭ غەلىتە سىياقىغا قاراپ ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ زادى قانداق بالىلار ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئويلىنىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ چاغدا، چاچلىرى بۇلۇتتەك ئىككى قىز خرۇستالدەك سۈزۈك بىر قاچىدا سۈتتەك ئاق سۇيۇقلۇقنى ئەكېلىپ، تۈغلۈققا ئۇسسۇلۇق ئىچىڭ، دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. شۇ چاغدا، تۈغلۈقنىڭ يېنىغا بوي جەھەتتە تۈغلۈقتىن ئانچە قېلىشمايدىغان ئىككى بالا كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئولتۇرغۇدا ئولتۇردى ھەم سەرەڭگە قېپىچىلىك كېلىدىغان بىر نەرسىنى تۈغلۈقنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ئەمدى گېپىمىزنى چۈشىنىۋاتقانسىز؟ گېپىمىز ئانا تىلىڭىزدا ئاڭلىنىۋاتامدۇ؟

خۇددى ئادىلىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بۇ ئاۋاز تۈغلۈق ئۈچۈن بەكمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى.

— ھە، ئاڭلىدىم. سىلەرمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىكەنسىلەرغۇ؟ — دېدى تۈغلۈق ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

— بىز ئۇيغۇرچە سۆزلىمىدۇق، بۇ قولىڭىزدىكى لۇغەتنىڭ كارامىتى. ئۇنداق لۇغەت بىزنىڭ يېنىمىزدىمۇ بار، بولمىسا بىزمۇ سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىگەن بولاتتۇق.

— سىلەر ماڭا كىملىكىڭلارنى، نەدىن كەلگەنلىكىڭلارنى، مېنى نەگە ئەكېتىۋاتقانلىقىڭلارنى دەپ بەرسەڭلار بوپتىكەن.

— بىزمۇ ھازىر سىزگە شۇنى چۈشەندۈرمەكچى. سىزنى ئېلىپ ماڭغاندا يېنىڭىزدا يەنە بىر بالا بولغاچقا ھەممىنى دەپ

يورۇش ئەپسىز بولدى. بىز سىز تېخى ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان باشقا يۇلتۇزدىن كەلدۇق. سىلەر بىزنى بىلمىگەن بىلەن بىز يەر شارىنى دائىم زىيارەت قىلىپ تۇرىمىز. ئىمكانىيەت بولسىلا يەر شارىدىكى ئادەملەرگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىمىز، چۈنكى ئۆزىمىز توغرۇلۇق پاراڭلارنى ئاڭلاشنى خالىمايمىز. يەر شارىدىكى ئادەملەر ئۆزلىرى ئۈچۈن ئازراقلا يېڭى تۆيۈلۈپ قالغان بىرەر ئىشنى كۆرۈپ قالسىلا داۋراڭ سالىدۇ.

توغلۇق ئۇلارنىڭ يەر شارى ئادەملىرىنىڭ يامان تەرىپىنى قىلمۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەل ۋاقتىدا رەددىيە بەردى:

— سىلەر نېمە دېمەكچى؟ مېنى قارىتىپ قويۇپ بىز يەر شارىلىقلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلىپ، گېپىنى دەرھال ئۆزگەرتتى.

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ يەر شارىلىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلاشمايلا گەپ قىپتۇق. سىزگە ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرساق، بىز نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى يەر شارى تەتقىقات مەركىزىنىڭ خىزمەتچىلىرى، بۇ قېتىم بىزنىڭ يۇلتۇزغا ھەرقايسى يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلار تولۇق جەم بولماقچى. بۇ تېخى ئالەم تارىخىدىكى تۇنجى ئىش. بىز ھازىر سىزگە يەر شارىدىكى بالىلاردەك كۆرۈنۈۋاتقىنىمىز بىلەن، بىز سىزنىڭ ئۇلۇغ بوۋىڭىزدىنمۇ چوڭ.

— سىلەر تېخى ئاسىم بوۋامدىنمۇ چوڭمۇ؟

توغلۇق بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلارقاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— بىز سىزنىڭ ئاسىم بوۋىڭىزنى ئوبدان بىلىمىز، ئۇ ئادەم تېخى كىچىك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ توغلۇقنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى.

— نېمە؟! سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاسىم بوۋامدىنمۇ چوڭ دېمەكچىمۇ؟

— بىز ئاسىم بوۋىڭىزنى دېمىدۇق، ئۇلۇغ بوۋىڭىزنى دەۋا-

تىمىز. «ئۇلۇغ بوۋا» دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغانسىز؟ بوۋىڭىزنىڭ بوۋىسى بولىدۇ. بىز ئاشۇ ئۇلۇغ بوۋىڭىزدىنمۇ چوڭ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇغلۇقنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

— سىز قولىڭىزدىكى لۇغەتنى ئوبدان ساقلاڭ، ئەڭ ياخشىسى يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. ئۇ بولسىلا بۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق جانلىقنىڭ تىلىنى بىلەلەيسىز. ھەرقايسى يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلارنىڭ تىلىنى ئۆز ئانا تىلىڭىزدا ئاڭلىيالايسىز. سىزمۇ ئۆز ئانا تىلىڭىزدا سۆزلىسىڭىز، باشقىلارغا ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئاڭلىنىدۇ. بىزمۇ ھازىر ئۆزىمىزنىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتىمىز، بىراق سىزگە خۇددى ئانا تىلىڭىزدا سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

راست، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى تۇغلۇققا ئۇيغۇرچە ئاڭلىنىۋاتاتتى. گەرچە ئۇلار «نۇرلۇق شار»دا ئولتۇرۇپ سەپەر ئۈستىدە بولسىمۇ، خۇددى تىپتىنچ ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. تۇغلۇق شۇ چاغدا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمىگە سەپسېلىپ، ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقىنىڭ ئۆزى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇ: «بۇلار ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ بوۋامدىنمۇ چوڭ دەيدۇ، ئۇنداقتا ئۇلار زادى قانچە ياشتۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

— ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ سىلەردىن بىرنەچچە سوئال سوراپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى تۇغلۇق ئاخىر.

— سوئال سورىسىڭىز نېمىشقا بولمايدۇ؟ سوئال سوراش ئەقىللىق بالىلارنىڭ ئىشى، قانچە كۆپ سوئال سورىسىڭىز شۇنچە كۆپ نەرسىنى بىلىۋالىسىز. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىلىشىمىزمۇ بىر - بىرىمىزدىن سوئال سوراپ بىلمىگەننى بىلىۋېلىش. سىز بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە پۈتۈن يەر شارىغا ۋەكىل بولۇپ كېتىۋاتىسىز. شۇڭا، سىز ئۇ يەردە يەر شارىغا ۋاكالىتەن سوئال سورايسىز ۋە باشقىلار سورىغان سوئاللارغىمۇ جاۋاب

بىرىسىز.

توغلۇق ئۆزىنىڭ يەر شارىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالدى.

— مەن سىلەرگە قارىسام، مەن بىلەن تەڭدەك تۇرىسىلەر، بىراق سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۇلۇغ بوۋامدىنمۇ چوڭ دەيسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر زادى قانچە ياشقا كىردىڭلار؟

نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمى ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— بىز سىزگە يېشىمىزنى دەپ بەرسەك ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ بىز راست گەپنى قىلمىساق بولمايدۇ. بىز نەچچە يۈز يىل ياشاپ بولدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ توغلۇقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— بۇ قانداق گەپ؟ قارىماققا يەر شارىدىكى ئون ياشلىق باللار بىلەن ئوخشاش تۇرىمىسىلەر؟

— بۇ سوئالنى ياخشى سورىدىڭىز. بىز سىزگە ھازىر ئۆز سىياقىمىز بىلەن ئەمەس، يەر شارىدىكى باللارنىڭ سىياقىدا كۆرۈنۈشىمىزدىكى سەۋەب، بايا سىزگە بەرگەن قايىل لۇغەتتە. ئۇ سىزنى بىزگە، بىزنى سىزگە ئۆزىمىز ياخشى كۆرىدىغان سىياقتا كۆرسىتىۋاتىدۇ. پلانىتىلار ئارا يېڭى مۇناسىۋەتلەر بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، بىر پلانىتا بىلەن يەنە بىر پلانىتىدىكى ئادەملەرنىڭ سىياقى ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، بىر ـ بىرىنىڭ سىياقىدىن قورقۇپ كېتىدىغان، بىر ـ بىرىنى دۈشمەن ھېسابلايدىغان ئىشلار خېلى كۆپ يۈز بەردى. بىز مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، بۇ خاسىيەتلىك لۇغەتنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتۇق. ئۇ پلانىتىلار ئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. سىز بۇ قېتىمقى پائالىيەت جەريانىدىمۇ بۇ لۇغەتنى ھەرگىز يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ، بولمىسا باشقا پلانىتىلاردىن كەلگەن باللار كۆزىڭىزگە ئۆز سىياقىدا كۆرۈنۈپ قالسا، بەك قورقۇپ كېتىسىز. ئۇ سىزگە باشقا يۇلتۇزلاردىن كەلگەن باللارنى يەر شارىدىكى ئوماق باللار سىياقىدا كۆرسىتىدۇ، سىز

ئۇلار بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلىشىسىز، ئۇلارمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاش ئۇيغۇرچە سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

توغلۇق ئۇلارنىڭ تىلىدىن «ئۇيغۇرچە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ پەخىرلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا بىر گەپنى ئەسكەرتىپ قويماقچى بولدى:

— مەن ئانا تىلىم ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلگەندىن باشقا، يەر شارىدىكى ئاساسلىق بىرنەچچە تىلنى بىلىمەن، مەن دادامنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئۈچ ياش چېغىمدىن باشلاپ باشقا تىللارنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

— سىزنىڭ بىلىدىغانلىرىڭىز پەقەت يەر شارىدىكى تىل، — دېدى نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمى، — ئۇ يەردىكى تىللارنى كۆپ دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن تىللار يوقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز ئالەمدىكى تىللار، بۇ جەھەتتە بىز كۆپ ئىزدەنگەن بولساقمۇ، ئالەمدە زادى قانچىلىك تىل بارلىقىنى خۇددى چەكسىز ئالەمدە قانچىلىك ھاياتلىق بارلىقىنى بىلىپ بولالمىغىنىمىزدەك بىلىپ بولالمىدۇق.

نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمى توغلۇقنىڭ تېخى ئون ياشقا كىرگەن يەر شارى ئادىمى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ كۆپ گەپ قىلمىدى.

«نۇرلۇق شار»نىڭ ئاسمان بوشلۇقىدا قايسى بىر مەنزىلگە كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. «نۇرلۇق شار» سېكۇنتىغا نەچچە مىڭ كىلومېتىر سۈرئەتتە ئۇچۇۋاتقان بولسىمۇ، توغلۇق خۇددى ئۆيدىدەكلا ئارامخۇدا ئولتۇرۇۋاتاتتى.

توغلۇق ئۆزىنىڭ قانداق قىسمەتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك خاتىرجەم ئولتۇراتتى. توغلۇقنىڭ دادىسى ئېرپان ئاكا مەلۇم تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولغاچقا، تۆت - بەش خىل تىلنى بىلەتتى، شۇڭا توغلۇقمۇ ئۈچ - تۆت ياشقا كىرگەندىلا تىل ئۆگىنىشكە قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇ دادىسى دەپ بەرگەن سۆز ۋە جۈملىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى، شۇڭا ئېرپان

ئاكا توغلۇقتىكى بۇ خىل تالانتنى بايقاپ، ئۇنىڭغا چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگەتتى. نەتىجىدە ئۇنۇمى ئېرپان ئاكا ئويلىغاندىنمۇ ياخشى بولدى. ئېرپان ئاكا توغلۇقتا لۇغەتتىكى سۆز ـ جۈملىلەرنى ئوقۇپ بەرسە، ئۇنىڭ ھەممىسىنى كاللىسىغا ئۈنئالغۇدەك قاچىلىۋالاتتى. بۇ كارامەت ئېرپان ئاكىنىلا ھەيران قالدۇرۇپ قالماي، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى تارتقانىدى. شۇ ۋەجىدىن، توغلۇق مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ لەقىمى «خاسىيەتلىك لۇغەت» بولۇپ قالغانىدى. نۇرلۇق يۇلتۇز ئادەملىرى ئۇنىڭغا بەرگەن لۇغەتنىڭمۇ توغلۇقنىڭ لەقىمىگە ئوخشاش «خاسىيەتلىك لۇغەت» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى توغلۇقنى ھەيران قالدۇردى.



# تۇغلۇق كېلىشتىن بۇرۇن

نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ ئالەم تەتقىقات مەركىزىدىكى بىرنەچچە ئالىم ئىشخانىدا مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىرلىشىۋاتاتتى، نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى بۇ ئالىملارنىڭ تەقى - تۇرقى يەر شارى ئادەملىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئۇلارنىڭمۇ ئىككى قولىقى، ئىككى كۆزى، بىر ئاغزى بار ئىدى. يەر شارى ئادەملىرىدەك ئىككى پۇتلاپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كىيىم كىيگەن - كىيمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ قول - يۇزلىرىنىڭ تېرىسى يىلاننىڭ تېرىسىگە ئوخشايتتى. ئۇلار سۆزلەۋاتقاندا يىلاننىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان ئاغزىدىن يىلاننىڭ تىلىغا ئوخشايدىغان تىلى بىر كىرىپ - بىر چىقىپ تۇراتتى. كۆزلىرى سىرتقا چىقىپ قالغان شاردەك پۇلتىيىپ كۆكۈچ نۇر تارقىتىپ تۇراتتى. تاملىرى خرۇستالدەك چاقناپ تۇرغان بۇ ئىشخانىدا ئۇلار ساپاغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇلۇتسىمان ئولتۇرغۇلاردا ئولتۇرۇپ، بۇ قېتىمقى يىغىلىش ھەققىدە پىكىرلىشىۋاتاتتى.

— بۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ ئىلگىرىكى يىغىلىشلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى، يەر شارىدىنمۇ ۋەكىل قاتنىشىدۇ. يېقىن يۇلتۇزلاردىكى بالىلار كېلىپ ئورۇنلىشىپ بولدى، بىراق يەر شارىدىن تېخى خەۋەر يوق. بىزنىڭ يۇلتۇزغا ئەڭ يىراق يۇلتۇزمۇ يەر شارى، يەر شارىدىكىلەر بۇ يىغىلىشقا بىر قېتىممۇ قاتنىشىپ باقمىدى. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساقمۇ، يەر شارىدىكى ئادەملەر بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ئورنىتالماي كەلدۇق. ھازىر بىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتۈۋاتقان

باشقا يۇلتۇزدىكىلەرمۇ يەر شارىدىكىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋەت ئورنىتالماپتۇ. ھەممىڭلارنىڭ خەۋىرى بار، بىز يەر شارىغا كۆپ قېتىم باردۇق، ئۇ يەردىكى ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدۇق، بىراق يەر شارىدىكى ئىنسانلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلالمىدۇق، ئالاقە قىلىشقا ئۇرۇنغان بولساقمۇ مەغلۇپ بولدۇق.

نۇرلۇق يۇلتۇز ئادەملىرىنىڭ پېشانىسىدە مۆڭگۈزسىمان مونەك بار ئىدى. ئۇمۇ مۇھىم سەزگۈ ئەزاسى بولسا كېرەك، توختىماي مىدىرلاپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئولتۇرغان تۆت ئالىمنىڭ مۆڭگۈزسىمان مونىكىمۇ چوڭ - كىچىك جەھەتتە بىر - بىرىدىن ئازراق پەرقلىنەتتى.

— شۇنداق، — دېدى يەنە بىر ئالىم ئورنىدىن تۇرۇپ، مۆڭگۈزسىمان مونىكىنى ئىتتىك - ئىتتىك مىدىرلىتىپ قويغاندىن كېيىن، — مەن بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يەر شارىغا بىر قېتىم گۇرۇپپا تەشكىللەپ بارغانىدىم. بىزنىڭ چۈشكەن يېرىمىز شەھەردىن خېلىلا يىراقتىكى بىر ئورمانلىق ئىدى، ئۇ يەردە ئىككى ئادەمنى ئۇچراتتۇق. ئۇلارنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال ئىكەن. ئايال بىزنى كۆرۈپ بىرلا ۋارقىراپ جېنى چىقىپ كەتتى. ئەرمۇ قورقۇپ ئالدى - كەينىگە قارىماي بەدەر تىكىۋەتتى. بىز قويۇق ئورمانلىق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ، يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇردۇق. ئارىلىقتىن ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، قوراللىق قىسىم شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. قارىغاندا، ھېلىقى ئەر ئۇلارغا بىز توغرۇلۇق ئۇچۇر بەرگەن بولسا كېرەك، بىز شۇ چاغدا ئورۇنسىز ئۇرۇش - جېدەل بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېزلا قايتىپ كەلگەنىدۇق. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن يەر شارىغا بىرنەچچە قېتىم قوندۇق، لېكىن يەر شارى ئادەملىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدۇق.

— شۇنداق، — دېدى باشتا سۆزلىگەن ئالىم ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ.

— بىز يەر شارى ئادەملىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغاچقا، ئۇلارغا تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلىدۇق، ھازىرغىچە ئۆزئارا چۈشىنىشەلمىدۇق. بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزغا ئاساسلانغاندا، يەر شارى ئەڭ بۇرۇن ھاياتلىق پەيدا بولغان يۇلتۇزلارنىڭ بىرى ئىكەن. بىز ھازىرغىچە يەر شارىدىن باشقا خېلى كۆپ يۇلتۇز بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ بولدۇق. بۇ ئالاقىدە تەتقىقات مەركىزىمىز كەشىپ قىلغان «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭ رولى چوڭ بولدى. بۇ قېتىم يەر شارىغا كەتكەنلەرمۇ ئاشۇ لۇغەتنى ئەكەتتى، ئەگەر ئۇ لۇغەت رولىنى يەر شارىدىمۇ جارى قىلالىغان بولسا، بىز چوقۇم يەر شارىدىكىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىۋالىمىز. ئەگەر ئۇلار پىلان بويىچە ئىش قىلالىغان بولسا، بۇ چاغقىچە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ يولغا چىقىپ بولاتتى. قارىغاندا ئۇلار تېخى بىز ئالاقە قىلالىغۇدەك جايغا كېلىپ بولالمىغان ئوخشايدۇ. يەنە ساقلاپ باقايلى.

ئۇ قولىغا تىزگىنەكتەك بىر نەرسىنى ئېلىپ ئالدىدىكى خرۇستالدەك چاقناپ تۇرغان تامغا تەڭلىۋىدى، تام ۋاللىدە يورۇدى. تامدىكى يورۇقلۇق سەل سۇسلاشقاندىن كېيىن، شۇ جايدىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان چەكسىز بىر بوشلۇق كۆرۈندى. ئەنە شۇ بوشلۇقتا لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرگەن نەرسىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. بايىقى ئالىم تىزگىنەكنىڭ بىر يېرىنى بېسىۋىدى، تامدىن كۈچلۈك غوڭۇلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ يەر شارىدىكى ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ غوڭۇلدىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— ھەي، ئۇلاردىن نېمانداق تېخىچە خەۋەر يوق، قارىغاندا يەر شارىدىن ئايرىلمىغان ئوخشىمامدۇ؟

توساتتىن، خرۇستال تامدىن سادا كەلدى:

— كونترول مەركىزى ! كونترول مەركىزى ! بىز سامان يولى لىنىيىسىگە كىردۇق. باشقا توسالغۇ بولمىسا كۆپ ئۆتمەي ئۆز پلانىتىمىزغا قونىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تىزگىنەكنى تۇتۇپ تۇرغان ئالىمنىڭ مۇڭگۇزسىمان مونىكى مۇز ئۈستىدە پىرقىراۋاتقان نۇردەك پىرقىراپ كەتتى. ئۇلار خۇشال بولغاندا، خاپا بولغاندا ياكى هاياجانلانغاندا، مۇڭگۇزسىمان مونىكى ئەنە شۇنداق پىرقىراپ كېتەتتى. ئۇ «تىزگىنەك»نىڭ يەنە بىر يېرىنى باسقاندىن كېيىن هاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— جاۋاب قايتۇرۇڭ، يەر شارى بىلەن ئالاقە قىلالىدىڭلارمۇ؟ يەر شارىدىن ۋەكىل ئەكېلىدىغان ئىشىڭلار قانداق بولدى؟

خرۇستال تام لەپپىدە قىلىپ ئۆچۈپ جىمىپ قالدى. هاياجانلىنىپ تۇرغان ئالىمنىڭ مۇڭگۇزسىمان مونىكى يەنە قۇيۇندەك پىرقىرىغىلى تۇردى. ئۇ تىتىلداپ ئۇيان - بۇيانغا ماڭدى. بۇلۇتسىمان ئولتۇرغۇلاردا ئولتۇرغانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا خرۇستال تام يەنە يورۇپ، تۇغلۇقنىڭ مۇگدەپ ئولتۇرغان هالىتى كۆرۈندى.

— يەر شارى ئادىمى! — ئالىملار تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ مۇڭگۇزسىمان مونەكلىرى پىرقىراپ ئۇيۇپ قالدى، كۆزلىرىدىن رەڭدار نۇر چاقناپ كەتتى.

— كۆردۇڭلارمۇ؟ سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ مەخلۇق دەل يەر شارى ئادىمى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى بىزگە قارىغاندا كۆرۈمسىز بولسىمۇ، يەر شارىدىكى ئەقىللىق بالا ئىكەن، ئەنە ئاۋۇ خەتلەرگە قاراڭلار.

خرۇستال تامدىن تۇغلۇق يوقاپ، ئەگرى - بۈگرى نۇرلۇق سىزىقلار پەيدا بولدى.

— ئىسمى تۇغلۇق ئىكەن، يەر شارى هېساباتى بويىچە ئون ياشقا كىرىپتۇ. ئۇ يەر شارىدىكى ئەڭ ئاساسلىق تىللاردىن بەش - ئالتە خىلىنى بىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەركەك ئىكەن...

— مەن يەر شارىنى تەتقىق قىلىۋاتقانغا يۈز يىلدىن ئاشتى. يەر شارىدىكى نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى. نۇرغۇن

ئۆسۈملۈك ۋە گۈل ـ گىياھلارنىڭ يەر شارىدا ئىلگىرى مەۋجۇت بولغانلىقىنى ھازىرقى يەر شارى ئادەملىرى بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى يەر شارىغا دىنوزاۋرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلىدۇ، بىراق بۇ جەھەتتىمۇ ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە ئەمەس. بىز ھازىر ھەرقايسى يۇلتۇزلاردىكى ئادەملەر بىلەن دوستلۇق، ھەمكارلىق ئورناتتۇق، بىراق يەر شارىدىكىلەرنى سىرتتىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بولساقمۇ، ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ باقمىدۇق. يەر شارىدا ئالەم تەتقىقات مەركەزلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن بولغان ئاي، مارس قاتارلىق يۇلتۇزلارغا قىزىقىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ يىراقلارغا ھەرىكەت قىلىشقا قۇدرىتى يەتمەيۋاتىدۇ، — باياتىن بىرى بۇلۇتسىمان ئولتۇرغۇدا كۆپ گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئېغىر - بېسىق ئالىم تۇغلۇقنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەۋاتاتتى ھەم تىزگىنەك تۇتۇپ تۇرغان ئالىمدىن سورىدى، — ئۇلاردىن سوراپ باقايلى، ئۇ يەر شارى ئادىمىگە «خاسىيەتلىك لۇغەت» كار قىپتۇمۇ؟

تىزگىنەكنى تۇتۇپ تۇرغان ئالىم تىزگىنەكنىڭ بىر يېرىنى بېسىۋىدى، خرۇستال تامدا تۇغلۇققا ئوخشايدىغان ئىككى بالا پەيدا بولدى.

— ۋوي، ئۇلار يەر شارى ئادىمىنى خېلى كۆپ ئەكېلىۋاتامدۇ، نېمە؟ پەقەت بىرنىلا ئەكەلمەكچى بولغانىغۇ، ئەجەبا ئىككىسى پەيدا بولۇپ قالدىغۇ؟

ئالىملار ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى ئىككى بالىنىڭ بىرى سۆزلىدى:

— بىزنى يەر شارى ئادىمىمىكىن دەپ قالماڭلار، بىز «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭ كارامىتى بىلەن يەر شارى بالىلىرىنىڭ سىياقىغا كىرىۋالدۇق، بولمىسا بۇ بالا قورقۇپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ياخشى قىپسىلەر، «خاسىيەتلىك لۇغەت» بۇ قېتىم ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇ - دە!

ھېلىقى ئالىم تىزگىنەكنىڭ بىر يېرىنى بېسىۋىدى، خرۇستال تام ئۆچتى.

— ئۇلار كەلگۈچە بەزى مۇھىم مەسىلىلەرنى مەسلىھەت قىلىشۋالايلى. ھازىر باشقا يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولدى. يەر شارى بالىسى تۇغلۇق بىلەن يەنە باشقا يۇلتۇزدىن بىرقانچە بالا كېلىشىۋېتىپتۇ. بۇ قېتىم كېلىدىغان بالىلار كۆپ، ئۇلارنىڭ سىياقىمۇ ھەر خىل. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەرگىزمۇ چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلمىساق، ئۇلار بىر - بىرىدىن قورقۇپ كېتىشى مۇمكىن.

— بۇ مەسىلە ھەل بولىدىغۇ. «خاسىيەتلىك لۇغەت» بالىلارنى بىر - بىرىگە ئوخشاش قىلىپ كۆرسىتەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر بالىنىڭ يېنىدا چوقۇم بىردىن «خاسىيەتلىك لۇغەت» بولۇشى كېرەك.

— بۇ ئىشەنچلىكمۇ؟

— تامامەن ئىشەنچلىك.

— ئەمىسە «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭ ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرايلى.

— مېنىڭ باشقىچىرەك پىكرىم تۇرىدۇ. «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭغۇ ئىقتىدارى ياخشى بوپتۇ، بىراق بىزنىڭ ھەرقايسى ھاياتلىق يۇلتۇزىدىكى بالىلارنى بۇ يەرگە يىغىشىمىزدىكى مەقسەت ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇش، ئەگەر ئۇلار بىر - بىرىنىڭ سىياقىنى كۆرمىسە، ئۇلارنى قانداقمۇ توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟

— بۇ گەپىڭمۇ ئاساسى بار. ئۇلار ئۆزئارا كۆرۈشۈۋالغۇچە «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى يېنىدىن ئايرىمىسۇن، بىز ئۇلارغا ئاستا - ئاستا ئەمەلىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، بىر - بىرىنى

«خاسىيەتلىك لۇغەت»سىز كۆرۈپ باقسا بولىدۇ.

— توغرا گەپ بولدى. بۇ ئىش مۇشۇنداق بولسۇن. ئەمدى باشقا تەييارلىقلارنى قىلايلى. ھازىرغىچە كېلىپ بولغانلار يىگىرمە ئىككى بالا ئىكەن، يەر شارى بالىسى تۇغلۇق بىلەن يەنە يەتتە بالا يولدا كېلىۋېتىپتۇ.

— مېھمانلار، كەلگەن بالىلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيلى. ئۇلارغا «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى تارقىتىپ بەردىڭلارمۇ؟

— تارقىتىپ بەرگەن.

ئۇلار تەتقىقات مەركىزىدىن چىقىپ بۇلۇتسىمان بىر نەرسىگە ئولتۇرۇپ، ۋىللىدە قىلىپ ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئالىملار باشقا ھاياتلىق شارىدىن كەلگەن يىگىرمە ئىككى بالا بىلەن بىرمۇبىر كۆرۈشتى. ئۇلار بۇرۇنمۇ بىرنەچچە قېتىم كەلگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە «خاسىيەتلىك لۇغەت» تىل ۋە سىياق جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقنى ھەل قىلىۋەتكەن بولغاچقا، تارتىنىش ۋە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمىدى.

— سۆيۈملۈك بالىلار، سىلەرنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن جەم قىلغانلىقىمىزنى دېمىسەكمۇ ئوبدان بىلىسىلەر، — دەپ سۆزلىدى ئالىملاردىن بىرى، — سىلەر بۇرۇنمۇ بىزنىڭ پلانىتىمىزغا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن. مەن شۇ چاغدا سىلەرگە بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭلارنى ئۆز يۇلتۇزۇڭلاردىكى ھەرقانداق ئادەمگە دېمەڭلار دېگەنىدىم. مېنىڭ خۇشال بولىدىغىنىم، ھەممىڭلار بۇ جەھەتتىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ كەلدىڭلار.

شۇ چاغدا، سىرتتا ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىدەك غوڭۇلدىغان كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. تۇغلۇقلار كەلگەنىدى. باشقا يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلارمۇ: «كەلدى، كەلدى» دېيىشىپ تالاغا يۈگۈرۈشتى.

# تۇغلۇق تىپىلدى

قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى مومىسىغا، ئاتا - ئانىسىغا دېمىگەچكە ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلايدىغان بولۇپ قالدى. مانا بىر كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ مومىسىغا نېمە دېسە بولار؟ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان ھەدىمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. تۈنۈگۈن قۇتلۇق ئاپىسى بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشكەنىدى، ئاپىسى:

— بالام، سەن قۇتلۇقمۇ، تۇغلۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قۇتلۇق.

— ئاكاڭچۇ، ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

چولپان ھەدىنىڭ ئاۋازى خۇددى تۇغلۇقنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالغاندەك بەكمۇ ئەنسىز چىقتى، شۇڭا قۇتلۇق ھودۇقۇپ دۇدۇقلىدى:

— ھە... ئا... كام ھويلىدا بالىلار بىلەن ئويناۋاتىدۇ، چاقىرايمۇ؟ ھەي تۇغلۇق ! ھەي ئاكا ! — قۇتلۇق يالغاندىن توۋلاپ قويدى.

— بولدى، بولدى، تۇغلۇق بىلەن كېيىن كۆرۈشەي، ھازىر ئالدىراش ئىشىم بار. موماڭلارنى خاپا قىلماي ئويناڭلار - ھە، بىزمۇ ئەتە - ئۆگۈن بارىمىز.

چولپان ھەدىنىڭ بۇ گېپى قۇتلۇقنى تېخىمۇ ئەنسىرىتىۋەتكەنىدى. قۇتلۇق ئاخشام خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىغاچقا، ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمەي ياتقانىدى، شۇ تۇرۇقىدا ئىنجىقلاپ يۆرۈپ تەستە تۇردى.

— قوپە قوزام، ناشتىلىقمۇ سوۋۇپ كەتتى. كۈن چىققاندا

ياتساڭ يامان بولىدۇ. ناشتا قىلىپ بولۇپ ئاكاڭنى چاقىرىپ كەل، بوگۇن سىلەرگە ئوخشىتىپ پولۇ ئېتىپ بېرەي.
«ئاكاڭنى چاقىرىپ كەل» دېگەن گەپ قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. ئۇ ئىچىدە: «ئاكام كېچىمۇ كەلمىدى، ئۇ ئەتىمۇ، ئۆگۈنلۈككىمۇ كەلمىسە قانداق قىلارمەن؟ ئاكام مۇشۇ يوقالغانچە بىراقلا كەلمەي قالسىچۇ؟ ياق، ياق، ئاكام چوقۇم كېلىدۇ، مەن بوگۇن كۆل بويىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ. ئەگەر بوگۇن چۈشكىچە ئاكامنىڭ خەۋىرى بولمىسا، ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇلارغا خەۋەر قىلاي» دەپ ئويلىدى ـ دە، هويلىغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلدى.
قۇتلۇق مومىسىغا ئادىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاكامنى چاقىرىپ كېلەي، دەپ قويۇپ يەنە كۆل بويىغا قاراپ چاپتى. ئۇ كۆل بويىغا كەلگەندە كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، سەھەر سالقىنى تېخى تاراپ بولمىغانىدى. كۆل ئۈستىدىكى چايكىلار ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى. يېكەنلىك، قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ چىققان قوشماق ئۆردەكلەر تېتىك كۆرۈنەتتى. كۆلنىڭ تېخىمۇ نېرىسىدا بىر توپ ياۋا غاز خۇددى سۈرەتكە چۈشۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك قېتىپ قالغانىدى. قۇتلۇقنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمىغاچقا، بۇ يەردىكى گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى. ئۇ ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ، هېلىقى كۈنى تۇغلۇق يوقاپ كەتكەن يەرگە كەلدى. ئۇ ئاسمانغا ــ هېلىقى غەلىتە شار ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكىمۇ قاراپ قويدى. لېكىن، كۆل بويىدا ئولتاۋاتقان بىر توپ قويدىن باشقا هېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇردى، ئولتۇرغانسېرى ئاكىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئەمدىلا هېس قىلىۋاتقاندەك بەكمۇ بىئارام بولدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يىغا ئولىشىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي هۆڭ ـ هۆڭ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن غاز ـ ئۆردەكلەر ئۈركۈپ ئۇچۇپ

كەتتى. قوتلۇق يىغىدىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر چاغدا، بىرى ئۇنىڭ مۇرىسىنى تۇتقاندەك قىلدى، قوتلۇق كەينىگە قاراپ بولغۇچە توغلۇقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قوتلۇق، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟

قوتلۇق دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ، كۆلۈپ تۇرغان توغلۇقنى كۆردى. ئۇ ئىشەنمەي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ كەتتى. دەرۋەقە، توغلۇق كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ئاكامىۇسەن، جېنىم ئاكا، تونۇگۈن نەگە كەتتىڭ؟ مېنى بەك ئەنسىرەتتىڭ! ئەگەر بۈگۈن كەلمىگەن بولساڭ بەك چاتاق بولاتتى.

— سەن ئۆينى سورىما، مەن ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولدىغۇ، مەن بۈگۈن كەلمىگەن بولسام قانداق چاتاق بولاتتى؟

— مەن تونۇگۈن بوۋام بىلەن موماملغا يوقاپ كەتكەنلىكىڭنى بىلدۈرمىدىم، — بايىقى يىغىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن قوتلۇق



خۇشلۇقىدىن ھاياجان بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، — مەن بىردەم قۇتلۇق بولسام، بىردەم تۇغلۇق بولدۇم. ھېلىمۇ ياخشى ئىككىمىز پەرق قىلغۇسىز ئوخشايدىكەنمىز، بولمىسا چاتاق چىقىدىكەن... — قۇتلۇق تۇنۇگۇندىن بېرى بولغان ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى.

— ماڭە ئاكا، ئەمدى ئۆيگە كېتەيلى. مومامغا چاندۇرۇپ قويما، ئادىلنىڭ ئۆيىدە قوندۇم دەپ قويغىن، سورىمىسا گەپ قىلما، — قۇتلۇق ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە توختىماي سۆزلەيتتى، تۇغلۇقنى قۇچاقلايتتى. «بەك ياخشى بولدى !» دەپ قايتا ـ قايتا ۋارقىراپ قوياتتى. ئۇ، تۇغلۇق يەنە يوقاپ كەتمىسۇن، دېگەندەك ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ تۇنۇگۇندىن بېرى نەدە يۈرگەنلىكىنى ئىنچىكىلەپ سوراپ يۈرمىدى. ئۇلار مەھەللىگە كەلدى.

ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە ئايخان موماي پولۇنى دۈملەپ قويۇپ، ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— ۋاي، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭلارغۇ، بولۇڭلار، قولۇڭلارنى يۇيۇپ تەييار بولۇڭلار، تاماق پىشتى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق قوللىرىنى يۇيۇپ كىردى. ئۆي ئىچىنى بېھى باسقان پولۇنىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلىغانىدى. ئاسىم بوۋاي لىغىرلاپ پىشقان گۆشنى توغراۋاتاتتى.

— كېلىڭلار يىگىتلەر، كېلىڭلار ! پولۇ بىلەن كانايىنى ياغلايلى، — دېدى ئاسىم بوۋاي خۇشخۇيلۇق بىلەن.

قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇق تاماقنى يەپ بولۇپ، بوۋىسى بىلەن مومىسىغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئاكا، تاماقنىمۇ كۆپ يەۋالدۇق، تاماق سىڭدۈرگەچ تالادا بالىلار بىلەن بىردەم ئويناپ كىرەيلىچۇ، — دېدى قۇتلۇق. تۇغلۇق بەك ياۋاش ھەم كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خۇشياقمىغاندەك بوش ئاۋازدا «ماقۇل» دەپ قويۇپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

قۇتلۇق تۇنۇگۈندىن بېرى خاتىرجەم بولمىغاچقا مەھەللىدىكى باللار بىلەنمۇ ئوينىمىغانىدى. ئەمدى ئۇ مەھەللىدىكى باللار بىلەن بىللە تازا قانغۇدەك ئوينىۋالماقچىدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئادىللارنىڭ مەھەللىسى تەرەپكە ماڭدى. باللار ئۇ يەردە ئىككىگە بۆلۈنۈپ پۇتبول ئوينىماقچى بولۇپ تۇرغانىدى. ئادىل تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھە، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقمۇ كەلدى، ھەربىر كوماندىغا بىردىن ئەزا كەم ئىدى. بولدى، قۇتلۇقنى بىزنىڭ كوماندىغا بېرىڭلار، سىلەر تۇغلۇقنى ئېلىڭلار.

— ياق، ياق، ئەجەب ئۇستىكەنسەن، ھازىرمۇ سېنىڭ كوماندىڭنىڭ ئەزالىرى مېنىڭكىدىن كۈچلۈك، شۇڭا قۇتلۇقنى ماڭا بەرگىن، — يەنە بىر كوماندىنىڭ باشلىقى كامىران ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

— قۇتلۇق بۇرۇندىن بىزنىڭ كوماندىدا ئوينايتتىغۇ، بۈگۈن ئەجەب ئۇنى تالىشىپ قاپسەنغۇ؟ — ئادىلمۇ ھۆرپەيدى.

— ئۇنداق بولغاندىكىن، بۈگۈن قۇتلۇق بىزنىڭ كوماندىدا ئويناپ باقسۇن! — كامىراننىڭ كوماندىسىدىكى باللارمۇ قۇتلۇقنى بىز ئالىمىز دېيىشىپ چۇرقىراشتى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئادىل بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن كامىرانغا، — بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى قۇتلۇق، قايسى تۇغلۇق قېنى ئۆزۈڭ ئايرىۋال. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن قۇتلۇقنى تاپالىساڭ، ساڭا ھېساب بولسۇن.

قۇتلۇق تالاشتا قالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ مەغرۇرلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، تۇنۇگۈندىن بېرى تۇغلۇقنىڭ قەدرى ئۆتۈلۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمىدى.

— ھەي، ھەي، ئۇنداق قىلساڭلار مەنمۇ ئوينىمايمەن، ئاكام تۇغلۇقمۇ ياخشى ئوينايدۇغۇ، مېنى تالاشقىنىڭلار ئاكامنى ياراتمىغىنىڭلار بولماي نېمە! بولدى، بولدى، ھەر ئىككىمىز

ئوينىمايمىز، — دېدى قۇتلۇق نارازى بولۇپ.
— ئەمىسە مەن تاللىدىم - هە، — كامران شۇنداق كېلىپ قۇتلۇقنىڭ مۈرىسىگە ئۇردى، — مانا بۇ قۇتلۇق.
— هەي، بۇ هېساب ئەمەس، قۇتلۇق هازىر ئاكام دەپ سۆزلەۋاتسا، ئۇنىڭ قۇتلۇقلۇقىنى كىم بىلمەيتتى، ئۇلار هازىر ئاۋۇ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، بىز تەرەپكە كەلسۇن، ئاندىن تاللا.
مەھەللىدىكى بالىلار ئادىلنىڭ گېپىنى بەكرەك ئاڭلايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدىغان بولدى.
تۇغلۇق بۇ مەھەللىدىكى بالىلارنى تونۇمايدىغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قاراپ تۇراتتى. ئادەتتە كۆپ سۆزلەيدىغان تۇغلۇقنىڭ بۈگۈن نېمە ئۈچۈن كەم سۆز بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئاندىن ئۇن - تىنسىز مېڭىپ كەلدى.
— قېنى، ئالدى بىلەن سەن تاللا! — ئادىل كامرانغا يول بەردى.
كامران قۇتلۇقنى تاللىۋالدى. ئەمدى ئادىلغىمۇ باشقا ئامال قالمىدى.
قۇتلۇق پۇتبول ئويناشقا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. ئۇ بەش - ئالتە ياش چاغلىرىدىلا پۇتبولغا قىزىقىپ قالغانىدى. تېلېۋىزور كۆرسىمۇ، تورغا چىقسىمۇ پۇتبولغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى كۆرەتتى. ئۇنىڭ شەھەردىكى ئۆيىدە دۇنيادىكى داڭلىق پۇتبول چولپانلىرىنىڭ رەسىملىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆز مەھەللىسى ۋە مەكتەپتە نامى بولۇپلا قالماي، مومىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى بۇ بالىلارمۇ ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. تۇغلۇق پۇتبولنى يامان ئەمەس ئوينىسىمۇ قۇتلۇققا يېتەلمەيتتى، ئۇنىڭ نورغۇن ئىشلاردا ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقلىرى بولسىمۇ، پۇتبول ئويناشقا كەلگەندە ئىنىسىغا تەسلىم بولماي ئامالى يوق ئىدى.

مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن، باياتىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان تۇغلۇق بىرنەچچە سېكۇنت ئاسمانغا قارىدى. مۇسابىقە مەھەللىنىڭ يېنىدىكى پۇتبول مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى، يېشىل چىم بىلەن قاپلانغان پۇتبول مەيدانى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ چاقناپ كەتكەنىدى.

مۇسابىقە باشلاندى. چوڭ ـ كىچىك تاماشىبىنلارمۇ خېلى كۆپ يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى سايە چۈشۈپ تۇرغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى. مۇسابىقە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. بىرىنچى مەيداندىلا قۇتلۇق ئادىللارنىڭ ۋوروتاسىغا بىر توپ كىرگۈزۈۋەتتى. تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى، كامراننىڭ كوماندىسىدىكى بالىلارمۇ قۇتلۇقنى قۇچاقلاپ، كۆتۈرۈپ تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى.

تۇغلۇق مەڭدەپ قالغان ئادەمدەك توپنى ئانچە ـ مۇنچە توسۇپ قويۇپ، پەرۋاسىز مېڭىپ يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ ۋوروتاسىغا توپ كىرىپ كەتكەنلىكتىن ئاچچىقى كەلگەن ئادىل تۇغلۇققا ۋارقىرىدى:

ــ ھەي، تۇغلۇق، نېمانداق ھاڭۋاقتىلىق قىلىسەن؟ بەك ئوينىغۇڭ كەلمىسە گېپىڭنى ئوچۇق قىل، ئورنۇڭغا ئادەم بار!

ئادىل بۇ گەپنى جان ئاچچىقىدا دېگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تۇغلۇققا قوپاللىق قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ قالغانىدى. بىراق، تۇغلۇق ئۇنىڭ گېپىنى ئېغىر ئالماي كۈلۈپلا قويدى. شۇ چاغدا تۇغلۇق تېز ھۇجۇمغا ئۆتتى، بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن تەمتىرەپ كەتكەن كامراننىڭ كوماندىسىدىكىلەر نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ تۇغلۇقنىڭ ھۇجۇمىنى توسماقچى بولغان بولسىمۇ، توپ ۋوروتانىڭ تۆپىگە تېگىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. تاماشىبىنلار ئارىسىدىمۇ كۈچلۈك قىيقاس كۆتۈرۈلدى. توپ ۋوروتاغا كىرمىگەن بىلەن تۇغلۇقنىڭ توپنى ئېلىپ مېڭىشى، ماھىرلىق بىلەن تېپىشى، تېز يۈگۈرۈشى ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ توپنى بۇنداق ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. قۇتلۇق: «بۈگۈن ئۇنىڭغا

نېمە بولغاندۇ؟ بۇ قېتىم ئەجەب چىرايلىق تەپتىڭغۇ، قېنى، يەنە كۆرۈپ باقمامدىمەن» دەپ ئويلاپ تۇغلۇققا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى. ئادىل بىلەن كامرانمۇ تۇغلۇققا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئادىل تۇغلۇققا «يارايسەن !» دېگەندەك باش بارمىقىنى كۆرسەتتى. تۇغلۇق ئادىلغا قاراپ «قانداقكەنمەن !» دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بەش مىنۇت ئۆتمەي، تۇغلۇق كامرانلارنىڭ ۋوروتاسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى توپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئاكىسىنىڭ بۇنداق ماھىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىگەن قۇتلۇق نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى، بەش مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئىككى توپ كىرگۈزۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئادىلنىڭ كوماندىسىدىكىلەر تۇغلۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەدەت بېرىۋاتاتتى. بۇرۇنقى چاغلاردا بۇنداق ئالقىشلار كۆپرەك قۇتلۇققا مەنسۇپ بولاتتى، بۈگۈن تۇغلۇق ئەجەب...



## توغلۇققا نېمە بولغاندۇ

قۇتلۇق ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىنمۇ توغلۇققا خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى. ئۇ كۆپ چاغلاردا پۈتبولنى توغلۇقتىن ياخشى ئوينايدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرگەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالدى.

توغلۇقمۇ قۇتلۇقنى دورىغاندەك يەنە بىر كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى. قۇتلۇق ئويلىغانسېرى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى: «ھەي، ئاكام بۇرۇن پۈتبولنى پەقەت ئوينىيالمايتتى. بىر كۈن يوقاپ كېتىپلا ئەجەب ئۇستا بولۇپ كېتىپتۇ، بۇنىڭدا چوقۇم...»

— توغلۇق، سەن تۈنۈگۈن زادى نەگە باردىڭ؟ ماڭا دەپ بەرمەيدىغان بولساڭ دادامغا ھازىرلا تېلېفون ئۇرۇپ، سېنىڭ تۈنۈگۈن بىر ئاخشام ئۆيگە كىرمىگەنلىكىڭنى دەيمەن.

توغلۇق ئورنىدىن تۇردى، قۇتلۇقنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى. بۇ چاغدا قۇتلۇقنىڭ كۆزىگە كۈچلۈك بىر نۇر تۇغرىلىنىپ قالغاندەك كۆزى قامىشىپ كەتتى. توغلۇقنىڭ كۆزى خۇددى كېچىدە يانغان بۆرىنىڭ كۆزىدەك چاقناپ كەتكەندى. توغلۇقنىڭ كۆزىدىكى بۇ غەلىتىلىكنى كۆرگەن قۇتلۇق ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالمىدى. بىرنەچچە سېكۇنت داۋاملاشقان بۇ خىل ھالەت تۈگەپ توغلۇقنىڭ كۆزى نورمال ھالەتكە كەلدى.

— تۈنۈگۈن نەگە بارغانلىقىمنى سەن بىلىسەنغۇ، مەن ئۇ يەردە ئېزىپ قاپتىمەن. كۆل بويىدىكى قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم. ھەي، ئۇ

يەردىكى ئىشلارنى ساڭا سۆزلەپ بەرسەم تازا ئىشەنمەيسەن، مەن قومۇشلۇقتىن قانداق چىقىشىمنى بىلەلمەي ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ باقتىم. «قۇتلۇق ! قۇتلۇق ! » دەپ توۋلىغان بولساممۇ سەندىن پەقەت سادا كەلمىدى. قومۇشلۇقتىن چىقالماي نەچچە سائەت يۈگۈرۈپ ھېرىپ كەتتىم. ھېلىمۇ ياخشى قومۇشلۇقنىڭ ئىچى ئانچە لاي - پاتقاق ئەمەس ئىكەن. مەن تەرلەپ چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەچكە، كۆڭلەكلىرىم دۈمبەمگە چاپلىشىپ قالغانىدى، — ئادەتتە تۇغلۇقمۇ مۇمىسىغا ئوخشاش ھېكايە - چۆچەك ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. قۇتلۇقمۇ ئۇنىڭ ھېكايە - چۆچەكلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. شۇڭا، ئۇ پۈتبول مۇسابىقىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ قېلىپ، تۇغلۇقنىڭ گېپىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتى.

— ھە، ھە، دېگىنە، ئاخىرىچۇ؟ — قۇتلۇق تۇغلۇقنى ئالدىراتتى. تۇغلۇق بۇ سۆزنىڭ ئۇنىڭ بېرىلىپ ئاڭلىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

— مەن قومۇشلۇقنىڭ ئارىسىدىكى بىر چۆپلۈككە ئۆزۈمنى تاشلاپ بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچى بولدۇم. خېلى يۈرەكلىك بولۇپ قالغانىدىم، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەيچۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا غۇرتۇلدىغان، غوڭۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. نېمە گەپتۇ بۇ، دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىرەر ئادەم كېلىپ قالسا بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولدۇم. بىراق، ئالدىمدا ئادەم ئەمەس، يەتتە - سەككىز قورقۇنچلۇق مەخلۇق پەيدا بولدى. راست گەپنى قىلسام، قورققىنىمدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىنى ھازىر ساڭا تەسۋىرلەپ بەرسەممۇ قورقىسەن. ئۇلارنىڭ بېشى خۇددى قاۋاننىڭ بېشىغا ئوخشايتتى، ئىككى تال بىستەك چىشى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى. يۈز - كۆزى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى قارا ئېيىقلارنىڭكىدەك قاپقارا موي قاپلىغانىدى. كۆزلىرىدىن ئوت، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئىس چىقىپ تۇراتتى.

— قۇتلۇق دېگەن سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلار مەندىن. مەن ئۇلارغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردىم.

— ياق، مەن تۇغلۇق.

— ئۇنى پۇتبولنى بەك ياخشى تېپىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق، قارىغاندا سەن ئۇنىڭ ئاكىسى ئوخشىمامسەن؟

— ھەئە، مەن ئۇنىڭ ئاكىسى.

— سەنمۇ پۇتبولنى ياخشى تېپەمسەن؟

— مەنمۇ يامان ئەمەس تېپىمەن، بىراق ئۇكام مەندىن ياخشى تېپىدۇ. مەن ھەرقانچە قىلساممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمايمەن، — دېدىم.

ماڭا بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار ئانچە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق، سەمىمىي ئىدى.

— سەن راستچىل بالا ئىكەنسەن، بىز راستچىل بالىغا ئامراق. سەن بىزنىڭ كىملىكىمىزنى بىلمەيسەن. ئەمدى ساڭا ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قويايلى. بىز دېۋىلەردىن بولىمىز، بەلكىم سەن دېۋىلەرنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. بىز ئادەملەرگە ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزمەيمىز. سەن بىز دېۋىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باققان تۇنجى ئادەم. سەن بىزنى كۆرەلىگەنلىكىڭدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ. بىز ئەسلىي سېنىڭ ئۇكاڭ قۇتلۇق بىلەن كۆرۈشمەكچىدۇق، بىراق ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا بەك ئوخشايدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمىز دەپ سەن بىلەن كۆرۈشۈپ قاپتۇق. بوپتۇ، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. قۇتلۇققا قىلىدىغان ياخشىلىقنى ساڭا قىلساقمۇ ئوخشاش. ئەمدى سەن بىز بىلەن بىر سوتكا بىللە بولىسەن، — دېدى.

مەن دېۋىلەرنىڭ گەپ - سۆزىگە، تەقى - تۇرقىغا كۆنۈپ قالغان بولساممۇ، بۇلار بىلەن بىر سوتكىغىچە نېمە قىلارمەن، دەپ قورقتۇم. شۇڭا، ئۇلارغا:

— ئۇكام كۆل بويىدا يالغۇز قالغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە

كەتمىسەم، بوۋام بىلەن مومام مېنى ئىزدەپ قالىدۇ. ئەگەر مەن بىر كېچە كەتمىسەم، ئۇلارنىڭ قانچىلىك بىسەرەمجان بولىدىغانلىقىنى سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايسىلەر. مەن سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، مېنى ئۆكامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېدىم.

— ئۆكاڭ هازىر ئۆيگە بېرىپ بولدى، ئەتىگىچە موماڭلار سېنى ئىزدىمەيدۇ. خاتىرجەم بول، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى بىز ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇق، — دېدى ئۇلار.

شۇ چاغدا مەن ئۇلاردىن ئالدىراپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

بوپتۇلا، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ ئۇلار نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان بولدۇم.

— كۆزۈڭنى يۇمغىن ! — دېدى بىر دىۋە مۇلايىملىق بىلەن. مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم.

— ئەمدى ئاچقىن ! — دېدى ئۇ كۆپ ئۆتمەي. مەن كۆزۈمنى ئاچتىم.

پاھ، نەگە كېلىپ قاپتىمەن دېمەمسەن، ناهايىتى گۈزەل بىر يايلاققا. رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، خۇشبۇي پۇراق ئەتراپنى بىر ئالغان، ئاسماندا ئالىقانچىلىك بۇلۇتمۇ يوق، قۇياش ئىللىق نۇرىنى سېپىپ تۇرغان...

— هەي، — دەپ قۇتلۇق ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى، — هېكايەڭنى ئاز ئېيتىپ، قانداق قىلىپ پۇتبول ئويناشقا ئۇستا بولۇپ قالغانلىقىڭنى دەپ بەرە.

— توختاپ تۇرمامسەن، مۇشۇ هېكايىنى ئاخىرغىچە ئاڭلىساڭ هەممىنى چۈشىنىسەن.

— ماقۇل، قىسقارتىپ ئېيت ـ هە !

تۇغلۇق بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن هېكايىنى داۋاملاشتۇردى:

— هېلىقى گۈزەل يايلاق ئەسلىدە دىۋىلەرنىڭ ماكانى

ئىكەن. ئۇ يەردە دېڭىزلار شاد ـ خۇرام ياشايدىكەن. مەن ئۇ يەردە دېڭىزلارنىڭ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشتۇم، دېڭىزلار پادىشاھى ناھايىتى سۇرلۇك بولسىمۇ، مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى:

— ھەي، بۇ يەرگە نېمىدەپ كېلىپ قالدىڭ؟

— مېنى ئۇلار ئەكەلدى.

— سېنى نېمىدەپ ئەكەلگەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟

— ياق.

— سەنچە دېڭىزلار ئەسكىمۇ، ياخشىمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— راست گەپ قىلە، راست گەپ قىلساڭ، مەن سېنى تىلىكىڭگە يەتكۈزىمەن.

— ئۇنداق بولسا راست گەپنى قىلىۋېرەي. بۇرۇن دېڭىزلارنى بەك ئەسكى دەپ ئويلايتتىم، سىلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، دېڭىزلارنىڭ ئارىسىدا ياخشىلارمۇ بار ئىكەن دېگەن ئويغا كەلدىم. مەنچە دېڭىزلارنىڭ ياخشىلىرى ھەم ئەسكىلىرىمۇ بار.

بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ دېۋە پادىشاھى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— يارايسەن، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن سەندەك بىر ئوغۇل بالا چىقمىغانىدى. ئەمدى سېنى ئىككى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزىمەن، ـ دېدى.

مەن قايسى ئىككى ئارزۇيۇمنى دېسەم بولار، دەپ خېلى ئويلانغاندىن كېيىن:

— مېنى پۇتبول ئويناشقا ئۇستا قىلىپ قويۇڭلار، — دېدىم. دېۋە پادىشاھى:

— بۇ ئارزۇيۇڭغا ھازىردىن باشلاپ يەتتىڭ، — دەپ كۈلۈپ قويدى ـ دە، مەندىن سورىدى، — يەنە بىر ئارزۇيۇڭچۇ؟

— ئەمدى باشقا ئارزۇيۇم يوق، مېنى نەدىن ئەكەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى كۆل بويىغا ياندۇرۇپ ئەكېلىپ قويدى.

قوتلۇق تۇغلۇقنىڭ يۇقىرىقى گەپلىرىگە ئانچە ئىشەنمىگەن

بولسىمۇ، تۇغلۇقنىڭ توپنى ئالاھىدە ياخشى ئويناپدىغان بولۇپ كەتكەنلىكى راست ئىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئوشۇق ـ تۆشۈك سوئال سوراپ ئولتۇرمىدى.

قۇتلۇق ئاكىسى بىلەن تالاغا چىقىپ مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئويناماقچى بولغانىدى. توساتتىن ئاسماننى بۇلۇت قاپلاپ، يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى، كۆپ ئۆتمەيلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، يامغۇر شارقىراپ كەتتى. يامغۇر يېرىم سائەتتەك شارقىراپ ياغقاندىن كېيىن سىم ـ سىم يامغۇرغا ئايلاندى.

ئايخان موماي بىلەن ئاسىم بوۋاي نەۋرىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— ھەي، ئىككىڭلار ئەمدى تالاغا چىقىپ ئويناليمايدىغان بولدۇڭلار ـ دە، — دېدى ئاسىم بوۋاي قۇتلۇقنى ئەركىلىتىپ قويۇپ.

— ھوي، سەن نېمانداق شۇكلەپ كەتتىڭ، مۇگدەپ قېلىۋاتامسەن نېمە؟ — دېدى ئايخان موماي تۇغلۇققا قاراپ قويۇپ. دېمىسىمۇ يامغۇر ياغقاندىن باشلاپلا تۇغلۇق شۇكلەپ تۇگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— ھەي، بۇ يامغۇر ئاق يېغىنغا ئايلىنىۋالدى، ئەمدى يەنە بىر نەچچە كۈن قۇياشنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق ـ دە، — ئاسىم بوۋاي ئۇھ تارتىپ قويدى.

راست دېگەندەك يامغۇر كېچىچە يېغىپمۇ توختىمىدى، ئەتىسى تۇغلۇق قوپالماي قالدى.

— ۋاي قوزام، مىجەزىڭ يوق ئوخشىمامدۇ، بولمىسا قىزىغاندەك قىلمايسەن، — ئايخان موماي تۇغلۇقنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ قويۇپ پىچىرلىدى. تۇغلۇقنىڭ راستتىنلا مىجەزى يوق ئىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئاسىم بوۋاي مەھەللە دوختۇرخانىسىغا بېرىپ دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدى. دوختۇر تۇغلۇقنى بىرقۇر

تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، نېمىدەپ دېئاگنوز قويۇشنى بىلەلمەي قالدى. «ئۇسكۇنىلىرىمدە چاتاق بارمۇ، نېمە؟» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تەكشۈرۈپ باقتى.

— ھە، دوختۇر، بالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ — ئاسىم بوۋاي ياشتا ئۆزىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان سادىق دوختۇرغا ئۈمىد بىلەن تىكىلدى. ئاسىم بوۋاينىڭ نەزىرىدە ئۇ ھەممە كېسەلنى بىلەلەيدىغان ۋە ساقايتالايدىغان ئۇستا دوختۇر ئىدى.

— قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، بالىنىڭ يۈركى سوقمايۋاتىدۇ، راست گەپنى قىلسام بالىدا نەپەسمۇ يوق، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بالىنىڭ گەپ قىلىپ يېتىشى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

— ھەي، نېمە دەيدىغانسىز، نەپەس يوق بولسا، يۈرەك سوقمىسا، بۇ قانداق گەپ، سىزنى ئۇستا دوختۇر دەپ قويساق ئالجىۋاتامسىز نېمە؟! — ئايخان موماي خاپا بولۇپ غوتۇلداپ كەتتى.

— بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سادىق دوختۇر تۇغلۇقتىن سورىدى.

— ھېچ يېرىم ئاغرىمىدى، ماغدۇرۇم يوق شۇ.

سادىق دوختۇر تۇغلۇقنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىپ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ قالدى.

— ھەي، ماۋۇ يامغۇردا قۇلاقلىرىم گاس بولۇپ قالمىغاندۇ مېنىڭ؟ ئىشقىلىپ بالىنىڭ ئەھۋالى نورمال ئەمەس، ئۇنى چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بېقىڭلار، — دېدى سادىق دوختۇر مېڭىشقا تەمشىلىپ.

شۇ كۈنى چۈشكىچىمۇ يامغۇر توختىمىدى. تۇغلۇق بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئاۋازىمۇ پەسلەپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، كۆزلىرىمۇ يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاسىم بوۋاي بىلەن ئايخان موماي نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پاتىپاراق بولۇپ قالغانىدى. چۈشتىن كېيىن تۇغلۇق پەقەتلا بولالماي قالغاچقا، ئاسىم بوۋاي يەنە سادىق دوختۇرنى چاقىرىپ كەلدى. سادىق دوختۇر ئۆيگە

كىرگەندە تۆغلۆق پۆتۆنلەي جىمىپ قالغانىدى. سادىق دوختۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ۋارقىراۋەتتى:

ــ ئاپلا ! بالىدىن ئايرىلىپ قالمايلى، تېز بولۇڭلار، جىددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلايلى !

يامغۇر توختاپ، ھاۋا بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى. جىددىي قۇتقۇزۇشنىڭ ماشىنىسى سىگنال بېرىپ يېتىپ كەلدى. ئايخان موماي بىلەن قۇتلۇق يىغا ـ زارىنى باشلاپ بولغانىدى. قۇتقۇزغۇچىلار تۆغلۆقنى نوسىلكىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۆي بىلەن چوڭ يولنىڭ ئارىلىقى خېلى بار ئىدى. تۆغلۆقنى ئېلىپ ماڭغانلار ماشىنىغا ئاز قالغاندا، تۆغلۆق نوسىلكىدىن سەكرەپ چۈشتى.



# تۇغلۇق نۇرلۇق يۇلتۇزدا

تۇغلۇق نۇرلۇق يۇلتۇزغا چۈشتى. يەر شارىدىن كېلىدىغانلارنىڭ يولىغا قاراپ تەقەززا بولۇپ كەتكەن ئالىملار ۋە باشقىلار تۇغلۇقنى قىزغىن قارشى ئالدى. «خاسىيەتلىك لۇغەت» تۇغلۇققا بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى يەر شارىدىكىدەك كۆرسىتىۋاتاتتى.

تۇغلۇق چۈشكەن بۇ جاي يەر شارىدىكى ئەڭ گۈزەل تاغ - جىرالاردىنمۇ گۈزەل ئىدى. ھەممىلا يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. يەر شارىدىكى قۇشلارغا ئوخشاپ قالىدىغان قىزىل، يېشىل، سېرىق، ئاق رەڭدىكى قۇشلار لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ يەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەر بۇلۇتتەك ئاق، ئەينەكتەك پارقىراق ئىدى. ئاشۇ بىنالار يەر شارىدىكى ئون نەچچە قەۋەتلىك بىنالاردەك ئېگىز بولسىمۇ، بىراق ئۇ بىنالار شامالدا لەرزان تەۋرىنىپ تۇراتتى.

تۇغلۇق ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلەر بىلەن بىللە يول باشلىغۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسە يېڭى ۋە غەلىتە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا يۇلتۇزغا كېلىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەي ھەممىلا يەرگە گۇمان بىلەن قاراۋاتاتتى. ئۇلار چوڭ زالغا كىردى. كاتېرغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇلۇتسىمان نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا توغرىلاندى. تۇغلۇقمۇ باشقىلارغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا ئولتۇردى. «بۇلۇتسىمان كاتېر» بىردىنلا ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنى يەر شارىدىكى سارايلارنىڭ

كۆڭۈل ئېچىش زالىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كاتتا بىر زالغا ئەكىردى. زالنى يۇلتۇزدەك نۇرلۇق چىراغلار يورۇتۇپ تۇراتتى.

تۇغلۇق ۋە باشقا سەييارىلەردىن كەلگەن بالىلار رەت - رېتى بويىچە ئولتۇردى. تۇغلۇقمۇ ناھايىتى زېرەكلىك بىلەن ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىنسانلارغا ۋاكالىتەن كەلگەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىيۇ، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا بىر يۇلتۇزغا كېلىپ قالغانلىقىغا تازا ئىشەنمەيۋاتاتتى. سەھنىدە نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ بايىقى ئالىملىرى ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلار پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئالىملاردىن بىرى سۆزلىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، سۆيۈملۈك بالىلار، ھەممىڭلارنىڭ قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! بۈگۈن يۇلتۇزىمىزدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك يىغىلىش بولدى. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ يىغىلىشىمىزغا تۇنجى قېتىم يەر شارى بالىسى تۇغلۇق قاتناشتى. قېنى، قىزغىن قارشى ئالايلى! — زال ئىچىدە مۇزىكىغا ئوخشايدىغان سادا ياڭرىدى.

— بۈگۈن بۇ يەرگە ھەرقايسى يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلار يىغىلىپ ئولتۇرۇپسىلەر. بۈگۈنكى يىغىلىشنى مەن نېمىشقا ئەھمىيەتلىك يىغىلىش دەيمەن؟ بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، بىزنىڭ يۇلتۇزىمىزغا ئەڭ يىراق بولغان يەر شارىدىن مېھمان كەلدى. باشقا يۇلتۇزدىكىلەر داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرىمىز، يەر شارىدا ھاياتلىق بارلىقىنى بايقىغىنىمىزغا خېلى ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلالمىدۇق. بۇ قېتىم تۇغلۇقنى يۇلتۇزىمىزغا غەلىبىلىك ئەكېلىشىمىزدە «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭ رولى چوڭ بولدى، شۇ ۋەجىدىن يۇلتۇزىمىزدىكى «خاسىيەتلىك لوغەت»نى بارلىققا كەلتۈرگۈچىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

زالدا يەنە ياڭراق سادا ئەكس ئەتتى، ئالىم بېشىدىكى مۈڭگۈزسىمان مونىكىنى مىدىرلىتىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. تۇغلۇق «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى سىلاپ قويدى. مۇشۇ «خاسىيەتلىك لۇغەت» بولغاچقىلا، ھەرقايسى يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلار تۇغلۇققا يەر شارىدىكى بالىلاردەك چىرايلىق كۆرۈنۈۋاتاتتى. سۆزلەۋاتقان ئالىممۇ تۇغلۇقنىڭ دادىسى ئېرپان ئاكىغا ئوخشاش سالاپەتلىك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— قېنى، يەر شارى بالىسى تۇغلۇقنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!
تۇغلۇق بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ



سەھنىگە چىقىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلمىسا بولمايتتى. تۇغلۇق بالىلار باغچىسىدىكى چېغىدىلا بالىلارنىڭ كۆپ تىلدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنىدى. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئۇستازلىرىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. بىراق، ئۇ ھازىر باشقا بىر مۇھىتتا، باشقا بىر يۇلتۇزدا بولغاچقا، تەمتىرەپ ئورنىدىنمۇ تۇرالمايۋاتاتتى. شۇ چاغدا، يەر شارىدىكى سان ـ ساناقسىز بالىلار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتقاندەك، قۇلاق تۈۋىدە: «تۇغلۇق سۆزلەپ ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويغىن، يەر شارى بالىلىرىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئوبدان بىلدۈرۈپ قويغىن!» دېگەن سادا ياڭرىغاندەك بولدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، سەھنىگە قاراپ ماڭدى. ئولتۇرغان بالىلار، ئۇ زادى نېمە دەيدىغاندۇ، دېگەندەك ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراۋاتاتتى. تۇغلۇق تېز ـ تېز مېڭىپ سەھنىگە چىقىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

تۇغلۇق باشتىكى بىرنەچچە ئېغىز تەكەللۇپ گەپلىرىنى قىلغۇچە ھودۇققاندەك قىلغان بولسىمۇ، كۆپ ئۆتمەي شۇنداق راۋان ۋە ھېسسىياتلىق سۆزلىدى:

— مەن بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ، يەر شارىدىكى بالىلار ۋەكىلى بولۇپ ئولتۇرغانلىقىمدىن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن، شۇنچە كۆپ بالىنىڭ ئارىسىدىن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ تاللىنىپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بەلكىم، شۇنداق توغرا كېلىپ قالغاندۇ، ھازىرچە بۇ توغرا كېلىشنىڭ ماڭا پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، شۇنداق بولسىمۇ ئالدى بىلەن مېنى ۋەكىللىككە تاللىغانلىقىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئازراق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوياي. بۇ مېنىڭ سىلەردىن رازى بولمىغان تەرىپىم. بىرىنچى، سىلەر مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىشتىن بۇرۇن ماڭا ئازراق بولسىمۇ خەۋەر

بىرنۆۋەتمەيسىلەر، بۇ ئىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ تۇيۇقسىز بولۇپ قالغاچقا، تا ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ راست ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنمەيۋاتىمەن. ئىككىنچى، ھازىر ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم مېنى يىتىپ كەتتى، دەپ مەندىن بەك ئەنسىرەۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە قانچە كۈن تۇرسام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم شۇنچە كۈن غەم يەيدۇ، شۇنچە كۈن پاراكەندە بولىدۇ. ھۆرمەتلىك نۇرلۇق يۇلتۇز ئادەملىرى، سىلەر يەر شارىدىكى ئادەملەرگە دوستانە، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىمىز دەيسىلەر، بىراق سىلەرنىڭ مېنى مۇشۇنداق تۇيۇقسىزلا تۇتۇپ كەلگىنىڭلار دوستانە مۇئامىلە قىلغىنىڭلارمۇ؟ سىلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى ئىشقا جاۋاب بەرگەن بولساڭلار، قالغان گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى، ـــ تۇغلۇق يەنە بىر قېتىم سالام قىلغاندىن كېيىن، ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئولتۇردى. رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ئالىم نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغاندەك بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزلىدى:

ـــ تۇغلۇقنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق، مەن بۇ ئىككى مەسىلىگە جاۋاب بېرەي. بىز كۆپ قېتىم كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سىزنى يۇلتۇزىمىزغا ئەكېلىشكە بولىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ۋەكىل دەپ بېكىتكەندىن كېيىن، سىز بىلەن قانداق ئالاقە قىلىش ھەققىدە كۆپ ئويلاندۇق. يەر شارىدىكىلەر بىلەن بىز تېخى ھەقىقىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ بولالمىغان بولغاچقا، سىزگە مەقسىتىمىزنى قانداق بىلدۈرۈشمۇ بىز ئۈچۈن بىر مۇشكۇل ئىش بولدى. يەر شارى ئادەملىرى كۆپ چاغلاردا بىزنى دۈشمەن ياكى جىن ـ ئالۋاستى چاغلاپ كەلدى. ئۇلار بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا ھېلىھەم گۇمان قىلىدۇ. مەنمۇ يەر شارىغا ئون نەچچە قېتىم باردىم، لېكىن ھەر قېتىملىق سەپىرىمىز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئەنە شۇ مەغلۇبىيەت بىزنى بەك ئېھتىياتچان قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز سىزنى تاللىغان

چاغدا سىلەردىن ئىمتىھان ئېلىنىۋاتقان بولغاچقا، سىزنىڭ تەتىلىڭىزنى كۈتتۇق. ئەسلىدىكى پىلاندا بىز سىزنى يېنىڭىزدا ھېچكىم يوق يالغۇز ئەھۋالدا ئەكەلمەكچىدۇق، بىراق سىز ئىنىڭىز قۇتلۇقتىن ئايرىلمايدىكەنسىز، شۇڭا سىزنى ئۇنىڭ ئالدىدىنلا ئېلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇق. سىزنى بەك قورقىتىۋەتمەسلىك ھەم بۇ ئىشنىڭ تاراپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سىزنى ئالدىنئالا خەۋەرلەندۈرمىدۇق. بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىگە كەلسەك، سىز بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزنى تۈگىتىپ قايتىپ بارغۇچە سىزنى باشقىلار ئىزدىمەيدىغانلىقىنىڭ ئامالىنى قىلىپ قويدۇق. ھازىر ئۇ يەردە سىزگە تەقلىد قىلىپ ياراتقان كەلتۈرگەن ياسالما تۇغلۇق سىزنىڭ رولىڭىزنى ئويناۋاتىدۇ. ئۇ قۇياش نۇرىنى ئېنېرگىيە قىلىپ نورمال ھەرىكەت قىلالايدۇ. چىرايى، ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزلىرى سىز بىلەن ئوپمۇئوخشاش، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ سىز بىلەن ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىمۇ بار. سىز قايتىپ بارغۇچە ئۇ سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى چاندۇرماي تۇرىدۇ. سىز بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭ. بۇ يەردىكى ئىشلار تۈگىگەندە بىز سىزنى ئامان ـ ئېسەن ئاپىرىپ قويىمىز. سىز بىزگە ماسلاشقانلىقىڭىز ۋە بۇ يەرگە كېلىپ بىز بىلەن نورمال مۇناسىۋەت قىلىۋاتقانلىقىڭىز ئۈچۈن «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى سىزگە تەقدىم قىلدۇق. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىقتىدارى بار. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ سىزگە ياردەم قىلىدۇ. ھە راست، ھېلىقى ياسالما تۇغلۇق ھازىر قۇتلۇق بىلەن مومىڭىزنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. سىز بۇ يەردىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزلۈكىدىن غايىب بولىدۇ.

تۇغلۇق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولغاندەك بولدى. ئۇ يىغىندىن كېيىن سىرتنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلدى. تۇغلۇقنى ئەكەلگەنلەردىن بىرى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

— يۇلتۇزىمىزدا كەچ بولمايدۇ. يەر شارىدىكى قاراڭغۇلۇق بۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ يەردە ياشاۋاتقان جانلىقلار يەر شارىدىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، بۇ يەردە جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتىدىغان ئىش ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداق دېسەم كۆڭلىڭىزگە كېلىپ قالمىسۇن، سىلەرنىڭ يەر شارىدا نۇرغۇنلىغان جانلىقلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى. ئەگەر شۇنداق داۋاملىشىۋەرسە يەر شارىدا ئادەمدىن باشقا جانلىق قالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئادەملەرنىڭمۇ ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزنىڭ ئالدىن پەرەز قىلىشىمىزغا قارىغاندا، يەر شارىدا ئادەملەر يالغۇز قالسىلا، ئۇلارنىڭمۇ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ. باشقا جانلىقلارغا كېلىۋاتقان ھالاكەت، ئەڭ ئاخىرىدا ئادەملەرنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ... — بۇ گەپلەر ھازىر يەر شارىدىكىلەرمۇ ئېتىراپ قىلىپ بولغان ئومۇمىي ساۋات بولغاچقا، تۇغلۇق خۇددى ئوقۇتقۇچىدىن دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك دىققەت بىلەن ئاڭلىدى، — ھە راست، بۇ جىرانى سىزگە تونۇشتۇرۇۋېتەي، — دېدى ئۇ ئادەم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ يۇلتۇزىمىزدىكى ئەڭ ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدىكى جىرا، بۇ يەر بىزنىڭ يەر شارىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىمىز. بۇ يەردە تۇرۇپ يەر شارىنى تەتقىق قىلىۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولدى. كۆردىڭىزمۇ، ئاۋۇ بىنادا بىز كۆپ يىللاردىن بېرى توپلىغان يەر شارىغا مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملار بار. يۈرۈڭ، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ.

تۇغلۇق بۇ بىناغا قانداق كىرگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە خىلمۇخىل دىنوزاۋرلارنىڭ رەسىم ۋە مودېللىرى بار بىر چوڭ ئۆيگە كىرىپ قالدى. ئۇ ئادەم تۇغلۇقنىڭ بۇ نەرسىلەرنى كۆرۈپ ئانچە ھەيران قالمىغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىز كۆرگەن بۇ جانىۋارلار... — دېيىشىگە، تۇغلۇق ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ۋارقىرىۋەتتى:

— دىنوزاۋر! ئۇ بىزنىڭ يەر شارىدا بار.

— توغرا دەيسىز، بۇ دىنوزاۋر، بىراق ئۇ سىلەرنىڭ يەر شارىدا يوق. ئۇنىڭ يەر شارىدىن يوقالغانلىقىغا ئۇزاق زامانلار بولدى.

— ئەمىسە مەن ئۇنى يەر شارىدا كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ — توغلۇق قەستەن سوراپ قويدى.

— سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز ئۇنىڭ مودېلى، رەسىمى ۋە تۈرلۈك كارتون فىلىملەر. لېكىن، ئۇ يەر شارىدىن ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان.

توغلۇق بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بۇ ھەيۋەتلىك زاللاردىن يەر شارىغا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇلار يەر شارىنى تەتقىق قىلىشقا بەكلا كۆڭۈل بۆلگەندى. توغلۇقنىڭ يەر شارىدىن ئايرىلغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى يەر شارىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ئۇنى خۇددى يەر شارىغا كېلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭغا يىغا ئولاشتى، شۇئان يەر شارىغا قايتقۇسى كەلدى. لېكىن، ئۇ قايتىمەن دەپلا قايتىپ كېتەلمەيتتى. ئەمدى توغلۇق بۇ يەردە قانداق ئىشلارنى كۆرەر؟

# ياسالما تۇغلۇق

تۈنۈگۈندىن بېرى ياققان يامغۇر ھاۋانى پاكلاشتۇرۇپ، قۇياشنى تېخىمۇ نۇرلۇق قىلىۋەتكەن، نەمخۇش سالقىن ھاۋا ئادەمگە بەكمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. سادىق دوختۇر ۋە قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا كەلگەنلەر تۇغلۇقنى ئاللىقاچان ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا جىددىي قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ باقماقچى بولغانىدى. تۇغلۇقنىڭ نوسىلكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر، مەن ساق! — دەپ توۋلىشى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى، دېمىسىمۇ تۇغلۇق تېخىمۇ جانلىنىپ سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرەتتى، قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدا كەلگەنلەر ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك باشلىرىنى چايقىشىپ قويۇپ كەتتى. سادىق دوختۇرمۇ بۇ غەلىتىلىكنى ئۆزىنىڭ قىرىپ قالغانلىقىدىن كۆردى.

ئايخان موماي خۇشاللىقىدىن تۇغلۇقنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ كەتتى. قۇتلۇقمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تېخىچە تاراملاپ ياش قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— ئاكا، پۈتبولنى مەندىن ياخشى ئوينىساڭمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ ئاغرىپ قالما، سەندىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ.

— مەن ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، ئۆزۈڭلار نېمىدەپ...

بۇ پاتىپاراقچىلىقلاردىن تەمتىرەپ قالغان ئاسىم بوۋايمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بوم ئاۋازى بىلەن كۈلۈۋەتتى.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرى باشلاندى، ئۇلار ھەر كۈنى مەھەللىدىكى

بالىلار بىلەن تورلۇق ئويۇنلارنى ئويناپتتى، پۈتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزەتتى، كۆلگە بىرىپ سۇغا چۈشەتتى.

ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان هەدە كېلىپ بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىدارىدىن ئورۇنلاشتۇرغان ساياھەتكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كەتتى. ئادەتتە تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق مومىسى بىلەن بوۋىسى بار يەردە ئاتا - ئانىسىنى ئانچە سېغىنىپ كەتمەيتتى. بوۋىسى بىلەن مومىسى ئۇلار نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان كۈنلىرى ئۇلارغا بايرام بولاتتى.

ئۇلار بۈگۈن مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن يەنە كۆل بويىغا باردى. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، كۆلدە سۇغا چۈشۈش بەك راھەت ئىش ئىدى. بۇ كۆل بەك چوڭقۇر بولغاچقا، بالىلار كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارالمايتتى.

كۆل يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۆز خاسلىقى بىلەن ئاۋاتلىقىنى يوقاتمىغانىدى. بېلىقئالغۇچلار يەنە بېلىق تۇتۇش بىلەن بەند، غاز - ئۆردەكلەر بولسا بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى.

بالىلار چۇرقىرىشىپ سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتاتتى. قۇتلۇقمۇ سۇدا بېلىقتەك پىلتىڭلاپ يۈرەتتى. تۇغلۇق بۈگۈن تازا مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ، سۇغا چۈشمەي بىر چەتتە ئولتۇردى. ئۇ بالىلارنىڭ تاماشىسىنى بىردەم كۆرگەندىن كېيىن، قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ كۆلنىڭ نېرىسىدىكى قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى.

تۇغلۇق قومۇشلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ، خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئاسمانغا قاراپ چاۋاك چالغاندەك قىلىقلارنى قىلدى. ئۇ-نىڭ قوللىرىنىڭ ئارىسىدىن بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— ھەي، سىلەر بارمۇ؟ مېنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئەجەب يوقاپ كەتتىڭلارغۇ؟ مەن سىلەردىن ياردەم سورايمەن، سىلەر بارمۇ؟ — تۇغلۇق ئەنە شۇنداق بىرنەچچە قېتىم تووۋلىغاندىن

كېيىن ئاسماندىن گۈلدۈرمامىدەك بىر خىل سادا ياڭراپ، تۆۋەندىكى ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھە، بىز بار، نېمە دېمەكچىسەن؟ — ئاۋاز خۇددى ئاچچىقى كېلىپ قالغان دادىلارنىڭ ئاۋازىدەك قوپال ئىدى.

— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ سەككىز كۈن بولدى، تۇغلۇق قاچان قايتىپ كېلىدۇ. مەن يەر شارىغا پەقەت كۆنەلمەيۋاتىمەن.

— سېنىڭ ئۇ يەرگە كۆنۈش - كۆنمەسلىكىڭ مۇھىم ئەمەس، بىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنداپ تۇرساڭلا بولدى.

— بۇ يەردە يامغۇر ياغسا بىرنەچچە كۈنگىچە قۇياشنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئارىلىقتا تاس قالدىم چىپىمدىن ئايرىلغىلى، ھېلىمۇ تەلىيىمگە قۇياش ۋاقتىدا چىقىپ قېلىپ ماڭا جان كىرىپ قالدى. ئەگەر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغان بولسام ئىش چاتاق بولاتتى. بۇ يەردە ئۆزۈمنى چاندۇرماي ئۆتۈش مەن ئۈچۈن خېلى تەس كېلىۋاتىدۇ. سىلەر ماڭا نۇرغۇن نەرسىنى قاچىلىغان بىلەن تۇغلۇقنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى ھەققىدە ھېچ نەرسە قاچىلىماپسىلەر، قۇتلۇق دائىم بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلەپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇنداق چاغدا گەپنى باشقا ياققا يۆتكەشتىن باشقا ئامالىم يوق، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەر مېنى پۇتبولنى قۇتلۇقتىنمۇ ياخشى ئوينايدىغان قىلىپ قويۇپسىلەر. ئەسلىدە ئىش ئەكسىچە ئىكەندۇق. تۇغلۇق تېزرەك قايتىپ كەلسە، مەن بۇ تەس كۈنلەردىن قۇتۇلغان بولسام.

ھېلىقى بوم ئاۋاز يەنە جاراڭلىدى:

— كىچىككىنە بىر ئىشنى قىلىپ قويۇپلا چىدىماي قېلىۋاتامسەن، تۇغلۇقنىڭ ئىشلىرى تېخى تۈگىمىدى، سەن ھازىر مۇشۇ ئىقتىدارىڭ بىلەنمۇ ئۆزۈڭنى چاندۇرماي يەنە خېلى كۆپ ئىشلارنى قىلالايسەن، بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ خاتىرىسىنى ساڭا قاچىلاشقا بىز ئامالسىز.

— تۇغلۇقنىڭ ئاتا - ئانىسىنىمۇ تونۇماپتىمەن. قۇتلۇق

ۋاقتىدا كېلىپ قالمىغان بولسا...

— ھە، قانداق بولاتتى؟

— قۇتلۇق دوستىنىڭ ئۆيىگە بىر نەرسە ئالغىلى كىرىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنى يول بويىدا ساقلاپ تۇراتتىم، بىر ئايال بىلەن بىر ئەر كېلىپ ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كەتتى. «تۇغلۇق، بۇ يەردىكەنسەنغۇ، قۇتلۇق قېنى؟» دېيىشتى، مەن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ كېتىپ، مۇنداقلا ئەھۋاللىشىپ قويدۇم. «ۋاي، نېمانداق چېكەتكىدەك پارقىراپلا تۇرىسەن؟» دېيىشىگە، ھېلىمۇ قۇتلۇق كېلىپ: «ئاپا ! دادا !» دېگىنىچە ئۇلارنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. مەن شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ تۇغلۇقلارنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قۇتلۇقتى دوراپ ئۇلارغا ئەركىلەپ قويدۇم، ئۇلار كەتكۈچە ھەربىر گەپنى ئاۋايلاپ قىلىپ چاندۇرمىدىم. ئەمدى يەنە قاچانغىچە...

بوم ئاۋاز يەنە گۈلدۈرلىدى:

— يەر شارى بىلەن بۇ يەرنىڭ قانچىلىك يىراقلىقىنى سەن بىلىسەن. تۇغلۇقنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرى تېخى تۈگىمىدى. يەر شارىغا ھازىر يولغا چىققان تەقدىردىمۇ يېتىپ بارغۇچە نەچچە كۈن كېتىدۇ، شۇڭا سەن ئۆز ۋەزىپەڭنى ئوبدان ئورۇنداپ تۇرغىن.

— ھە راست، مەن سۇغا چۈشسەم بولامدۇ؟

— ساڭا سۇ ئۈزۈش ئىقتىدارى قاچىلانغان، سۇ ئاستىدا بىرنەچچە سائەت يۈرسەڭمۇ ھېچ نەرسە بولمايسەن، بىراق ئۇ بالىلارنىڭ ئالدىدا سۇ ئاستىدا نەچچە مىنۇت تۇرساڭلا بولدى، بولمىسا نورمال ئادەملەرگە ئوخشىماي قېلىپ چېنىپ قالىسەن. بۇگۈنچە مۇشۇنچىلىك پاراڭلىشايلى.

ياسالما تۇغلۇق بۇ يەردىن ھازىرچە كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ قۇتلۇقلارغا يېقىنلاشقاندا بالىلارنىڭ قىيا ــ چىياسى ئاڭلاندى.

— قۇتقۇزۇڭلار! ئادەم بارمۇ؟

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ.

— ئادىل سۇغا چۆكۈپ كەتتى.

ياسالما تۇغلۇق ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا ئادىلنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. قۇتۇلۇق قاتارلىق باللار مەكتەپتە ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە ئادىلنى دۈم ياتقۇزۇپ ئاغزىدىن سۇ ياندۇردى، سۇنئىي نەپەسلەندۈردى. ھېلىمۇ ياخشى ئادىل ھوشىغا كەلدى. باللار تۇغلۇقنى بەس ـ بەستە ماختاپ كەتتى.

سۆيۈملۈك باللار، سىلەر بۇ يەردىكى تۇغلۇقنىڭ ياسالما تۇغلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدۇڭلار، شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى تۇغلۇق دەپ تۇراي.

تۇغلۇقتا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆرەڭلىگۈسى، ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ كەتتى. كۆل بويىدىكى باللار ئۇنىڭدىن ھەر خىل سوئاللارنى سورايتتى.

— سەن سۇ ئۈزۈشنى ئانچە بىلمەيتتىڭغۇ؟

— ھازىر بىلىمەن.

— تېخى سۇ ئاستىدا خېلى ئۇزاق تۇردۇڭ جۇمۇ.

— نەچچە مىنۇت تۇرۇش دېگەن قانچىلىك گەپ ئىدى، مەن خالىسام يېرىم سائەتمۇ تۇرالايمەن، — ئەسلىي تۇغلۇق نەچچە سائەتمۇ تۇرالايمەن دېمەكچىدى، بايىقى بوم ئاۋازنىڭ نەسىھىتى ئېسىگە كېلىپ شۇنداق دەپ قويدى.

ئادىل بۇرۇندىن مەھەللىدىكى باللار ئارىسىدا سۇ ئۈزۈشكە ئۇستا ئىدى. ئۇ ھازىر ھوشىغا كېلىپ سەل خىجىل بولغاندەك بولدى، يەنە كېلىپ ئۆزىنى تۇغلۇقنىڭ قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا قايىل ئەمەس ئىدى.

— ھەي، مېنى قۇتقۇزۇۋالدىم دەپلا پو ئېتىۋاتامسەن، يېرىم سائەت سۇنىڭ ئاستىدا تۇرساڭ ئۆزۈڭنى نەدە كۆرىدىغىنىڭنى ئويلىشىپ سۆزلە، — دېدى ئۇ مەنستىمىگەندەك.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، ھازىرلا كۆلنىڭ ئاستىدا يېرىم سائەت تۇرۇپ بېرىمەن بىكار، — دېدى تۇغلۇق كىيىملىرىنى

سىقىپ، كۆل بويىدىكى ئوت - چۆپلەرگە يېيىپ قويۇپ.

تۇغلۇق ئادەتتە ئادىل بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ بىلەن ھەرگىز گەپ تالاشمايتتى. بۈگۈن تۇغلۇقنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئادىلغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، بۇ چاغقا ئۇنىڭ بىلەن تەرگىشىپ قالغان بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا بىز سائەتكە قاراپ تۇرايلى، چۈشەمسەن؟

— بولىدۇ، كۆل ئاستىدا يېرىم سائەت تۇرالىسام، تۇغلۇق، دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن.

— راستمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ھېچكىمگە دەۋايىم يوق، دەپ يازە، — دەپ ئادىل تۇغلۇقنىڭ ئالدىغا قەغەز - قەلەم ئەكەلدى.

ئاپلا ! تۇغلۇق يەنە بىر قېتىم ئوسال بولدى. ئۇنىڭ تېنىگە خەت يازالايدىغان سىستېما قاچىلانمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئۇستىلىق بىلەن خەت يېزىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— بولدى، بولدى، خەت يېزىپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى، قاراپ تۇرۇڭلار - ھە، — باللار تۇغلۇقنى توسۇپ بولغۇچە ئۇ كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ بولدى، قۇتلۇق ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى.

— يېرىم سائەت ئەمەس، ئىككى مىنۇتتا يېنىپ چىقىدۇ، ئەنسىرىمەي تۇرايلى، — ئادىل سائىتىگە قاراپ ئولتۇردى. بىر مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەي قۇتلۇق ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالدى.

مانا بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. قۇتلۇق يىغىنى سالدى، باشقا باللارمۇ ئادىلنى ئەيىبلىدى:

— ئۆزۈڭ ئۆلىدىغانغا قىل قالغاننى ئاز دەپ تۇغلۇقنى بىكار زورلىدىڭ، ئەمدى بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداقىمۇ قىلارمىز.

— ئاكا ! ئاكا !

— تۇغلۇق، بولدى يېنىپ چىق. بىز ساڭا قايىل بولدۇق، — باللار يىغلامسىراپ توۋلايتتى.

ئادىل ئەمدى رەسمىيلا قورقۇپ قالدى. ئون نەچچە مىنۇت

ئۆتۇپ كەتكەنىدى.

— ئاپلا، چاتاق بولدى، ماۋۇ ئاداشقا چاقچاق قىلىپ قويسام، ئىش تېرىپ بېرەمدۇ، نېمە ! تۇغلۇق، بولدى يېنىپ چىققىن، مەن ساڭا قول قويدۇم، تېز يېنىپ چىققىن ! — ئادىلنىڭ ئاۋازىغىمۇ يىغا ئولاشتى. قۇتلۇق ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يىغلاۋاتاتتى.

تۇغلۇق سۇ ئاستىدا ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى تىڭشاپ تۇرغاچقا، ئەمدى يېنىپ چىقمىسا ئىشنىڭ چاتاق بولىدىغانلىقىنى بىلدى.

تۇغلۇق كۆل يۈزىدە پەيدا بولغاندا، بالىلار خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— تۇغلۇق ! قاراڭلار، تۇغلۇق يېنىپ چىقتى.

— ئاكا ! — يىغلاۋاتقان قۇتلۇقنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، — كۆردۈڭلارمۇ ئاكام يېنىپ چىقتى.

پەقەت ئادىللا يا خۇش بولۇشىنى، يا خاپا بولۇشىنى بىلەلمىدى.



# تۇغلۇق زىيارەتتە

تۇغلۇقنىڭ ئۇرلۇق يۇلتۇزدىكى زىيارىتى داۋاملاشماقتا ئىدى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە تۇغلۇق ئۈچۈن غەيرىي ۋە يېڭى تۇيۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يەر شارىدىن كەلگەن ۋەكىل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ھەرۋاقىت ئۇنتۇپ قالمىدى.

تۇغلۇق «يەر شارى بىناسى»دا ئۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر توپلىغان يەر شارىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردى.

— مانا ماۋۇ بىزنىڭ يەر شارى ئادىمىنى كۆرمەستە پەرەز بويىچە بارلىققا كەلتۈرگەن ھەيكىلى.

تۇغلۇق ھەيكەلگە قارىدى. ئۇ قانداقمۇ يەر شارى ئادىمىگە ئوخشىسۇن، ئۇ تۇغلۇقنىڭ تەسسەۋۇرىدىكى جىن - ئالۋاستىلاردىنمۇ بەتبەشىرە ئىدى. بۇ يەردە يەر شارىدا مەۋجۇت بولمىغان بەزى نەرسىلەرمۇ خاتا ھالدا قويۇپ قويۇلغانىدى. دېمەك، بۇ يەر شارىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغانلارنىڭ خاتا پەرەزلىرى ئىدى. بۇ يەردە يەر شارى ئادەملىرى ھەققىدە تۆۋەندىكى خاتا چۈشەندۈرۈشمۇ تۇراتتى، زالنىڭ تېمىغا ئويۇپ يېزىلغان بۇ خەتنى تۇغلۇق «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇدى:

*يەر شارى ئادەملىرىنى يەر شارىدىكى ئەڭ ئەقىللىق جانلىق دېيەلمەيمىز، يەر شارىدا ياشاۋاتقان جانلىقلار ھەقىقەتەن كۆپ، كۆپلىرىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەممە جانلىقلار ھەققىدە تېخى دەسلەپكى چۈشەنچىگىمۇ ئىگە ئەمەسمىز. يەر*

*شارىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنى كىم؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. يەر شارىنى تەتقىق قىلىش مەركىزىمىز بۇ توغرۇلۇق بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرگەن بولسىمۇ، تېخى ئىشەنچلىك پاكىتقا ئىگە بولالمىدى. ھازىرچە بىز يەر شارى ئادەملىرىنى يەر شارىدىكى ئەڭ ئەقىللىق جانلىق دېيىشتىن بۇرۇن، ئۇنى يەر شارىدىكى ئەڭ خەتەرلىك مەخلۇق دەپ تۇرساق بولغۇدەك، ئۇلار يەر شارىنى بەرپا قىلغۇچىلار بولمىسىمۇ، بىراق...*

يەر شارى ئادەملىرىنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى تۇغلۇقنىڭ داۋاملىق ئوقۇغۇسى كەلمىدى. تۇغلۇقنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرگەن نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمى خىجىل بولغاندەك چۈشەندۈردى:

— بۇ مەزمۇنلار تەتقىقات مەركىزىمىزدىكىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە يېزىلغان، يەر شارى ئادەملىرىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن خاتا يېزىلىپ قالغان نەرسىلەرمۇ كۆپ، شۇڭا كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. سىزنىڭ بۇ يەرگە قەدەم باسقانلىقىڭىز، يەر شارى ھەققىدە خاتا پەرەزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوڭشايدۇ.

تۇغلۇق «يەر شارى بىناسى»دىكى نەرسىلەرنى بىرقۇر كۆرۈپ قايتتى. ئۇ چىقىۋېتىپ بايىقى غەلىتە «يەر شارى ئادىمى»نىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ھەيكىلىنىڭ تۇرغۇزۇلۇپ بولغانلىقىدىن ھەيران قالدى.

— سىزنىڭ ھەيكىلىڭىزنى تۇرغۇزۇشنى توغرا تاپتۇق. باشقىچە ئويلاپ قالمىغانسىز؟

نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمىنىڭ سوئالىغا تۇغلۇق سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— ھېچقىسى يوق، ئۇ سىلەرنىڭ بىزنى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىشىڭلارغا ياردەم بېرىدۇ. ماڭا شۇنىسى كۇپايە.

— باشقا پلانېتىدىن كەلگەن باللار قايتماقچىكەن، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويايلى.

قوشنا يۇلتۇزلاردىن كەلگەن باللار يېشىل مەيدانغا يىغىلغان

بولۇپ، ئۇلارنى ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلانغان چىرايلىق ئۇچقۇ مۇزىكىدەك ياڭراق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.

— يۇلتۇزىمىزغا بېرىشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!

— بىزنىڭ يۇلتۇزدىكىلەر يەر شارى ئادەملىرى ھەققىدە گۈزەل ھېسسىياتقا ئىگە!



— يەر شارى ئادەملىرىنىڭ سەييارىمىزغا كېلىپ مېھمان بولۇپ كېتىشىنى قارشى ئالىمىز!

— يەر شارى باللىرى بىزنىڭ دوستىمىز !

...

ھەرقايسى يۇلتۇزلاردىن كەلگەن باللارنىڭ قىزغىن تەكلىپلىرى تۇغلۇقنى خىجىل قىلىپ قويدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تەزىم قىلىشۇدى، مەيدە يانچۇقىدىكى «خاسىيەتلىك لۇغەت» يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى باشقا يۇلتۇز باللىرى ئۇ كۆرۈۋاتقان ئوماق يەر شارى باللىرىنىڭ سىياقىدا ئەمەس، خىلمۇخىل غەلىتە سىياقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەسلەنچۈككە، شەپەرەڭگە، چاشقانغا، مۈشۈككە، ئۆرە تۇرغان پاقىغا، ئالتە پۇتى بار يىلانغا ئوخشايدىغان غەلىتە مەخلۇقلار بار ئىدى. تۇغلۇقنى يېتەكلەپ يۈرگەن نۇرلۇق يۇلتۇز ئادىمىمۇ ئۆرە تۇرۇۋالغان پاتمىچۇققا ئوخشايتتى. تۇغلۇق قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى يەردىن ئېلىپ، تېزدىن يانچۇقىغا سېلىۋالدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق مەخلۇقلار چىرايلىق يەر شارى باللىرىغا ئايلاندى. ئۇ شۇ چاغدىلا «خاسىيەتلىك لۇغەت»نىڭ خاسىيىتىدىن سۆيۈندى. ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا سەييارىدىن كەلگەن باللار چىرايلىق ئۇچقۇ بىلەن يولغا چىقتى. تۇغلۇق ئۇلار بىلەن يېقىن دوستلىرى بىلەن خوشلاشقاندەك خوشلاشتى. ئۇ شۇ چاغدا يۇرتىنى تېخىمۇ سېغىنىپ كەتتى. ·

— مەنمۇ ئەمدى كەتسەم بولاتتى.

— سىز نېمىگە ئالدىرايسىز، ئۇلار كەلگىلى خېلى ئۇزاق بولغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشى ئەمەس، ئۇلار دائىم كېلىپ تۇرىدۇ. سىزنىڭ كېلىشىڭىز تۇنجى قېتىم، ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇرلۇق يۇلتۇزىمىز ھەققىدە تولۇقراق

چۈشەنچىگە ئىگە بولمىدىڭىز. بىز يەر شارى ۋە يەر شارى ئادەملىرىنى چۈشىنىش جەريانىدا شۇنى هېس قىلدۇقكى، بىزنىڭ يەر شارى ئادەملىرىدىن ئۆگىنىدىغان تەرەپلىرىمىز ھەم يەر شارى ئادەملىرىگە ياردەم قىلىدىغان تەرەپلىرىمىزمۇ كۆپ ئىكەن. يەر شارى ئادەملىرى بىر يۈز ئەللىك يىلمۇ ياشىيالمايدىكەن، ئۇلار كېچىسى ئۇخلىسا، كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىدىكەن. بىراق، بىز بىرنەچچە ئايغىچە ئۇخلىمايمۇ يۈرەلەيمىز.

توغلۇق ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، خۇددى سىنىپتا دەرس ئاڭلاۋاتقاندەك پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاڭلىدى ھەمدە ئادىتى بويىچە سوئالنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— سىلەر تاماق يېمەمسىلەر؟

— ھە، سىز بىز بىلەن يۈرۈۋاتقىلىمۇ خېلى كۆپ بولدى. تاماق يېدىڭىزمۇ؟ قورسىقىڭىز ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟

توغلۇق شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ كۆل بويىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تاماق يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— ياق، يېمەپتىمەن.

— سىزمۇ ھازىر بىزنىڭ ئادىتىمىز بويىچە ئوزۇقلىنىۋاتىسىز.

— قانداق؟

— سىز ھاۋادىن نەپەسلىنىپلا قالماي يەنە ئوزۇقلىنىۋاتىسىز. چۈنكى، بىز ھاۋادىن ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىمىز، ھازىر سىز بىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ بولدىڭىز.

— نېمە؟ سىلەر مېنىڭ رۇخسىتىمسىز مېنى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش قىلىپ قويساڭلار قانداق بولىدۇ؟ مەن دېگەن يەر شارى ئادىمى، مەن ئۈچ ۋاخ تاماقنى يېمىسەم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن قورساقئا بەك ئامراق.

— ئەنسىرىمەڭ، يەر شارىغا بارغاندىن كېيىن يەنە تاماق يەۋېرىسىز، مۇشۇ يەردىكى چېغىڭىزدىلا شۇنداق بولىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ توغلۇقنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى. «بۇلار

مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋېلىپ زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟ ئۇلار مېنى...» تۇغلۇق خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي، خاپا بولغاندەك دېدى:

— ھەي، سىلەر مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، مەن ئاتا - ئانامنى، بوۋام - موماملارنى، ئۆكام قۇتلۇقنى ۋە دوستلىرىمنى سېغىندىم. مەن ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن بالا. ھەرگىز يەر شارىغا ۋەكىل بولالمايمەن. سىلەر يەر شارىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىڭلارنى يەر شارىدىكى چوڭ ئادەملەر بىلەن قىلىڭلار... — تۇغلۇق خېلى كۆپ گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئەتىسى، تۇغلۇق ئۆزىنى ئەيتەك ئۆينىڭ ئىچىدە كۆردى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى سېلىنىپ قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئەينەك ئۆينىڭ سىرتىدىكى ئىشلارنى كۆرۈپ ھەمدە ئۇلارنىڭ قىلىشقان گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇراتتى. ئەينەك ئۆينىڭ سىرتىدا رەت - رەت بولۇپ تىزىلغان باللار تۇراتتى، قولىغا ئاپئاق خرۇستالدەك پارقىراق تاياقچە تۇتۇۋالغان بىر ئايال رەت - رېتى بىلەن كېلىپ تۇغلۇقنى تاماشا قىلىۋاتقان باللارغا ئۇنى تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.

— كۆرۈۋاتقىنىڭلار يەر شارى بالىسى. يەر شارىنىڭ يىل ھېسابى بويىچە بۇ يىل ئون ياشقا كىردى. جىنسىي ئوغۇل، كۆرگەنسىلەر، يەر شارى ئادىمىنىڭ ئىككى پۇتى، ئىككى قولى، ئىككى كۆزى، ئىككى قۇلىقى بولىدۇ. ئۇلار ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە ماڭىدۇ. ئۇلار تولۇق يېتىلگەندە، بويىنىڭ ئېگىزلىكى...

ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى تۇغلۇققا بەكمۇ ھار كەلدى. ئۇ ھازىر يالىڭاچ بولغاندىن باشقا، «خاسىيەتلىك لۇغەت»تىنمۇ ئايرىلىپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ سۆزلەۋاتقانلارنىڭ گېپىنى ئۇيغۇرچە ئاڭلاۋاتاتتى، ئالدىدىكى باللار ۋە چوڭلارنىمۇ يەر شارى ئادەملىرىنىڭ سىياقىدا كۆرۈۋاتاتتى. تۇغلۇق يالىڭاچلىقىدىن خىجىل بولۇپ دۈم يېتىۋالدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇ ھېلىقى ئالىملارغا

نارازىلىق بىلدۈردى.

— سىلەر مېنى ئۆزۈڭلار بىلەن تەڭ كۆرمەي، ئويۇنچۇق ئورنىدا كۆردۈڭلار، مېنى يالىڭاچلاپ سازايى قىلدىڭلار، تېخى ماڭا بەرگەن بىردىنبىر سوۋغىتىڭلار — «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى ئېلىۋالدىڭلار.

تۇغلۇقنىڭ بۇ يەردىكى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان نۇرلۇق يۇلتۇز ئالىمى تۇغلۇقتىن ئەپۇ سورىدى:

— سىزنىڭ يۇلتۇزىمىزغا كەلگەنلىكىڭىزنى ئاڭلىغانلار گېپىمىزگە ئىشەنمىدى، ئىشەنگەنلىرىمۇ سىزنى بىر كۆرەيلى دەپ تۇرۇۋالدى، بولۇپمۇ بالىلار سىزگە بەك قىزىقىپ قالدى. شۇڭا، بىز نەتىجىمىزنى نامايان قىلىش ئۈچۈن سىزنى... — ئالىم خاتا گەپ قىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ كۆپ يىللاردىن بېرى يەر شارى ئادەملىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيىتىنى پەرەز ۋە تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن تەتقىق قىلىۋاتقاچقا، يەر شارى ئادەملىرىنىڭ غۇرۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلەتتى، شۇڭا گەپنى ئىتتىك باشقا ياققا بۇرىدى، — ھە راست، «خاسىيەتلىك لۇغەت»نى ئېلىۋاپسىلەر دېدىڭىز، بىز ئۇنى ئېلىۋالمىدۇق، ئۇڭ قولىڭىزنىڭ بىلىكىگە قاراپ بېقىڭ، بىلىكىڭىزدە پەيدا بولغان ئاشۇ قارا مەڭ «خاسىيەتلىك لۇغەت» شۇ، ئۇ ئەمدى سىزگە مەڭگۈ ھەمراھ بولىدۇ، ئەمدى سىز ئۇنىڭ يىتىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمەيسىز.

تۇغلۇق بىلىكىگە قارىدى، راست دېگەندەك ئۇڭ بىلىكىدە تېرىقچىلىق قاپقارا مەڭ پەيدا بولۇپ قالغانىدى، ئۇ ئالىمنىڭ گېپىگە ئىشەندى، ئەگەر ئۇ مەڭ «خاسىيەتلىك لۇغەت» بولمىغان بولسا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ گېپىنى پەقەت چۈشىنەلمىگەن بولاتتى. ئۇ ئۆيىنى بەك سېغىنىپ كېتىۋاتقان بولغاچقا، ئاچچىقىدا سورىدى:

— مېنى قاچانلىققا ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويىسىلەر؟ مېنى زادى نېمە قىلماقچى سىلەر؟

— يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سىزنى ئۆزۈم ئاپىرىپ قويىمەن، ئەنسىرىمەڭ، ئاتا - ئانىڭىز ۋە باشقا يېقىنلىرىڭىز سىزنى ھەرگىز ئىزدىمەيدۇ، ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىپ قويدۇق.

— شۇنداقتىمۇ، مەن زادى بۇ يەردە قانچە كۈن تۇرىمەن؟ بۇ يەردە ئوينايدىغان ئويۇنمۇ يوق ئىكەن، بىز يەر شارىدىكى بالىلار ئويۇنغا ئامراق بولىمىز، ئۇ يەردە ئويۇن ئوينىمايدىغان بالا يوق.

— ئۇنى ئوبدان بىلىمەن، — دېدى ئالىم سالماقلىق بىلەن، — بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئالدىراشچىلىقتا سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياجىڭىزنى ئويلاشماپتۇق. مەن سىز بىلەن خۇددى يەر شارىدىكى بالىلارغا ئوخشاش ئوينايدىغان بالىلاردىن بىرنەچچىنى ئەكېلىپ بېرەي، ئىشىنىمەنكى، ئۇلار سىزنى زېرىكتۇرمەيدۇ.

— راستىما؟ — دېدى تۇغلۇق ئاچچىقىدىن يېنىپ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، يەر شارى بالىلىرىغا ئوپمۇ - ئوخشاش بىر توپ بالا كەلدى. تۇغلۇق ئۇلارنى كۆرۈپلا يەر شارىدىن كەلگەن بالىلارمىكىن دەپ قالدى.

— يەر شارىدىن كەلگەن تۇغلۇق سىزمۇ؟

— ھەئە، سىلەرمۇ يەر شارىدىن كەلدىڭلارمۇ؟ — دېدى تۇغلۇق ھاياجانلىنىپ.

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ. بىز سىز بىلەن ئوينىغىلى كەلدۇق، سىز قانداق ئويۇنغا ئامراق؟

— پۇتبولغا.

— بولىدۇ، يۈرۈڭ، چىقىپ پۇتبول ئوينايلى.

ئويۇننى ئاڭلاپ ھەممىنى ئۇنتۇغان تۇغلۇق ئۇلارغا ئەگەشتى.

# بەسلىشىش

ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان ھەدە ساياھەتكە كەتكەچكە، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغان كۈنى تەبىئىي كۆپەيدى. ئەلۋەتتە، سىلەر ھازىر بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان تۇغلۇقنىڭ قانداق تۇغلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدۇڭلار.

بىز بۇ مەھەللىدىكى ئىشلارنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى ئىككى ئالىمنىڭ بۇ يەردىكى تۇغلۇق ھەققىدە قىلىشقان گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ باقايلى:

— يەر شارىدىكى ياسالما تۇغلۇق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتامدۇ؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنۇگۈن پاراڭلاشتىم، ئۇ ھازىرچە ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلىۋېتىپتۇ. ئەگەر ئۇنى ۋاقتىدا ئەكېلىۋالمىساق، چېنىپ قالىدىغان ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، يەر شارىدا ھاۋا تۇتۇلۇپ، يامغۇر يېغىپ قالسا، ئۇ ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن ئايرىلىپ ھالاك بولىدىكەن. ئەگەر يامغۇر ياغمىغان تەقدىردىمۇ ھاۋا تۇتۇلۇپ تۇرۇۋالسا، ئۇ ئەڭ ئۇزاق دېگەندىمۇ ئۈچ كۈن بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

— زاپاس ئېنېرگىيە مەنبەسى يوقمۇ؟

— بىز بۇ جەھەتتە ئويلاشماپتۇق، بىراق ئۇ يەر شارىدا تۇرغانسېرى مۇھىتقا ماسلىشىپ، خۇددى شۇ يەردىكى باللاردەكلا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ھازىر تاماقنى شەكىلگە يەۋاتىدۇ، كېيىنچە قورسىقى ئاچىدىغان، يېگەن تامىقى ئوزۇق بولىدىغان بولىدۇ، بىراق بۇنىڭغا بىر مەزگىل كېتىدۇ. يەنە بىر مەسىلە، ئۇنىڭدا ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئىقتىدارى يوق، مانا مۇشۇ نۇقتىدىمۇ

چاندۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن.

— ھەي، بۇنى نېمىشقا ئويلىمىغانىدىڭلار؟

— ئالدىراپ قاپتۇق.

تۇغلۇق ئادىلنى كۆلدىن قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئادىل ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە سۇنىڭ ئاستىدا ئۇزۇن تۇرۇش تۇغلۇقنىڭ ئىناۋىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

ئادىلنىڭ نەچچە كۇنگىچە كۆڭلى يېرىم يۈردى. ئۇ دەرستە ۋە تىل ئۆگىنىشتە تۇغلۇقتا يېتەلمىسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق ئويۇندا ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇراتتى. بۇ مەھەللىدىلا ئەمەس، باشقا مەھەللىلەردىمۇ ئويۇندا ئادىلغا تەڭ كېلەلەيدىغان بالا يوق ئىدى. تۇغلۇق ئادىلنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە قايىل بولغاچقا، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشمەيتتى. بىراق، ھازىرقى تۇغلۇق...

ھازىرقى تۇغلۇقنىڭ ئادىلنى كۆلدىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقى ھەم كۆل ئاستىدا ئۇزاق تۇرۇپ ئۇنى يېڭىۋالغانلىقى ئادىل ئۇچۇن ئېغىر زەربە بولدى. ئۇ شۇ ئىشنى ئويلاپ كېچىسىمۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇخلىيالماي خىيال سۇرەتتى: «قانداق قىلسام بولار، تۇغلۇق ئەجەب يامان بولۇپ كەتتىغۇ، ئۇ قانداقسىگە بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ؟ ھەي، بۇنىڭدا قانداق سىر باردۇ؟ ئۇ ئەسلىدە ماڭا ۋاي دەپ قويۇپ، مەندىن يوشۇرۇنچە ھۇنەر ئۆگەنگەنىكەن ـ دە ! بۇ قېتىم ئۇ مېنى ئوسال قىلىش ئۇچۇن كەپتۇ. خەپ توختاپ تۇر، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام. ئۇنى يېڭىۋالىدىغان چاغلىرىممۇ كېلىدۇ! توختا، ئۇنىڭ بىلەن نېمىدە بەسلەشسەم بولار؟ چېلىشىشتا، دەرەخكە چىقىشتا، يامىنى كەلسە مۇشتلىشىشتا بولسىمۇ بولىدۇ.»

ئادىل مۇشتلىشىش، كاللا ئېتىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. ھازىرغىچە مۇشتلىشىشتا ئادىلنى يېڭىۋالغان بىرىمۇ بالا چىقمىغانىدى.

كۆلدىكى ئىش يۈز بېرىپ ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، باللارنىڭ ئاغزىدا يەنىلا شۇ گەپ ئىدى. شۇڭا، ئادىل ئەمدى تۇغلۇق بىلەن بىرەر ئىشتا بەسلىشىپ ئۇنى يېڭىۋالمىسا ئارام تاپمايتتى.

— ھەي باللار، — دېدى ئادىل پوچىلىق بىلەن، — سىلەر ماختاپ كېتىۋاتقان تۇغلۇق نوچى ئاۋۇ يوغان تېرەكنىڭ ئۇچىغا چىقالامدۇ؟

باللارنىڭ ئارىسىدا تۇغلۇق بولسىمۇ، ئادىل ئۇنىڭغا بىۋاسىتە دېمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل ماي تارتىپ تۇغلۇققا گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالغانىدى.

قۇتلۇق ئاكىسىنىڭ دەرەخكە ئەمەس، سەل ئېگىزرەك دۆڭگە چىقسىمۇ بېشى قايىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا تېزلا جاۋاب بەردى:

— ياق، ئاكام دەرەخكە چىقمىسۇن.

— ھە، مۇنداق دېگىنە، دەرەخكە چىقالمايدىغان تۇغلۇقنى نېمانچە ماختاپ كېتىسىلەر ئەمىسە؟

— بىز ئۇنى دەرەخكە چىقىشتا ماختىمىدۇق، سۇغا چۆشۈشتە ماختىدۇق. ئەسلىي ئاكامنى بىز ئەمەس، سەن ماختىساڭ بولاتتى. ئۇ سېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالغان تۇرسا، يەنە كېلىپ بەسلىشىپ يېڭىلىپ قالغاندىكەن، بىزنى مېھمان قىلارسەن.

— ئەگەر قايسىڭلار مۇشۇ ئېگىز دەرەخنىڭ مەن چىققان يېرىگە چىقالىساڭلار ئاندىن مېھمان قىلىمەن، — دېدى ئادىل كۆرەڭلىك بىلەن. قۇتلۇق ۋە باشقا باللار بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى، تۇغلۇق دەرەخنىڭ ئۇچىغا قاراپ تۇراتتى.

— ھە، تۇغلۇق، قورقۇۋاتامسەن، بۇ تېرەكنى كۆرمىگەندەك ئەجەب قاراپ كەتتىڭا؟

— ئۇنىڭغا قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىپ بولغىلى بولىدىكىن، دەپ ھېسابلاۋاتىمەن.

تۇغلۇقنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتىۋاتقان بۇ گېپىدىن ئادىل

ئەندىكىپ كەتتى.

— بۇ تېرەكنىڭ ئۇچىغا چىقالايمەن، دېمەكچىمۇسەن؟ — ئادىل يەنە بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ قېلىشتىن قورقۇپ دەرھال سورىدى.

— بۇ تېرەكنىڭ ئۇچىغا چىقىش ئاسان ئىش، بەسلىشىش توغرا كەلسە، كىم تېز چىقسا شۇ يەڭگەن بولسا بولىدۇ.

— مەيلى، — دېدى ئادىل توغلۇققا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويۇپ. قۇتلۇق ئالدىراپ توغلۇقنى توستى:

— ئاكا، سەن دەرەخكە چىقالمايسەن، بولدى بەسلەشمىگىنە، ئىككىڭلار يېقىن دوست تۇرۇپ نېمە قىلىسىلەر بەسلىشىپ، ئەگەر دەرەختىن چۈشۈپ كېتىپ بىرەر ئىش بولۇپ قالسا...

— بۇ گەپنى ئادىلغا دە، مەن ھەرگىزمۇ دەرەختىن چۈشۈپ كەتمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا باشتا بىر چىقىپ باقە، — دېدى ئادىل ئاچچىق قىلىپ.

— ماقۇل، — توغلۇق شەپكىسىنى ئېلىپ، چاپىنىنى سېلىۋېتىپ قۇتلۇققا تۇتقۇزدى، — ئەمىسە سائىتىڭلارغا قاراپ تۇرۇڭلار!

توغلۇق ناھايىتى تېز ۋە ئەپلىك ھەرىكەت بىلەن دەرەخكە ياماشتى. ئۇ خۇددى مايمۇندەك يامىشىپ تېز چىقىپ كېتىۋاتاتتى. قۇتلۇق كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى:

— يارايسەن ئاكا! — دەپ ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىدى ئۇ. ئادىلمۇ توغلۇقنىڭ دەرەخكە چىقىشتىكى چەبدەسلىكىگە قاراپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. توغلۇق ناھايىتى تېزلا دەرەخنىڭ ئۇچىغا يېقىنلاشتى. سائىتىگە قاراپ تۇرغان بالىلار چۇرقىراشتى:

— ئاران ئىككى مىنۇت كەتتى!

— قاراڭلار، ئىككى مىنۇتقا قالماي چىقىپ بولدى!

— ئاكا، بولدى ئەمدى، دەرەخنىڭ بەك ئۇچىغا چىقما! —

توغلۇقنىڭ يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەنسىرىگەن قۇتلۇق ۋارقىراپ كەتتى. توغلۇق تېرەكنىڭ ئەڭ ئۇچىغىچە چىققاچقا، شاخلىرى لەپەڭلەپ يەردىكى بالىلارنى قورقىتىۋەتتى. ئادىلمۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپلا قالدى.

— ئۇچ مىنۇتقا قالماي چىقتىڭ. ئەمدى يېنىپ چۈشكىن، — بالىلار توغلۇقنى تەبرىكلىگەچ ۋارقىراشتى. قۇتلۇقمۇ ئاكىسىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتى، ئادىل نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تىتىلداپ قالدى.

توغلۇق تېرەك ئۇچىدىن تېخىمۇ تېزلىك بىلەن يېنىپ چۈشتى. بالىلار نەزىرىنى ئادىلغا يۆتكىدى، ئادىلنىڭ دەرەخكە توغلۇقتەك تېز چىقالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— مەن... مەن... — ئادىل بېشىنى قاشلىدى، — بولدى، مەن دەرەخكە چىقىشتا بەسلەشمەيمەن.

— نېمىشقا؟ — بالىلار تەڭلا چۇرقىراشتى. ئادىل ئاغزىغا كەلگەن باھانىدىن بىرنى كۆرسەتتى:

— توغلۇق دەرەخنىڭ ئۇچىنى سۇندۇرغىلى قىل قالدى، ئەمدى مەن چىقسام چوقۇم سۇنۇپ كېتىدۇ، قارىمامسىلەر، بىرمۇنچە شاخ - شۇمبىلىرى سۇندىغۇ، باشقا ئىشتا بەسلىشەيلى، دەرەخكە چىقىش سەل خەتەرلىك ئىكەن، شۇڭا...

توغلۇق يەر شارى بالىلىرىغا ئوخشاش كۆرەڭلەشنى ئۆگىنىۋالغانىدى، ئۇ ئادىلنىڭ ئالدىدا ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كۈلۈۋىدى، ئادىلنىڭ ئاچچىقى تېخىمۇ كەلدى.

— ھەي، ئۇنداق بولسا مەن بىلەن چېلىشالامسەن؟ — چىدىيالماي قالغان ئادىلنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قوپال چىقىپ كەتتى. توغلۇق پەرۋاسىزلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەيلى، قانداق ئىشتا بەسلىشىدىغانلىقىمىزنى سەن بەلگىلە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئادىلنىڭ يۈزى ئېسىلىپ كەتتى، چۈنكى ئادىل توغلۇقنى ئۆزى بىلەن چېلىشمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، ئۇ

تۇغلۇقنى كۆپ قېتىم ياماپاشقا ئېلىپ ئاتقانىدى.

ئۇلار چېلىشىشقا تەييارلاندى. باللار چەمبىرەك ھاسىل قىلىپ ئۇلارنى ئوتتۇرىغا ئالدى. باللاردىن بىرى رېپىرى بولدى.

— باشلاندى!

ئۇلار تېزلىك بىلەن بىر ـ بىرىگە يېپىشتى، كۆپ ئۆتمەيلا تۇغلۇق ئادىلنى يانپاشقا ئېلىپ ئاتتى، باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىرنەچچە بالا تۇغلۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەنتەنە قىلدى.

— ھېساب ئەمەس، ھېساب ئەمەس! — يىقىلغىنىغا تەن بەرمىگەن ئادىل ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى رېپىرلىق قىلغان بالا.

— كۆرمىدىڭمۇ؟ سەنمۇ رېپىرى بولدىڭمۇ؟! ئۇ مېنى چارپۇتلىۋەتتى.

— نەدە چارپۇتلىدىم؟ — تۇغلۇقمۇ ئاچچىقلىنىپ ۋارقىرىدى.

— يالغان! چارپۇتلىمىدى، — ئاكىسىدىن پەخىرلىنىپ ھاياجانلىنىۋاتقان قۇتلۇقمۇ ۋارقىراپ كەتتى.

— ئەمىسە سەن نېمە دېمەكچى؟ — تۇغلۇق ئالدىرىماي سورىدى.

— باشقىدىن چېلىشىمىز.

ئادىلنىڭ گېپىدىن كېيىن ئۇلار باشقىدىن چېلىشتى، نەتىجە يەنە ئوخشاش بولدى. ئادىل چىدىماستىن بىرنەچچە قېتىم باھانە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا تۇغلۇققا تەڭ كېلەلمىدى، ئادىل ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەي دېدى. بۇ مەھەللىدە ھەممە ئىشتا بىرىنچى بولۇپ كېلىۋاتقان ئادىلنىڭ ئۆزىگە ئەڭ قايىل بولىدىغان يېقىن دوستى تۇغلۇقتىن بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلدى، ئۇنىڭ ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتكۈسى بولسىمۇ، باللارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. تۇغلۇق ئادەتتە ئاق كۆڭۈل، نورغۇن ئىشلاردا باشقىلارغا يول بېرىدىغان، كەمتەر، سەممىي بالا ئىدى. بىراق، ئۇ نېمانداق ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟

باللار ئادىلنى ئوْنتوْپ قالغاندەك ئوْنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، توْغلوْقنى ئارىسغا ئېلىۋېلىپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاۋاتاتتى. ئادىل ئوْزىنى توْنجى قېتىم يالغوْز ۋە بىچارە ھېس قىلدى، ئوْنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىمۇ توْغلوْققا يان بېسىشىپ، ئوْنىڭغا قاراپمۇ قويمايۋاتاتتى.

— ھەي، توْغلوْق، سەن تولا كۆرەڭلەپ كەتمە، بوْگوْن توْيوْقسىز بىر ئوْتوْۋاپتىكەنسەن، ئەجەب ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭغوْ، نوچى بولساڭ مەن بىلەن موْشتلىشالامسەن، — ئادىل شوْنداق دەپ ئوْزىنى توْتوْۋالالماي يىغلىۋەتتى.

— ۋوْي، ساڭا نېمە بولدى، ئوْ دېگەن بىر ئويوْنغوْ، سەن بوْروْن ھەممە باللارنى يېڭىۋالغاندا ھېچكىم يىغلىمىغانغوْ، سەن ئەجەب ئوْششوْقلوْق قىلىسەنغوْ، — دېدى رېپىرىلىق قىلغان بالا.

— ئاكام نەدە ھەددىدىن ئاشتى، ئوْزوْڭ تەڭ كېلەلمەي... — قوْتلوْق غوْدوْراپ قويدى.

— كىم يىغلاپتوْ، — ئادىل تاراملاپ ئېقىۋاتقان يېشىنى سوْرتوْپ ئېسەدەپ كەتتى، — ئوْ نوچى بولسا مەن بىلەن موْشتلىشالامدىكەن؟

— بولدى، موْشتلاشماڭلار، يېقىن دوست توْروْپ نېمىشقا موْشتلىشاتتىڭلار؟ — رېپىرى بولغان بالا ئويوْننىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئانچە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى پەملەپ شوْنداق دېدى.

— مەن سەندىن سورىمىدىم، ئوْنىڭدىن سوراۋاتىمەن! — ئادىل ھوْرپەيدى.

— مەندىن سوراۋاتامتىڭ، ئەگەر موْشتلاشقوْڭ بولسا موْشتلاشتوْق! — توْغلوْق ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى توْردى.

ئادىل موْشتلىشىش، كاللا ئېتىش، پەشۋا ئېتىشقا ھەقىقەتەن يامان ئىدى، ئوْنىڭ ئوْستىگە ئوْ ھويلىسىدىكى قېرى ئالما دەرىخىگە ئىككى قوْم خالتىسىنى ئېسىۋېلىپ، داۋاملىق موْشتلاپ مەشىق قىلاتتى. ئادەتتە ئوْ ئوْزى بىلەن تەڭ ئىككى ـ ئوْچ باللىنى

ئۆرۈۋېتەلەيتتى. ئۇمۇ تۇغلۇقلارغا ئوخشاش ئەمدى ئۈچىنچى يىللىققا چىققان بولسىمۇ، يۇقىرى يىللىقنىڭ بالىلىرىدىنمۇ قورقۇپ قالمايتتى. تۇغلۇقنىڭ ئادىل بىلەن مۇشتلىشىپ تەڭ كېلەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىراق بۈگۈن ئۇ... ئادىل تۇغلۇقنىڭ پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇشتلىرىنى تۈگۈپ تۇرغانلىقىدىن ھەيران بولدى. ئادىلنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئەگەر مۇشتلىشىشتىمۇ ئۇنىڭغا يېڭىلىپ قالسا، مەھەللىدىكى ئىناۋىتى ۋە «نوچى» دېگەن لەقىمىمۇ يوق بولاتتى. ئاخىر، ئۇنىڭ مۇشتلىشىشتا خېلى نوچىلىقى بولغاچقا قورقماي مەيدانغا چۈشتى.

ئادىل پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ، تۇغلۇققا تەڭ كېلەلمىدى، تۇغلۇقنىڭ مۇشت ـ پەشۋا ئېتىش، كۈچلۈك كاللا ئۇرۇشى بالىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئادىلمۇ جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، تۇغلۇقتىن كۆپ تاياق يەپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە ئۆيگە قاراپ چاپتى.



# تۆغلۇق قەيەرگە كەلدى

بۇ يەردىمۇ پۇتبول بارلىقىغا خۇشال بولغان تۆغلۇق ئۆزىنىڭ يەر شارىدىن يىراق نۇرلۇق يۇلتۇزدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ بالىلارغا ئەگەشتى.

تۆغلۇق ئويۇنغىلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يەر شارىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىۋاتقان بىرنەچچە ئالىم بىر يەرگە جەم بولۇپ تۆغلۇق ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

— بۇ قېتىم يەر شارىدىن ۋەكىل ئەكېلىشتە مۇھىم بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئوخشايمىز، — دېدى مۈڭگۈزسىمان مونىكى توختىماي مىدىرلاپ تۇرىدىغان ئالىم سالماقلىق بىلەن.

— قانداق دەيسىز، تۆغلۇقنى ۋەكىل قىلىپ ئەكەلگىنىمىز خاتا بوپتۇمۇ؟

- شۇنداق، بىز تېخى كۆپ ئىشنى بىلمەيدىغان بىر بالىنى ئەكەپتۇق، ئۇ گەرچە ئەقىللىق بولسىمۇ، چوڭلار بىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى ساق - سالامەت يەر شارىغا ئاپىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى توختاتقان چوڭ ئادەمدىن ئىككىنى ئەكېلەيلى. ئۇنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال بولسۇن، بىز ئۇلارنى جىنس پەرقى بىلەن تەتقىق قىلمىساق، يەر شارى ئادەملىرى ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولالماي قالىمىز.

— مېنىڭچە تۆغلۇقنى ئەكەلگىنىمىزمۇ خاتا ئەمەس، يەر شارىدىكى چوڭلارنىلا بىلىپ، ئۇ يەردىكى بالىلار ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىساقمۇ بولمايدۇ، — دېدى تۆغلۇقنى يەر شارىدىن ئەكېلىشكە مەسئۇل بولغان ئالىم ئۆز ئىشىنىڭ ئىنكار

قىلىنىۋاتقانلىقىدىن نارازى بولغاندەك.

— مەن بايا سەل ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىپ قويۇپتىمەن، — دېدى ئالدىدا سۆزلىگەن ئالىم گېپىنى ئوڭشاپ، — راست گەپنى قىلسام، تۇغۇلۇقنى بۇ يەرگە ئەكەلگىنىمىز يەر شارى تەتقىقاتىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت. يەر شارىدىكى بىر بالا بولسىمۇ بىز توغرۇلۇق توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولدى. بىزمۇ ياسالما يەر شارى بالىلىرىنى ياسىيالايدىغان بولدۇق، شۇڭا ئۇلار...

بۇ يەردە مۇشۇنداق پاراڭ بولۇۋاتقاندا، تۇرلۇق يۇلتۇزغا ئەڭ يېقىن بىر يۇلتۇزدىكى يەنە بىر نەچچە ئالىممۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتاتتى:

— تۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنىڭ يەر شارى بالىسىنى ئەكەلگەنلىكى يالغانمىش، ئۇلار ئۆزىنى بىزدىن ئىقتىدارلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، يەر شارى بالىسى، دەپ بىزنىڭ يۇلتۇزىمىزدىكى بالىلاردىن بىرنى تۇتۇپ ئاپىرىپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگۈدەك. ئۇلار بەك ئالدىراپ كېتىپتۇ. ھازىر بىز جاۋاب بېرىدىغان ئەڭ چوڭ مەسىلە يەر شارى زادى مەۋجۇتمۇ، ئەمەسمۇ؟



ئەگەر يەر شارى راستلا مەۋجۇت بولسا، ئۇ قەيەردە، قانداق ھالەتتە مەۋجۇت ؟ بۇنىڭغا نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر، بىز جاۋاب تېپىپ بولدۇق، ھەتتا يەر شارىغا نەچچە قېتىم باردۇق، دىگەنىملەن يەر شارى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، يەر شارى ئادەملىرى بىز بىلەن ئوپمۇئوخشاشمىش، ئۇ يەرنىڭ ئومۇمىي مۇھىتى بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ مۇھىتى بىلەن ئوخشاشمىش، مەنچە بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش، ئۇلار بۇدا يەر شارىدىن ئەكەلدۇق، دىگەن بالىمۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى سەككىز ـ توققۇز ياشلىق بالىلار بىلەن ئوخشاش ئىكەن. مەنچە ئۇلار بىزنىڭ سەييارىمىزدىكى بالىدىن بىرىگە ئانچە ـ مۇنچە رەڭ بېرىپ، ئۇنى يەر شارى بالىسى قىلىپ كۆرسىتىپ ئويۇن ئويناۋاتقان گەپ.

— مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلدىم، — يەر شارىدىكى ئەللىك ياشلىق سالاپەتلىك ئەرلەرگە ئوخشايدىغان يەنە بىر ئالىم كۆزەينەك تاقىۋالغان ئالىمنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى، — مەنچە بۇنىڭدا چوقۇم بىر نەيرەڭ بار. نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر قارىماققا بىز بىلەن ئىجىل ـ ئىناقتەك ئۆتكەن بىلەن نۇرغۇن ئىشلاردا بىزنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن. ئۇلار ئاتالمىش «يەر شارى قىياسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ بىزگە ھاقارەت قىلىۋاتىدۇ.

— ھاقارەت دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، — دېدى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر بىلەن بولغان دوستلۇق، ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئالىم.

— ئەمىسە ھاقارەت دېمەي نېمە دەيمىز؟ سىزچە ئۇلار بىزنىڭ ئابرۇيىمىزنى ئۆستۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە؟ سىز ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئۇلارنى ياقلايدىغان بولۇپ قاپسىزغۇ؟ سىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۇچۇن سۆزلەشنى ئۆگىنىڭ، ھە دېسىلا خەقنىڭ دۇمبىقىنى چالماي.

— بولدى بەس ! ھازىر زىددىيەتلىشىدىغان چاغ ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئىناقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز

كېرەك. ئۆزىمىز ئىناق بولمىساق، ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايمىز.

باشتا گەپ باشلىغان ئالىم ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەن شۇنداق ئويغا كېلىپ قالدىم. بىز ھازىر نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر تۇتۇپ كەلگەن يەر شارى بالىسىنى قايتۇرۇپ كېلەيلى. ئۇ چوقۇم بىزنىڭ مۇشۇ يەردە يېتىپ كەتكەن باللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بالىنى قايتۇرۇپ كەلسەكلا، ئۇلارنىڭ يەر شارىغا باردۇق، يەر شارى بالىسىنى ئەكەلدۇق، دېگەن قۇرۇق گېپى يوققا چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز تۆھپىسىنى نامايان قىلىدىغان بىردىنبىر دەسمايىسىمۇ يوق بولىدۇ. ھازىر ھەممىمىز كۆزىتىش ئۆيىگە كىرەيلى.

ئۇلار يىغىن زالىدىن چىقىپ بىنانىڭ ئۈستىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆيگە كىردى. ئۇلار كىرگەندىن كېيىن بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان خادىملار ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ماسلاشتى. ئۇلار ناھايىتى يوغان بىر ئېكراننىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بۇ ئېكراندىن تۇغلۇقنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتىمىز، قاراڭلار، — ئېكراندا تۇغلۇقنىڭ يالغۇز ئولتۇرغان ھالىتى كۆرۈندى.

— ئەنە، بۇ قانداقمۇ ئۇلار پەرەز قىلىۋاتقان يەر شارى ئادىمى بولسۇن. ئۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى باللار بىلەن ئويۇمۇئوخشاش تۇرامدۇ؟ مېنىڭچىمۇ ئاچچىقىم كېلىۋاتقىنى دەل مۇشۇ ئىش. باشقا بىر يۇلتۇزدىكى بالىنىڭ بىزنىڭ يۇلتۇزىمىزدىكى باللار بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ مەن ئۇنى ياسالما بالىمىكىن دەيمەن. ياسالما بالا بولمىغان تەقدىردىمۇ چوقۇم بىزنىڭ مۇشۇ يەردىن تۇتۇپ كېتىلگەن بالا.

— شۇنداق، — باشقا ئالىملارمۇ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى، — مەنچە بۇ ئىش بىز ئۇچۇن ھاقارەت.

— ئۇلار نېمىشقا بىزنىڭ باللىرىمىزنى تۇتۇپ كېتىپ يەر شارى بالىسى دەپ داۋراڭ سالىدۇ؟ ياسالما باللارنى نېمىشقا

بىزنىڭ بالىلىرىمىزغا تەقلىد قىلىپ ياسايدۇ؟ بۇ بىزگە بولغان هۆرمەتسىزلىك.

— ئۇلار بىزنى پەقەت كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار يەنە شۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسا...

— مەنچە يەر شارى دېگەن سەييارە مەۋجۇت ئەمەس. هازىر باشقا گەپنى قويۇپ، ئۇلار يەر شارى بالىسى دەپ ئەكەلگەن توغلۇق ئىسىملىك بالىنى تۇتۇپ كېلەيلى.

توغلۇق بۇ يەردە ئۆزىنىڭ مەكتىپىدىكىدىنمۇ چىرايلىق پۇتبول مەيدانىنىڭ بارلىقىغا هەيران قالدى. پۇتبول مەيدانىدىكى يېشىل چىملىق ئۇنى بەكمۇ سۆيۈندۈردى.

ياسالما بالىلارغا توغلۇقنى قوشقاندا ئىككى كوماندا بولۇپ ئويناشقا بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، زاپاس ئەزا ۋە بىر رېپېرىمۇ بار ئىدى. توغلۇق خۇددى مەھەللىسىگە كېلىپ قالغاندەك بولۇپ، ياسالما بالىلارنى يېقىن دوستلىرىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ كەتتى.

— ئۇلار ئىككى مەيداننى ئويناپ تەڭ بولۇپ قالغاچقا، ئۈچىنچى مەيداننى تالىشىۋاتاتتى. توغلۇقمۇ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى خېلىلا ئىشقا سالالىغان بولغاچقا، هاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئارىلىقتىكى قىسقا دەم ئېلىشتىن كېيىن رېپېرى تۇيۇقسىز پۇشتەك چالدى. ئەزالار نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— توغلۇق يوق تۇرىدۇ! توغلۇق!

راست دېگەندەك توغلۇق كۆرۈنمەيتتى. بالىلار توغلۇقنى ئىزدەپ تاپالمىدى. يەر شارى بالىلىرىغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بۇ ياسالما بالىلار قانداق قىلىشنى بىلەلمەي هۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

— قانداق قىلىمىز؟ ئۇنى يىتتۈرۈپ قويساق نېمىدەپ جاۋاب

بېرىمىز؟

تۇغلۇق ئۆزىنى ئۇچقۇنىڭ ئىچىدە كۆردى. بۇ ئۇچقۇ تۇغلۇق بۇرۇن چىققان ئايروپىلان بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن، قانداق قىلىپ بۇ ئۇچقۇغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز كەلدى. تۇغلۇق چالا ئۇخلاپ ئويغانغان ئادەمدەك ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

— سىز تۇغلۇقمۇ؟ — قىزچاقنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى تۇغلۇقنىڭ سىنىپ باشلىقى زۇمرەتنى ئەسلەتتى. تۇغلۇق تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك گەپ قىلالماي «ھە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز نەدىن كەلگەن؟

— مەن ھېچ يەردىن كەلمىدىم، مېنى ئۆزۈڭلار بۇ يەرگە ئەكەپسىلەرغۇ؟ — تۇغلۇق خاپا بولغاندەك غۇدۇڭشىدى.

— كەچۈرۈڭ، بىز سىزنى بۇيرۇق بويىچە ئەكېتىپ بارىمىز. نۇرلۇق يۇلتۇزغا سىز نەدىن كەلگەنىدىڭىز؟

— يەر شارىدىن، سىلەرمۇ يەر شارىلىقمۇ؟

— يەر شارى دېگەن قانداق يەر؟ بىز ئۇنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولساقمۇ كۆرۈپ باقمىغان، مەنچە ئۇنداق يەر مەۋجۇت ئەمەس، — ئوغۇل بالا قوپاللىق بىلەن شۇنداق دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ غورۇرى كۈچلۈك تۇغلۇقنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھەي، ئۆزۈڭلار نەدىن كەلگەن؟ سىلەر نېمىشقا يەر شارىنى مەۋجۇت ئەمەس دەيسىلەر؟ سىلەر بەك...

شۇ چاغدا ئۇچقۇنىڭ ئالدى بۆلمىسىدىن كۆزەينەك تاقىغان، ئەللىك نەچچە ياشلاردىكى تاقىر باش بىر ئادەم چىقىپ كەلدى.

— ھەي تۇغلۇق، — دېدى ئۇ، — بۇلارنىڭ گېپىگە خاپا بولماڭ. ئۇلار سىزنى قەستەن تېرىكتۈرۈۋاتىدۇ: بىز سىزنى يەر

شارىغا ئەكېتىۋاتىمىز.

— نېمە؟ سىلەر يەر شارىدىن كەلگەنمۇ؟ — تۇغلۇقنىڭ ئاۋازى خۇشاللىقىدىن جاراڭلاپ كەتتى. تاقىر باش ئادەم ھېلىقى قىز بىلەن ئوغۇلنى ئالدى بۆلمىگە ماڭدۇرۇۋېتىپ، تۇغلۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ياش جەھەتتە ئېرپان ئاكا بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ ئادەم تۇغلۇققا بەكمۇ يېقىملىق كۆرۈندى.

— بالام، سەن قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ئۇلارنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقىلى قانچە كۈن بولدى؟ — «تاقىر باش» تۇغلۇقنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى. تۇغلۇق بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلىمەكچى بولغانىدى، تۇيۇقسىز قولىدىكى مەڭ نۇرلىنىپ كەتتى.

«تۇغلۇق! تۇغلۇق! ئۇلارغا ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلما، ئۇلار يەر شارى ئادىمى ئەمەس!» تۇغلۇقلا ئاڭلىيالىغۇدەك بۇ ئاۋاز قۇلاق تۈۋىدە ياڭراۋاتاتتى. تۇغلۇق مەڭدىن سورىدى:

«ئەمىسە سەن ماڭا ئۇلارنى يەر شارى ئادىمىدەك قىلىپ كۆرسىتىۋاتامسەن؟»

«ياق، ئۇلارنى سەن ئۆز سىياقىدا كۆرۈۋاتىسەن.»

«ئەمىسە ئۇلار يەر شارى ئادەملىرىگە ئوخشايدىكەنغۇ؟»

«شۇنداق، ئۇلار ياشايدىغان يۇلتۇزنىڭ ھەممە يېرى سىلەرنىڭ يەر شارىغا ئوخشايدۇ، سەن ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن خۇددى يەر شارىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىسەن. ئېنىقكى شۇنداق بولسۇن، ئۇ يەر شارى ئەمەس، ئۇ يەر شارىغا ئوخشايدىغان يەنە بىر يۇلتۇز.»

مەڭ جىمىپ قالدى.

ئۇچقۇ بارغانسېرى پەسلەپ، ئاپئاق بۇلۇتلارنى يېرىپ تۆۋەنلىگەندىن كېيىن، تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاپئاق قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان تاغ ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ئىدى. تۇغلۇق بۇ مەنزىرىلەرنى ئۇچقۇ كۆزنىكىدىن كۆرۈپ ئولتۇردى. ئۇچقۇ پەيدىنپەي پەسلەۋاتاتتى.

«پاھ، نېمىدېگەن چوڭ، نېمىدېگەن گۈزەل شەھەر بۇ؟ ئېگىز - ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، كوچىلىرىدا تۇرلۇك ئاپتوموبىللار غۇيۇلداپ مېڭىپ تۇرغان، بۇ شەھەرنى قانداقمۇ يەر شارى ئەمەس دېگىلى بولسۇن !»

— ئۇلار مېنى ئالداۋېتىپتۇ، مەن يەر شارىغا قايتىپ كەپتىمەن، — تۇغلۇق خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى. تۇغلۇقنى كۆزىتىپ تۇرغان «تاقىر باش» كۈلۈپ قويدى.

ئۇچقۇ يەرگە قوندى. ئۇلار ئۇچقۇدىن چۈشۈپ تۇغلۇقنى بىر ئاشخانىغا ئەكىردى. توۋا، بۇ يەردىكى تاماق - قورۇمىلارمۇ يەر شارىدىكى تاماقلارغا ئوخشاش ئىدى. ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزدا تاماق يەپ باقمىغان بولسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى سەزمىگەن، بۇ يەرگە كېلىپلا قورسىقى ئاچتى. تۇرلۇك تاماق - قورۇمىلار ئۇنىڭ نەپسىنى تارتتى. تۇغلۇق بايىقى «تاقىر باش»، سىنىپ باشلىقى زۇمرەتكە ئوخشايدىغان قىز ۋە ھېلىقى ئوغۇل بالا بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ غىزالاندى.

«مەنچە بۇ تاماقلار يەر شارىدىن باشقا يەردە يوق. ھەي، تاماق يېيىش نېمىدېگەن ياخشى ئىش - ھە !»

تۇغلۇق شۇنداق خىياللار بىلەن قورسىقىنى تويدۇردى، تاماقتىن كېيىن تۇغلۇق ئالاھىدە مېھمانسارايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.



# تۇغلۇق قاچتى

تۇغلۇق قۇتلۇقلار بىلەن يەنە كۆل بويىغا سۇغا چۆمۈلگىلى كەلدى، ئادىل ۋە باشقا بالىلارمۇ ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى، بالىلار سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقاندا، تۇغلۇق قومۇشلۇق ئارىسىغا كىرىپ ھېلىقى «بوم ئاۋاز» بىلەن سۆزلەشتى:

— ھەي، مەن بۇ يەردە يەنە قاچانغىچە تۇرىمەن؟ مەن رەسمىي تۇغلۇققا ئايلىنىپ قالغىلى تۇردۇم.

— ئەسلىي قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىڭ ئىدى، بىراق يەنە ئازراق ئۆزگىرىش بولدى، سەن چاندۇرماي يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرغىن.

— ۋاي نېمىشقا؟ بۇ يەردىكىلەر ياسالما ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟

— مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار ھەرگىز بىلەلمەيدۇ.

— يەنە نەچچە كۈن ئۇدا يامغۇر يېغىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ ئېنېرگىيەم تۈگەپ يېتىپ قالسام، ئۇلار مېنى ئۆلۈپ قالدى، دەپ كۆمۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— سەن يەنە ئازراق بەرداشلىق بەرگىن. سەن يەر شارىغا ماسلىشىپ قالساڭ، يەر شارى بالىلىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

— نېمە؟ ! شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ؟ مەنمۇ يېقىندىن بېرى ئۆزۈمنى يەر شارى بالىسىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، يېگەن تاماقلىرىممۇ سىڭىۋاتىدۇ. ئارىلىقتا تېخى بىر قېتىم زۇكام بولۇپ قالدىم.

— نېمە؟ تاماق سىڭگەن، زۇكام بولغان بولساڭ سەن

رەسمىيلا يەر شارى بالىسىغا ئايلانغىلى تۇرۇپسەن. يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىپ كەتسەڭ بىزدىن ياتلىشىپ كېتىشىڭ، ھەتتا بىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

— ياق، مەن سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن.

— تۇغلۇق قايتىپ كەلسە، كەتسەم بولاتتى، ئۇ نېمىشقا قايتىپ كەلمەيدۇ؟

«بوم ئاۋاز» تۇغلۇقنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنىڭغا دېيىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇندىمىدى.

— ھەي، تېززەك بولۇڭلارچۇ، ئۇ كەلسە مەن بۇ يەردىن كېتەي.

«بوم ئاۋاز» غايىب بولدى. تۇغلۇق قومۇشلۇقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئويلىنىپ قالدى: «مەن راست كېتەلەمدىمەن؟ ئۇلار ئۆزى دېدىغۇ، مەن يەنە بىر مەزگىل تۇرسام يەر شارىغا ماسلىشىپ رەسمىي يەر شارى بالىسىغا ئۆزگىرىدىكەنمەن، ئۇ چاغدا قايتىپ بېرىپ ياسالما بالا بولۇپ يۈرەمدىمەن؟ بولدى، مەن مۇشۇ يەردىن كەتمەيمەن. بىراق، تۇغلۇق كېلىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟»

تۇغلۇق شۇنداق خىياللار بىلەن كۆل بويىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. باللار تۇغلۇقنى كۆرۈپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

— تۇغلۇق كەلدى، ئەمدى ئۇنىڭغا دەڭلار، — باياتىن بىرى قوتلۇق باللار بىلەن تاكاللىشىپ قالغاچقا چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇ تۇغلۇققا ئەرز قىلغاندەك سۆزلىدى، — ئاكا، سەن ھېلىقى چاغدا كۆلنىڭ ئاستىدا ئون نەچچە مىنۇت تۇرغان ـ ھە؟ بۇلار ئىشەنمەيۋاتىدۇ.

— ئون نەچچە مىنۇت ئەمەس، بىر سائەت تۇر دېسەڭلارمۇ تۇرالايمەن، ئىشەنمىسەڭلار قاراپ تۇرۇڭلار ـ ھە!

تۇغلۇق شۇنداق دەپلا، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئۆزىنى كۆلگە ئاتتى، تۇغلۇق كۆل ئاستىغا كىرىپ غەلىتە بىر ئىشنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ نەپەسى بوغۇلۇپ تىنالماي قېلىۋاتاتتى.

يېرىم سائەت ئەمەس، بىرنەچچە مىنۇتقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇڭا، سۇدىن تېز چىقىۋالدى، چىرايى قىزىرىپ، ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا، يېرىم سائەت تۇرارمىش، ئاران بىر مىنۇت تۇردۇڭ.

باللار ۋارقىراشتى، قۇتلۇق ئاكىسىنىڭ بۇنداق تېز يېنىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاچقا، خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى. تۇغلۇق ئەمدى ئامال تاپمىسا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ، يالغان گەپتىن بىرنى قىلدى:

— ھەي باللار، سۇنىڭ ئاستىدا بىر ئالۋاستىنى كۆردۇم، — تۇغلۇق شۇنداق دېدى ـ دە، تېز قىرغاققا يۈگۈرۈپ بېرىپ كىيىملىرىنى ھاپىلا ـ شاپىلا ئالدى، — بولۇڭلار، تېز قاچايلى، — تۇغلۇقنىڭ ئۈگسۈلى قالمىغانلىقىنى كۆرگەن باللار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاچتى.

تۇغلۇق ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم ئۆيقۇسى كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەسلىي بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ ئۇخلىمىغانىدى، پەقەت چېنىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقى ئاچمىدىغان، ئۇسسايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ سۇ ئاستىدا ئۇزاق تۇرالماسلىقىمۇ ئۇنىڭ يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. تۇغلۇق كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ سۇرەتتەك چىرايلىق بىر گۈلزارلىقنى مەكتەپ ئىكەن دەۋاتقۇدەك، بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان باللار ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى ئويناۋاتقۇدەك، شۇ چاغدا ئىككى قىز تۇغلۇقنىڭ ئالدىغا كەپتۇدەك:

— خۇش كەپسىز، قارشى ئالىمىز، سىزنىڭ مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىڭىزنى مۇبارەكلەيمىز. سىز نۇرلۇق يۇلتۇزدىن كەلگەن ياسالما بالا شۇغۇ دەيمەن.

— ياق، ياق، مەن نۇرلۇق يۇلتۇزنى بىلمەيمەن! مېنى تونۇمايسىلەر! مەن ھېلىقى قۇتلۇقنىڭ ئاكىسى تۇغلۇق.

— ۋاي، بىزنى بىلمەسمىكىن دېمەڭ، سىز ئاشۇ تۇغلۇققا تەقلىد قىلىپ ياسالغان ياسالما بالىغۇ؟ سىلەر تاماق يېمەيسىلەر، قۇياش نۇرىنى ئېنېرگىيە قىلىسىلەر، سىلەرنىڭ ھېچقانداق قەدىر ـ قىممىتىڭلار، ھۆرمىتىڭلار بولمايدۇ. ئالىملار سىلەرنى خالىسا بىر دۆۋە كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، سىزنىڭ يەر شارىمىزنى ياقتۇرۇپ قالغىنىڭىزغا رەھمەت، سىز يەر شارىدا ھەرقانچە ئۇزاق تۇرسىڭىزمۇ، يەر شارى بالىلىرىنىڭ بەزىبىر خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرسىڭىزمۇ ھەقىقىي يەر شارى بالىسى بولالمايسىز، شۇڭا خام خىيالنى ئاز قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزىغا كەتكىنىڭىز ياخشى.

— مەن ئۇ يەرگە كەتكىنىم بىلەن مېنى ھەقىقىي ئادەم ھېسابلىمايدۇ. ئۇلار مېنى قونچاقتەك كۆرىدۇ. بۇ يەردىكى بالىلار قونچاقنىمۇ خېلى ئەتىۋارلايدىكەن، ئۇ يەرگە بارسام ھېچقانداق قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولالمايمەن، شۇڭا مەن يەر شارى بالىسى بولۇشنى قارار قىلدىم.

— بۇ سىز قارار قىلسىڭىزلا بولىدىغان ئىش ئەمەس، رەسمىي تۇغلۇق قايتىپ كەلسە سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن يوقىلىسىز، شۇڭا بۇ مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇۋالسىڭىز ئوقۇۋېلىڭ، بىراق...

— نېمە بىراق؟

— تۇغلۇق قايتىپ كەلسىلا، سىز بۇ مەكتەپتە ئەمەس، پۈتۈن يەر شارىدا تۇرالمايسىز. ئەگەر بۇ مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېسىڭىز راست تۇغلۇققا ئايلىنىشىڭىز كېرەك.

— قانداق قىلسام راست تۇغلۇققا ئايلىنالايمەن؟

شۇ چاغدا ئاسماندا راست تۇغلۇق پەيدا بولۇپ:

— مانا مەن كەلدىم، سېنىڭ بۇ يەردە ئوقۇيدىغان ھەققىڭ يوق، تېز نۇرلۇق يۇلتۇزۇڭغا كەت، — دېگۈدەك.

— كەتمەيمەن، قانداق قىلىسەن؟ — ياسالما تۆغلۆقمۇ بوش كەلمىگۈدەك، — مەن دېگەن راست تۆغلۆق، ياسالما تۆغلۆق دېگەن سەن. ياسالما بولمىساڭ ئاسماندا نېمە ئىش قىلىسەن؟ سەن جىن - ئالۋاستى ئىكەنسەن!

— نېمە، سەن ياسالما تۇرۇپ مېنى جىن - ئالۋاستى دەۋاتامسەن؟

مەكتەپتىكى بالىلار قورقىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە پاتىپاراق بولۇپ كېتىپتۇدەك، شۇ چاغدا ئاسماندىن «بوم ئاۋاز» ئاڭلىنىپتۇ:

— ھەي ياسالما بالا، تېز قايتىپ كەل.

— ياق، ياق، مەن كەتمەيمەن.

ياسالما تۆغلۆق قاچماقچى بوپتۇ، شۇ چاغدا ئاسماندىن غايەت زور بىر قول چۈشۈپ ئۇنى چاڭگاللاپتۇ.

— ۋايجان!

بۇ ياسالما تۆغلۆقنىڭ يەر شارىغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم چۈش كۆرۈشى ئىدى. ئۇ ئەمدى يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچىدىغان، ئۇخلايدىغان، چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئەنە شۇنىڭدىن بېشارەت ئىدى.

— ئاكا، ئاكا، نېمە بولدۇڭ؟ — قۇتلۇق تۆغلۆقنى ئويغاتتى، — قوپە، قوپە، ئەجەب بىر ئۇخلاپ كەتتىڭغۇ؟ مەھەللىدىكى بالىلار ئوينايمىز دەپ ساقلاۋاتىدۇ.

تۆغلۆق ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ناشتا قىلدى. ئايخان موماي قايماقلىق ئەتكەنچاي ئېتىپ تەييار قىلىپ تۇرغانىدى.

تۆغلۆق بىلەن قۇتلۇق تالاغا چىققاندا بالىلار ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى. تۆغلۆق نۇرغۇن ئىشلاردا ئادىلىنى يېڭىۋالغاچقا، بالىلارنىڭ ئارىسىدا ئىناۋىتى بىردىنلا ئۆسۈپ، ھەممە بالا ئۇنى ۋاي دەيدىغان بولۇپ كەتتى. بالىلارنىڭ بۇنداق مۇئامىلىسى ئۇنى بۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغان نىيەتكە كەلتۈردى.

ئۇلار سۇغا چۆمۈلگىلى يەنە كۆل بويىغا كەلدى. بالىلار سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقاندا، ئۇ يەنە ھېلىقى قومۇشلۇققا كېلىپ «بوم ئاۋاز» بىلەن پاراڭلاشتى:

— ھەي، مەن قاچان قايتىمەن؟

— ئەسلىي سېنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىڭ كەلگەنىدى، بىراق تۇغلۇق تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئۇنى تاپمىغۇچە، سەن قايتىپ كەلسەڭ بولمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇق بەك خۇشال بولدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي دېدى:

— تېزرەك بولساڭلارچۇ! مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى.

— يالغان گەپ قىلما، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىزنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ سەن ھازىر رەسمىيلا تاماق يەيدىغان، ئۇخلايدىغان، چۈش كۆرىدىغان بولدۇڭ. يالغان سۆزلەشنىمۇ ئۆگىنىپسەن، دېمەك يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىۋېتىپسەن. ئەگەر بىز سېنى بالدۇرراق قايتۇرۇپ كەلمىسەك بىزگىمۇ بويسۇنماسلىقىڭ مۇمكىن.

«بوم ئاۋاز» جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز يەنە پەيدا بولدى:

— ھەي، خۇش خەۋەر، تۇغلۇقنىڭ نەدىلىكى تېپىلىپتۇ، ئۇنىڭمۇ قايتىدىغان ۋاقتى بولدى. يەنە ئىككى كۈن چىداپ تۇر.

بۇرۇنقى چاغلار بولسا بۇ تۇغلۇق ئۇچۇن خۇش خەۋەر بولاتتى، بىراق ئۇ ئەمدى يەر شارىغا كۆنۈپ قالدى، ھەقىقىي يەر شارى بالىسى بولۇپ مۇشۇ يەردە ياشىغۇسى بار ئىدى. ئەگەر تۇغلۇق كېلىپ قالسا، ئۇ بۇ يەردە تۇرالمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ راست، قېچىپ كېتىش كېرەك. ئۇ شۇ خىيالىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

كۆل بويىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ قۇتلۇق خۇشال ھالدا تۇغلۇققا ئېيتتى:

— ھە راست ئاكا، سەن ئەتىگەن ئاڭلىمىدىڭ، ئاپام بىلەن

دادام ئەتە قايتىپ كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ مومامغا دېيىشىچە، بىزگە نۇرغۇن ئويۇنچۇق، يەيدىغان نەرسىلەرنى ئاپتۇ.

— ھە شۇنداقمۇ، بەك ياخشى بوپتۇغۇ، — تۇغلۇق ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغان بىلەن كۆڭلىدە باشقا چوت سوقۇۋاتاتتى.

«مەن بۇ يەردىن كېتەي، يەر شارى دېگەن كەڭرى ماكان ئىكەن. مەن باشقا يەرگە بېرىپ تۇرسام بولمىدىمۇ، كەچتىلا ئۆيدىن چىقىپ كېتەي...»

تۇغلۇقنىڭ بۇگۈن كېچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. تولۇن ئاي نۇرىنى چېچىپ ھەممە يەرنى يورۇتۇپ تۇراتتى. تۇغلۇق ھازىر قېچىپ كېتىشتىن باشقىنى ئويلىمىغاچقا شەھەرگە — تاشيول تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

تۇغلۇق بىر سائەتتىن ئوشۇق يۈگۈرگەندىن كېيىن توختىدى. ئۇ شەھەر تەرەپكە ئەمەس، شەھەرنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ يۈگۈرگەنىدى. تولۇن ئاي بىر قارا بۇلۇتنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاچقا، تۇغلۇققا قورقۇنچ ئولاشتى، ئۇ رەسمىي يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. بولمىسا ياسالما باللاردا قورقۇنچ دېگەن بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى كۆپ ئۆتمەي تاڭ ئاتتى. ئۇ ئۆزىنى چۆللۈكتىكى بىر تاشيولدا كۆردى. ئۇ ئۇسسىدى، قورسىقى ئاچتى، بەك چارچاپ كەتكەچكە قاياققا مېڭىشنىمۇ بىلەلمىدى، تېزدىن بىرەر ماشىنىنى توسۇپ شەھەرگە كىرىۋالماقچى بولدى.

تۇغلۇق يولدا غۇيۇلداپ ئۆتىۋاتقان ماشىنىلارنى قول كۆتۈرۈپ توسۇپ باقتى، بىراق بىرىمۇ توختىمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ماشىنا توسۇشتىن توختىمىدى. ئارىلىقتىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يۈك ماشىنىسى ھەيدەيدىغان قېرى شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى.

— ھە، شاكىچىك نەگە بارماقچىدىڭ؟

— شەھەرگە كىرەي دېگەن.

— يولنىڭ ئاۋۇ قاسنىقىغا ئۆتۈپ ماشىنا توسا، بۇياقتا ماڭساڭ شەھەرگە ئەمەس، چۆل - باياۋانغا بارىسەن.

تۇغلۇق قېرى شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ يولنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتتى. ئۇنىڭ قورسىقى پىژىلداپ ئېچىپ، بېشى قېيىپ كەتتى. ئۇ يولدىن ئۆتكەنلىكى ماشىنىغا قول كۆتۈرسىمۇ بىرەر ماشىنىمۇ توختىمىدى. ئۇ شەھەرگە قاراپ پىيادە ماڭدى، پۇت - قوللىرىدا جان قالمىغاچقا ئاران - ئاران كېتىۋاتاتتى.



# يالماۋۇزغا يولۇقۇش

تۇغلۇق مېھمانسارايغا ئەكىرىپ قويۇلغان شېرىن-شەربەتلەردىن قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، تېلېۋىزورنى ئېچىپ خەۋەر كۆردى. خەۋەر كۆرۈش تۇغلۇقنىڭ دادىسىدىن ئۆگەنگەن ئادىتى ئىدى. تۇغلۇقنى ھەيران قالدۇرغىنى تېلېۋىزوردىكى خەۋەر دىكتورلىرىمۇ يەر شارىدىكىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ يەر شارىغا كېلىپ بوپتىمەن ـ دە، دەپ ئويلىدىيۇ، يەنە قولىدىكى قارا مەڭگە قاراپ قويدى.

«ھەي بۇ يەر شارى بولۇشى ناتايىن، بۇ چوقۇم مۇشۇ قولۇمدىكى قارا مەڭنىڭ كارامىتى.»

تۇغلۇق ئەمدى ئارتۇقچە ئويلىماي، تېلېۋىزوردىكى خەۋەرگە دىققەت قىلدى. خەۋەر نەق تۇغلۇق ھەققىدە سۆزلىنىۋاتاتتى.

«يېقىندا نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر يەر شارى بالىسى دەپ بىر ئوغۇل بالىنى ئەكەلگەن، ئۇلارنىڭ تولۇق بولمىغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يەر شارىنىڭ ئومۇمىي شەرت ـ شارائىتى بىزنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇ يەردىكى ‹ئىنسان› دەپ ئاتىلىدىغان جانلىقلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن بىز بىلەن ئوخشاشىمىش. يېقىندا مۇناسىۋەتلىك ئالىملىرىمىز نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېرىپ، ئاتالمىش يەر شارى بالىسىنى كۆرۈپ كەلدى. ئۇ قانداقمۇ يەر شارى بالىسى بولسۇن، ئۇ بىزنىڭ يۇلتۇزدىن تۇتۇپ كېتىلگەن بالا بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ ئۇ بالىنىڭ سۈرىتى.»

ئېكراندا تۇغلۇقنىڭ سۈرىتى چىقتى. تۇغلۇق ئېكراندىكى سۈرىتىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ مۇشۇ خەۋەردىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ يەر شارىدا ئەمەسلىكىنى بىلدى.

تۇغلۇق بۇنداق غەلىتە ئىشلارغا ئەمدى ئانچە ھەيران قالمايدىغان بولغانىدى. ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزدا ئۇخلاپ باقمىغاچقا، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاپ قالدى.

تۇغلۇق يۇلتۇزلار ئارىسىدا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئادەتتىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە يوغىناپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەممە يۇلتۇزلار ھەيران بولۇپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەر خىل ئالەم بالىلىرى ئەگىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۇغلۇق نەچچە قات ئاسماننىڭ ئۈستىگە ئۆرلىگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئالەم بالىلىرى بىلەن ئايئاق بۇلۇتلار ئۈستىگە قوندى.

ئالەم بالىلىرى تۇغلۇققا ھەيران بولۇپ قارىغىنىچە، ئۇنىڭدىن تۈرلۈك سوئاللارنى سوراۋاتاتتى:

— سىز يەر شارى بالىسىمۇ؟

— شۇنداق، مەن يەر شارى بالىسى، سىلەر مېنى بۇرۇن كۆرۈپ باققانمۇ؟

— ياق، بىز بۇرۇن يەر شارى بالىسىنى كۆرۈپ باقمىغان. يەر شارى بارلىقىنىمۇ يېقىندا ئاڭلىدۇق. بىراق، بىز يەر شارىدا تاش ۋە تۇپىدىن باشقا ھېچقانداق جانلىق يوق، دەپ ئاڭلىغانىدۇق.

— سەن ئاڭلىمىغان بىلەن مەن ئاڭلىغان، — دېدى ئىككىنچى بالا بىرىنچىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بىراق يەر شارى بالىلىرىنىڭ ئىككى قولى، ئىككى پۇتى، ئىككى كۆزى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئىككى قانىتى بار دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— ھەي، سىلەر نېمىشقا مېنى ئۇنداق ـ مۇنداق دەيسىلەر؟ سىلەرنىڭ قانىتىڭلار بولسا بولىدىكەن، مېنىڭ بولسا بولمامدىكەن؟ سىلەر گەپنى ئاز قىلىپ، ئۆزۈڭلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىڭلارنى دەپ بېرىڭلار.

— بىز مۇشۇ ئەتراپتىكى يۇلتۇزلاردىن كەلگەن بالىلار. بىز دائىم دېگۈدەك مۇشۇ مامۇقتەك بۇلۇتلار ئۈستىدە تۈرلۈك

ئويۇنـلارنى ئويناـيمىز. بىراق بۇ يەرگـە يەر شارىدىن بىرمۇ بـالا كېلىپ باقمىغان، ئەمدى سىز بىلەن ئويناـيدىغان بولدۇق.

— قانداق ئويۇن ئويناـيمىز؟ — ئويۇنغا ئامراق تۇغـلۇق ھەممىنى ئۇنتۇپ سورىدى.

— قوغلاشماق ئوينايلى، — دېدى باياتىن بېرى سۆزلەۋاتقان بالا.

— قـوغلاشماق؟! ئۇنداق بولسـا بەك ياخشـى، مەن بەك تېـز يۈگۈرىمەن، — تۇغلۇق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىرمۇنچە ماختىنىپ كەتتى.

— قوغلاشماق ئويىنىساق ئويناـيلى، — دېدى چاچلىرى ئـاق بولۇپ كەتكەن بالا، — ئالدى بىلەن قاناتلىرىمىزنى يوق قىلىۋېتەيلى، قانات بىلەن يۈگۈرۈشمۇ ئەپسىز بولىدۇ.

ئويۇن ئويناـيدىغانلىقىنى قىزىقچىلىقىدا قـانىتىـنى ئۇنتـۇپ قالغان تـۇغلۇق ئۆزىـنىڭ ئالـەم بالىلىـرىغا قـارىغاندا نـاھايىتـى بەستلىك ۋە يوغان قاناتلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ئالەم بالىلىرى قاناتلىرىـنى بىرلا پـۇۋلەپ يوق قـىلىۋەتتـى. تۇغلۇقمۇ ئۇلارنى دوراپ قانىتىغا پۇۋلىگەنىدى، قانىتى يوق ئاشۇ بالىلارنىڭ ھالىتىگە كەلدى. ئالەم بالىلىرى تۇغلۇقنىڭ ئۆزلىرى بىلەن تەڭ چاققان بەستىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھە، ئەمدى بىزنىڭ ھەقىقىـي دوستىمىزغا ئايلاندىڭـىز، سىـزنىڭ مـۇشۇ تۇرقىڭىز بىـزگە بەك يـاقـتى، — دېدى ئـالـەم بالىلىرى تۇغلۇققا يېقىنچىلىق قىلىپ.

— بايىقى تۇرقۇمچۇ؟

— بـايىقى تـۇرقىڭـىز بـەك يوغان ئـىـدى. ئۇنـداق يـوغـان بولسىڭىز سىزنى قانداقمۇ بالا دېگىلى بولسۇن.

— بولـدى، بـولدى، ھەمـمـىـمـىـزنىـڭ سـىـيـاقى رەسـمـىـي بالىلارنىڭكىگە ئوخشىدى. ئەمدى ئويۇنىمىزنى باشلايلى.

تۇغلۇقلار ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە قوغلاشماقنى باشلىدى.

— كىمنى قوغلىساق بولار؟ — ئالەم بالىلىرىدىن بىرى سورىدى.

— سىلەر ھەممىڭلار بىرلىشىپ مېنى قوغلاڭلار، مەن قاچاي.
— ئەگەر سىزنى تۇتۇۋالساقچۇ؟
— ئەگەر مېنى تۇتۇۋالساڭلار، مەن سىلەرنى يەر شارىغا ئاپىرىپ ئوينىتىمەن.
— راستمۇ؟ — ئالەم بالىلىرى چۇرقىرىشىپ كەتتى، — بولىدۇ، بولىدۇ، يەر شارىنى كۆرىدىغان بولدۇق، تېخىمۇ كۆپ يەر شارى بالىلىرىنى كۆرىدىغان بولدۇق.
تۇغلۇق قاچتى، باشقىلار قوغلىدى. تۇغلۇق مەھەللىمىدە قوغلاشماق ئوينىسىمۇ ئاسان تۇتۇلۇپ قالمايتتى، مەھەللىدىكى ھەممە بالىلار بىرلىشىپمۇ ئۇنى تۇتالمايتتى، شۇڭا بۇگۇنمۇ ئۇ ناھايىتى تېز قاچتى. ئالەم بالىلىرى ئۇنى كەينىدىن قوغلىدى.
ئالەم بالىلىرى تۇغلۇقتەك تېز قاچىدىغان بالىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇلار تېز ئۇچقان بىلەن ئۇنىڭدەك تېز چاپالمايتتى. تۇغلۇق ناھايىتى تېز چاپقاچقا، ئۇلاردىن بەكلا ئۇزاپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ئاق بۇلۇتتەك ئاپئاق يوللار يىراقتىكى ئاپئاق تاغلار بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. ئالەم بوشلۇقىدا ئاپئاق تاغدەك كۆرۈنۈپ تۇرغىنى تاغمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ تۇغلۇق ئانچە پەرق قىلالمىدى، ھەتتا قوغلاشماق ئويناۋاتقان بۇ يەرنىڭ بۇلۇتنىڭ ئىچىمۇ ياكى يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى بوشلۇقمۇ، ئۇنىمۇ بىلەلمىدى.
تۇغلۇق كەينىگە قارىدى. ئۇنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئالەم بالىلىرى يېقىنلىشىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ يەنە كۈچەپ يۈگۈردى. ئۇ ناھايىتى تېز چاپقاچقا، ئالەم بالىلىرىدىن يەنە ئۇزاپ كەتتى، ئالەم بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
— تۇغلۇق، تۇغلۇق، بىز سىزنى قوغلاپ يېتەلمىدۇق. بولدى، بىز يېڭىلدۇق، قايتىپ كېلىڭ!
تۇغلۇق تېخىمۇ تېز يۈگۈرگەچكە، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانماي قالدى.

توغلۇق بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئەمدى ئىككى قارامتۇل تاغ ئارىسىدا تۇراتتى. بۇ يەردە بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان قارامتۇل دەرەخلەر ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەتراپتىن ئادەمنىڭ قولاق - مېڭىسىنى يەپ كېتىدىغاندەك كۈچلۈك قىيقاس - چۇقانلار ئاڭلىناتتى. توغلۇق ئەمدى قورقۇپ قالدى. كەينىدىكى ئالەم بالىلىرىنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلدى، بىراق ئۇ بالىلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

توغلۇق قاياققا مېڭىشنى بىلمىدى. ئۈستىۋېشىنى چىلىق - چىلىق تەر باستى. ۋەھىمىلىك ئاۋازلار تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقاچقا، ئۇ كەينىگە قاچماقچى بولدى.

— توختا ! — قورقۇنچلۇق ئاۋاز توغلۇقنى توختاشقا مەجبۇر قىلدى، — سەن قاچماقچىمۇ؟ ئەمدى قاچىمەن دەپ خام خىيال قىلما، بىز سېنىڭ ھامان بىر كۈنى كېلىدىغانلىقىڭنى ئۇبدان بىلەتتۇق، ئەجەب ئۇبدان كەلدىڭ.

توغلۇقنىڭ ئالدىدا يەتتە بېشى يەتتە يىرتقۇچنىڭكىگە ئوخشايدىغان غەلىتە مەخلۇق تۇراتتى، توغلۇق ئەزەلدىن بۇنداق مەخلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ھە، ساڭا يەر شارىمۇ تارچىلىق قىلىپ بۇ يەرگە كەپسەن - دە؟ مەنغۇ بۇرۇنلا پەرەز قىلغان، سەن ئىنسانلارغا يەر شارى ئەمەس، پۈتۈن ئالەممۇ تارچىلىق قىلىدۇ. بىلەمسەن، نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى يەر شارى مېنىڭ ماكانىم ئىدى، ئۇ چاغلاردا سەن ئىنسانلارنىڭ قۇرتىمۇ يوق ئىدى، كېيىن ھەرقايسىڭ پەيدا بولۇپ، بىزنى يەر شارىدا ياشاشتىن مەھرۇم قىلىشتىڭ. سەن خەققە ھېچقانداق زىيانكەشلىك قىلمىساقمۇ، بىزنى چىش - تىرنىقىڭغىچە ئۆچ كۆرۈشتۈڭ، ئاخىر يەر شارىدا تۇرغۇسىز قىلىۋېتىشتىڭ. بىز شۇنچە گۈزەل يەر شارىنى ھەرقايسىڭغا تاشلاپ بېرىپ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگە نەچچە مىليون يىل بولدى. ئەمدى بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ بۇ



يەرنىمۇ بىزدىن تارتىۋالماقچىمۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا، ئەجەب ياخشى كەپسەن، ئىنسانلاردىن ئۆچ ئېلىش ئاتا ـ بوۋىمىزنىڭ ئارزۇسى ئىدى، ئەمدى سېنى پارە ـ پارە قىلىپ، قېنىڭنى ئىچىپ، يىلىكىڭنى شورىسام خۇماردىن چىقمايمەن. بىلەمسەن؟ مېنىڭ ئىسمىمچۇ يالماۋۇز!

«يالماۋۇز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇق تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. چۈنكى، مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىدە يالماۋۇزنىڭ ۋەھشىي مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى.

— مەن... مەن، سىلەر... سىلەر يالماۋۇزمۇ؟ مەن سىلەرگە يامانلىق قىلمىغانىدىمغۇ؟ مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىم يوق ئىدى. مەن باللار بىلەن قوغلاشماق ئويناۋېتىپ تۇيۇقسىز كېلىپ قالدىم. مېنى قويۇپ بەرگەن بولساڭلار...

— ھا ـ ھا ـ ھا، — يالماۋۇز ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋەت بىلەن كۈلدى، — ئۇخلاپ چۈشۈڭ، ئەمدى سەن بىزدىن قۇتۇلالمايسەن. مەن سېنى پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن، ئاندىن پادىشاھتىن كاتتا ئىنئام ئالىمەن. پادىشاھىمىز ئىنسان بالىسىدىن بىرنى تۇتۇپ كەلسەڭلار، بىر ئۆمۈر راھەت ـ پاراغەتتە ياشىغۇدەك مال ـ دۇنيا بىلەن تارتۇقلايمەن دېگەنىدى، مانا بۇ بەخت ماڭا نېسىپ بوپتۇ، ھا ـ ھا ـ ھا، — يالماۋۇز يەتتە خىل كۈلكە چىقارغاچقا، تاغنىڭ ئىچى تىترەپ كەتتى، — ھە ئاڭلىغانسەن؟ بىزنىڭ كۈلكىمىز، يىغىمىز دائىم سىلەرگە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنى سىلەر ئۇقماي گۈلدۈرماما دەپ يۈرۈيسىلەر. بىز كۈلۈپ، يىغلىساق بىكاردىن ـ بىكار گۈلدۈرلەيدىغان گۈلدۈرماما نېمىش قىلسۇن! — ھەيۋەت بىلەن تۇرغان بۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئالدىدا تۇغلۇق خۇددى يولۋاسنىڭ ئالدىدىكى توشقاندەك تىترەپ تۇراتتى.

— ھە، مەن سېنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي، شۇ تاپتا ماڭا بەك چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسەن، مېنى زور بايلىققا، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا يەتكۈزىدىغان بولدۇڭ، — يالماۋۇز شۇنداق دەپ، تۇغلۇقنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ يەنە توختاپ

قالدى.

ـــ توختاپ تۇر، مەن سېنى مۇنداقلا ئاپارسام بولمىغۇدەك، باشتا ئۆزۈم بېرىپ پادىشاھتىن يەنە بىر ۋەدە ئېلىۋالاي، بولمىسا كېيىدىن يېنىۋېلىپ، خۇشاللىقىم كۆپۈككە ئايلانمىسۇن يەنە.

يالماۋۇز شۇنداق دەپ تۇغلۇقنى تاغنىڭ بىر كاۋاكچىسىغا قويۇپ تۆپىسىگە بىر پارچە تاشنى باستۇرۇپ قويدى. يالماۋۇزغا تاغنىڭ كاۋاكچىسىدەك كۆرۈنگەن يەر ئەمەلىيەتتە چوڭ بىر غار ئىدى. تۇغلۇق ئاشۇ قاراڭغۇ غار ئىچىدە تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى.

يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـــ داد پادىشاھىم، ئالتۇن تەنلىرى ئامان بولغاي!

ھاكاۋۇرلۇقتىن كېرىلىپ كەتكەن پادىشاھنىڭ بۇ گېپى تولا، ئەمەلىي ئىشى يوق جان باقتى يالماۋۇز بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆرمەت، تەكەللۇپلىرىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

ـــ ھە، نېمە گەپ؟ ئورۇنسىز تەكەللۇپلىرىڭ بىلەن ۋاقتىمنى ئالماي، گېپىڭنى ئۇدۇللا قىلمامسەن!

پادىشاھنىڭ قوپال مۇئامىلىسى يالماۋۇزنىڭ بەك ئاچچىقىنى كەلتۈردى. كاللىسى ئىشلەپ تۇغلۇقنى ئۇدۇللا ئەكەلمەي تىقىپ قويغانلىقىدىن ئىچىدە بەكمۇ مەمنۇن بولدى.

ـــ شاھ ئالىيلىرى، مەن سىلىگە بىر مۇھىم خەۋەرنى ئەكەلگەنىدىم.

ـــ ھە دېمەمسەن، قانداق خەۋەر ئىدى ئۇ ئەزمەڭنى شۇنچە ئەزگۈدەك؟

ـــ مەن بىر ئادەم بالىسىنى تۇتۇۋالدىم.

ـــ نېمە؟ ـــ يالماۋۇز پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

# سۇمۇرغ

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلدى، — پۈتۈن يەر شارىنى تاشلاپ بېرىپ بۇ يەرگە كەلسەك، ئۇلار بۇ يەرگىمۇ ئىز قوغلاپ كەپتۇمۇ نېمە؟ كىچىك بالا ئىكەن دېدىڭما؟

— شۇنداق، توققۇز - ئون ياشلاردىكى ئوغۇل بالىدەك قىلىدۇ.

— بىر كىچىك بالا چېغىدا بۇ يەرگە ئاياغ باسقان بولسا ئىشىمىز چاتاق، ئۇنى نەگە قويۇپ قويدۇڭ؟

— ئۇنى تاش ئاستىغا باستۇرۇپ قويدۇم.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يالماۋۇز پادىشاھ ئازراق خاتىرجەم بولغاندەك ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— توۋا ! بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى. بىز ئىنسانلارغا يەر شارىنى تاشلاپ بېرىپ، ئۇلار مەڭگۈ قەدەم باسالمايدىغان بۇ سەييارىگە كېلىۋالغان تۇرساق، بۇ بالا قانداق كەلگەندۇ؟ قارىغاندا، ئىنسانلار بۇ يەرگىمۇ قەدەم بېسىپتۇ - دە ! ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈپ قويماي، ئوبدان ساقلاپ تۇرۇڭلار. بىز ئالدى بىلەن بۇ يەرگە ئاشۇ بالىدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ ئاياغ باسقان - باسمىغانلىقىنى ئېنىقلايلى. توغرا، ئۇنى دەرھال يېنىمغا ئەكېلىڭلار.

يالماۋۇز پادىشاھنىڭ يەتتە بېشى تەڭلا سىلكىنىپ كەتتى.

— ئۇنى تېز ئەكەلگىن دەيمەن، نېمانداق ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسەن !

بايىقى يالماۋۇز يەتتە بېشىنى بىر يەرگە ئەكېلىپ

يوگورگىنىچە چىقىپ كەتتى.

كۆپ ئۆتمەي توغلۇق يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكېلىندى. بۇ يەردە پادىشاھنى قوغداپ تۇرغان خىلمۇخىل يالماۋۇزلار توغلۇقتىن قورققاندەك ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ھەيۋەتلىك دېگىلى بولمىسىمۇ، ئىنتايىن سۈرلۈك ئىدى، يالماۋۇز پادىشاھنىڭ ئەتراپىدىكى ئازراق بوشلۇق قانداقتۇر بىر نۇر بىلەن يورۇپ تۇراتتى، باشقا يەرلەر بولسا خۇددى يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىدەك كۆرۈنەتتى.

— ھە، ئىنسان بالىسى ئوخشىمامسەن؟ — يالماۋۇز پادىشاھنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى توغلۇقنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ كەتتى. توغلۇق قورقۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك يالماۋۇز پادىشاھقا پەرۋاسىز جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، مەن ئىنسان بالىسى، سەن يەتتە باشلىق يالماۋۇز دېگەن شۇمۇ؟

— ھا - ھا - ھا، — يالماۋۇز پادىشاھ گۈلدۈرلەپ كۈلدى، — پاھ، خېلى يامانغۇ سەن، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ نىمانچە يوغانچىلىق ساڭا، بىزدىن قورقمىدىڭمۇ؟

— ياق، سىلەر بىز ئىنسانلاردىن ئاللىبۇرۇن يېڭىلگەنغۇ؟ يەنە نېمىدەپ سىلەردىن قورقىمەن؟

— سەن بۇ يەرگە يالغۇز كەلگەنمۇ؟

— شۇنداق.

— يالغان گەپ قىلما! سەن چوقۇم ئاتا - ئاناڭ بىلەن كەلدىڭ، سەن بىر كىچىك بالا تۇرساڭ، ئاتا - ئاناڭ بولمىسا نەگە بارالايتتىڭ؟

— ھەرقايسىڭ مېنى كىچىك بالا دەپ كۆزگە ئىلمايۋاتامسەن؟ — مەن بۇ يەرگە يالغۇز كەلدىم، بىراق كەينىمدىن مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاداشلىرىم بار.

— ئاداشلىرىم؟ — يالماۋۇز پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ

كەتتى، ــ مەن دېدىمغۇ، سەن بۇ يەرگە ھەرگىز يالغۇز كېلەلمەيسەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىڭنىڭ بىر سەۋەبى بار.

ــ ئۇلار نەدە؟ ئۇلار نەدە دەيمەن؟

ــ مەن دېدىمغۇ، مەن ئۇلار بىلەن قوغلاشماق ئوينىغان، ئۇلار مېنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى، نەدە قالغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ــ ئۇلارمۇ يەر شارىدىن كەلگەنمۇ؟

ــ ياق، ئۇلار باشقا يۇلتۇزدىن كەلگەن. ئۇلار ئالەم بالىلىرى.

ــ ئالەم بالىلىرى؟ ــ يالماۋۇز پادىشاھ تېرىككىنىدىن قانداق قىلارىنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ يەتتە بېشىدا يەتتە خىل غەزەپ ئەكس ئەتتى.

ــ سىلەر قاچاندىن بېرى ئالەم بالىلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىۋالغان؟ چاتاق بولدى! يەر شارى ئادەملىرى ئالەم ئادەملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالسا، بىزنىڭ كۈنىمىزنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. مەندىن بۇيرۇق، بۇ بالا بىلەن قوغلاشماق ئوينىغان ئالەم بالىلىرىنى تۇتۇپ كېلىڭلار!

ئارىلىقتىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بايا تۇغلۇق بىلەن قوغلاشماق ئوينىغان ئالەم بالىلىرى تۇتۇپ كېلىندى.

ــ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قاراڭغۇ غارغا سولىۋېتىڭلار!

يالماۋۇز پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن، پايلاقچى يالماۋۇزلار تۇغلۇق بىلەن ئالەم بالىلىرىنى بىر قاراڭغۇ غارغا سولىۋەتتى.

قاراڭغۇ غاردىن سوغۇق شامال ھۇۋۇلاپ تۇراتتى. ئۇلار ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى.

ــ ھەي باللار، بۇ غارنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن، يورۇتايمۇ؟ ــ دېدى كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدىغان بالا.

ــ بەك ياخشىغۇ، ئاشۇنداق ھۈنىرىڭلار بولسا تېزرەك ئىشقا سالساڭلارچۇ، ــ دېدى قاراڭغۇ غاردىن قورقۇۋاتقان تۇغلۇق.

— بۇ بەك ئاسان، — دېدى يۇلتۇز كۆزلۈك بالا. ئۇ قوينىدىن بىر نېمىنى ئېلىۋېدى، نۇرلۇق بىر ئۇچقۇن چاقناپ، ئارقىدىن يوغىناپ، غار ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. غار ئىچىمۇ ئىللىشقا باشلىدى.

«ھېلىمۇ ياخشى بۇلار مېنى تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالماپتۇ، بولمىسا بۇ يالماۋۇزنىڭ قولىدا يالغۇز قالسام قانداق قىلاتتىم، ھە راست، ئۇلار يالماۋۇزنىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغاندۇ؟» تۇغلۇق شۇ خىيالنى قىلىپ، باللاردىن بۇ يالماۋۇزنىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىدى.

— سىزنىڭ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرگىنىڭىزنى كۆردۇق، بىراق بەك تېز يۈگۈرىدىكەنسىز، بىز ھەرقانچە چاپساقمۇ سىزگە يېتىشەلمىدۇق، سىزنىڭ خەتەرلىك يالماۋۇزلار ماكانىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، ئۇياققا يۈگۈرمەڭ، دەپ ھەرقانچە توۋلىساقمۇ ئاڭلىمىدىڭىز، سىز كۆپ ئۆتمەي يوقاپ كەتتىڭىز، بىز سىزنىڭ يالماۋۇزغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىڭىزنى بىلدۇق، سىزنى تاشلاپ قويۇپ كەتسەك بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ سىزنى ئىزدەپ بۇ يالماۋۇزلار ماكانىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇق.

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — تۇغلۇق كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئىشەنمىگەندەك ئالەم بالىلىرىغا قارىدى.

ئالەم بالىلىرىنىڭ ئىچىدە يۇلتۇز كۆزلۈك بالا ھەممىدىن ئەقىللىقتەك قىلاتتى.

— ھەي باللار، ماڭا ھازىر بىر خەۋەر كەلدى، — دېدى ئۇ ھاياجانلانلىنىپ.

— نېمە خەۋەر؟ — باللار تەڭلا سورىدى.

— بىزگە ئانچە يىراق بولمىغان يەردە سۇمۇرغلار گۈلىستانى دەيدىغان بىر گۈزەل ماكان بار ئىكەن، ئۇلارمۇ ئەسلىي يەر شارلىق ئىكەندۇق، ئۇلار بىزنىڭ، بولۇپمۇ تۇغلۇقنىڭ يالماۋۇزلارغا تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بىزنى قۇتۇلدۇرغىلى

كېلىۋېتىپتۇ.

— سەن بۇنى قانداق ئۇقتۇڭ؟ — تۇغلۇق يۇلتۇز كۆزلۈك بالىدىن سورىدى.

— ھەي، مەن سېنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىڭنى بىلمىگەندەك، سەنمۇ مېنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىمنى بىلەلمەيسەن. مەندە شۇنداق ئىقتىدار بار، قاراپ تۇرغىن سۇمۇرغ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، — يۇلتۇز كۆزلۈك بالىنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپ، ناھايىتى ياڭراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— يەر شارىلىق تۇغلۇق دېگەن بالا مۇشۇ يەردىمۇ؟

— شۇنداق، مەن بار.

— تۇغلۇق بىز بىلەن بىللە.

— مەن سۇمۇرغ، مەن سىلەرنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم!

تۇغلۇقلارنىڭ ئالدىدا تۈگىمەك چوڭلۇقتىكى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر قۇش مەيدىسىنى كېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تاجىدىن كۈچلۈك نۇر چاقنايتتى.

— تېز بولۇڭلار، كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار، مەن سىلەرنى گۈلىستانىمىزغا ئەكېتەي، — بالىلار كۆزلىرىنى يۇمدى، — ئەمدى كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار، — بالىلار ئۆزلىرىنى شىددەت بىلەن ئۇچۇۋاتقان سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدە كۆردى. سۇمۇرغ ئۇچۇپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئەمدى يالماۋۇزلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇڭلار. سىلەرمۇ قاناتلىرىڭلارنى چىقىرىپ مەن بىلەن بىللە ئۇچۇڭلار.

بالىلار شۇ چاغدا قاناتلىرىنى يايدى. سۇمۇرغ شىددەتلىك پەرۋازنى پەسلىتىپ، بالىلار بىلەن ئوخشاش سۈرئەتتە ئۇچتى. سۇمۇرغ يەنە ئازراق ئۇچقاندىن كېيىن بىر ھەيۋەتلىك ئاق چوققىغا قوندى. تۇغلۇقلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چوققىغا قوندى.

بۇ چوققا قارىماققا يەر شارىدىكى قار - مۇزلۇق چوققىلارغا ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئۇ قار - مۇزلۇق چوققا ئەمەس ئىدى. چوققا خىرۇستالدەك چاقناپ تۇرغان بىلەن، بولۇپتەك يۇمشاق

ئىدى. رەڭگارەڭ جۇلالىق گۈللەر توختىماي پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۇلار يۇمشاق چوقىقىغا قونۇپ ئارام ئالغاچ پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈللەرنى تاماشا قىلدى. تۇغلۇق يەر شارىدا ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگەن، ئەمما گۈللەرنىڭ بۇنداق پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىگەنىدى.

بۇ يەردىكى گۈللەر يەر شارىدىكى گۈللەرگە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاپ كەتسىمۇ، يەر شارىدىكى گۈللەردىن نەچچە ھەسسە چوڭ، ئەمما غول ۋە يوپۇرماقلىرى يوق ئىدى. بۇ گۈللەر توختىماي پورەكلەپ ئېچىلىپ يەنە يوقاپ تۇراتتى، بىر گۈل يوقىغان يەردىن ئون نەچچە گۈل پورەكلەيتتى. تۇغلۇققا بۇ گۈللەرنىڭ ئېچىلىشى خۇددى بايرام كېچىسىدىكى ساليوتلارنى ئەسلەتتى. باشقا ئالەم باللىرىمۇ ئاشۇ غەلىتە گۈللەرگە ھەيران بولۇپ قاراۋاتاتتى. باللارنىڭ ھەممىسى ھازىر قاناتلىق بولغاچقا خۇددى سۇمۇرغنىڭ چۈجىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا سۇمۇرغ زىل ۋە قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن سۆزلىدى:

— تۇغلۇقتىن باشقىلار ئۆيۈڭلارغا كېتىڭلار، مۇشۇ ئاق چوققىدىن سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارمۇ ئانچە يىراق ئەمەس. سىلەر تۇغلۇق بىلەن كېيىن يەنە كۆرۈشىسىلەر، بۇنىڭغا مەن كېپىل بولاي. سىلەر كەتمىسەڭلار ئاتا ـ ئاناڭلار ئىزدەپ قالىدۇ.

— تۇغلۇقنى ئاتا ـ ئانىسى ئىزدىمەمدىكەن؟ ئۇ ئەجەب كەتمەيدىكەنغۇ؟ — يۇلتۇز كۆزلۈك بالا نارازى بولغاندەك غودۇڭشىپ قويدى. باشقىلارمۇ تۇغلۇقتىن ئايرىلغۇسى كەلمەي غۇدۇراپ كەتتى:

— بىز تۇغلۇقتىن يەنە نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئۆگەنمەكچىدۇق. قوغلاشماقنىمۇ تۈزۈك ئوينىيالمىدۇق. بۈگۈن بىر كۈن بولسىمۇ بىللە ئوينىۋالايلىچۇ؟

ئۇلار ئانىسىغا ئەركىلىگەندەك سۇمۇرغقا سۈركەلدى.

— ھەي، باللىرىم، — دېدى سۇمۇرغمۇ مېھرىبانلىق بىلەن، — ئەسلى سىلەرنىمۇ بىللە ئەكەتسەم بولاتتى، بىراق

توْغلوْققا دەيدىغان ئايرىم گەپلىرىم بار، ھازىرچە ئوْ گەپلەرنى سىلەر ئاڭلىساڭلار بولمايدوْ. بوْنداق دېسەم باشقىچە ئويلاپ قالماڭلار، مەن چوقوْم بىر كوْنى سىلەرنى توْغلوْق بىلەن قانغوْدەك ئوينىتىپ قويىمەن. بوْ جەھەتتە مەن سىلەرگە قەرزدار بولاي، بوْگوْن ئوْيوْڭلەرگە ۋاقتىدا كېتىڭلار، قالغان گەپنى دېمىسەمموْ سىلەر چوْشىنىسىلەر.

يوْلتوْز كوْزلوْك بالا سوْموْرغنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن قىلغان سوْزىدىن ھەممىنى چوْشەندى ۋە باشقا بالىلارغا دېدى:

— بالىلار، بوپتوْ، بوْگوْن بىز توْغلوْق بىلەن خوشلىشىپ توْرايلى. سوْموْرغ ئانىمىز دېگىنىنى قىلماي قالمايدوْ، بىز ئوْنىڭ بىلەن چوقوْم يەنە كوْروْشىمىز.

يوْلتوْز كوْزلوْك بالىنىڭ گېپىدىن كېيىن بالىلار توْغلوْق بىلەن خوشلاشتى. توْغلوْق بوْ بالىلار بىلەن قەدىناس دوستەكلا بولوْپ قالغانىدى، شوْڭا ئوْلار بىلەن بەك تەستە خوشلاشتى. ئالەم بالىلىرىموْ توْغلوْقتىن قىيمىغان ھالدا ئوْركوْگەن قوْشقاچلاردەك پوْررىدە ئوْچوْپ كەتتى.

— بالام، — دېدى سوْموْرغ توْغلوْقنىڭ بېشىنى ھەيۋەتلىك



قاناتلىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — ئۇلار ھەقىقەتەن جانغا ئەسقاتىدىغان دوستلىرىڭ ئىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، سېنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىمۇ تەڭ تۇتۇلۇپ قاپتۇ.

— ھە راست، سىز بىزنىڭ يالماۋۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى قانداق بىلدىڭىز؟

— مېنىڭ يەر شارىدىن ئايرىلىپ كەتكىنىمگە قانچە يىللار بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىراق، يەر شارىدىكى ئادەملەرگە چوڭقۇر ھۆرمىتىم بار. مەن ئىزچىل تۇردە ئۇلارنى ئەسلەپ، سېغىنىپ كېلىۋاتىمەن. مەن بالىلىرىم ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرىمگە سىلەر توغرۇلۇق كۆپ ھېكايە ئېيتىپ بەردىم. بىراق، ئۇلار گېپىمگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئادەم دېگەن مەۋجۇت نەرسە ئەمەس، سەن ئۇنى ئۆزۈڭ ئويدۇرۇپ چىققان، دەپ چىشىمغا تېگىدىغان بولدى. مېنىڭ ئۇلارغا سىلەرنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى، بىراق يەر شارى بەك يىراقتا قالغاچقا، مەن...

— ھەي، ئۇخلاۋېرەمسىز، قوپىڭە!

# سۇمۇرغ بىلەن قايتا ئۇچرىشىش

تۇغلۇق چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ يەر شارىسىمان سەييارىدىكى كاتتا مېھمانسارايدا بەك ئۇخلاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئويغانغاندىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىز تۇراتتى. ئۇلار كىيىۋالغان كىيىملەرمۇ ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى كىيىدىغان كىيىمدىن پەرقلەنمەيتتى.

— سىز توپتوغرا بىر سوتكا ئۇخلىدىڭىز. سىزگە نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنىڭ ئۇخلىماي ـ ئۇخلىماي بىراقلا ئۇخلايدىغان ئادىتى يۇققان ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ھېلىمۇ ياخشى ئويغاندىڭىز.

تۇغلۇق سۆزلەۋاتقان بالىنى نەدىدۇر كۆرگەندەك قىلدى. ئۇ ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ھە توغرا، تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئوغۇل تۇغلۇق بايىلا چۈشىدە كۆرگەن يۇلتۇز كۆزلۈك بالا شۇغۇ؟

— سىز يۇلتۇز كۆزلۈك بالا شۇمۇ؟

— نېمە؟ — ئۇ بالا چۆچۈپ كەتتى.

— سىز مېنىڭ لەقىمىمنى قانداق بىلىسىز؟

— بىز بايا كۆرۈشتۇق، سىلەر مېنى يالماۋۇزنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇۋالدىڭلارغۇ؟

يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

— ھەي سىز ھېلىقى... توغرا، توغرا، بىز قوغلاشماق ئوينىغان، سىز ھەقىقەتەن تېز چاپىدىكەنسىز، بىز سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدە بىللە ئۇچقاندۇق، سىز سۇمۇرغ بىلەن بىللە قالغاندىڭىز.

— شۇنداق، مەن سۇمۇرغ بىللە ئۇلارنىڭ گۈلىستانىغا بارماقچىدىم، بىراق... — تۇغلۇق باياتىنقى ئىشلارنىڭ چۈشى ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

— ھەي، سىلەر تونۇشامسىلەر، نەلەردە تۇرۇپ تونۇشۇپ قالغانىدىڭلار؟ — يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بىلەن كىرگەن قىز ئۇلاردىن سورىدى، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز تۇغلۇق، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سىزنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر قاچان تۇتۇپ كەتكەن، تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن نەدە ئىدىڭىز؟ ئۆيىڭىز نەدە؟ بىز سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىزغا ياردەم قىلىمىز، — قىز خۇددى سۆزمەن ئوقۇتقۇچىلاردەك چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى.

— بۇ قەيەر؟ بۇ يەر شارىما ؟ — تۇغلۇق تۇيۇقسىز ئېسىنى تاپقان ئادەمدەك جىددىي سورىدى.

— يەر شارى؟ يەر شارى راست بارمۇ؟ بىز شۇنداق گەپنى ئاڭلىغان بولساقمۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيمىز.

— نېمە؟ — تۇغلۇق قايتۇرۇپ سورىدى، — سىلەر يەر شارىنىمۇ بىلمەمسىلەر؟ بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ يەر يەر شارى بولماي نېمە؟ مەن ئۆزۈمنى يەر شارىغا — ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ماكانىمغا قايتىپ كەلدىم، دېسەم، بۇ يەر شارى ئەمەسمۇ؟

— ياق، بۇ يەر شارى ئەمەس، بۇ يەر چۆچەك يۇلتۇز. شۇنىڭغا قارىغاندا بىزنىڭ بۇ يەر يەر شارىغا بەك ئوخشايدىكەن - دە، يۇرۇڭ، بىز سىزنى تاماققا ئاچىقايلى.

تۇغلۇق ئۇلار بىلەن بىللە بىنادىن چۈشتى، تۇغلۇق ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ «چۆچەك يۇلتۇز» دېگەن گەپنى تەكرارلايتتى. ئۇلار بىنادىن چۈشۈپ، خۇددى بالىلار باغچىسىغا ئوخشايدىغان چىرايلىق بىر قورۇنىڭ ئىچىگە كىردى، قورۇدا بالىلار تۈرلۈك ئويۇنچۇقلارنى ئويناۋاتاتتى. بۇ يەردىكى بالىلار يەر شارىدىكى بالىلار بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولغاچقا، تۇغلۇق ئانچە

ھەيرانمۇ قالىدى.

— بۇ ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ باقماقچىمۇ؟

بۇ يەردە تۇغلۇق پەقەت بايراملاردىلا ئويناپ قالىدىغان نۇرلۇك ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى. تۇغلۇق ۋە قۇتلۇق ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بايرام كۈنلىرى باغچىغا ئوينىغىلى بارغاندىمۇ بۇنداق ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم ـ ئايرىم پۇل ئالىدىغان بولغاچقا، پەقەت بىرنەچچە ئويۇنچۇقلا ئويناياليتتى، شۇڭا تۇغلۇقنىڭ قانغۇدەك بىر ئويناۋالغۇسى كەلدى. ئۇ بۇ ئويۇنچۇقلارنى كۆرۈپ ئاتا ـ ئانىسىنى، قۇتلۇقنى ۋە بوۋىسى ـ مومىسىنى يەنە سېغىندى، ئۆيىگە، بولۇپمۇ مومىسىنىڭ مەھەللىسىگە بەكمۇ كەتكۈسى كەلدى.

— بولىدۇ، تازا بىر ئويناۋالايچۇ، — تۇغلۇق ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئويۇنچۇقلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈرمەكچى بولدى.

— توختاڭ، قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئويناسىڭىزمۇ بولىدۇ. مېڭىڭ، ئالدى بىلەن قورساققا بىر نەرسە يەۋېلىڭ، ئاچ قورساق ئوينىسىڭىز ئاغرىپ قالىسىز.

ئۆگىنىش ھەيئىتى زۇمرەتكە ئوخشايدىغان قىزنىڭ بۇ گېپى تۇغلۇققا ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئەسلەتتى. ئۇلار كىچىك بىر ئۆيگە كىردى: ئۆي سۈپىلىق بولۇپ، سۇپا ئۈستىدە ۋە تاملاردا چىرايلىق گىلەملەر بار ئىدى. تۇغلۇق بۇ ئۆينى مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئوخشاتتى، شۇڭا ئۇ تارتىنمايلا سۇپىغا چىقىپ يېكەنداز ئۈستىگە ئولتۇردى. نۇرلۇق يۇلتۇزدا تۇغلۇقنىڭ قورسىقى ئاچمايدىغان بولۇپ قالغان بىلەن، چۆچەك يۇلتۇزغا كەلگەندىن كېيىن قورسىقى بەك ئاچىدىغان بولۇپ قالغانىدى. تۇغلۇقنىڭ يۇلتۇز كۆزلۈك بالىدىن سورايدىغان نۇرغۇن سوئاللىرى بولسىمۇ، قايسى سوئالنى باشتا سوراشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ تاماق يەيدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ باشقا گەپ قىلمىدى. قىز دېرىزە تەكچىسىدىن چىرايلىق قاتلانغان بىر داستىخاننى ئېلىپ تۇغلۇقنىڭ ئالدىغا قاتلاقلىق پېتى قويدى. بۇ ئىش تۇغلۇقنى

ئازراق ئەجەبلەندۈردى. «داستىخان دېگەننى ئېچىپ سالماي، نېمانداق قاتلاقلىق پېتىلا قويۇپ قويىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ھە، قېنى دەڭە، قانداق تاماق يېگۈڭىز بار؟ — قىز توغلۇقتىن مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— قانداق تاماق يېگۈڭىز بولسا شۇ تاماقنىڭ ئىسمىنى چاقىرىڭ، — دېدى يۇلتۇز كۆزلۈك بالىمۇ توغلۇقنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ.

«ۋاي، بۇ ئېچىلىڭ داستىخىنىم ئوخشىمامدۇ؟ مومامنىڭ چۆچىكىدىكى گەپ بۇ يەردە كارامىتىنى كۆرسىتەمدۇ، نېمە؟» توغلۇق شۇنداق ئويلاپ، ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە بىر تاماقنىڭ ئىسمىنى چاقىرماقچى بولدى. قايسى تاماقنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا بولار؟ پولۇ، لەڭمەن، مانتا، گۆشنان، كاۋاپ، پەرمۇدە، سامسا... توغلۇقنىڭ قورسىقى ئېچىپ تۇرغاچقا بۇ تاماقلارنىڭ ھەممىسىنى يېگۈسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىردەم ئويلىنىۋېلىپ پولۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى.

داستىخان بايا توغلۇق چۈشىدە كۆرگەن پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان گۈلگە ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى. پاھ، ئۇنىڭ ئالدىدا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر لېگەن گۆشلۈك پولۇ پەيدا بولدى. پولۇغا قول ئۇزىتىپ بولۇپ، «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەن گەپ ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنى توختىتىۋالدى - دە:

— قېنى سىلەرمۇ تاماققا كېلىڭلار، — دېدى ئۇ.

— ئېلىۋېرىڭ، بىز ھېلىراقتا تاماق يەۋاپتىكەنمىز.

— شۇنداق بولسىمۇ ئازراقتىن ئېغىز تېگىڭلار، — توغلۇق ئەدەپ يۈزىسىدىن شۇنداق دەپ قويۇپ، تاماققا قول ئۇزارتتى. پولۇ خۇددى مومىسى ئەتكەن پولۇدەك ئوخشاپ كەتكەچكە، توغلۇق تويغۇچە يېدى. يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بىلەن قىزچاق توغلۇققا كۈلۈمسىرىگىنىچە قاراپ ئولتۇردى. توغلۇق تاماق يەپ بولۇپ، ئېغىزلىرىنى ئېرتتى، ئاندىن ئاسىم بوۋاينى دوراۋاتقاندەك دۇئاغا قول كۆتۈردى. يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بىلەن ھېلىقى قىز نېمە گەپ

بۇ دېگەندەك، بىر ـ بىرگە قاراپ قويدى.

— نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر راست تاماق يېمەمدىكەن؟ — يۇلتۇز كۆزلۈك بالا تۇغلۇقتىن سورىدى.

— شۇنداق، ئۇ يەردىكىلەر تاماق يېمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يەردە پەقەت قورساق ئاچمايدىكەن.

شۇ چاغدا تۇغلۇقنىڭ بىلىكىدىن سادا كەلدى:

«تۇغلۇق، بارمۇسىز، سىزنى ھازىر نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر ئىزدەۋاتىدۇ، سىز نەدە؟ سىز نەدە؟»

تۇغلۇق گەپ قىلاي دېيىشىگە يۇلتۇز كۆزلۈك بالا تۇغلۇقنى گەپ قىلماسلىققا ئىشارەت قىلدى. مەڭدىن يەنە بىردەم شۇنداق سادا كەلگەندىن كېيىن جىمىپ قالدى.

— مېنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر ئىزدەۋېتىپتۇ، قانداق قىلسام بولار؟

— ھازىرچە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلماي تۇرۇڭ، بىز چۆچەك يۇلتۇزلۇقلار يەر شارىلىقلارنى بەك ياخشى كۆرىمىز. بۇ يەردىكى نۇرغۇن نەرسىلەر سىلەر ئۈچۈن ناتونۇش ئەمەس، بىزنىڭ يۇلتۇزىمىز يەر شارىغا دېگەندەك ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى نەرسىلەر سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق.

— مېنى يەر شارىدىن نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر ئەكەلگەن تۇرسا، يەر شارىغا ئۇلار مېنى ئاپىرىپ قويمىسا قانداق قايتىمەن؟ — تۇغلۇق ئۆيىنى يەنە ئەسكە ئالدى، بولۇپمۇ ئۆكىسى قۇتلۇقنى بەكلا كۆرگۈسى كېلىپ كەتتى.

— سىزنى ھامان نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرگە قايتۇرۇپ بېرىمىز. ئۇلار سىزنى يەر شارىغا ساق ـ سالامەت ئاپىرىپ قويىدۇ. سىز ئالدى بىلەن بىزنىڭ يۇلتۇزىمىزدىكى ئۆزىڭىز كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنى كۆرۈپ قويىمامسىز. سىز چوقۇم رازى بولىسىز، بۇ يەردە سىز ياقتۇرىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

تۇغلۇق ئۇلارنى يەر شارىدىكى بالىلار بىلەن ئوخشاش كۆرۈپ ھۆرمەت قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ گېپىنى يېرىشقا ئامال قىلالمىدى.

— ئالدى بىلەن سىزنى سۇمۇرغ ئانىنىڭ يېنىغا ئاپىرايلى، — ئۆگىنىش ھەيئىتى زۇمرەتكە ئوخشايدىغان قىز چاقىلداپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى، — كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، سىز ھازىرلا ئۆزىڭىزنى سۇمۇرغ ئانىنىڭ ئۆيىدە كۆرىسىز.

تۇغلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزىنى يۇمدى.

— ئەمدى كۆزىڭىزنى ئېچىڭ.

تۇغلۇق كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئۆزىنى رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىۋاتقان، تورلۇك قۇشلارنىڭ ياڭراق ناۋاسى ئاڭلىنىپ تۇرغان بىر گۈلزارلىقتا كۆردى. گۈللەرنىڭ ئۇستىدە يىڭناغۇچ، كېپىنەكلەرمۇ مۇڭلۇق كۈيلەرنى ياڭرىتىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلار گۈلزارلىق ئارىسىدىكى ئەگىم يوللار بىلەن مېڭىپ، سۇمۇرغنىڭ ئۆيىگە كىردى. تام - تورۇسلىرى رەڭگارەڭ گۈللەردىن پۈتكەن بۇ ئۆينىڭ ئىچى ھەقىقەتەن ئازادە ئىدى. تۇغلۇق سۇمۇرغنىڭ تەلىپى بويىچە گۈللەرگە پۈركەلگەن ئولتۇرغۇدا ئولتۇردى. تۇغلۇق بىلەن سۇمۇرغ قىزغىن ئەھۋاللاشتى. سۇمۇرغنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ مومىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى.

— ھەي، سەن مېنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلامسەن؟

سۇمۇرغنىڭ بۇ سوئالى تۇغلۇقنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى، ئۇ ئويلىنىپ قالدى، ھە راست، سۇمۇرغنى چۈشىدە كۆرگەنىدى. چۈشىدە كۆرگەننى قانداقمۇ كۆردۇم دېگىلى بولىدۇ. بىراق، تۇغلۇق سۇمۇرغنى ئوڭىدا كۆرگەندەكلا تۇيغۇدا ئىدى، شۇڭا:

— توغرا، بىز بۇرۇن كۆرۈشكەن، كۆرۈشكەنلا ئەمەس، سىز مېنى يالماۋۇزنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان، — دېدى.

سۇمۇرغ تۇغلۇقتىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. ئەسلىدە تۇغلۇق چۈشىدىكى ئۇچرىشىشلارنى ئېنىق ئېسىگە ئالالمىسا بولاتتى.

— سېنى يالماۋۇزنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىم ئەينەن ئېسىڭدە بارمۇ؟

— ئىسمىمدە بار. يالغۇز مەن ئەمەس، يۇلتۇز كۆزلۈك بالا ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرىنىمۇ سىز قۇتۇلدۇرۇۋالغان.

— پاھ، سىزنىڭ كاللاڭ زىل ئىكەن جۇمۇ. مەن تېخى بۇ ئىشلارنى پەقەت ئېسىمگە ئالالمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، سەن ھەقىقەتەن چىچەن بالا ئىكەنسەن. سەن كۆرگەن ئاشۇ يالماۋۇزلار ماكانى چۆچەك يۇلتۇزدىكى گىياھمۇ ئۈنمەيدىغان بىر باياۋان. ئۇ يەردە يالماۋۇز تۇرماق ئىنس - جىنمۇ يوق.



# يازلىق لاگېردا

باللار، ياسالما تۇغلۇقنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر؟ بىز گەپنى ئەمدى ئۇنىڭدىن باشلايمىز.

تۇغلۇق ئەمدى يەر شارىغا رەسمىي كۆنۈپ قالغىلى تۇرغانىدى. ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقى، ھېرىپ ـ چارچاپ كېتىۋاتقانلىقى ياسالما بالىدىن رەسمىي بالىغا ئايلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. تۇغلۇق يولنى بويلاپ خېلى ئۇزاق ماڭغان بولسىمۇ، بىرەر ماشىنا ئۇنى ئېلىۋالىدىغاندەك قىلمىدى. تۇغلۇقنىڭ ئەمدى ماڭغۇچىلىكى قالمىدى. شۇڭا، ئۇ يول بويىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. ئەمدى ئۇ توختىماي خىيال سۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

«ھەي، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ يەر شارىنىڭ شەرت ـ شارائىتى مېنى ئاستا ـ ئاستا رەسمىي بالىغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ. مەندە ھېسسىيات پەيدا بولدى. يەر شارىدا تۇرۇۋاتقىنىمغا تېخى ئون كۈنمۇ بولماي تۇرۇپ بۇ يەرگە كۆنۈپ قېلىۋاتىمەنغۇ. ھەي، تۇغلۇقمۇ نۇرلۇق يۇلتۇزغا كۆنۈپ قېلىپ كەلمىسە بولاتتى، مەن ئۇ چاغدا قۇتلۇقنىڭ بىردىنبىر ئاكىسىغا ئايلىناتتىم، مومامنىڭ مەھەللىسىدىكى باللار بىلەن بىللە ئويناتتىم. ھە راست، ھازىر تەتىل ۋاقتى. تەتىل توشسا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئىش بار ئىكەنغۇ، مەن تېخى شەھەردىكى ئۆيىمىزنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم. ئاپام بىلەن دادامنىڭ خۇي ـ پەيلى قانداق، ئۇنىمۇ بىلمەيمەن... بۇنىڭغىمۇ بىر گەپ بولار. بىراق، تۇغلۇق بۈگۈن قايتىپ كېلىدۇ، ئەمدى مېنىڭ ئورنۇم...» تۇغلۇقنىڭ خىيالىنى ئۇنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ توختىغان ئاپتوبۇس ۋە ئاپتوبۇستا

چۈرقىرىشىۋاتقان باللار بۆلۈۋەتتى.

— مۇئەللىم، مانا بۇ يەردە تۇغلۇق تۇرىدۇ، ئۇ بىزنىڭ كىلىدىغىنىمىزنى ئاڭلاپ ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرۇپتۇ، — ئاپتوبۇستىن تۇغلۇقنىڭ سىنىپ مەسئۇلى راشىدىن مۇئەللىم بىلەن بىرنەچچە بالا چۈشتى.

— سىنى مومىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى دېگەچكە، نەچچە كۈندىن بىرى سەن بىلەن ئالاقە قىلالمىغان، ئەتىگەن موماڭنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەرسە، قۇتلۇق ئېلىپ، ئاكامنى تاپالمايۋاتىمىز، دەيدۇ. ئۇلارغا دېمەيلا قېچىپ چىققانمىدىڭ، ماڭە ئاپتوبۇسقا چىقە، مەن ئۆيۈڭدىكىلەرگە تېلېفون بېرىۋېتەي، — راشىدىن مۇئەللىم شۇنداق دېگىنىچە تۇغلۇقنى ئاپتوبۇسقا ئاچىقتى.

تۇغلۇقتا ئەسلەش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، بۇلارنىڭ زادى كىملىكىنى باشتا بىلەلمىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار ئۇنىڭدىن كۆپ سوئال سورىمىغاچقا، تۇغلۇق ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان ساۋاقداشلىرى ئىكەنلىكىنى، راشىدىن مۇئەللىمنىڭ سىنىپ مەسئۇلى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. قۇتلۇق مومىسى ۋە بوۋىسى بىلەن بىللە مەھەللىنى تولا ئىزدەپ تۇغلۇقنى تاپالمىغانىدى. بوۋاي - مومايلار بەكلا ئەنسىرەپ قالغانىدى. قۇتلۇق تۇغلۇقنى چوقۇم بىر يەرگە ئوينىغىلى كەتتى، ئۇ ھېلىقى كۈندىكىدەك پەيدا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدى. ئەڭ ئەنسىرەپ ئولتۇرغىنى يەنىلا ئايخان موماي ئىدى. شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. موماي ئۆزىنىڭ يېشىغا ماس كەلمەيدىغان چاققانلىق بىلەن تېلېفوننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ئاپاڭ بىلەن داداڭدىن كەلگەن بولسا تۇغلۇقنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى دېمەي تۇرغىن جۇمۇ، — ئايخان موماي تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە يۇقىرىقى گەپنى دېيىشكە ئۈلگۈردى.

— ۋەي، ھە، مەن شۇ، سىز؟ ھە، شۇنداقمۇ! مەن مومىسى، ھە، ئەسلىي مۇنداق گەپمىدى، قاراڭ، بىزگىمۇ دەپ قويماي

چىقىپ كەتكىنىنى، ھە شۇ ئەمەسمۇ، كىچىك بالا ـ دە يەنە، باياتىن بېرى ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى، شۇ، شۇ، ئۇنداق بولسىغۇ مەيلى، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم... ئۈچ كۈنلۈكمىكەن، مەيلى، مەيلى، ئەمىسە ئۇنىڭغا ئوبدان ئىگە بولۇپ قويارسىز، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، خوش، رەھمەت.

موماي تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئورنىغا قويۇپ خۇشاللىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— ۋاي، تۇغلۇق ساۋاقداشلىرى بىلەن يازلىق لاگېرغا مېڭىپتۇ، مۇشۇنداق ئوبدان گەپنى دەپمۇ قويمىغىنىنى قاراڭلار ئۇنىڭ، ھازىر تېلېفون بەرگىنى ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى راشىدىن مۇئەللىم ئىكەن.

— ھە، شۇنداقمىكەن، — باياتىن بېرى ئەنسىرەپ تۇرغان ئاسىم بوۋايمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋەتتى. قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يازلىق لاگېرغا ماڭغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچى تارلىقى كەلدى.

— ئۇلار قەيەرگە بارىدىكەن؟ قانچە كۈن تۇرىدىكەن؟ ئۇلارنىڭ سىنىپى يازلىق لاگېرغا چىققان بولسا، بىزنىڭ سىنىپ نېمىشقا چىقمايدىكەن؟ تۇغلۇق نېمىشقا مېنى ئېلىۋالماپتۇ! — ئۇ سوئالنى ياغدۇرۇۋېلىۋەتتى.

— ۋاي، قوزام، مەن ئۇ ئىشلارنى بىلمىدىم، تۇغلۇقنىڭ تېپىلغىنىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سورۇشتۇرمىدىم، ئۈچ كۈنلۈك لاگېر ئوخشايدۇ.

— ئۈچ كۈنلۈك؟ — قۇتلۇقنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى، — بىر كۈنلۈكمۇ ئەمەس، ئۈچ كۈنلۈك ئىكەن ـ دە! تۇغلۇقنى ئەمدى ئاكا دېمەيمەن، ئۇ ئاكام بولسا نېمىشقا مېنى ئېلىۋالمايدۇ، بولتۇر مەن ئۇنى بىزنىڭ سىنىپنىڭ يازلىق لاگېرىغا ئېلىۋالغانىدىمغۇ، — قۇتلۇق ئۆزىنى سۇپىغا تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلىغىلى تۇردى.

— ۋاي، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىگە يىغلايسەن؟

— ئاپام بىلەن دادام ساياھەتكە كەتتى، ئەمدى تۆغلۆق يازلىق لاگېرغا كېتىپتۇ، مەن كەچكىچە مۇشۇ يەردە... ھۇ ـ ھۇ ـ ھۇ، — قۇتلۇق يەنە بىردەم يىغلىدى. ئۇنىڭ تۆغلۆقنىڭ دەپمۇ قويماي كەتكىنىگە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ھۆكۈرەپ يىغلىشىدىكى مەقسەت باشقا ئىدى. مومىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك يىغىسى خېلى پۇلغا يارايتتى.

— ۋاي قوزام، قىز بالىدەك يىغلىماي، چىقىپ مەھەللىدىكى بالىلار بىلەن ئوينىغىنا، — ئاسىم بوۋاي ئۇنىڭغا بىر تۇتام پارچە پۇلنى تۇتقۇزدى. پۇلنى كۆرۈپ قۇتلۇقنىڭ يىغىسى شاپپىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ پۇلنى ئېلىپلا يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىپ كەتكۈسى بار ئىدى، بىراق ئۇنداق قىلسا سەت بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. پۇلنى ئالمايمەن دېگەندەك بىردەم نېزىقاپ بېقىپ، بوۋىسى پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىنلا تالاغا چىقىپ كەتتى.

تۆغلۆق ئۇشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلماي ساۋاقداشلىرى نېمە دېسە شۇنىڭغا يارىشا گەپ قىلىپ قويۇپ ئولتۇردى. ئۇ ھازىر بۇ ساۋاقداشلىرىغا ئۇچراپ قالغانلىقىغا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن راست تۆغلۆقنىڭ قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى.

— ھە، تەتىل قويۇپ بېرەر ـ بەرمەي، موماڭنىڭ ئۆيىگە كېتىپسەنغۇ، سېنى ئىزدەپ ئۆيۈڭگە نەچچە قېتىم باردىم، — تۆغلۆقنىڭ ئەركىن ئىسىملىك ساۋاقدىشى ئۇنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ كەينىدىلا ئولتۇرغان راشىدىن مۇئەللىم ئەركىنگە چاقچاق قىلدى:

— ھە، ئەركىن، ئاغىنەڭنى تېپىۋالدىڭمۇ؟ ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارنى بىردەم كۆرمىسەڭلار چىدىمايسىلەر ـ ھە. ئىككىڭلارنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەمدىكىن دېسەم، — دەپ راشىدىن مۇئەللىم كۈلۈپ قويدى. تۆغلۆق بۇ گەپتىن ئەركىننىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن

ئاغىنىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— ھەي، تۇغلۇق، ھېلىقى چاغدا ماڭا سۆزلەپ بەرگەن يۇمۇرلىرىڭنى سۆزلەپ بەرە، بۇ يول تېخى ئۇزۇن ئوخشايدۇ، — ئەركىننىڭ بۇ گېپى تۇغلۇقنىڭ ئەنسىرىگەن يېرىدىن چىقتى.

«ئاپلا، ئەمدى نېمە دېسەم بولار» دەپ ئويلىغان تۇغلۇق بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، يەنە چاقماق تېزلىكىدە ئامال تاپتى.

— ھەي، ئاداش، يۇمۇر دېگەننى ئۆيدە، مەكتەپتە، زېرىككەندە سۆزلەيدىغان نەرسە ئۇ، قارا ئاۋۇ تاغلارنى، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى بەك چىرايلىق ئىكەن، — دېدى ئۇ ئەركىننىڭ دىققىتىنى بۇراپ.

ئاپتوبۇس تاغقا يېقىنلاشقانسېرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مەنزىرىلەر خۇددى گۈزەل ماي بوياق رەسىملىرىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تۇرلۇك تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن دالا، ئەركىن ئۇتلاپ يۈرگەن قوي ـ كالا، ئاتلار، پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەكلەر، ئالتۇندەك گۈللىرى بىلەن قۇياشقا بېقىپ تۇرغان ئاپتاپپەرەسلەر، قوناقلىقلار، بېدىلىكلەر... ئاپتوبۇس تېز كېتىۋاتقاچقا سىرتنىڭ مەنزىرىسىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئالمىشىپ تۇراتتى. ئەركىنمۇ تۇغلۇقنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، سىرتتىكى مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇشقا باشلىدى...

ئارىلىقتا تۇغلۇق ئازراق مۈگدەپ قالدى. ئەمدى ئۇلار گۈزەل بىر جىراغا كېلىپ توختىدى. يېشىل قارىغاي ۋە چىنارلار بىلەن قاپلانغان تاغلار ئارىسىدىكى بۇ جىرا ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى.

تۇغلۇقلار ئىككى چېدىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۇغلۇق چېدىرنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ خېلى ئۇزاققىچە قارىدى. بالىلار نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جىرا ئىچىدە چۇرقىرىشىپ ئويناشقا باشلىدى. تۇغلۇقمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوينىدى.

تۇغلۇقنىڭ بالىلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز قالغۇسى كەلدى. چۈنكى، ئۇ ھەقىقىي تۇغلۇقنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى، ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلسە ئۇنىڭ رولى تۈگەيتتى. تۇغلۇق بىر ئاماللارنى قىلىپ بالىلاردىن ئايرىلىۋالدى، بولۇپمۇ

ئەركىننى ئېزىقتۇرماق ئۇنىڭغا خېلىلا تەس كەلدى. ئەمدى ئۇ — ئۆزى يالغۇز تاغ چوققىسىغا قاراپ تېز ئۆرلىدى.

تۇغلۇق ئاق قار بىلەن قاپلىنىپ، تۇمان بىلەن ئورىلىپ تۇرغان چوققىغا چىقتى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، سىلەر بارمۇ؟ مەن ياسالما تۇغلۇق! — تۇغلۇق بەك كۈچەپ توۋلىۋەتكەن بولغاچقا تاغلاردىن ئەكس سادا قايتتى. تۇغلۇق كەينى - كەينىدىن ئۈچ قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن، ھېلىقى «بوم ئاۋاز» ئاڭلاندى.

— ھە، نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ ئاۋازىڭ ئەجەب چىڭ چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇغۇ سېنىڭ، بۇنچىۋالا ۋارقىراپ كەتكۈدەك نېمە ئىش بولدى؟ مېنى ئەكېتىڭلار، دېمەكچىمۇسەن؟

تۇغلۇق «بوم ئاۋاز»نىڭ بۇ يەردىمۇ جاراڭلايدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. ئاۋازنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— تۇغلۇق يەر شارىغا قايتىپ كەلمىگەندۇ؟

— ياق تېخى، ساڭا بىر گەپنى دەيلى دەپ تۇراتتۇق، قارىساق كۆل بويىغىمۇ كەلمىدىڭ، تېخى سېنى ئىزدەپ يۈرەتتۇق.

— مېنى ئىزدەپ تاپالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالمىغانسىلەر؟ — تۇغلۇق تەنە گەپ قىلىۋاتقاندەك بوشراق ئاۋازدا شۇنداق دېدى.

— ئۇنداققۇ ئەمەس، بىراق بىز بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ.

— سىلەر ماڭا دائىرىمۇ بەلگىلەپ قويغانمۇ؟

— ئەلۋەتتە، بەك يىراققا كەتسەڭ، سېنى ئىزدەپ تاپماق بىزگىمۇ تەس بولىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ سىلەرگىمۇ تەس كېلىدىغان ئىش بار ئىكەن - ھە!

— ھەي، باشقا گەپنى قوي، ساڭا دەيدىغان ھېلىقى گەپنى ئاڭلىغۇڭ يوقمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئاڭلىغۇم بار، بىراق پايدىلىق گەپ بولسا ئاڭلايمەن، بولمىسا...

— ۋۇي؟! پايدا - زىياننىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇۋاپسىنا،

سەنمۇ يەر شارىلىقلارغا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇردۇڭمۇ، نېمە؟ ئاۋازىڭمۇ باشقىچە چىقىدۇغۇ؟

— ھە، نېمە گەپتى، تېزرەك دېمەمسىلەر، مېنى ساۋاقداشلىرىم ساقلاۋاتىدۇ، بەك ئۇزاق يوقاپ كەتسەم ئۇقۇتقۇچىم بىلەن ساۋاقداشلىرىمنى پاتىپاراق قىلىپ قويىمەن.

— بۇ گەپتىنغۇ ساڭا پايدا يوق، شۇنداق بولسىمۇ ئاڭلاپ قويغىن. سەن ھازىرچە يەر شارىدىن قايتىپ كېلەلمەيدىغان بولدۇڭ، شۇڭا... — بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇق خۇشال بولدى. چۈنكى، ھازىر ئۇنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا قايتىپ بارغۇسى يوق، ھازىرقى بىردىنبىر ئارزۇسى ھەقىقىي تۇغلۇق بولۇپ، مۇشۇ يەردە ياشاپ قېلىش ئىدى. شۇڭا چاندۇرماي دەپ قويدى:

— نېمىشقا؟ ۋاقتىدا كېتەي دېسەم نېمانداق قىلىسىلەر، مەن زادى سىلەرگە... بولدى، بولدى، يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭلار، مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن، — قارىماققا تۇغلۇق قېيداپ گەپ قىلىۋاتقان بىلەن، كەتمەيمەن دېگىنى يۈرەك سۆزى ئىدى.

— قاقشىمىغىن، بىزگىمۇ باشقا ئامال بولماي قالدى، تۇغلۇقنى يوقىتىپ قويدۇق، ئۇنى جىددىي ئىزدەۋاتىمىز.

— ئۇنى تاپالماي قالساڭلارچۇ؟ — دەپ سورىدى تۇغلۇق خۇشلۇقىنى يوشۇرالماي.

— بىز ئامال قىلىپ تاپىمىز. چىداپ تۇرغىن، بىز ئۇنى تاپساقلا ئاپىرىپ قويۇپ، سېنى قايتۇرۇپ كېلىمىز، يەنە ئازراق جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ.

تۇغلۇق خۇشال بولۇپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ يېنىغا قاراپ يۈگۈردى.

# يەنە يالماۋۇزلار ماكانىدا

تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا بالىلارنىڭ ھەممىسى چېدىرنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپدان ۋە داشقازاننىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانىدى. بالىلارنىڭ چۇرقىراشلىرى خۇددى قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىغا ئوخشايتتى. راشىدىن مۇئەللىم بالىلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ ساننى ئېلىۋاتاتتى.

— مۇئەللىم، تۇغلۇق يوق تۇرىدۇ، — دېدى بالىلاردىن بىرى.

— مۇئەللىم، تۇغلۇقتىن باشقىلار تولۇق ئىكەن، — ئۆگىنىش ھەيئىتى زۇمرەت راشىدىن مۇئەللىمگە دوكلات قىلدى. راشىدىن مۇئەللىم بالىلارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئەركىندىن سورىدى:

— ئەركىن، تۇغلۇق سەن بىلەن بىللە ئىدىغۇ، قېنى ئۇ؟

ئەركىنمۇ باياتىن بېرى تۇغلۇقنى ئىزدەپ تاپالمايۋاتاتتى، شۇڭا گەدىنىنى قاشلىغىنىچە دۇدۇقلىدى:

— ئۇ مەن بىلەن بىللە ئىدى، تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. مەنمۇ ئىزدەپ تاپالمىدىم.

— كاۋاپ تەييار بولدى ! — ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە كەلگەن مەكتەپ ئاشپىزى بالىلارنى كاۋاپ يېيىشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن تۇغلۇقنى بىردەم ئۇنتۇپ، كاۋاپ - گۆش يېيىشكە باشلىدى. دالىدا يېيىلگەن تاماق ھەقىقەتەن لەززەتلىك بولاتتى.

تۇغلۇق پەسكە قاراپ يۈگۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ خۇددى ئېگىزگە ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيغۇدا كېلىپ قالدى. راست، ئۇ يەردىن

ئېگىزگە ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى. توغلۇق ئۆزىدە قانات پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇ رەسمىي پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇۋاتاتتى. قانات ئۇنىڭ مەيلىگە باقمايتتى، قاناتنى توغلۇق ئەمەس، قانات توغلۇقنى باشقۇرۇۋاتاتتى. توغلۇق ھەرقانچە قىلىپمۇ پەسكە چۈشەلمىدى، ئۇ ھەقىقەتەن تېز ئۇچۇپ ئۆرلەۋاتاتتى، توغلۇقنىڭ يەر شارىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ قاناتنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلالمىدى. ئەمدى ئۇ يەر شارىدىن ئايرىلىدىغىنىغا تەن بېرىپ كۆزلىرىنى يۇمدى. توغلۇق قانىتىنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ ئەسلىگە كەلگەن چاغدا، ئۆزىنى يالماۋۇزلارنىڭ قولىدا كۆردى.

— ھا ـ ھا ـ ھا، — يالماۋۇز پادىشاھ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن گۈلدۈرلەپ كۈلدى، — يارايسىلەر، توغلۇق دېگەننىڭ دەل ئۆزىنى تۇتۇپ كەپسىلەر.

— سەن، سۇمۇرغ بىلەن بىرلىشىپ ئۆزۈڭچە يوقاپ كەتمەكچىمۇ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ! ئادەملەرنىڭ قېنىنى ئىچمىگىنىمگە بەك ئۇزاق بولۇپ كېتىپتۇ، قارىسام سەن خېلى تەملىك بالىدەك قىلىسەن، بىراق سېنىڭ قېنىڭ ماڭا بىر يۇتۇم



ئۇسسۇلۇقلا بولالىسىمۇ هازىرچە قانائەت قىلىپ تۇراي، — يالماۋۇز پادىشاھ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن پايلاقچىلىرىغا ۋارقىرىدى، — بۇنى ھېلىقى غارغا سولاپ تۇتۇپ تۇرۇڭلار. بۇدا يەنە قېچىپ كەتتى، يوق تۇرىدۇ، دەپ كېلىشىدىغان بولساڭ، مەندىن ياخشىلىق كۆرمەن، دەپ خام خىيال قىلىشما!

پايلاقچى يالماۋۇزلار تۇغلۇقنى ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يالماۋۇز پادىشاھ بىر بۇيرۇق بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوردىغا يىغدى. ئادەتتە ئۇ ئالاھىدە ئىش بولمىسا ۋەزىرلەرنى ئوردىغا يىغمايتتى. شۇڭا، ۋەزىرلەر: «يەنە نېمە گەپ باردۇ؟» دەپ غەمگە پاتتى، كۆڭلىدە پادىشاھىمىزغا كېرەكلىك ئەقىلنى قايسىمىز تاپارمىز، دەپ ئويلاپ بىر - بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئۆز ئورۇنلىرىدا يوكۇنۇپ ئولتۇرۇشتى.

يالماۋۇز پادىشاھ يەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرغان ۋەزىرلەرگە ئەلەڭلەپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھەرقايسىڭ يەتتە بېشىڭنى كۆز - كۆز قىلغىلى ئەكىرمىگەندىكىن، باشلىرىڭنى يىغىشتۇرۇپ بىر باش بىلەنلا ئولتۇرۇشە! — پادىشاھ يەتتە بېشىنى قۇيۇنداك سىلكىپ بىر باشقا ئايلاندى. ۋەزىرلەرمۇ باشلىرىنى قۇيۇنداك سىلكىپ بىر باشقا ئايلاندى، — سىلەر، يەر شارى بالىسى قېچىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنداق قىلاتتۇق، مۇنداق قىلاتتۇق، دەپ ئەزۋەيلەپ كەتكەندىڭلار. ئۇنى يەنە تۇتۇپ كەلدۇق. ئەمدى يەر شارى بالىسىدىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدىكى گېپىڭلارنى قىلىڭلار. مىجەزىمنى ئوبدان بىلىسىلەر، پايدىلىق گەپنى قىلساڭلار ئالاھىدە تارتۇقلايمەن.

شاھنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئادەتتىمۇ ئانچە چىقىشالمايدىغان ۋەزىرلەر بىر - بىرىدىن قىزغانغاندەك گەپ تالاشقىلى تۇردى. ھەممىسى ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاچقا، يالماۋۇز پادىشاھ ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي ۋارقىرىدى:

— ھەي، توختاپ تۇرۇشمامسىلەر، گەپ قىلمىسام نېمانچە

ۋارقىرىشسەن، ئۇلۇق تەرەپتىن كەلسۇن، بىر - بىرلەپ سۆزلەش.
پادىشاھتىن بەك قورقىدىغان ۋەزىرلەر تېزلا تىنچلاندى. ئۇلۇق تەرەپتە پادىشاھقا يېقىن ئولتۇرغان ۋەزىر ياخشى يەردە ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى:
— مەن مۇنداق ئويلىدىم، — دەپ ئېغىز ئاچتى ئۇ ھېچ نەرسىنى ئويلىماستىنلا، — مەنچە ئۇ بالىنى ئوبدان بېقىپ چوڭ قىلىپ، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قېنىنى ئاز - ئازدىن ئېقىتىپ شاھىمىزغا...
تايىنى يوق بۇ گەپتىن پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىدى:
— بولدى بەس، بۇنى سەن دەپ بەرمىسەڭمۇ بىلىمەن. گېپىم بار دەۋاتقان گېپىنى قارا !
پادىشاھنىڭ بۇ گېپى، تۇنجى نۆۋەت ماڭا كەلدى، دەپ خۇشال سۆزلەۋاتقان ۋەزىرنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ خۇددى دادىسىدىن ئازار يېگەن كىچىك بالىدەك ئۇمچەيگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. پادىشاھ نۆۋەتتە كەلگەن يەنە بىر ۋەزىرگە قارىدى. ئۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئويلىغىنى يوق ئىدى، بىراق نۆۋەتتە كەلگەچكە گەپ قىلمىسا بولمايتتى.
— مەن، مەنچە... — ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — راست گەپنى قىلسام، بىزنىڭ ئادەم قېنىنى ئېتىپ باقمىغىنىمىزغا ئۇزاق زامانلار بولدى. بىز يەر شارىدىن قوغلانغاندىن بېرى مەنمۇ بىر تېمىم...
پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى - دە، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پادىشاھنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ۋەزىرلەر تىترەپ كەتتى.
باشقا ۋەزىرلەرگە قارىغاندا ئاقىلراق سانىلىپ قالغان قېرى ۋەزىر پادىشاھنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئىش قىلىشقا ماھىر بولۇپ كەتكەچكە، دەرھال ئېغىز ئاچتى:
— مەنچە بۇ ئادەم بالىسىغا چېقىلماي تۇرايلى. بىز بۇرۇنمۇ

ئادەملەرگە ئاز ئەسكىلىك قىلمىغان، ئۇلار بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق ئېلىشىشتا ئاساسەن بىز يېڭىلگەن، شۇڭا يەر شارىدا تۇرۇشقا ئامال بولماي، بۇ يەرگە قېچىپ كەلدۇق. ئادەم باللىرىنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغىنى يامانلىقنىڭ بېشارىتى، شۇڭا بۇ بالىنى هازىرچە ئوبدان ساقلاپ تۇرايلى. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى ئىشقا پايدىسى بار: بىرى، ئادەملەر بۇ بالىنى ئىزدەپ كېلىپ قالسا، ئۇ ئېزىقىپ قاپتىكەن، بىز ئىگە بولۇپ تۇردۇق، دەيمىز. يەنە بىرى، بىز ئۇنىڭ قېنىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئادەم قېنىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلايمىز، شۇڭا...— قېرى ۋەزىرنىڭ گەپلىرى پادىشاھقا بەك يېقىپ كەتكەچكە، بايىقى يامان ئەلپازىدىن يېنىپ قالدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ تۇرايلى، — دېدى پادىشاھ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — قالغىنىڭلار چىقىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار!

— خوپ! — ۋەزىرلەر كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھنىڭ يېنىدا پەقەت قېرى ۋەزىرلا قالغانىدى.

— سەن ناهايىتى ئاقىلانە گەپ قىلدىڭ، شۇڭا تۇغلۇقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئىشىغا سەن مەسئۇل بولغىن. سەن دېگەندەك ئادەم قېنىنىڭ تەركىبىنى ئېنىقلاش بەك مۇھىم، ئۇ بىزنىڭ قانداق ئۇزۇقلىنىشىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ئالدى بىلەن تۇغلۇقنىڭ قېنىدىن ئازراق ئېلىپ، تەركىبىنى ئېنىقلاشقا ئورۇنلاشتۇرغىن. بىراق، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ زىيان يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشنى قىلماڭلار.

تۇغلۇق قارا ئۆڭكۈر ئىچىدە نېمە قىلىشنى بىلەلمەي بەك بىئارام بولدى، سوغۇق ئۆڭكۈر ئۇنىڭ ئۇچۇن بەكمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. ئۇ شۇ چاغدا يەر شارىدىكىلەرنى ئەمەس، ئۆزى ياشىغان نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنى ئەسكە ئېلىپ: «راست، مەن ئاسمانغا قاراپ كۆچەپ ۋارقىراپ باقاي، ئاۋازىم نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرگە يەتسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى ـ دە، ياتقان يېرىدىن سەكرەپ

قويۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، بۇ يەردە كىم بار؟! مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! — توغلۇق بۇ گەپنى بىرنەچچە رەت تەكرارلىدى، غار ئىچىدە ئۇنىڭ ئەكس ساداسىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئەمدى ئۇ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياسالما توغلۇق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. شۇ چاغدا بىرنەچچە يالماۋۇز كىرىپ كەلدى - دە، ئۇنىڭ بىلىكىگە بىگىزدەك بىرنېمىنى تىقتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ياسالما بالا بولۇپ قاپتىكەن، راست بالا بولغان بولسا ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ كەتكەن بولاتتى. يالماۋۇزلارنىڭ كۆزلىرىدىن چىققان نۇر توچكىلىرى غار ئىچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. يالماۋۇزلار ھېلىقى بىگىزدەك نەرسىنى توغلۇقنىڭ بىردەم بىلىكىگە تىقسا، بىردەم پاچىقىغا تىقاتتى. نېمىگىدۇر ھەيران قالغاندەك بىر-بىرىگە قارايتتى، ئۇلارنى باشلاپ كىرگەن قېرى ۋەزىرمۇ ھەيران بولۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى توغلۇقنىڭ قېنىدىن ئازراق سۈمۈرۈۋېلىپ، تەركىبىنى ئېنىقلىماقچىدى. بىراق، توغلۇقنىڭ بەدىنىدىن بىر تېمىممۇ قان چىقمىغانىدى. قېرى ۋەزىرنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، توغلۇقنىڭ مىتمۇ قىلماي جىم تۇرغانلىقى بولدى. بۇ ئىش قېرى ۋەزىرنى بەك گاڭگىرىتىپ قويدى، شۇڭا پادىشاھقا بۇ ئىشنى يەتكۈزگىلى چىقىپ كەتتى. توغلۇق بۇ يىرتقۇچ يالماۋۇزلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي، تېخىمۇ بىئارام بولدى. نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەردىنمۇ خەۋەر يوق ئىدى. يالماۋۇزلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. ئۇ يەنە جان-جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى. شۇ چاغدا غارنىڭ شەرق تەرىپى يورۇغاندەك بولۇپ، ئاستا - ئاستا غار ئىچى خۇددى تالادەكلا يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا غايەت زور بىر قۇش — سۇمۇرغ تۇراتتى. توغلۇق يەر شارىدا نۇرغۇن قۇشلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنداق چوڭ قۇشنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— سەن يەر شارىدىن كەلگەن بالىمۇ؟ — سۇمۇرغنىڭ

يېقىملىق ئاۋازى تۇغلۇقنى خۇشال قىلىۋەتتى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا تۇغلۇقنىڭ سىنىپ مەسئۇلى راشىدىن مۇئەللىمنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتتى.

— مەن، مەن... — تۇغلۇق خۇشاللىقىدا راست گەپنى قىلماقچى بولۇپ، يەنە گېپىنى ئىچىدە ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياسالما تۇغلۇق ئىكەنلىكىنى دەۋېتىدىغانغا ئاز قالغانىدى.

— مەن يەر شارىدىن كەلگەن بالا، ئىسمىم تۇغلۇق.

— تۇغلۇق؟ — سۇمۇرغ نېمىنىدۇر ئەسكە ئالغاندەك بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئاپامۇ بوگۇن تۇغلۇق ئىسىملىك يەر شارلىق بالا بىلەن كۆرۈشىمەن دەۋاتاتتى، ئاپام كۆرۈشىدىغان ئاشۇ بالا سەن ئوخشىمامسەن؟

بۇ سۇمۇرغ ھېلىقى غاردا تۇغلۇق ۋە يۇلتۇز كۆزلۈك باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان سۇمۇرغنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىشلاردىن بۇ تۇغلۇقنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغاچقا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، شۇنداقتىمۇ گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالسا بولمايتتى. ئەمدى ئۇ يالغان گەپ قىلماقچى بولدى.

— سىز ئەسلىي چۆچەك يۇلتۇزدا ئىدىڭىزغۇ، قانداق قىلىپ يالماۋۇزلار ماكانىغا كېلىپ قالدىڭىز؟ ئاپام سىز بىلەن كۆرۈشۈپ، سىزنى... — سۇمۇرغنىڭ بۇ گەپلىرى تۇغلۇقنىڭ يالغان سۆزلىشىگە ئاسانلىق تۇغدۇردى.

— مەن سۇمۇرغ ئانىمىز بىلەن كۆرۈشكەن، مەن ئۇنىڭغا مېنى يەر شارىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز، دېسەم، مېنىڭ چۆچەك يۇلتۇزىدا ئازراق ئىشىم بار، سەن ئوغلۇمنى ئىزدە، ئۇ سېنى يەر شارىغا ئاپىرىپ قويسۇن، دېگەنىدى، مەن سىنى ئىزدەپ كېلىپ بۇ يالماۋۇزلارغا تۇتۇلۇپ قېلىشىمنى نەدىن بىلەي، — تۇغلۇق ئاپىسىدىن ئايرىلىپ قالغان كىچىك بالىدەك ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى.

— بولدى يىغلىما، بىز سېنى ئاپىرىپ قويايلى، تېز

دۈمبەمگە چىقە.

تۇغلۇق سۇمۇرغنىڭ دۈمبىسىگە مىندى، غار غايىب بولۇپ، پايانسىز ئاسمان پەيدا بولدى. سۇمۇرغ بىر ئۆرلەپ - بىر پەسلەپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.



# ياغاچ ئاتقا مىنىش

تۇغلۇق (راست تۇغلۇق) سۇمۇرغدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بىلەن بىللە چۆچەك يۇلتۇزنى زىيارەت قىلماقچى بولدى.

— تۇغلۇق، سەن بۇ يەردە موماڭنىڭ چۆچەكلىرىدە ئاڭلىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرەلەيسەن، بۇ يەرنى يەر شارى ئادەملىرى بىر قېتىممۇ زىيارەت قىلىپ باقمىغان. بىزنىڭ چۆچەك يۇلتۇزنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر يەر شارىسىمان يۇلتۇز دەپمۇ ئاتايدۇ. نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى يەر شارىغا بېرىپ كەلگەنلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، يەر شارىدىكى ھەممە نەرسە بۇ يەردىكىگە ئوخشايدىكەن. مانا سېنى كۆرۈپ بىز باشتا مۇشۇ يەرلىك بالىمىكىن، دېگەنىدۇق. سۇمۇرغ ئانا سېنىڭ ھەقىقىي يەر شارى بالىسى ئىكەنلىكىڭنى دەپ بەرمىگەن بولسا، مەنمۇ ئىشەنمىگەن بولاتتىم، سېنى سۇمۇرغ ئانا يەر شارىغا ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. سەن ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردە ئوبدان ئويىنىۋالغىن، موماڭنىڭ چۆچەكلىرىدە ئاڭلىغان نەرسىلەرنى بۇ يەردە ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانسەن؟

تۇغلۇق يۇلتۇز كۆزلۈك بالىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمىدى. لېكىن، ئۇ يەر شارىدىن ئايرىلغاندىن بۇيان نۇرغۇن ئىشەنمەيدىغان ئىشلارغىمۇ ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئويلاۋاتقىنى ئۆيىگە كېتىش ئىدى، ئۇ قولىدىكى مەڭگە قاراپ قويدى، مەڭدىن يەنە سادا كەلدى:

«سىزنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر ئىزدەۋاتىدۇ، ئۆزىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى تېز دەڭ، بولمىسا ئۇلار سىزنى تاپالمايدۇ، تېز

بولۇڭ !»

توغلۇقنىڭ ھازىرچە نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر بىلەن كۆرۈشكۈسى يوق ئىدى، شۇڭا گەپ قىلمىدى. توغلۇق گەپ قىلمىسىلا نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنىڭ ئۇنى ئىزدەپ تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ چۆچەك يۇلتۇزدا رۇخسەتسىز ھەرىكەت قىلىشى چەكلىنەتتى. ئەمدى توغلۇق مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىدىن ئاڭلىغان نەرسىلەرنى بۇ يەردە كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقتى.

— ئۇنداق بولسا مومامنىڭ چۆچىكىدە ئاڭلىغان ئۇ نەرسىلەرنى نەدە كۆرىمەن؟ — توغلۇق يۇلتۇز كۆزلۈك بالىدىن سورىدى.

— مەن سىزنى ھازىر ئاشۇ يەرگە ئەكېتىۋاتىمەن.

ئۇلار توغلۇقنىڭ مومىسىنىڭ مەھەللىسىگە ئوخشايدىغان، ئىككى قاسىنىقى بۇك - باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان يولدا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئالتۇن دەرۋازىلىق چوڭ بىر قورۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، شۇ ھامان دەرۋازا رەڭگارەڭ نۇرلارنى چاچرىتىپ ئاستا - ئاستا ئېچىلدى. يۇلتۇز كۆزلۈك بالا توغلۇقنى قورۇغا باشلاپ كىردى. بۇ تۇرلۇك مېۋىلەر مەي باغلاپ تۇرغان، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، قۇشلار نەغمە - ناۋا قىلىپ تۇرغان پايانسىز باغ ئىدى. بۇ شېرىن مېۋىلەرنى كۆرۈپ توغلۇقنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلدى، ئۇ شېرىن مېۋىلەردىن يېمەكچى بولۇپ ئىختىيارسىز قول ئۇزارتتى.

— قولىڭىزنى تارتىڭ ! — يۇلتۇز كۆزلۈك بالا ۋارقىراپ كەتكەچكە، توغلۇق چۆچۈپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ بىرەر تال تېتىپ باقاي دېگەنىدىم، — توغلۇق دۇدۇقلىدى.

— بۇلار سېھىرلىك مېۋىلەر، ئەگەر ئۇلاردىن يەپ قالسىڭىز ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىسىز. ھازىردىن باشلاپ ھەرقانداق ئىشنى مەندىن سوراپ قىلىڭ.

توغلۇق باشقا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار

پايانسىز باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەشمە بۇلاقلار ئۇنچە چاچرىتىپ تۇرغان بىر چىمەنزارغا كەلدى.

— مانا بۇ چىمەنزاردا سىز مومىڭىزنىڭ چۆچەكلىرىدە ئاڭلىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرەلەيسىز. سىز نېمىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، شۇنىڭ ئىسمىنى بوش تووۋلىسىڭىزلا، شۇ نەرسە كۆز ئالدىڭىزدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنى يوقىتىپ يەنە يېڭى بىر نەرسىنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، «غايىب بولغىن» دەپ بوش تووۋلىسىڭىزلا يوقايدۇ، بىر ۋاقىتتا ئىككى نەرسىنى تەڭ كۆرگىلى بولمايدۇ. مەن دېگەن گەپلەر ئېسىڭىزدە بولسۇن! مەن بۇ يەردە بولسام بولمايدۇ، مەن يوقاپ تۇراي، كېرەك بولسام ئىسمىمنى تووۋلىسىڭىزلا پەيدا بولىمەن، — يۇلتۇز كۆزلۈك بالا ئەنە شۇنداق دەپ، يەنە بەزى گەپلەرنى جېكىلىگەندىن كېيىن غايىب بولدى.

تۇغلۇق بۇ گۈزەل چىمەنزاردا يالغۇز قالغاندىن كېيىن، قايسى نەرسىنى كۆرۈشنى بىلەلمەي ئويلىنىپ قالدى.

— ھەي، توختاپ تۇر. مېنىڭ ھازىرقى مەقسىتىم ئۆيگە كېتىش، شۇڭا مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويىدىغان بىر نەرسىنى پەيدا قىلايچۇ. توغرا، ياغاچ ئات، ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسا ئۆرلەپ ئۇچىدىغان، سول قۇلىقىنى بۇرىسا پەسلەپ چۈشىدىغان ياغاچ ئاتنى پەيدا قىلاي، ئۇنى مىنىپ ئۆيگە كېتەي. ئەجەب ياخشى بولدى، ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئۆيگە كېتىدىغان بولدۇم، ئۆيگە كېتىدىغان بولدۇم! — تۇغلۇق خۇشلۇقىدا چاۋاك چېلىپ ۋارقىراپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇنداق خۇشال بولمىغىنىغىمۇ خېلى بولغانىدى.

— ياغاچ ئات، تېز پەيدا بولغىن!

شۇئان ئۇنىڭ ئالدىدا سۆلەتلىك، چاپچىپ تۇرغان، سۇتتەك ئاق، يالىسى ھەيۋەتلىك، قاناتلىق تۇلپار پەيدا بولدى. تۇغلۇق ئۇنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى، ئۇ ياغاچ ئات دېگەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئالدىدا تۇلپار تۇراتتى. ئاق تۇلپار بىردەم

چاپچىغاندىن كېيىن، تۆغلۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن تۇردى.

— ھە، يەر شارى بالىسى، قاچان كەلگەنىدىڭ؟ سەن تۆغلۇقمۇ، قۇتلۇقمۇ؟ مەندە بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

تۆغلۇق تۇلپاردىن قۇتلۇقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ بەك ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇن قۇتلۇقتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغانىدى. ئەمدى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىگە نەچچە كۈن بولۇپ كەتكەندۇ، تۆغلۇق ئۆزىنىڭ يۇلتۇزلار ئارىسىدا يۈرۈۋاتقىنىغا قانچە كۈن بولۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. لېكىن، ئۇنىڭغا قۇتلۇقنى كۆرمىگىنىگە نەچچە يىل بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. قۇتلۇق بىللە كەلگەن بولسا قانچە ياخشى بولاتتى ـ ھە ! ياق، ئۇنىڭ كەلمىگىنى ياخشى بوپتۇ. ئۇ دېگەن قورقۇنچاق تۇرسا، بۇنداق غەلىتە نەرسىلەرنى كۆرسە، بولۇپمۇ ھېلىقى يالماۋۇزلارنى كۆرسە قورقۇپ ھوشىدىن كەتكەن بولاتتى.

— ھەي، سەن نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ سەن تۆغلۇقمۇ، قۇتلۇقمۇ؟ — تۇلپار يەنە سورىدى.

— مەن تۆغلۇق، سەن قۇتلۇقنى قانداق بىلىسەن؟ سەن ئۇنى كۆرگەنمۇ؟ — تۆغلۇق تۇلپاردىن سورىدى.

— ھەي، مەن ھەر ئىككىڭلارنى كۆرگەن.

— نەدە؟

— موماڭنىڭ چۆچىكىدە.

— نېمە، موماڭنىڭ چۆچىكىدە؟ توغرا مەنمۇ سېنى چۆچەكتە ئاڭلىغان.

— ئىككىڭلار ئايرىلمايتتىڭلار، بۈگۈن يالغۇز قاپسەنغۇ؟ — تۇلپارنىڭ ئاۋازى تۆغلۇققا دوستى ئادىلنىڭ ئاۋازىنى ئەسلەتتى. ئۇ دوستلىرىنى تولىمۇ سېغىنغانىدى.

— مەن سېنى مىنسەم بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— سەن بەك ئېگىز ئىكەنسەن.

— مەن ساڭا يېتىپ بېرەي.

تۇلپار تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا يېتىپ بەردى، تۇغلۇق تۇلپارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ مومىسىنىڭ چۆچەكنى ئەسكە ئېلىپ تۇلپارنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىدى. تۇلپار بىرلا قانات قېقىپ ئاسمانغا ئۆرلىدى.

— پاھ، نېمىدېگەن تېز ئۇچىسەن. سەن مېنى مومامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغىن، تېز بولغىن، سەندىن خۇش بولاي.

ھەيۋەت بىلەن ئۇچۇۋاتقان تۇلپار تۇغلۇققا سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ، سەن بىزنىڭ يۇلتۇزغا مېھمان بولۇپ كەلگەن تۇرساڭ، يۇلتۇزىمىزدىكىلەرنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ سېنى ئاپىرىپ قويالمايمەن.

تۇغلۇق باشقا گەپ قىلالمىدى، تۇلپار يەنىلا توختىماي ئۆرلەۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا سەن مېنى نەگە ئاپىرىسەن؟

— سېنىڭ نەگە بارغۇڭ بار؟

— ئوينايدىغان يەر بولسا ئاپارساڭ بولاتتى.

— ئۇنداق بولسا سېنى بۇلۇت بالىلار مەھەللىسىگە ئاپىراي. ئۇلار ئويۇنغا بەك ئامراق. ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ يەر شارى بالىلىرىنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا تېزرەك ئاپارغىن.

ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تۇغلۇق ئالدىراپ قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ قانغۇدەك ئويۇن ئوينىمىغىلى ئۇزاق بولغان. نۇرلۇق يۇلتۇزدا ئەمدى پۇتبول ئويناي دەپ تۇرسا، بۇ يەرگە ياندۇرۇپ كېلىندى. بۇلۇت بالىلارنىڭ قانداق ئويۇنلارنى ئوينايدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ، تۇغلۇق ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تۇردى.

— مېنى بۇلۇت بالىلارنىڭ يېنىغا تېزرەك ئاپارغىنا.

— ئەمىسە سول قۇلىقىمنى بۇرا.

تۇغلۇق تۇلپارنىڭ سول قۇلىقىنى بۇرىغانىدى، تۇلپار ئاستا - ئاستا پەسلىدى. ئۇلار ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن پەسلەپ، ھەسەن - ھۈسەندەك نۇرلىنىپ تۇرغان بىر مەھەللىگە قوندى.

— بۇلۇت باللار مەھەللىسى مانا مۇشۇ، مەن كېتىپ تۇراي، ھەرقاچان ئىسمىمنى تۇۋلىساڭ يېنىڭدا پەيدا بولىمەن، — تۇلپار شۇنداق دەپ غايىب بولدى.

تۇغلۇق ئاپئاق بۇلۇتلاردەك يۇمشاق يولدا تۇرۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. بۇ يەردىكى ئۆيلەر، دەرەخلەر، يوللار، ھەممىلا نەرسە بۇلۇتتەك ئاق ۋە يۇمشاق ئىدى. خۇددى بۇلۇتنىڭ بىر پارچىسىدەك كۆرۈنىدىغان بۇلۇت قۇشلارمۇ ئۇنىڭ بېشىدىلا ئۇچۇپ، سايراپ يۈرەتتى. تۇغلۇق بۇ يەرگە بۇرۇن كېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، بۇ يەر ئۇنىڭغا تونۇش ۋە يېقىملىق تۇيۇلدى. تۇغلۇق قەدەملىرىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ خالىغان تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاپئاق بۇلۇت يولىدا ئىز قالدۇردى. شۇ چاغدا بۇلۇت باللارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆپ ئۆتمەيلا بەكمۇ يېقىملىق بىر ناخشا ئاڭلاندى. تۇغلۇق ناخشىغا قۇلاق سېلىپ ھەيران قالدى:

تۇغلۇق ۋە قۇتلۇق،
بىر - بىرىدىن شوخ.
ئۇلارغا ئامراق،
ھەر خىل ئويۇنچۇق.

ئوينايدۇ كۈندە،
پەقەت غېمى يوق.
ئويۇن بولسىلا،
قورسىقىمۇ توق.

بەزىدە تېخى،
يازماس تاپشۇرۇق.
تەتىل بولسىلا،
مەھەللىدە يوق،

لېكىن مىجەزى،
بەك ئوچۇق - يورۇق.
تاماقنى ئاز يەپ،
بەدىنى ئورۇق.

تۇغلۇق بۇ ناخشىدا قۇتلۇق ئىككىسىنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى، تېخى:

— كەلتۈرۈپتۇ، بەك كەلتۈرۈپتۇ، — دەپ قويدى. شوخ بۇلۇت بالىلارنىڭ ئاۋازى ئۇنى خۇددى ئۆز مەھەللىسىگە كېلىپ قالغاندەك خۇش قىلدى. ئۇ بۇلۇت يولىدا كېتىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تۇغلۇق، مەھەللىمىزگە كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىز تۇراتتى. تۇغلۇق ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— سىز يەر شارىدىن كەلگەن تۇغلۇق دېگەن بالا شۇمۇ؟ — بۇلۇت ئوغۇل تۇغلۇقتىن سورىدى.

— شۇنداق، مەن تۇغلۇق، سىلەر... — تۇغلۇق گېپىنى دەپ بولغۇچە بۇلۇت قىز ئۇنىڭغا تېزلا جاۋاب بەردى:

— بىز بۇلۇت بالىلار، نۇرغۇن بۇلۇت بالىلار سىزنىڭ كېلىدىغىنىڭىزنى ئاڭلاپ يولىڭىزغا قاراپ تۇرىدۇ، ئىككىمىز سىزنى ئالغىلى كەلدۇق.

— قىنى، بىزنىڭ پىكاپىمىزغا چىقىڭ ! — تۇغلۇق يوغان بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشايدىغان پىكاپقا چىقتى.

— ماڭايلى ! — بۇلۇت بالا شۇنداق دېيىشىگە بۇلۇت پىكاپ ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماي يەڭگىل مېڭىپ كەتتى. بۇلۇت پىكاپنىڭ ئۈستى ئوچۇق بولغاچقا تۇغلۇق ھەممىنى كۆردى.

قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان بۇلۇت بالىلار مەھەللىسى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. تۇغلۇقنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە بۇلۇتتەك ئاق ۋە پاكىز ئىدى. ئۆيلەر خۇددى ئويۇنچۇق ئۆيلەردەك چىرايلىق ئىدى. بۇلۇت قۇشلار بۇ مەھەللىدىكى بۇلۇت دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە سايراپ، ئۇچۇپ يۈرەتتى. تۇغلۇق بۇلۇت پىكاپتا ئولتۇرۇپ، بۇ يەردىكى مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىپ كېتىۋاتاتتى.



# بۇلۇت باللار

بۇلۇت بالا بىلەن بۇلۇت قىز تۇغلۇقنى بۇلۇت پىكاپ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاپئاق مەھەللىسىنى سەيلە قىلدۇرۇۋاتاتتى.

يول ياقىلىرىدا تۇرلۇك ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرگەن باللار شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردە بىرمۇ چوڭ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. تۇغلۇق ئۆزىنى قارشى ئېلىپ بۇلۇت گۈللەرنى پۇلاڭلىتىۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىمۇ بىرەر چوڭ ئادەمنى كۆرمىدى. بۇ يەردىكى ئاپئاق مەنزىرىلەر ۋە ئاق كۆڭۈل بۇلۇت باللارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن تۇغلۇقنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغاچقا، بىر ئىشلارنى بىلىشكە ئالدىرىدى.

— بۇ يەردە چوڭ ئادەملەر يوقمۇ؟ — تۇغلۇقنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىغا بۇلۇت بالا بىلەن بۇلۇت قىز دەماللىققا جاۋاب بېرەلمىدى. ئۇلار «چوڭ ئادەم» دېگەن گەپنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغانىدى. تۇغلۇق ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، باشقىچە سورىدى:

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە سىلەرنى باقىدىغان ئاتا ـ ئانىلار يوقمۇ، سىلەرنى كىم باقىدۇ، سىلەرنى ئوقۇتىدىغان مۇئەللىملەر يوقمۇ؟

بۇلۇت بالا تۇغلۇقنىڭ گېپىنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ چۆچەك يۇلتۇزدىكى بەزى باللاردىن، ئاتا ـ ئانا، مۇئەللىم، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى.

— ھەي، سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرسەم بولار، راست گەپنى قىلساق، بۇ يەردىكى باللارنى ھېچكىم تۇغمىغان، ھېچكىم بېقىپ چوڭ قىلمىغان، بۇ يەردىكى بۇلۇت باللار چوڭ بولماي مۇشۇنداق

بالا پېتى تۇرۇۋېرىمىز.

ئەگەر تۇغلۇق بۇ گەپنى بۇرۇن ئاڭلىغان بولسا: «پاھ، نېمىدېگەن ياخشى، ئەمىسە سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلار يوق ئىكەن ـ دە، ئاتا ـ ئانا بولمىغاندىكىن قانغۇدەك ئويناپدىكەنسىلەر ـ دە، ئاتا ـ ئانا، مۇئەللىم دېگەنلەر يوق بولسا نېمىدېگەن ياخشى» دەپ سەكرەپ كەتكەن بولاتتى. بىراق، ھازىر ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنى سېغىنىپ تۇرغاچقا ئۇنداق دېيەلمىدى. بۇلۇت پىكاپ يەنە بىردەم غۇيۇلداپ ماڭغاندىن كېيىن، بۇلۇت باللار توپلىشۋالغان بىر مەيدانغا كېلىپ توختىدى.

بۇلۇت باللار تۇغلۇقنىڭ ئالدىغا ئەدەپ بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— سىزدەك يېڭى دوست بىلەن تونۇشقانلىقىمىزدىن بەك خۇشالمىز.

— مەھەللىمىزگە كەلگەنلىكىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

— بىز سىزگە نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئۆگىتىپ قويىمىز.

ئويۇن ئۆگىتىپ قويىمىز، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇقنىڭ ئاچچىقى كەلدى. تۇغلۇقنىڭ تىلنى تېز ئۆگىنىۋالدىغان ئالاھىدىلىكىدىن باشقا يەنە بىر ئالاھىدىلىكى كونا ـ يېڭى تۈرلۈك ئويۇنلارنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئويۇن ئۆگىتىپ قويىمىز، دېگەن گېپىنى ئانچە ياقتۇرمىدى ۋە ئويۇن ئۆگىنىمەن دېسەڭلار مەندىن ئۆگىنىڭلار، دەپ پىچىرلاپ قويدى. بۇ گەپنى شۇنچە ئاستا دېگەن بولسىمۇ ئۇنى بۇلۇت بالا ئاڭلاپ قالدى:

— ھە، سىز بىزگە قانداق ئويۇنلارنى ئۆگىتىپ قويالايسىز؟ — بۇلۇت بالىنىڭ سوئالى تۇغلۇقنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. ئۆزىنى قىزغىن كۈتۈۋاتقانلارغا ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىدىن خىجىل بولدى.

— ياق، ياق، مەن سىلەردىن ئويۇن ئۆگىنىمەن، مەن بىلىدىغان ئويۇنلار كۆپ ئەمەس، مەن مېھمان بولغاندىكىن، ئالدى بىلەن سىلەردىن ئۆگىنەي.

— سىز بىزنىڭ بەزى ئويۇنلىرىمىزنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەيسىز. بولۇت قىزنىڭ تويۇقسىزلا دېگەن بۇ گېپى تۇغلۇققا ئاھانەت بولۇپ تۇيۇلدى. تۇغلۇقنىڭ ھاكاۋۇر بالىلار بىلەن خۇشى يوق ئىدى، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا، ئۇ بولۇت قىزغا قاتتىقراق گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ مېھمان بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوغۇل بالا تۇرۇپ قىز بالا بىلەن تەڭ بولسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— مەن سىلەرنىڭ ئويۇنۇڭلارنى مەڭگۈ ئۆگىنەلمەمدىمەن؟

— ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقىپ كەتتى، بولۇت بالا تۇغلۇقنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى پەملىدى، شۇڭا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويدى:

— بىز قىلالىغان ھەرقانداق ئىشنى سىز چوقۇم قىلالايسىز، بولۇت قىز سىزنى ئانچە چۈشەنمىگەچكە مۇنداقلا دەپ قويدى، چاقچاق دەپ بىلىڭ ـ ھە.

— مەن... — بولۇت قىز تېرىكىپ تۇرۇپ بىر نەرسە دېمەكچى بولغانىدى، بولۇت بالا ئۇنىڭ گېپىنى توختىتىپ قويدى. بولۇت قىز ئادەتتە گەپدان، تېرىككەك بولسىمۇ، بولۇت بالىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ جىم بولدى. تۇغلۇق بولۇت قىزغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— ئەمدى باشقا گەپنى قىلىشمايلى، تۇغلۇقنىڭ مەھەللىمىزگە كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىپ تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايلى، باشقا بالىلارمۇ بىزگە قاراپ تۇرىدۇ.

باشقا بولۇت بالىلارمۇ تۇغلۇق بىلەن قانداق يېڭى ئويۇنلارنى ئوينايدىغاندىمىز، دەپ كۈتۈپ تۇراتتى.

— بالىلار، — دېدى بولۇت بالا تۇغلۇقنى كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ تۇرغان بالىلارغا، — ھازىر بىز تۇغلۇق بىلەن بىللە ناخشا ئېيتايلى.

بولۇت بالىنىڭ گېپىدىن كېيىن دۇتار، تەمبۇرنىڭ ياڭراق

كۈيگە ئوخشايدىغان جۇشقۇن بىر كۈي جاراڭلىدى. پائۇزا ئاياغلىشىش بىلەن ھەممەيلەن تەڭ ناخشا باشلىدى:

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ،
ھەربىرى بىر ئادەممۇ،
ياكى ئۇلار يىراقتا،
يېنىپ تۇرغان ئالەممۇ.

كۆرۈنمىدىڭ ئەي دوستۇم،
ئاي، يۇلتۇزدەك مۆكۈنۈپ.
ئايان بولغىن، ئوينىغىن،
قالما يەنە ئۆكۈنۈپ.

بىز ھەممىمىز شوخ بالا،
ئويۇننى كۆپ ئوينايمىز.



ئىناق ـ ئىجىل ئۆتىمىز،
ئاداۋەتنى ئۇقمايمىز.

بۇ ناخشا بەكمۇ جاراڭلىق ئېيتىلغاچقا، پۈتۈن ئاسماندا ئەكس سادا ياڭرىدى. تۇغلۇق خۇددى بۇ ناخشىنى ئىلگىرى ئېيتىپ باققاندەكلا بۇلۇت باللارغا قوشۇلۇپ ئېيتىپ كەتتى.

— تۇغلۇق، سىز مېھمان بولغاندىكىن، قانداق ئويۇن ئويناشنى سىز دەڭ، بولامدۇ؟ يەر شارىدىكى باللارنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرى كۆپ دەپ ئاڭلىغان بولساقمۇ، بىز ئۇ ئويۇنلارنى ئويناپ باقمىغان، — دېدى بۇلۇت بالا سەممىيلىك بىلەن.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بۇ يەردە كۆل ياكى چوڭراق ئۆستەڭ بارمۇ؟

— نېمە قىلىسىز؟

— مەن سىلەر بىلەن سۇ ئۈزۈش ۋە سۇغا شۇڭغۇشنى بەسلىشەيمىكىن دەيمەن، بۇ ئويۇندا سىلەر چوقۇم مەندىن يېڭىلىپ قالىسىلەر.

— ھەي، نېمە دەيدىغانسىز، سۇ ئۈزۈش، سۇغا شۇڭغۇش دېگەنلەر بىز ئۈچۈن ئويۇن ئەمەس، شۇنىمۇ ئويۇن دەۋاتامسىز؟ — دېدى بۇلۇت قىز تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە سىلەر قانداق ئويۇننى ئويناپسىلەر؟ سىلەر لەگلەك ئۇچۇرۇشنى بىلەمسىلەر؟ كاڭكى تېپىلىشىنچۇ؟ نۇر پىرقىرىتىش، كاڭكى تېپىلىش، رەگەتكە بىلەن قۇشقاچ سوقۇش، قەغەزدىن قۇش ۋە پىرقىرىغۇچ ياساش، ياڭاق ئويۇنلىرى، ۋەللەي، دۇگۇلچەك ئويۇنلىرىنى ئاڭلاپ باققانمۇ سىلەر؟ بىز ئويناپدىغان ئويۇنلارنى دېسەم ـ دېسەم تۈگىمەيدۇ، شۇنچىۋالا كۆپ ئويۇننى بىلىدىغان تۇرسام، سىلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى بىلمەي قالارمەنمۇ؟

— بولدى، بولدى، ئۇنداقمۇ دېيىشىپ كەتمەڭلار، تۇغلۇق

مېھمان بولغاندىكەن، ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئۆيۈنىمىزنى كۆرسۇن.

تۆغلۇق بۇلۇت بالىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن بۇلۇت ئولتۇرغۇغا كېلىپ ئولتۇردى. باشقا بۇلۇت بالىلارمۇ خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك قاتار تىزىلىشىپ ئولتۇرۇشتى، شۇ چاغدا تۆغلۇقلارنىڭ ئالدىدا ئايئاق بىر سەھنە پەيدا بولدى. بۇلۇت بالا تۆغلۇققا تونۇشتۇردى:

— ھازىر بىزنىڭ ئۆيۈنچى بالىلىرىمىز سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى تەبرىكلەپ ئۆيۈن كۆرسىتىدۇ. بايىقى بۇلۇت قىز ئالدى بىلەن ئۆيۈن كۆرسىتىدۇ.

رىياسەتچى قىز سەھنىگە چىقىپ، قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن ئېلان قىلدى:

— ھۆرمەتلىك بالىلار، بۈگۈن بىزنىڭ بۇلۇت مەھەللىمىزگە يېقىن دوستىمىز تۆغلۇق مېھمان بولۇپ كەلدى، بىز ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال. قېنى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالايلى !

بۇلۇت بالىلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى، تۆغلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قويدى. چاۋاكتىن كېيىن رىياسەتچى قىز گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھازىر سەھنىمىزدە ئۆيۈنچى بالىلارنىڭ باشلىقى بۇلۇت قىز «خىلمۇخىل ئۆزگىرىش» ناملىق ئۆيۈننى كۆرسىتىدۇ. قېنى، سەھنىگە مەرھەمەت !

چاۋاكتىن كېيىن سەھنىگە بۇلۇت قىز چىقىپ ئۇسسۇل ئوينىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق يېنىك ۋە لەرزان ئىدى، ئۇ قولىنى قاناتتەك ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتلەندۈرسە خۇددى ئاق قۇدەك كۆتۈرۈلەتتى، لېكىن ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ يەنە چۈشەتتى. ئۇ خالىسا خۇددى سۇمۇرغدەك پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتى، بىراق ئۆيۈن كۆرسىتىش دائىرىسى بەلگىلەنگەن

بولغاچقا، سەھنىدىن ھالقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ لەرزان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ شوخ ۋە نەپىس ئۇسسۇل ئوينىغاندىن كېيىن، بىردىنلا جانلىنىپ ناخشا باشلىدى. مۇزىكىمۇ ئۆزلۈكىدىن شوخ ۋە ياڭراق پەدىگە ئالماشتى:

كۆكتە بۇلۇت بالىمەن،
دائىم يەرگە باقىمەن.
چاقماق بولۇپ يانىمەن،
يامغۇر بولۇپ ياغىمەن.

بۇلۇت قىز بىرلا موللاق ئېتىپ بىر پارچە قارا بۇلۇتقا ئايلاندى ـ دە، گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتۇردى، ئاندىن بۇنداق ھالىتىنى كۆپ كۆرسەتمەيلا، يەنە ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى:

قانات قىلىپ شامالنى،
يىراقلارغا ئۇچىمەن.
بەزى چاغدا يەرگىمۇ،
خۇددى قۇشتەك قونىمەن.

بۇلۇت قىز بىر دومىلاپلا يامغۇر قىزغا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ بوي ـ بەستى بۇلۇت قىز بىلەن تەڭمۇتەڭ بولسىمۇ، سۇدەك نۇرلىنىپ جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، دېمەك ئۇ سۇ قىزغا ئايلانغانىدى. سۇنىڭ ئادەمدەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان تۇغلۇق ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

ئۆزگىرىمەن خىلمۇخىل،
بەزى چاغدا يامغۇرمەن.
تاغ بېشىدا ئاق تۇمان،
مەلىمىزدە مۆلدۈرمەن.

بۇلۇت قىز ناخشا ئېيتقاچ مۆلدۈر قىزغا ئۆزگەردى. بۇنى كۆرۈپ تۇغلۇق مۇزلىغاندەك قىلدى ۋە ئويلىدى: «ھە، بوۋام - موماملارنىڭ ئېتىزلىقلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن مۆلدۈرلەر ئەسلىدە مۇشۇ ئىكەن - دە، خەپ قاراپ تۇر، بۇ ھەقتە سەنلەر بىلەن ئايرىم ھېسابلىشىمەن.» لېكىن، بۇلۇت قىز كۆرسىتىۋاتقان ئويۇنلار ئۇنى قىزىقتۇرۇۋاتقاچقا سەھنىگە تىكىلدى، مۇزىكا بىردىنلا شوخ پەدىدىن مۇڭلۇق بىر پەدىگە ئالماشتى، بۇلۇت قىزمۇ ئۇسسۇلنى يېنىك ۋە لەرزان ئوينىدى.

ئاپئاق - ئاپئاق قار بولۇپ،
يەرگە چۈشۈپ ئوينايمەن.
ئايلىنىپ قار بالىغا،
مەلىڭىزدە توختايمەن.

بۇلۇت قىز بىرلا دومىلاپ قار قىزغا ئايلاندى. تۇغلۇق بۇلۇت قىزنى ھاكاۋۇر ئىكەن، دەپ ئانچە ياقتۇرماي قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. قالغان بالىلارمۇ قوشۇلۇپ چاۋاك چالدى. بۇلۇت قىز نومۇرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، باشقا ئويۇنچى بۇلۇت بالىلارمۇ تۈرلۈك ئويۇنلارنى كۆرسەتتى، ئويۇنلار ھەقىقەتەنمۇ بىر - بىردىن قىزىقارلىق ئىدى. بۇ ئويۇنلارنى كۆرۈپ، تۇغلۇق خۇددى مەكتىپىدە بالىلار بايرىمى ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. بۇلۇت قىز سەھنىدىن چۈشۈپ تۇغلۇق بىلەن بۇلۇت بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە شۇ ھاكاۋۇرلۇق، خۇددى تۇغلۇققا «قانداقكەنمەن» دەۋاتقاندەك ئىدى.

# تۇغلۇق پەيدا بولدى

تۇغلۇقنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى ئەركىننى بەكمۇ خىجىل قىلدى، چۈنكى ئىككىسى بالىلاردىن ئايرىلىۋېلىپ تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا ياماشقان، نەچچە ئۆڭكۈرگىمۇ بىللە كىرگەنىدى، تۇغلۇقنىڭ قانداق يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئەركىنمۇ بىلمەيلا قالدى، بالىلار تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەپ تۇغلۇقنى تاپالمايۋاتاتتى. راشىدىن مۇئەللىم بەك ئەنسىرەپ كەتكەنىدى. ھەي، تاغ دېگەندە تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار بار تۇرسا، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم قانداق جاۋاب بېرىدۇ؟ تۇغلۇقنىڭ ساۋاقداشلىرى جىرالارغا كىرىپ توۋلايتتى:

— تۇغلۇق !

تاغدىن ئەكس سادا كەلگەندىن باشقا، تۇغلۇقنىڭ دېرىكى بولمايۋاتاتتى. راشىدىن مۇئەللىم تۇغلۇقنى ئىزدەيمىز، دەپ باشقا بالىلارنىمۇ يىتتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، بالىلارنى چېدىرغا قايتىشقا بۇيرۇدى. بالىلار چېدىرغا يىغىلدى. كەچلىك تاماق تەييار بولغان بولسىمۇ، بالىلارنىڭ تاماققا رايى يوق ئىدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ھەۋەس بىلەن كاۋاپ پىشۇرغان ئەركىنمۇ خۇددى روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك بىر چەتتە سولىشىپ ئولتۇراتتى.

ئەركىن بىلەن تۇغلۇقلارنىڭ ئۆيى بىر بىنادا، ئەركىن ئۈچىنچى قەۋەتتە، توغلۇق ئىككىنچى قەۋەتتە ئىدى. ئۇلار مەكتەپتىمۇ، مەھەللىدىمۇ بىللە يۈرەتتى. ئەركىن تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى، ئۇ تېخى دائىم تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ جېدىلىنى ئايرىپ تۇراتتى.

— سەن ئۆكام بولغاندىكىن، ئەركىن ئىككىمىزنى ئايرىم ئوينىغىلى قويۇپ، ئۆزۈڭنىڭ دوستلىرى بىلەن ئوينىغىنا، — دەيتتى تۇغلۇق بەزىدە قۇتلۇققا.

— ئەركىن يالغۇز سېنىڭ ئادىشىڭمىدى، ئۇ مېنىڭمۇ ئادىشىم، مېنى ئۆكام دېمىگىنە، ئىككىمىز تەپمۇتەڭ ...

— بولدى، بولدى، يوق ئىشقا تاكاللاشماڭلار، ھېلى بىكار مۇشتلىشىپ قالىسىلەر، ئۈچىمىز بىللە ئوينىساقمۇ بولىۋېرىدۇ، — دەپ ئەركىن ئىشلارنى خۇددى چوڭ ئادەملەردەك ئەپلەشتۈرەتتى.

بىر قېتىم، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق يەنە تاكاللىشىپ قالدى :

— ئاكام ئەمەس دېگەندىكىن ئاكام ئەمەس، — قۇتلۇق ئۇششۇقلۇق بىلەن ھۆرپەيدى.

— ئەمىسە سەن ئۆكام بولماي نېمە؟ — تۇغلۇقمۇ تېرىكىپ ۋارقىرىدى.

— ئاكام بولساڭ مەن بىلەن مۇشتلىشالامسەن، — قۇتلۇق يەڭلىرىنى شىمايلاپ تۇغلۇققا گۆلەيدى.

— ھەي، ھەي، ئاكاڭ سەندىن قورقۇپ قالمايدۇ، تولا يوغان گەپ قىلماي ئويۇنۇڭنى ئوينىغىنا، — ئەركىن بەزىدە ئۇلارنى قەستەن سوقۇشتۇرۇپمۇ قوياتتى.

— قورقمىسا مەيدانغا چۈشۈپ باقمىسۇنمۇ؟ — قۇتلۇق چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋەتتى.

تۇغلۇق قۇتلۇقنى ئۆزىدىن كىچىك دەپ قارىغاچقا ئۇنىڭغا تولىراق يول قوياتتى. بەزى چاغلاردا ئۇنى ئايرىم ئوينا، دېگەن بىلەن ئادەتتە ئۇنىڭدىن بىردەم ئايرىلىپ چىدىمايتتى. ئۇلار تولىراق قۇتلۇقنىڭ ئۇششۇقلۇق قىلىشى بىلەن سوقۇشۇپ قالاتتى. قۇتلۇق كىچىك بولغان بىلەن تۇغلۇقتىن كۈچلۈك ئىدى، مۇشتلىشىش، چېلىشىشلاردا تۇغلۇقنى يېڭىۋالاتتى. شۇ تاپتا، قۇتلۇقنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ تۇغلۇقنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۇمۇ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ مەيدانغا چۈشتى. ئەركىننىڭمۇ رېپىرى بولۇپ، ئۇلارغا قوماندانلىق قىلىشقا باشلىدى.

— ھە، ئەمىسە، قائىدە بويىچە قۇتلۇق كەينىڭگىرەك تۇرە، تۇغلۇققا يېپىشىۋالما! قېنى، بۇيرۇقۇمغا دىققەت قىلىڭلار - ھە - ھە! باشلاندى!

قۇتلۇق تېز ھۇجۇمغا ئۆتتى. تۇغلۇق تەبىئىي ھالدا ئۆزىنى قوغدىدى. قۇتلۇق جان - جەھلى بىلەن كۈچەپ مۇشت ئېتىۋاتقان بولسىمۇ، تۇغلۇق ئۆزىنى قوغداپ مۇشت ئاتمىدى، تۇغلۇقنىڭ قۇتلۇقنى ھەرگىز مۇشتلىغۇسى يوق ئىدى. بىراق، قۇتلۇق بارغانسېرى كۈچەپ تۇغلۇقنىڭ بۇرنىغا بىر مۇشت قويۇۋىدى، شۇئان بۇرنى قاناپ كەتتى.

ئەركىن چېدىردا خېلى ئۇزاققىچە ئۇيقۇسى كەلمەي تۇغلۇقنى ئەسلەپ ياتتى. راشىدىن مۇئەللىم، ئاشپەز ۋە ساياھەت ئورنىدىكى بىرنەچچە چوڭلار تۇغلۇقنى ئىزدەپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. تۇغلۇقنىڭ باشقا ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى تۇغلۇقنىڭ ساق - سالامەت قايتىپ كېلىشى ئىدى. ئارىلىقتىن ئىككى سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن راشىدىن مۇئەللىم قاتارلىقلارمۇ قايتىپ كەلدى. ئۇلار:

— ھەي، ئەمدى باشقا ئامال قالمىدى، تاڭ ئاتقاندا بىر گەپ بولار، — دېيىشىپ چېدىرلىرىغا كىرىپ كەتتى.

ئەركىن ئۆزىنى شۇنچە زورلاپمۇ ئۇخلىيالمىدى. باشقا ساۋاقداشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پۈشۈلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ ئولتۇردى. تولۇن ئاي نۇرىنى چېچىپ تۇرغاچقا تاغ ئىچى يورۇپ تۇراتتى. ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەن تاغ مەنزىرىسى كۈندۈزدىكىدىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. يىراقتىن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ گۈڭگۈلدىغىنىغا ئوخشايدىغان غەلىتە ئاۋاز ئاڭلىناتتى، يېقىنلا يەردىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنى ئاڭلىناتتى. ئەركىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىنى تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغان بولغاچقا، بۇ ئاۋازنى پەرق قىلدى.

بۆرىنىڭ ھوۋلىشى ئۇنى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى، شۇڭا ئۇ جىددىيلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاياغ تىۋىشىدەك يېنىك ئاۋاز ئاڭلاندى. باشتا ئەركىن بۇ ئاۋازغا ئانچە ئېرەن قىلمىدى، چۈنكى بۇ تاغ ئىچىدە يىلان ـ كەسلەنچۈك دېگەندەك جانىۋارلار ماڭسىمۇ، ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشايدىغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى. بىراق، بۇ ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئەركىننىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيۇپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ كەينىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنىڭ تۇغلۇقنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى، شۇڭا كەينىگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپلا ۋارقىرىۋەتتى:

— تۇغلۇق!

— ئەركىن، مەن قايتىپ كەلدىم!

بۇ ئاۋازلاردىن چېدىردىكىلەرمۇ ئويغىنىپ كەتتى. ئەركىن بىلەن تۇغلۇق ئۇزاق ئايرىلىپ قايتا كۆرۈشكەن قېرىنداشلاردەك قۇچاقلاشتى. راشىدىن مۇئەللىممۇ تالادا ئولتۇراتتى، ئەركىن بىلەن تۇغلۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. باشقا بالىلارمۇ ئەركىن بىلەن تۇغلۇقنى ئارىغا ئېلىۋالدى. راشىدىن مۇئەللىم تۇغلۇقنى باغرىغا باستى، ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك بىردىنلا يېنىكلەپ قالدى. تۇغلۇقمۇ ھازىر يەر شارى بالىلىرىغا ئوخشاش خۇشال بولۇشنى، ھاياجانلىنىشنى، يىغلاشنى ئۆگىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ راشىدىن مۇئەللىمنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى.

كېچە تاغ ئىچى خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ تۇراتتى. تاڭ ئېتىشقا يەنە نەچچە سائەت قالغان بولسىمۇ، بالىلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى.

— مۇئەللىم، بۈگۈن تۇغلۇق يوقاپ كېتىپ تۇزۇك ئوينىيالمىدۇق، ئەمدى تۇغلۇق تېپىلدى، بەربىر ئۇخلىيالمىغاندىكىن بىردەم ئوينايلىچۇ.

— بولىدۇ، — دېدى راشىدىن مۇئەللىم خۇشلۇقىنى باسالماي، — ئالدى بىلەن بىر يەرگە يىغىلايلى.

توغلۇق ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنىڭ ياسالما توغلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ھازىر ئۇ، بۈگۈن نەدە ئېزىقىپ قالدىڭ، دېگەن سوئالغا ئىشەنچلىك جاۋاب بېرىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى.

باللار يېشىل يايلاقتا چەمبىرەك بولۇپ ئولتۇردى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپ گەپ باشلىدى راشىدىن مۇئەللىم بۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ جۇشقۇن كەيپىياتتا، — توغلۇقنى قانداق ئېزىقىپ قالغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى.

باللارچاۋاك چېلىپ كەتتى. توغلۇق تېخى تەييارلىق قىلىپ بولمىغاچقا، سەل تەمتىرەپ تۇرۇپ قالدى. راشىدىن مۇئەللىم ئۇنىڭغا مەدەت بەردى.

— بۇمۇ بىر ئويۇن، راست بولسۇن، يالغان بولسۇن توغلۇق قىزىقارلىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بەرمىسە بولمايدۇ.

ياسالما توغلۇقنىڭ يالغان سۆزلەش ۋە ھېكايە سۆزلەش قابىلىيىتىمۇ ئالاھىدە ياسالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايخان مومايدىن ھېكايە ئاڭلاپ يۈرۈپ، مەلۇم تەجرىبىگىمۇ ئىگە بولۇپ قالغانىدى. توغلۇقنىڭ ساۋاقداشلىرى بۇرۇنمۇ توغلۇقتىن تۈرلۈك ھېكايە ـ چۆچەك ۋە مەسەللەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى. توغلۇق مومىسىدىن ئاڭلىۋالغان ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇزارتىپ، قىزىقارلىق قىلىپ ئېيتالايتتى. ياسالما توغلۇقمۇ راست توغلۇقتەك ھېكايە ئېيتىشقا باشلىدى:

— مەن ئەركىندىن قانداق ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەي قالدىم. بىر چاغدا ئۆزۈمنى گۈلخانلار يېنىپ تۇرغان ئۆڭكۈردە كۆردۈم. ئۇ يەردە ئېيىقسىمان ياۋايى ئادەملەر تۇراتتى، ئۇلار مېنىڭ پۇت ـ قولۇمنى باغلاپ قويغاچقا مىدىرلىيالمايتتىم،

ئەتراپىمغا نۇرغۇن ياۋايى ئادەملەر يىغىلىشىپ، ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. مەن قورقۇپ كېتىپ كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇۋالدىم. بىر چاغدا ياۋايى ئادەملەر: «كەلدى، كەلدى!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى، ئەسلى ئۇلارنىڭ باشلىقى كەپتىكەن. بايا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشۋاتقانلارمۇ جىمىپ قالدى. باشقىلاردىن بەستلىك، سالماق كەلگەن ياۋايى ئادەم ماڭا تازا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ، يۈزۈمگە تەگكۈزگەن بارمىقىنى يالاپ باقتى.

— يېشىۋېتىڭلار، كىچىك بالىنى بۇنچىۋالا باغلىۋەتكەن بارمۇ؟ نېمە قىلالايتتى ئۇ، يېشىۋېتىڭلار!

ئۇلار مېنى يېشىۋەتتى، پۇت ـ قوللىرىم كۆيۈشۈپ قالغاچقا ئورنۇمدىن تەستە تۇردۇم.

— ھەي، بۇ ئادەم بالىسىدەك قىلمايدۇغۇ؟ — دېدى ياۋايى ئادەملەرنىڭ باشلىقى مېنى تۇتۇپ كەلگەنلەرگە گۇمانلىق قاراپ، — سىلەر بۇنى نەدىن تۇتۇۋالدىڭلار؟ مەن سىلەرگە دائىم ئادەم بالىلىرىغا چېقىلماڭلار، ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان دەيتتىمغۇ؟

— بىزمۇ ئۇنى تۇتۇپ كېلەيلى دېمىگەن. ئۇ تاغ ئارىسىدا ئېزىپ قاپتىكەن، ئۇنىڭغا بۆرە، ئېيىقلار زىيانكەشلىك قىلىپ قالمىسۇن دەپ ياندۇرۇپ كەلدۇق، — دېدى مېنى تۇتۇپ كەلگەنلەردىن بىرى.

ياۋايى ئادەملەرنىڭ باشلىقى بارماقلىرىنى باش ـ كۆزۈمگە يەنە بىر قېتىم تەگكۈزۈپ، ئاندىن يالاپ، پۇراپ باققاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ھەي، بۇ ئادەم بالىسىدەك قىلمايدۇغۇ، مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق پۇراقنى پۇراپ باقماپتىكەنمەن. مەن ئادەملەرنىڭ قانداق پۇرايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم، بۇ بالا پەقەت ئادەمدەك پۇرىمايدۇغۇ؟ سىلەر ئادەم بالىسى ئەكەلدۇق دەپ، باشقا بىر جانىۋارنى تۇتۇپ كەلمىگەنسىلەر؟

— بۇگۈن نېمە بولدىڭىز باشلىق، ئالدىڭىزدا تۇرغىنى نەق

ئادەم بالىسى بولماي نېمە؟ بۇ دۇنيادا ئادەم بىلەن ئوپمۇئوخشاش جانىۋار نېمە قىلسۇن؟ — مېنى تۇتۇپ كەلگەنلەردىن بىرى نارازى بولغاندەك غۇدۇراپ كەتتى.

ئۇ ماڭا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

— ھە، ئادەم بالىسى بولساڭ دەپ باقە، سەن بۇ تاغقا نېمىدەپ كەلگەن؟ كىم بىلەن كەلگەن؟

— ساۋاقداشلىرىم بىلەن يازلىق لاگېرغا كەلگەن.

— شۇنداقمۇ؟ يازلىق لاگېر، ساۋاقداشلىرىم، دەپ قوي. بۇ گېپىڭمۇ خېلى قاملاشتى. سەن ئادەم بالىسى بولمىغىنىڭ بىلەن ئادەم بالىسىدەك يالغان سۆزلەشنى ئۆگىنىپ بوپسەن - دە!

ئۇنىڭ مېنى ئادەم بالىسى ئەمەس دېگەن گېپىگە بەك ئاچچىقىم كەلدى، شۇڭا ئۇنىڭغا خاپا بولۇپ ۋارقىرىدىم:

— كىم ئادەم بالىسى ئەمەس ئىكەن! مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىزمۇ مەيلى، بىراق ئادەم بالىسى ئەمەس، دېگەن گەپنى قىلغۇچى بولماڭ!

— پاھ، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئەجەب ئاچچىقىڭ يامانكىنە، ھازىر ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغانلار ناھايىتى كۆپ، سېنىڭ قىياپىتىڭگە قاراپلا ئادەم بالىسى ئىكەنسەن دېيەلمەيمەن. مەن ھازىر سېنى سىنايمەن، شۇ سىناقلاردىن ئۆتەلىسەڭ ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىمەن.

— بولىدۇ، مېنى سىناپ بېقىڭ، — دېدىم، ئاچچىقىمدا ئاۋازىممۇ تىترەپ كەتتى.

# ياۋايى ئادەملەر

تۇغلۇقنى (بۇ يەردە ياسالما تۇغلۇقنى دەۋاتىمىز) سۇمۇرغ كۆن پېتىپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا يەر شارىغا ئەكېلىپ قويغانىدى، سۇمۇرغ يەر شارىغا يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

— نېمىشقا توختايمىز، تېزرەك ماڭايلىچۇ، — تۇغلۇق ساۋاقداشلىرىم ئەنسىرەپ قالدى، دەپ ئالدىراۋاتقاچقا سۇمۇرغنى ئالدىراتتى، — ئالدىرىماڭ، مەن سىزگە بىر گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ. مەن يەر شارىغا قەدەم باسالمايمەن، ئەگەر يەر شارىغا بارسام تۇتەككە ئايلىنىپ كېتىمەن، شۇڭا يالغۇز چۈشىدىغان بولدىڭىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇق تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.

— ھەي، سىز بولمىسىڭىز، مەن يەر شارىغا ھەرگىز چۈشەلمەيمەن، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ — تۇغلۇقنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— سىز بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، سىزنى مېنىڭ بىر پېيىم ئاپىرىپ قويىدۇ، خەير - خوش، يەنە كۆرۈشكۈچە ئامان بولۇڭ.

تۇغلۇق سۇمۇرغقا خوش، دەپ بولغۇچە، ئۆزىنى سۇمۇرغنىڭ بىر تال پېيىگە مىنگەن ھالدا كۆردى. سۇمۇرغنىڭ بىر تال پېيىمۇ تۇغلۇقتىن نەچچە ھەسسە چوڭ ئىدى.

سۇمۇرغنىڭ پېيىمۇ يەر شارىغا قاراپ تېز تۆۋەنلەشكە باشلىدى، كۆپ ئۆتمەي تۇغلۇق ساۋاقداشلىرى بىلەن لاگېرغا كەلگەن تاغقا قوندى، تاغقا قونۇش بىلەنلا سۇمۇرغنىڭ پېيى تۇتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى، تۇغلۇق ئۆزىنى تاغ ئۆڭكۈرىنىڭ

يېنىدا كۆردى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۇغلۇق بايا ئېيتىۋاتقان ھېكايىدىكىگە ئوخشاش ياۋايى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى، بايا ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى چۆچەك ياكى ئويدۇرما ئەمەس ئىدى.

ياۋايى ئادەملەرنىڭ باشلىقى تۇغلۇقنىڭ ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇنى يەنە بىر قېتىم پۇرىدى.

— سەندە ئادەم بالىسىغا خاس پۇراق يوقفۇ؟ ھەي، سەن چوقۇم ئالۋاستى. مەن ئادەملەرنىڭ پۇرىقىنى يىراقتىنلا پۇرىيالايمەن، ھەتتا پۇراپلا ئەر - ئايال ياكى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان تۇرسام، — ئۇ تۇساتتىن چۆشكۈرۈپ كەتتى، — ھەي، ماڭا ئازراق شامال تېگىپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇنداق چاغدا پۇراش سېزىمىم تۆۋەنلەپ كېتەتتى. بوپتۇ، سېنى باشقىچە بىر سىناپ باقاي، قېنى دېگىنە، سەن ناخشا ئېيتالامسەن؟

تۇغلۇق ناخشىنى ياخشى ئېيتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى نۇرلۇق



يۇلتۇزدىكىلەر ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىش ئىقتىدارىنى ئورنىتىپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مەھەللىدە ئويناپ يۈرگەن نەچچە كۈننىڭياقى ئۇ بالىلاردىن خېلى كۆپ ناخشىلارنى ئاڭلاپ ھەم ناخشا ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋالغانىدى.

— نېمىشقا ئېيتالمىغۇدەكمەن، مەن ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا، سىزمۇ بوۋامغا ئوخشاش ناخشا ئاڭلاشقا ئامراق ئوخشىمامسىز؟

تۇغلۇقنىڭ «بوۋامغا ئوخشاش» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا بەك ياقتى.

— ھەي، بىز ناخشا ئېيتالىغان بولساق، بۇ يەردىكى ياۋايىلىقتىن قۇتۇلۇپ، سىلەردەك ئادەمگە ئايلانغان بولاتتۇق، بىراق مەن ناخشا ئېيتالمايمەن. خۇداغا شۈكۈر، مەن ھازىر ناخشا ئاڭلاشقا ئامراق بولۇپ قالدىم. مەنچە بۇمۇ ياۋايىلىقتىن قۇتۇلۇۋاتقانلىقنىڭ بېشارىتى بولسا كېرەك. بۇرۇن مۇشۇ تاغ ئىچىگە ساياھەتكە كەلگەن ئادەملەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسام، قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك خېلى ئۇزاققىچە چۆچۈپ تىنچلىنالمايتتىم. ھازىر ناخشا ماڭا بىر خىل مېھرىبانلىقنى، سەمىمىيلىكنى ئۆگىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىسام ئاڭلىغۇم كېلىدۇ. بىراق، ئادەملەرنىڭ ناخشىسىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىغىنىم بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىشالمايمەن. بىر قېتىم، ئادەملەر تازا كۆپ كېلىپ ساياھەت قىلىۋاتقان يايلاقنىڭ يېنىدىكى قارىغايلىقتا ئادەملەرگە قىزىقىپ قاراپ تۇردۇم. ئادەملەر ئۇ يەردە تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناۋاتاتتى. بەزىلەر ئۇسسۇل ئويناسا، بەزىلەر ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. مەن ناخشا ئاڭلىغاچ ئادەملەرگە قارىغانسېرى كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. «مەن نېمىشقا ياۋايى ئادەم بولۇپ قالغان بولغىيدىم، مەن يەنە قاچانغىچە ئاشۇ ئۆڭكۈردە ياشايمەن» دەپ ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتىم.

مەن بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە خۇدۇمنى يوقىتىپ، ئادەملەر خۇشال ئويناۋاتقان سەيلىگاھقا قاراپ يۈگۈردۈم. مەن

ئادەملەرنى ئۆزۈمنىڭ تۇغقىنى، ئەڭ يېقىن ئادەملىرى دەپ قارىغاچقا، ئۇلارغا ۋارقىرىدىم: «تۇغقانلىرىم، مېنىمۇ ئاراڭلارغا ئېلىڭلار، مەنمۇ بۈگۈندىن باشلاپ سىلەردەك ياشايمەن!» ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئويۇنى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، مەن ئۇلارغا نەچچە قەدەم قالغاندىلا كۆردى. بىراق، ھەممە چاتاق شۇنىڭدىن باشلاندى. ئاياللار، باللار پىتىراپ ھەر تەرەپكە قاچتى، بەزى باللار ۋە ئاياللار قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتتى. ئەرلەرمۇ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي، ئاياللارغا ئەگىشىپ قاچتى. ئامانلىق ساقلىغۇچىلار مىلتىقلىرىنى بەتلەپ ماڭا قارىتىپ ئوق چىقاردى. ھېلىمۇ ياخشى ئوق قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىنلا ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن خۇدۇمنى تېپىپ، بەدەر قېچىپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئادەم توپلاشقان يەرگە يېقىن يولىمايدىغان بولدۇم. بىراق، ئادەملەرنىڭ ناخشىسىنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم. ھازىرمۇ ناخشا ئاڭلاش خۇمارىم بەك تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، تېزرەك بولغىن، سەن ناخشاڭ بىلەن خۇمارىمنى چىقىرىپ قويساڭ، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن.

ئۇنىڭ گەپلىرى تۇغلۇقتىكى قورقۇنچىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئاسمان بوۋاينىڭكىدەك ئاڭلاندى.

— بوۋا، مەن سىزگە ناخشا ئېيتىپ بېرەي،ئاڭلاڭ ـ ھە!

تۇغلۇق سەھنىگە چىققان ئارتىستەك سالام قىلدى. باياتىن بېرى ياۋايى ئادەملەرنىڭ باشلىقى بىلەن تۇغلۇقنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ بۇتتەك تۇرغان باشقا ياۋايى ئادەملەرمۇ، ناخشا ئاڭلايدىغان بولدۇق، دەپ خۇشاللىقىدىن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. تۇغلۇق گېلىنى قىرىۋېتىپ ناخشىسىنى باشلىدى. قەيەردىندۇر ئاستا ـ ئاستا يېتىپ كەلگەن دۇتار، تەمبۇر كۈيى تۇغلۇقنىڭ ناخشىسىغا تەڭكەش بولدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە بولغاچقىمىكىن، تۇغلۇقنىڭ ئاۋازى بەكمۇ جاراڭلىق چىقتى.

يەر شارىدا ئۆيۈن كۆپ،
بالىلار بىلەن ئويناپمەن.
بۇنداق گۈزەل يەر يەنە،
قەيەردە بار ئۇقماپمەن.

ئەمدى ھەرگىز كەتمەيمەن،
ھەتتا ئايغا، چولپانغا،
بولۇپ مەنمۇ راست تۇغلۇق،
يېتەي دەيمەن ئارمانغا.

قايتىپ كەلسە راست تۇغلۇق،
مەن قەيەرگە كېتىمەن؟
ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ،
ئىجىل - ئىناق ئۆتىمەن.

ياۋايى ئادەملەر ناخشىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە بېرىلىپ كەتكەچكە، ناخشىنىڭ تېكىستىگە ئانچە دىققەت قىلمىدى. ياۋايى ئادەملەرنىڭ باشلىقىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالماي تۇغلۇققا ئەگىشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. باشقا ياۋايى ئادەملەرمۇ تەڭكەش قىلدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى بۇ ياڭراق خوردىن جاراڭلاپ كەتتى. تۇغلۇققا ناخشا ئېيتالايدىغان قابىلىيەت سەپلەنگەندىن باشقا، ناخشا ئىجاد قىلالايدىغان ئىقتىدارمۇ قاچىلانغانىدى. ئۇ ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە تەڭكەش قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ، يەنە بىر ناخشىنى نەق مەيداندا ئىجاد قىلىپ ئېيتتى. مۇزىكىمۇ تۇغلۇققا ماسلىشىپ شوخ - جۇشقۇن ياڭرىدى.

مومام دەيدۇ ئاسماندا،
يۇلتۇزۇڭ بار سېنىڭمۇ.

ياخشى ئادەم بولساڭ سەن،
نۇرى چاقنار ئۈنىڭمۇ.

شۇڭا كۈندە قارايمەن،
ئۈمىد بىلەن ئاسمانغا.
يۇلتۇزۇمغا سۆزلەيمەن،
قەلبىم تولۇپ ئارمانغا.

ئەي يۇلتۇزۇم، يۇلتۇزۇم،
سەن گېپىمنى ئاڭلىغىن.
ياخشى ئادەم بولاي مەن،
سەنمۇ نۇر چاچ پارلىغىن.

بالىلارغا خاس شوخ مۇزىكا ۋە تۇغلۇقنىڭ ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى جانلىنىپ كەتتى. ياۋايى ئادەملەر مۇشۇ ئىككى ناخشىنىڭ كۈچى بىلەن مۇلايىملىشىپ ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىنى ئېلىپ قالغاندەك قىلاتتى. تۇغلۇق ياۋايى ئادەملەر باشلىقىنى بوۋىسىدەكلا كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇنىڭدىن تەپ تارتمايدىغان بولۇپ قالدى. قاراشتا بۇ يەردىكى ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. بىر پارچە تېرە بىلەن ئالدى ـ كەينىنى ئورىۋالغانلىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار كىيىم كىيمىگەنىدى، بەدىنىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئېيىقنىڭكىدەك قارا، قوڭۇر مويلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ياۋايىلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. تۇغلۇق ياۋايى ئادەملەر باشلىقىنىڭ يېنىدىكى تاش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ھازىرغىچە تۇغلۇقنىڭ ناخشىسىدىن ھوزۇرلىنىپ، ناخشىنىڭ تېكىستىنى تەھلىل قىلىۋاتاتتى. بىراق، ئۇ تېكىستتىكى مەزمۇنلارنى تازا چۈشەنمەي تۇغلۇقتىن سورىدى:
— يەر شارىغا كۆنۈپ قالدىم مەن، دېگىنىڭ قانداق گەپ؟

خۇددى سەن يەر شارىغا باشقا يەردىن كېلىپ قالغانكەك، يەر شارىدا تۇغۇلۇپ، يەر شارىدا چوڭ بولمىغاندەك؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال تۇغلۇقنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ ئىچىدە ئويلىدى: «ئاپلا، بۇ سوئالغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەم بولار؟ ياۋايى ئادەملەر بۇنى ئويلاپ يەتمەيدۇ دەپتىكەنمەن، نېمىشقا كۆڭلۈمدىكى گەپنى ناخشا قىلىپ ئېيتقان بولغىيدىم. ئەگەر ئۇلار مېنىڭ يەر شارى بالىسى ئەمەسلىكىمنى، ياسالما تۇغلۇق ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، مېنى چوقۇم...» ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى، شۇنداقتىمۇ بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمىسە بولمايتتى.

— ھە، مەن ئۇنى مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان. بوۋا، سىلەر نېمىشقا ئادەملەر بار يېزىغا بېرىپ ياشىماي، بۇ يەردە ياشايسىلەر؟ سىلەر چىرايلىق ئۆيلەرنى سېلىشنى بىلمەمسىلەر؟ — تۇغلۇق ئۇستىلىق بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ياۋايى ئادەملەر باشلىقىمۇ ئۆزىدىن مۇشۇنداق سوئال سورىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرغانىدى، شۇڭا بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— بىز تۇرۇۋاتقان بۇ يەر ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭ يېنىدىكى خىلۋەت جىلغا، بۇ يەر بىزنىڭ قەدىمىي ماكانىمىز. ئۇ نۇرغۇن تاغ ۋە چوققىلار بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرگە ئادەملەر ئالدىراپ كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە چىقىشى ھەقىقەتەن بىر مۇشكۇل ئىش، ئەمما سېنىڭ بۇ يەرگە قانداق كەلگەنلىكىڭنى بىلگىلى بولمايدۇ. قارىغاندا سەن خاسىيەتلىك بالا ئوخشايسەن. بىزنىڭ بۇ ماكانىمىزغا قوشنا يەنە بىر ھايۋاناتلار چوققىسى ۋە دېۋىلەر قاپتىلى بار. ھايۋاناتلار چوققىسىدىكى ھايۋانلارمۇ بىز بىلەن يامان ئەمەس ئۆتىدۇ. بىراق، دېۋىلەر قاپتىلىدىكىلەر دائىم بىز بىلەن جېدەللىشىپ تۇرىدۇ. پۇرسەت بولسا سېنى ئۇ يەرلەرگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ كېلىمەن. دېۋىلەر ناخشا ئېيتالايدىغان بالىلاردىن بەك قورقىدۇ.

سەن ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىكەنسەن. بىزگە سەندەك بىر ناخشىچى بالا بەكمۇ كېرەك. ئەگەر سەن ياردەم قىلغان بولساڭ، ئاشۇ دىۋىلەرنى يوقاتقان بولاتتۇق. بىزنىڭمۇ ياۋايىلىقنى تاشلاپ، مەدەنىي ئادەم بولۇپ ياشىغۇمىز بار، بىراق دىۋىلەر بىزنىڭ بۇ ئارزۇيىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ.

— نېمىشقا ؟ ئۇ دىۋىلەر بەك قورقۇنچلۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى تۇغلۇق ھەيران بولۇپ.

— ھەي، ئۇ دىۋىلەر ھەققىدە ساڭا ئايرىم گەپ قىلىپ بېرەي، سەن چوقۇم بىزنى قايتا ئىزدەپ كەلگىن، بىز سېنى ۋاقتىدا ساۋاقداشلىرىڭنىڭ يېنىغا ئاپىرىۋەتمىسەك، ئۇلار بەك ئەنسىرەپ كېتىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ تۇغلۇقنىڭ قولىغا تۆت تال موينى تۇتقۇزدى، — مەن بىلەن ئالاقىلەشمەكچى بولساڭ، مۇشۇ مويغا ئۇچنى پۈۋلىسەڭ بىز ئالاقە قىلالايمىز. ئۇنتۇپ قالمىغىن، سەن بىزگە ياردەم قىلمىساڭ بولمايدۇ، سەن بولمىساڭ بىز دىۋىلەرنى يېڭەلمەيمىز.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۇغلۇق ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ساۋاقداشلىرى ياتقان چېدىرنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى.



# جاھاننەمانى كۆرۈش

تۇغلۇق بۇلۇت مەھەللىسىدە يەنە نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئويندى. ئەمدى قايتمىسا بولمايتتى. شۇڭا، ياغاچ ئاتنى ئېسىگە ئېلىپ توۋلىدى: «ياغاچ ئات !» تولپار تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، بۇلۇت باللار غايىب بولدى.

— قانداق، ياخشى ئوينىدىڭمۇ؟

— ھەئە، خۇددى مەھەللەمگە بېرىپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇلار ماڭا ئويۇن قويۇپ بەردى. بىراق، ھېلىقى بۇلۇت قىزنى ئانچە ياقتۇرمىدىم، ئۇ بەكمۇ ھاكاۋۇر ئىكەن. شۇنداقتىمۇ ئۇ قىلغان بەزى ئىشلارنى مەن قىلالمايدىكەنمەن، ئەگەر قىلالىغان بولسام ئۇنى يوغانچىلىق قىلغىنىغا تويدۇرۇپ قوياتتىم، — تۇغلۇق يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە بىر مۇھىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ توختىۋالدى.

— چىمەنزارغا قايتامدۇق؟ — تولپار تۇغلۇقنى ئالدىراتتى.

— ماقۇل، مەن ساڭا مىنىۋالاي.

تولپار تۇغلۇقنى چىمەنزارغا چۈشۈرۈپ قويۇپ غايىب بولدى. تۇغلۇق مومىسىنىڭ چۆچىكىدىكى باشقا نەرسىلەرنىمۇ كۆرۈپ باقماقچى بولغانىدى.

«ھەي، ئۇ توقماقنى كۆرسەم بولارمۇ؟ ياق، ياق، ئۇ توقماقنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا مېنىمۇ ئۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئېچىل داستىخىنىمنىچۇ؟ ئۇنى كۆرۈپ بولدۇمغۇ؟ توغرا، جاھاننەما، جاھاننەمانى كۆرىمەن. نېمە دېسەم شۇنى كۆرسىتىدۇ. توغرا، ماڭا ھازىر بىر جاھاننەما كېرەك ئىكەن» دەپ ۋارقىرىدى تۇغلۇق.

— جاھاننەما، تېز پەيدا بولغىن !

شۇ چاغدا، تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا تىكلىمە ئەينەككە ئوخشايدىغان، بىراق قول - پۇتى بار، ئەينەكتەك پارقىراق بولغان بىلەن سۇدەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان جاھاننەما پەيدا بولدى. ئۇ تۇغلۇققا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم تۇغلۇق، ياخشى تۇرۇۋاتقانسىز؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، جاھاننەما دېگەن سەنمۇ؟

— تۇغلۇقنىڭ بەزىدە چوڭ - كىچىك دېمەي سەنلەپ قالىدىغان ئادىتى بار ئىدى، شۇڭا ئويلاشمايلا جاھاننەمانى سەنلەپ قالدى.

— ھەئە، مەن شۇ، سەن مېنى سەنلەۋاتىسەن، بۇمۇ مېنى ئۆز كۆرگەنلىكىڭ. مەنمۇ سېنى سەنلەۋېرەي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— ئەمىسە ئالدى بىلەن ساڭا ئىككى ئېغىز گېپىمنى قىلىۋالاي. مەن بالىلار بىلەن ئۇچرىشىشنى، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشنى بۇرۇندىن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بولساممۇ، بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمەي يۈرەتتىم. مانا بۈگۈن سەن بىلەن يۈزتۇرا كۆرۈشۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم. ئەمدى سەن مەندىن خالىغان يېرىڭنى كۆرسەڭ بولىدۇ، — جاھاننەما گېپىنى تۈگەتكەن ھامان پۇت - قوللىرى يوقاپ، نۇرلۇق بىر تىكلىمە ئەينەككە ئايلاندى.

تۇغلۇق جاھاننەماغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ئالدى بىلەن قۇتلۇقنى، ئاندىن بوۋىسى بىلەن مومىسىنى كۆرگۈسى كەلدى. جاھاننەما تۇغلۇقنىڭ خىيالىنى بىلىپ قالغاندەك، لاپ قىلىپ ئۆچۈپ قايتا يورىدى. جاھاننەما بايىقىغا قارىغاندا تېخىمۇ يوغىناپ قالغانىدى. جاھاننەمادىن تۇغلۇقنىڭ مومىسىنىڭ مەھەللىسى پەيدا بولدى. قۇتلۇق ئادىل قاتارلىق بالىلار بىلەن پۇتبول ئويناۋاتاتتى، پۇتبول كۆرۈۋاتقان بالىلار ھەدەپ ۋارقىرايتتى.

— قۇتلۇق، بوش كەلمە، تېز بول، ۋوروتاغا تەپ !

قۇتلۇق توپنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئەكېتىۋاتاتتى. ئەنە،

ئادىل ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ توپنى چىرماپ ئېلىۋېلىپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئېلىپ ماڭدى. قۇتلۇقمۇ تېزلىك بىلەن يېتىپ كېلىپ، توپنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. ئىككىسى توپنى تالىشىپ قالدى. باشقا كوماندا ئەزالىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. بۇ ھالقىلىق پەيت بولسا كېرەك، ھەممىسى ۋارقىرىشىپ كەتتى. تۇغلۇقمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ئۇكام، بوش كەلمە، بولە تېز، بولە!

قۇتلۇق خۇددى تۇغلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ ئادىلدىن توپنى تارتىۋالدى. ئۇ توپنى ۋوروتاغا ئۇچقاندەك ئېلىپ ماڭدى، ئادىل شۇنچە قوغلاپمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمىدى. قۇتلۇقنىڭ كۈچەپ تەپكەن توپى ۋوروتاغا كىرىپ كەتتى.

بالىلار چۇقان سېلىشتى. ئادىلنىڭ كوماندىسىدىكىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. قۇتلۇقنىڭ كوماندىسىدىكىلەر قۇتلۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ تەنتەنە قىلىشتى. تۇغلۇق قۇتلۇقنى سېغىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭغا تويماي قارايتتى، ئۇنىڭدىن سۆيۈنەتتى.

— يارايسەن قۇتلۇق، يارايسەن ئۇكام، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتلۇقلارنى جاھانىنەما ئەينىكىدىن كۆرۈۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. غەلىبە تەنتەنىسى بېسىققاندىن كېيىن، مومىسى قۇتلۇقنى ئىزدەپ كەلدى. تۇغلۇق مومىسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى مومىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتقۇسى كەلدى. جاھانىنەمادىكى ئايخان موماي خۇددى تۇغلۇققا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، شۇڭا تۇغلۇق ۋارقىراپ سالدى:

— موما، موما، مېنى كۆرۈۋاتامسىز؟

تۇغلۇق ھەرقانچە ۋارقىرىسىمۇ مومىسى تۇغلۇق تەرەپكە قارايمۇ قويماي، قۇتلۇققا ۋارقىرىدى:

— قۇتلۇق، ماڭە، تامىقىڭنى يەۋېلىپ ئوينا. بۈگۈن تۇغلۇقلارمۇ قايتىپ كېلىدۇغۇ دەيمەن.

قۇتلۇقنىڭ قورسىقى ئېچىپ قالغاچقا، مومىسى بىلەن ئۆيگە

ماڭدى.

قۇتلۇق بىلەن ئايخان موماي ئۆيگە كىرگەندە، ئاسىم بوۋاي ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— بۇ نەدە ئىكەنتۇق، — بوۋاي قۇتلۇققا مەستلىكى كەلگەندەك قاراپ سورىدى.

— نەدە بولاتتى، يەنە شۇ توپ، يائاللا، توپ جىنى چاپلاشقانمىكىن بۇ باللارغا، بارسام ھەممىسى بۇنى كۆتۈرۈۋاپتۇ، قارىغاندا يەنە مۇشۇ كىرگۈزۈۋەتكەن ئوخشايدۇ، ماڭە، يۈز - كۆزۈڭنى يۇيۇپ چىققىن، توپا - چاڭ دەستىدە مايمۇنغىلا ئوخشاپ قاپسەن.

قۇتلۇق ئاشخانا ئۆيگە يۈزىنى يۇغىلى كىرىپ كەتتى.

— باتۇر، باتۇر، يەنە سەن توپ كىرگۈزۈپسەن - دە ! ئوغۇل بالا، ئاسىم نوچىنىڭ نەۋرىسى - دە !

تۇغلۇق بوۋىسىنىڭ قۇتلۇقنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىچى تارلىقى تۇتتى. شۇڭا، ۋارقىراپ كەتتى:

— بوۋا، مەنچۇ؟ مەن باتۇر ئەمەسمۇ؟ !

بىراق، ئاسىم بوۋاي تۇغلۇق تەرەپكە قاراپمۇ قويماي، ئايخان مومايغا دېدى:

— قېنى، پېتىر مانتاڭلارنى ئەكېلىڭلار، بۇ باتۇرنىڭ قورسىقىمۇ تازا ئاچقاندەك قىلىدۇ، يەنە بىر باتۇرنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى.

— داستىخانغا تاۋاقتا لىغىرلاپ تۇرغان پېتىر مانتا كەلتۈرۈلدى. بۇنى كۆرۈپ تۇغلۇقنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقى ئېچىپ قالغانىدى. مومىسى پېتىر مانتىنى ھەقىقەتەن ئوخشىتاتتى.

تۇغلۇقنىڭ ئەمدى ياسالما تۇغلۇقنى كۆرگۈسى كەلدى. ئۇ ئۆيدە كۆرۈنمەيدۇ، بىر يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇ ھازىر قەيەردىدۇ؟ جاھاننەما تۇغلۇقنىڭ ئويلىغانلىرىنى بىلگەندەك لاپ قىلىپ ئۆچۈپ باشقىدىن ياندى. ئەمدى ئۇ گۈزەل تاغ باغرىدا

ساۋاقداشلىرى بىلەن ئويناپ يۈرگەن ياسالما تۆغلۇقنى كۆردى. ياسالما تۆغلۇق ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سپورتچىلار كېيىمىنى كىيىۋالغانىدى.

تۆغلۇق، مەن بارغۇچە ئۇ كېيىملىرىمنى كونىرىتىۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ ياسالما تۆغلۇققا ئىچى تارلىقى كەلدى. «تۇۋا، بۇ ماڭا نېمانچە ئوخشايدىغاندۇ! قاراڭلار، ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن ئايرىلماي ئويناپ كەتكىنىنى. ھەي، ساۋاقداشلىرىم، ئۇ مەن ئەمەس. سىلەر بىلەن تاغدا بىللە ئوينىغان مەن ئەمەس دېسەم ئىشىنەرسىلەرمۇ؟ ياق، سىلەر ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيسىلەر» تۆغلۇق ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇنىڭ يازلىق لاگېردا ساۋاقداشلىرى بىلەن قانغۇدەك ئويناشقۇسى بار ئىدى. تەتىلدە لاگېرغا ئاچىقىدىغانلىقىنى راشىدىن مۇئەللىم خېلى بۇرۇنلا دېگەن، تۆغلۇقمۇ يازلىق تەتىلنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنىدى. ئۇ قۇتلۇقنى ئەگىشىۋالمىسۇن دەپ دېمىگەنىدى. ھەي، نەدىكى بىر ئىش بىلەن بۇ ئويۇنلاردىن قۇرۇق قالدى دېسە!

تۆغلۇق بۇ يەردە دۇنيادىكى يەنە بىر بالا ئويىنىيالمايدىغان ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان بولسىمۇ، خۇددى ئۆيگە سولىنىپ قالغاندەك بىئارام بولدى. دېمىسىمۇ ئاداشلىرى يوق، ئوينىغان ئويۇننىڭ قانچىلىك لەززىتى بولىدۇ دەيسىز، ياسالما تۆغلۇق جېنىدا ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى بىلەن گۈزەل يايلاقتا موللاق ئېتىپ ئويناۋاتىدۇ، تېخى تۇرلۇك موللاقلارنى ئېتىپ، ساۋاقداشلىرىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ.

— ھەي، ئەركىن، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ بىر قارىغىنا، ئۇ مەن ئەمەس، مەن ماۋۇ يەردە.

تۆغلۇقنىڭ ئەمدى جاھانئەمانى كۆرگۈسى كەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

جاھانئەما تۆغلۇقتىن سورىدى:

— ئەمدى قەيەرنى كۆرىسەن؟

— بولدى، ئەمدى باشقا يەرنى كۆرمەي، رەھمەت ساڭا.

شۇئان جاھاننەما غايىب بولدى. توغلۇق چىمەنزاردا خېلى ئۇزاققىچە ئېڭەك يۆلەپ ئولتۇردى. ئۇ ئاخىر ئۆيىگە قەتئىي كېتىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، تېرىكىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، يۇلتۇز كۆزلۈك بالا !

— ھە، مانا مەن، — يۇلتۇز كۆزلۈك بالا توغلۇقنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، — بۇ يەردە نۇرغۇن ئويۇنلار تۇرسا ئوينىماي، نېمىدەپ مېنى چاقىرىسەن؟

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دېدى توغلۇق ئالدى بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇۋالماقچى بولۇپ.

يۇلتۇز كۆزلۈك بالا توغلۇقنى بايا تاماق يېگەن ئايخان مومىنىڭ ئۆيىگە ئوخشايدىغان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئالدىغا داستىخان قويدى.

— قېنى، خالىغىنىڭىزنى يەۋېرىڭ، سىزنى ياخشى ئوينىۋالسۇن دەپ قورسىقىڭىزنى ئويلاشماپتۇق.

— ھېچقىسى يوق، مەنمۇ خېلى ياخشى ئويۇنلارنى ئوينىۋالدىم. مەن جاھاننەما ئەينىكىدىن بوۋام بىلەن مومامنى، ئۇكام قۇتلۇقنى، ساۋاقداشلىرىمنى كۆردۈم.

— ئۇلار ساق ـ سالامەت تۇرۇۋېتىپتۇمۇ؟

— ھەئە، ساق ـ سالامەت تۇرۇۋېتىپتۇ، بىراق...

توغلۇق ياسالما توغلۇقنىڭ گېپىنى دېمەكچى بولۇپ، يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ئۇ: «بولدىلا بۇ گەپلەرنى دېگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى، باشقا گەپنى قويۇپ، ئالدى بىلەن قورسىقىمنى تويدۇرۇۋالايچۇ» دەپ ئويلاپ داستىخانغا قاراپ پىچىرلىدى:

— ماڭا مومام ئەتكەن پېتىر مانتىدىن چىقىرىپ بەرگىن.

توغلۇقنىڭ گېپى ئاياغلاشماستىنلا، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر لېگەن ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پېتىر مانتا پەيدا بولدى.

— كېلىڭ، بىللە يەيلى، — دېدى توغلۇق يۇلتۇز كۆزلۈك بالىنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، ئىككىيلەن بىللە ئولتۇرۇپ مانتا

يېدى.

توغلۇق قورسىقى تويغاندىن كېيىن يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بىلەن بىردەم پاراڭلاشماقچى بولدى. ئۇ بۇ ئاق كۆڭۈل بالىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— سىزگە بىر گەپنى دېسەم بولامدۇ؟

— نېمە گەپ؟ سىز بىزگە مېھمان، ھەرقانداق گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا بىز تەييار.

— سىلەر مېنى بۇ يەرگە ئوغرىلاپ ئەكەلدىڭلارمۇ؟ مەن بۇ يەرنى يەر شارىمىكىن دەپ قاپتىكەنمەن، يەر شارى ئەمەس ئىكەن. مېنى يەر شارىدىن نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر ئەكەلگەن، مېنى يەنە شۇلار يەر شارىغا ئاپىرىپ قويىدۇ، شۇڭا مېنى نۇرلۇق يۇلتۇزغا ئاپىرىپ قويۇڭلار.

— بايا ئۇلار سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن، مەن سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى دېمەپتىمەن. ئۇلار سىزدىكى مەڭنى ئىشلىمەيۋاتىدۇ، بولمىسا ئۇنى ئالالىقاچان تېپىپ بولاتتۇق دەيدۇغۇ؟ ئۇلارنىڭ مەڭ دېگىنى نېمىكىن؟

توغلۇق شۇ چاغدىلا بىلىكىگە قارىدى. مەڭنىڭ ئۇستىگە لاي چاپلىشىپ قالغانىدى. توغلۇق مەڭنىڭ ئۇستىدىكى لاينى تازىلاپ چىقىرىۋېتىشىگە مەڭدىن سادا كەلدى:

— توغلۇق سىز نەدە، بىز نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر سىزنى ئىزدەۋاتىمىز، گەپ قىلىڭ، بىز سىزنى يەر شارىغا ئاپىرىپ قويىمىز.

توغلۇق بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ، نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنى تاپسىلا ئۆيۈمگە كېتەلەيمەن، دەپ ئويلايتتى.

# قايتىشتىن بۇرۇن

تۇغلۇق ئۆيگە كېتىشكە ئالدىراۋاتقاچقا، مەڭگە جاۋاب قايتۇردى:

— مەن تۇغلۇق، سىلەر نەدە؟

مەڭدىن ئاززاق ۋاقىتتىن كېيىن سادا كەلدى:

— بىز نۇرلۇق يۇلتۇزدا، سىز نەدە؟

— مەن چۈچەك يۇلتۇزدا.

— يېنىڭىزدا كىم بار؟

— يۇلتۇز كۆزلۈك بالا بار.

— ۋەي، ۋەي، يۇلتۇز كۆزلۈك بالا، بىز سىلەرنىڭ يۇلتۇزدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ بولدۇق. تۇغلۇقنى بىز قايتۇرۇپ كېلىدىغان بولدۇق، سىز ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىڭ.

يۇلتۇز كۆزلۈك بالا تۇغلۇقنى خېلى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ تۇغلۇققا پۇرسەت بولسا يەنە كېلىپ ئويناپ كېتىشنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ھېسسىياتچان تۇغلۇقمۇ يېقىن دوستى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— خەير - خوش، مەن ئىنىم قۇتلۇقنى ئېلىپ چوقۇم كېلىمەن، — بۇ گەپنى تۇغلۇق چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتقانىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ چۈچەك يۇلتۇزغا قۇتلۇق بىلەن بىللە كېلىپ قانغۇدەك بىر ئويناۋالغۇسى بار ئىدى.

يۇلتۇز كۆزلۈك بالا تۇغلۇقنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويغاندىن كېيىن، تۇمانغا ئايلىنىپ كەتكەندەكلا غايىب بولدى. تۇغلۇق چىمەنزاردا يالغۇز قالدى. چۈچەك يۇلتۇزدىكى بۇ

چىمەنزار ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى.

تۇغلۇق: «مەھەللىمىزدىمۇ مۇشۇنداق بىر چىمەنزار بولغان بولسا، مومامنىڭ چۆچەكلىرىدىكى ھەممە نەرسىنى چىقىرىپ، دوستلىرىم بىلەن ئوينىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنى كۆل بويىدىن ئەكەلگەن نۇرلۇق شار پەيدا بولدى ـ دە، تۇغلۇق ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۆزىنى شارنىڭ ئىچىدە كۆردى. شاردا ئۇنى يەر شارىدىن ئەكەلگەن ھېلىقى ئىككىسى تۇراتتى. ئۇلار تۇغلۇق بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— سىز بىزنى بەك ئەنسىرەتتىڭىز. سىزنى چۆچەك يۇلتۇزدىكىلەر ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىدىكى بالا دەپ ئويلاپ ئەپقاپتىكەن. ئۇلار سىزنىڭ يەر شارى بالىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەندىن كېيىن، سىزنى بىزگە قايتۇرۇپ بەردى.



نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنىڭ سىياقى قورقۇنچلۇق ئىدى. تۇغلۇق بىلىكىدىكى مەڭگىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلارنى يەر شارى ئادىمىدەك كۆرۈۋاتاتتى. ئۇلار چۆچەك يۇلتۇزدىن نۇرلۇق يۇلتۇزغا كېتىۋاتقاندا، يەر شارى ۋە يەر شارى ئادەملىرىنى تەتقىق قىلىشقا مەسئۇل بىرنەچچە ئالىم نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى ئىشخانىدا تۇغلۇق ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ھەي، ئەمدى ئۇنى يەر شارىغا ئاپىرىپ قويىمىز دېگىنىڭلار نېمىسى، بىز تېخى يەر شارى ئادىمى ھەققىدە ھېچقانچە چۈشەنچىگە ئىگە بولالمىدۇق. ئۇنى يەنە بىر مەزگىل كۆزەتمىسەك، يەر شارى ئادىمىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز، — دېدى بىر ياش ئالىم.

— ئۇنى ئۇزاق تۇرغۇزۇۋالساق تۇتقۇن قىلغان بولىمىز، — دېدى ياشانغان ئالىم، — ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇغلۇقنىڭ ئەھۋالىدىن چۆچەك يۇلتۇزدىكىلەرمۇ خەۋەر تاپتى. يەر شارى بىلەن چۆچەك يۇلتۇزنىڭ ئارىسىدا يېقىن بىر مۇناسىۋەت باردەكلا ھېس قىلىمەن. ئەگەر بۇ گەپ يەر شارىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، يەر شارى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز تېخىمۇ يىرىكلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇنى ئەمدى يولغا سېلىپ قويمىساق بولمايدۇ.

— يەر شارىدىن تۇغلۇقنى ئەكېلىش پىلانىنى مەن ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ جەھەتتىكى نەتىجە ماڭا مەنسۇپ. بۇ ئىشنى يېرىملاشتۇرۇپ توختىتىپ قويساڭلار، مېنىڭ ئىزدىنىشىمنى قوللىمىغان بولىمىسىلەر. مەن بىر ئىش قىلسام، ئاخىرلاشمىغىچە ئاچچىقلىنىشىدىكىلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ، — دېدى ياش ئالىم خاپا بولغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ. ياشانغان ئالىم يەنىلا سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى:

— سىزنىڭ نەتىجىڭىزنى كۆرۈۋاتىمىز، بۇ جەھەتتە بىز سىزنى ئالاھىدە مۇكاپاتلىماقچى. ياسالما بالا ياساشنى سىز بىلەن

بىللە ئولتۇرغان بىر ئالىمىمىز ئىجاد قىلغان. ئۇمۇ تېخى ئۆزىنىڭ تۆھپىسىنى پەش قىلىپ كەتكىنى يوق. ياسالما بالا تۇغلۇقنىڭ رولىنى ئېلىش جەريانىدا رەسمىي يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىپ بولدى. ئەمدى تۇغلۇقنى يەر شارىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ياسالما بالىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۇنى تەتقىق قىلساقمۇ نەتىجىگە ئېرىشىمىز. هازىرقى ئەھۋالدا تۇغلۇقنى يەر شارىغا يولغا سېلىپ قويمىساق، يەر شارى ئادەملىرىگە زىيانكەشلىك قىلغان بولىمىز.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، تۇغلۇقلار قايتىپ كەلدى. تۇغلۇق ئالىملار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. تۇغلۇقنى ئەكەلگەن ئىككىيلەن تۇغلۇق بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئالىملار بىر - بىرىگە قارىۋالغاندىن كېيىن دېدى:

— تۇغلۇق، سىز بىز ئۈچۈن كۆپ جاپا چەكتىڭىز، چۆچەك يۇلتۇزدىكىلەرمۇ سىزنى بىكاردىن - بىكار ئاۋارە قىپتۇ. بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇلاردىنمۇ رەنجىپ يۈرمەڭ، — تۇغلۇق ئالىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چۆچەك يۇلتۇزدىكىلەردىن ھەرگىزمۇ رەنجىمەيمەن، ئۇلار مېنى مومامنىڭ چۆچەكلىرىدە ئېيتىلغان بەكمۇ گۈزەل يەرلەرگە ئېلىپ باردى، دېمەكچى بولۇپ يەنە ئۆزىنى توختىتىۋالدى، — ئەمدى سىزنى يەر شارىغا يولغا سېلىپ قويماقچىمىز. «نۇرلۇق شار» سىزنى ئۇدۇل يەر شارىغا ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن ياسالما تۇغلۇقنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ ھازىر سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى چاندۇرماي ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداۋاتىدۇ. سىز يەر شارىغا قونۇش بىلەن تەڭ ئۇ قايتىپ كېلىدۇ، سىزنىڭ قولىڭىزدىكى ئاشۇ مەڭ بىزنىڭ سىزگە قىلغان ئاددىي سوۋغىمىز بولۇپ قالسۇن. بىز چوقۇم سىلەر بىلەن دوستلۇق ئورناتمىساق بولمايدۇ. قولىڭىزدىكى ئاشۇ مەڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىمىزدە مۇھىم رول ئوينايدۇ...

ئالىمنىڭ كېيىنكى گەپلىرى تۇغلۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى يەر شارىدا قالغانىدى.

— «نۇرلۇق شار» مېنى موماممىنىڭ مەھەللىسىگە ئاپىرىپ قويارمۇ؟
— شۇنداق، سىزنى دەل ھېلىقى كۆل بويىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ياسالما تۇغلۇقنىمۇ ئاشۇ كۆل بويىدىن قايتۇرۇپ كېلىدۇ.
— ئۇ قايتىپ كېتىشكە ئۇنارمۇ؟
— ئۇنىماي ھەددى ئەمەس، — دېدى ئالىم قوپاللىق بىلەن.
تۇغلۇق ئۆيگە قايتىدىغان بولغاچقا ناھايىتى خۇشال ئىدى.
ياسالما تۇغلۇق يازلىق لاگېردىن قايتىپ كېلىپ، موممىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى بالىلار بىلەن تورلۇك ئويۇنلارنى ئويناپ يۈرەتتى. ئۇ يازلىق لاگېردا كۆرگەنلىرىنىڭ بىرىگە ئۇننى قوشۇپ سۆزلەيدىغان بولۇۋالغانىدى.
ئۇ مەھەللىدىكى ئويۇنلارنىڭ ھەممىسىدە بىرىنچى بولغاچقا، ئادىل ئىككىنچى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. تۇغلۇقنىڭ دوستلىرى بۇرۇنقىدىن كۆپەيدى. ئۇلار بۇرۇن ئادىلنى ۋاي دېسە، ھازىر تۇغلۇقنى ۋاي دەيدىغان بولدى.
ياسالما تۇغلۇق ئۆزىنى قۇتلۇقنىڭ ئاكىسى دەپ بىلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر تۇغلۇقنىڭ بارلىقىنى ئويلىسىلا ئاچچىقى كېلەتتى...
بۈگۈن ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە، تۇغلۇقلار كۆل بويىغا سۇغا چۈشكىلى باردى. تۇغلۇق بۈگۈن يەنە كۆلدە تورلۇك ئويۇنلارنى كۆرسىتىپ بالىلارنى ھەيران قالدۇردى. بالىلار كۆل بويىدا بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، كۆل بويىدىكى يۇمشاق توپىدا ياتتى. مۇزدەك سۇدىن چىققان بالىلارغا قىزىق، يۇمشاق توپا بەك خۇشياقتى. مانا مۇشۇ چاغدا، تۇغلۇق ھېلىقى قومۇشلۇققا يەنە كىردى. ئۇ بوم ئاۋازدىن ئۇچۇر ئاڭلىماقچىدى.
— ھە، ئۆزۈڭنى بىلىپ كەلگىنىڭ ياخشى بولدى. قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭدىن خەۋىرىڭ باردۇ؟

— نېمە؟ ماڭا ھېچكىم قايتىپ كېلىسەن دېمىدىغۇ، — تۇغلۇق يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ساڭا مەندىن باشقا يەنە كىم دەيتتى، نەچچە كۈندىن بېرى كۆل بويىغىمۇ كەلمىدىڭ، شۇڭا...

— مەن يازلىق لاگېرغا كەتكەن.

— ئىشقىلىپ بىز تاپشۇرغان ئىشلارنى ئوبدان قىلدىڭ، ھازىرغىچە ئۆزۈڭنىڭ تۇغلۇق ئەمەسلىكىڭنى چاندۇرمىدىڭ، قايتىپ كەلسەڭ ساڭا ئالاھىدە مۇكاپات بېرىلىدۇ. سەن يەر شارىغا بىز ئويلىغاندىنمۇ تېز ئۆزلىشىپ، بىز تەسەۋۋۇر قىلمىغان ماسلىشىشچانلىقىڭنى كۆرسەتتىڭ. ئەمدى ھەقىقىي تۇغلۇقمۇ يولغا چىقىدۇ.ئۇ يەرگە دەسسەش بىلەن تەڭ، سەن قايتىپ كېلىسەن. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارغا سەن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ. مۇشۇ كۆل بويىدا ئويناپ تۇرساڭلا قالغان ئىشنى ئۆزىمىز توغرىلايمىز.

— ماڭا ھەرقانداق مۇكاپاتنىڭ كېرىكى يوق، سىلەر مەندىن رازى بولغان بولساڭلار، بىر تەلىپىمگە ماقۇل دەڭلار، — دېدى تۇغلۇق خۇددى قېيداپ قالغاندەك، دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يەر شارىدىن كەتكۈسى يوق بولغاچقا، «بوم ئاۋاز»نىڭ گېپى ئۇنىڭغا خۇشياقمىدى.

— ھە، بۇگۈن ئاۋازىڭ باشقىچە چىقىدۇغۇ، سەن تېخى بىزگە تەلەپ قويغۇدەك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ سەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دېيىشسەكمۇ بولىدۇ.

— ھەي، مېنىڭ تەلىپىمنى ئاڭلاپ باقمامسىلەر.

— بوپتۇ، قارىغاندا بەك مۇھىم تەلىپىڭ بار ئوخشايدۇ.

— مېنى يەر شارىغا قويۇپ قويساڭلار، ئەمدى مېنىڭ كەتكۈم يوق. مەن ھەقىقىي يەر شارى بالىسى بولۇپ ياشاي دەيمەن. مەن سىلەردىن خۇش بولۇپ قالاي، تۇغلۇقنى ئاشۇ يەردە تۇتۇپ قالغان بولساڭلار، مەن بۇ يەردە تۇغلۇق بولۇپ ياشاۋېرەي،

ماڭا بىر ياردەم قىلغان بولساڭلار. ھەقىقىي تۆغلۆقنى كۆرگۈم يوق، مەن ھازىر ئۆزۈمنى ھەقىقىي تۆغلۆق دەپ ھېسابلايمەن.

— ھا - ھا - ھا، — «بوم ئاۋاز» گۈلدۈرلەپ كۈلدى، — بۇ تەلىپىڭ بەكلا چەكتىن ئېشىپ كەتتىمۇ، نېمە؟ يەر شارىدا ئۇن نەچچە كۈن تۇرۇپلا ئۆزۈڭنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ سەن ھەرگىزمۇ يەر شارى بالىسى ئەمەس. سەن بىزنىڭ تەجرىبە قورالىمىز، قارىغاندا بىزنىڭ سەن ئارقىلىق قىلغان سىنىقىمىز بەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ئوخشايدۇ. بىز سېنىڭ يەر شارىغا بۇنداق تېز ئۆزلىشىپ كېتىشىڭنى ئويلىمىغانىدۇق. خەير، سېنى ۋاقتىدا ئەكېتىمىز دېگىنىمىزمۇ توغرا بوپتۇ. يەنە نەچچە كۈن تۇرساڭ بىزگىمۇ بويسۇنمايدىغان بولۇپ كېتەمسەن نېمە؟

— نەچچە كۈندىن كېيىن ئەمەس، ھازىردىن باشلاپ سىلەرگە بويسۇنمايمەن. ئەمدى سىلەر بىلەن پاراڭلاشمايمەن ھەم سىلەرنى تونۇمايمەن. بولدى، مېنى ئاۋارە قىلماڭلار، — ياسالما تۆغلۆق خۇددى بىر نەرسىدىن ئۈركۈپ كەتكەندەك قومۇشلۇقتىن قېچىپ چىقىپ بالىلارنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

ئۆڭسۈلى يوق يۈگۈرۈپ كەلگەن تۆغلۆقنى كۆرگەن بالىلار بىرەر ئىش بولغانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھەي، نېمە ئىش بولدى، چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇغۇ؟ — بالىلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى قىپىيالىڭاچ بولغاچقا، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرمەك تەس ئىدى. تۆغلۆق نائىلاج يالغان سۆزلىدى:

— ئاۋۇ قومۇشلۇقتا قاۋان بار ئىكەن، بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋېتىپتىكەن، بەك قورقۇپ كەتتىم.

بالىلار قومۇشلۇق تەرەپكە قورقۇمسىراپ قاراشتى. ئەسلىي تۆغلۆقمۇ قاۋان دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئالدىنقى كۈنى ئايخان موماي ئېيتقان چۆچەكتە بىر ئوۋچىنىڭ قاۋاننى ئېتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، شۇڭا چاققانلىق بىلەن

شۆنداق دەپ قويدى.
بالىلارنىڭ بەزىلىرى كۆلدە ئۈزىنى چايقىۋەتكەندىن كېيىن، ئىتتىك كىيىملىرىنى كىيدى. بەزىلەر كۆلگىمۇ چۈشمەي، بەدىنىدىكى توپىلارنى ئاز - تولا قېقىشتۇرۇپلا كىيىملىرىنى كىيىۋالدى.
بالىلار مەھەللىگە قاراپ چاپتى. ئۇلار تۇغلۇقنىڭ گېپىگە ئىشىنەتتى. قۇتلۇق ئاكىسىنىڭ بىر نەرسىدىن ئالدىراپ قورقمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇمۇ قورقۇپ قالدى.



# توغلۇق قايتىپ كەلدى

ياسالما توغلۇق باللار بىلەن تېزرەك مەھەللىگە كېتىشنى ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇ نۇرلۇق يۇلتۇزدىن كەلگەن جىسىمنىڭ ئۆزىنى ئەكېتىشنى خالىمايتتى. ئۇ خۇددى ئاسماندىن بىر نەرسە چۈشۈپ، ئۆزىنى هازىرلا ئەكېتىدىغاندەك، ئاسمانغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى خۇددى ساردىن قورقۇپ كەتكەن چۈجىگىلا ئوخشايتتى. توغلۇق باللار ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلاردىن ئايرىلماي ماڭغان بولسىمۇ، بىر چاغدا ئۆزىنى كۆل بويىدا كۆردى. ئۇ بىر نەرسىنى سەزگەندەك ئاسمانغا قارىدى.

راست دېگەندەك، ئاسماندىن بىر «نۇرلۇق شار» يەرگە پەسلەپ چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ دەرهال سۇغا چۆكۈۋالدى. نۇرلۇق يۇلتۇزدىن كەلگەنلەر سۇ ئاستىدىكى نەرسىلەرنى پەرق قىلالمايتتى.

«نۇرلۇق شار» كۆل بويىغا قوندى. ئۇلار توغلۇقنى كۆل بويىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ياسالما توغلۇقنى بىرهازا ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن سادا كەلمىدى. ئادەتتە «نۇرلۇق شار» يەر شارىدا ئانچە ئۇزاق تۇرالمايتتى، شۇڭا ئۇلار ئامالسىز قايتىپ كەتتى.

توغلۇق كۆل بويىغا چۈشۈپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. غاز ـ ئۆردەكلەرنىڭ غاقىلدىشى، بېلىقئالغۇچلارنىڭ كۆلگە ئۆزىنى ئېتىشلىرى، قومۇش ـ يېكەنلەرنىڭ مەيىن شامالدا شىلدىرلىشى... ئىشقىلىپ هەممىلا نەرسە ئۇنىڭ ئۇچۇن يېڭى ۋە سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. ئۇ يەر شارىغا، بولۇپمۇ ئۆزى بەك ياخشى كۆرىدىغان مومىسىنىڭ مەھەللىسىگە

قايتىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا تازا ئىشەنچ قىلالمىغانىدى. ئۇ مۇشۇ ئون نەچچە كۈندە ھەرقانداق بالا كۆرمىگەن ئىشلارنى كۆردى. «ئۇلار مېنىڭ نەگە كەتكەنلىكىمنى سورۇشتۇرغاندۇ؟ ياق، ياسالما تۇغلۇق مېنىڭ رولۇمنى ئالغان تۇرسا. ئۇ كەتكەنمىدۇ؟ چوقۇم كەتتى. كەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر خۇددى كۆپۈكنى يوق قىلىۋەتكەندەك يوق قىلىۋېتەلەيدۇ.» تۇغلۇق بەك ھاياجانلىنىپ شۇ خىياللارنى قىلىپ مومىسىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. ئۇ مەھەللىگە ئاز قالغاندا، ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن قۇتلۇق، ئادىللارنى تاپتى. ئۇ قۇتلۇقنى قۇچاقلاپ، يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى. ئادىل ۋە باشقا بالىلارنىمۇ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئۇ ئۆزىنى ھەرقانچە تۇتۇۋالىمەن دېسىمۇ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى.

— ئاكا، سەن بايا بىز بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتىڭ، جىندەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟

ئادىل تۇغلۇققا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرۈپ قالدى.

— ھەي، ساڭا نېمە بولدى، كۆزۈڭدىن ياش قۇيۇلۇپ تۇرىدۇغۇ.

— ھە، كۆزۈم ياشاڭغىراپ قاپتۇ، — تۇغلۇق كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتتى.

تۇغلۇق قۇتلۇق بىلەن مومىسىنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئايخان موماي تاماقنى تەييار قىلىپ ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ئاسىم بوۋاي تامىقىنى يەپ بولۇپ، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئارام ئېلىۋاتاتتى.

— ھەي، بولۇڭلار، يۈز ـ كۆزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، ئەجەب كېچىكىپ كەتتىڭلارغۇ، تاماق پىشقىلى نە ۋاخ، — تۇغلۇق بوۋىسى بىلەن مومىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى.

— ۋوي، بۈگۈن باشقىچىغۇ بۇ، بىزگە ئەجەب بىر ئامراقلىقى كېلىپ كېتىپتۇ بۇنىڭ، — ئاسىم بوۋاي خىرىلداپ كۈلدى.

— ھە، نەۋرە دېگەن شۇ، ئەركىلىگۈسى كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئايخان موماي تەخسىگە لەڭمەننى

سىلىۋېتىپ. تۇغلۇق مومىسى ئەتكەن لەڭمەنگە بەك ئامراق ئىدى، بىراق ھەرقانچە قىلسىمۇ بىر تەخسىدىن ئوشۇق يېيەلمەيتتى. بۈگۈن ئىككى تەخسە يەپ، يەنە بولسا يەيمەن، دەپ ئولتۇراتتى.

— ھەي، بۈگۈن ساڭا نېمە بولدى؟ بوۋاڭ بىلەن تەڭ تاماق يېدىڭ، ئېشىڭ ئارتىپ قالمىسۇن، كېيىنرەك سىلىپ بېرەي.

تۇغلۇق چاندۇرماسلىق ئۈچۈن مومىسىنىڭ گېپىگە يارىشا:

— بەك ئوخشاپتۇ، بەك ئوخشاپتۇ، — دەپ قويدى.

قۇتلۇق ئاكىسىنىڭ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ شۇ چاغدا تۇغلۇققا قاراپ ھەيران قالدى. ئۇ ئىككىسى ئەتىگەن ئوخشاش كىيىم كىيگەنىدى، بىراق تۇغلۇقنىڭ ئۈستىدە باشقا كىيىم — ئاللىبۇرۇن يىتتۇرۇپ قويغان كىيىمى تۇراتتى.

— ھەي، سەن بۇ كىيىمنى نەدىن تاپتىڭ؟ ئەتىگەن بۇ كىيىمنى كىيمىگەنىدىڭغۇ؟ قاچان ئالماشتۇرۇۋالدىڭ؟

قۇتلۇقنىڭ بۇ سوئالى تۇغلۇقنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى. راست، بۇنداق ئىنچىكە يەرلىرىگە دىققەت قىلىشنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن:

— ھە، بۇ كىيىمنى دەمسەن، — دەپ قويۇپ، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىۋەتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئايخان موماي بىلەن ئاسىم بوۋاي تۇغلۇقنىڭ كىيىمىگە دىققەت قىلمىغانىدى.

ئۇلار ئۆيدە بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن مەھەللىگە ئوينىغىلى چىقتى. ئۇلار بۈگۈن يەنە ئىككى كوماندا بولۇپ پۇتبول مۇسابىقىسىگە چۈشمەكچى بولدى. ھەر ئىككى كوماندا تۇغلۇقنى تالىشىۋاتاتتى.

— تۇغلۇق، ئۆزۈڭ دەپ باقە، سەن زادى قايسى كوماندىغا ئەزا بولىسەن؟ — ئادىل قوپاللىق بىلەن سورىدى. تۇغلۇق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى.

— ئاكام بىزنىڭ كوماندىغا ھېساب، تۈنۈگۈن ئۇ سىلەرنىڭ كوماندىدا ئويناپ بەردىغۇ، — دېدى قۇتلۇق ئادىلغا خاپا بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا چەك تاشلايلى، — ئادىل ئىككى پارچە قەغەزنىڭ بىرىگە تۇغلۇق دەپ يېزىپ، يەنە بىرىنى قۇرۇق قالدۇرۇپ، ئوخشاش قاتلاپ، قۇتلۇققا تەڭلىدى. قۇتلۇق چەكنى ئېلىپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ھا ـ ھا ـ ھا، ئاكام بىزگە ھېساب بولدى، مانا چەككە قاراپ باق، — قۇتلۇققا راست دېگەندەك تۇغلۇقنىڭ ئىسمى يېزىلغان قەغەز چىققانىدى.

مۇسابىقە باشلاندى. بالىلارنىڭ كۆزى تۇغلۇقتا ئىدى، چۈنكى يېقىندىن بېرى تۇغلۇق بىردىنلا ماھىر پۇتبولچىغا ئايلىنىپ ھەممىنى ھەيران قالدۇرغانىدى. تۇغلۇق بىلەن نۇرغۇن ئىشتا بەسلىشىدىغان ئادىلمۇ تۇغلۇققا قايىل بولۇپ قالغانىدى. يېقىندىن بېرى مەھەللىدە تۇغلۇق قايسى كوماندىغا قوشۇلسا، شۇ كوماندا مۇقەررەر ئۇتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بىراق، بۈگۈن باشقىچە بىر ئىش يۈز بەردى. تۇغلۇق پۇتبولنى پەقەت ئوينىيالمايۋاتاتتى، ئۇ ھۇجۇم قىلماق تۇرماق، تۇزۇك مۇداپىئەدىمۇ تۇرالمىدى. قۇتلۇق بىر چىرايلىق پاس چىقىرىپ بەرگەن توپنىمۇ ۋوروتاغا ئىتتىك تەپمەي، تارتقۇزۇپ قويدى. بۇنداق ئىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى. قۇتلۇقنىڭ تۇغلۇققا بەك ئاچچىقى كەلدى. ئۇ قەستەن ياخشى ئوينىمايۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. مانا، قۇتلۇق ئادىللارنىڭ ۋوروتاسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تۇغلۇققا پاس چىقارغان توپنىمۇ ئادىلغا تارتقۇزۇپ قويدى. ئادىل تۇغلۇقنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ، تۇغلۇقنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى كۆرگەندەك بولدى. نەچچە كۈندىن بېرى تۇغلۇقتىن قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن ئادىل بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ توپنى ناھايىتى تېز ئېلىپ مېڭىپ قۇتلۇقلارنىڭ ۋوروتاسىغا تىقىۋەتتى. تاماشىبىن بالىلار كۈچلۈك قىيقاس كۆتۈردى. تۇغلۇق ياسالما بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈۋەتكەنلىكىدىن خەۋەردار بولمىغاچقا، ئادىلنىڭ توپنى ياخشى ئوينىشىنى مۇقەررەردەك ھېس قىلدى.

ئاخىر، قۇتلۇقلارنىڭ كوماندىسى ئۈچتە نۆل نەتىجە بىلەن ئادىللارنىڭ كوماندىسىغا يېڭىلىپ قالدى.ئادىللار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى توغلۇققا ھەيران بولۇپ قارىدى. بىراق، توغلۇق ھېچ ئىش بولمىغاندەك روھىنىمۇ چۈشۈرمەي، كۆلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئاكىسىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قۇتلۇقنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى، بولۇپمۇ توغلۇقنىڭ ئادىلنى قۇچاقلاپ تەبرىكلەشلىرى قۇتلۇقنىڭ تېخىمۇ زىتىغا تەگدى. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن قۇتلۇقنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى. ئۇنىڭ توغلۇققا گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. توغلۇق قۇتلۇقنى بەك سېغىنىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمىدى. قۇتلۇقنىڭ نېمە ئۈچۈن خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا ئوشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمىدى.

ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەچكە قۇتلۇق مومىسىنىڭ سالقىن ئۆيىگە كىرىپ ياتتى. قۇتلۇق توغلۇق بىلەن سوقۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغانىدى. لېكىن، قۇتلۇقنى بەك سېغىنىپ كەتكەن توغلۇق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. قۇتلۇق توغلۇققا گەپ قىلماي، تامغا قاراپ يېتىۋالدى.

— ئۇكام، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ — توغلۇق كۆيۈنۈپ سورىدى.

— كارىڭ نېمە؟ — دېدى قۇتلۇق قوپاللىق بىلەن.

— ۋوي، مەندىن رەنجىپ قالمىغانسەن، ئۇكام، — توغلۇق قۇتلۇققا يېقىنلاشتى.

پارتلىيالماي ئاران تۇرغان قۇتلۇق ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى:

— سەندىن خاپا بولماي كىمدىن خاپا بولاتتىم. ئەسلىدە سەن ئادىل بىلەن بىرلىشىپ مېنى مازاق قىلماقچىكەنسەن، ئادىلنىڭ كوماندىسى تەرەپ بولۇپ قالساڭ شۇنداق ياخشى ئوينايدىغان ئادەم بۈگۈن قەستەن ئويىنماي تۇرىۋالدىڭ، ئادىل بىلەن ئىككىڭلارنىڭ تىل بىرىكتۈرىۋالغانلىقىڭلارنى بىلگەن بولسام مەن سېنى

بۇرۇنلا كوماندىدىن قوغلاپ چىقىراركەنمەن. بۈگۈن بىز پۈتۈنلەي سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئۇتتۇرۇۋەتتۇق.

تۇغلۇق: «مەن بۇرۇندىن پۇتبولنى مۇشۇنداق ياخشى ئوينىيالمايمەنغۇ؟» دېمەكچى بولۇپ، تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالدى. قارىغاندا ياسالما تۇغلۇق پۇتبول ئويناشقا ئۇستا ئىكەن ـ دە، شۇڭا ئۇلار... تۇغلۇق ئەمدى ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

— ئۇكام سەن بىلمەيسەن، بۈگۈن پەقەت مىجەزىم يوق، ياخشىراق ئويناي دەپ شۇنچە تىرىشساممۇ...

— يالغان سۆزلىمە، سەن شۇنداق ياخشى ئوينايدىغان تۇرساڭ، كۆچەپ يۈرمەي ئازراق ماسلىشىپ بەرگەن بولساڭمۇ بىز ئۇلارغا ئۇتتۇرۇپ قويمايتتۇق.

قۇتلۇق ئاكىسىنىڭ ئاغرىقلىقىغا ئىشەنگەندەك ئارتۇق گەپ قىلمىدى. تۇغلۇق ياستۇقتىن بىرنى ئېلىپ ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك يېتىۋالدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى قۇتلۇق بىلەن مۇشۇنداق ئۇخلاشنى بەك ئارزۇ قىلغاچقا، قۇتلۇقنىڭ يېنىدا يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە ياسالما تۇغلۇق بىلەن كۆل بويىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تۇغلۇق.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇكا سەن بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — تۇغلۇق ئۆزىگە سالام قىلغاننى قۇتلۇقمىكىن دەپ ئويلاپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — كۆل بويىغا بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟

— سۇغا چۆمۈلگىلى كەلگەن، مەن قۇتلۇق ئەمەس، تۇغلۇق.

— سەن تۇغلۇق بولساڭ، مەن كىم؟

— سېنىڭ كىملىكىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئىشقىلىپ مەن تۇغلۇق.

— يالغانچىلىق قىلمىغىن، سەن چوقۇم قۇتلۇق.

— قۇتلۇق دېگەن ئۆزۈڭ.

تۆغلۆقنىڭ ئاچچىقى بەك كەلدى. ئالدىدا تۇرغان بۇ بالا قۇتلۇقمىدۇ ياكى...

ياق، قۇتلۇق بىلەن تۆغلۆق بەك ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن پەرقلەندۇرگىلى بولاتتى. بىراق، تۆغلۆقنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ بالا تۆغلۆق بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ تەس ئىدى.

ئىككى بالا بىر - بىرىنى سەن قۇتلۇق، دېسە، سەن قۇتلۇق دەپ، سوقۇشۇپ قالغىلى تاس قالدى. تۆغلۆق شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ياسالما تۆغلۆق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— ھە، ئەسلىدە سەن ياسالما ئىكەنسەن - دە، سېنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر ئەكەتكەنىدىغۇ؟

— ھەي، ياسالما دېگەن سەن. مەن كەتمەيمەن، سەن كەتكىن. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى...



# كۆل ئاستىدا

ياسالما تۇغلۇقنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزغا پەقەت كەتكۈسى يوق ئىدى. شۇڭا، نۇرلۇق يۇلتۇزدىن كەلگەنلەرنىڭ ئۆزىنى ئەكېتىشىدىن قورقۇپ كۆل ئاستىدا خېلى ئۇزاق تۇردى. خۇددى كۆلدىن چىقسىلا تۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك كۆلنىڭ ئەڭ ئاستىغا چۈشۈپ ئۇزۇن تۇردى. ئۇنى كۆل ئاستىدىكى ئۆزگىچە مەنزىرىلەر جەلپ قىلىۋالغانىدى. ئۇ مۇنارلارغا ئوخشايدىغان تورلۇك تاشلارنىڭ ئارىسىدا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ئوخشىسا، بەزىلىرى باراقسان دەرەخكە ئوخشايتتى، يەنە بەزىلىرى قاناتلىرىنى كېرىپ ھەيۋەت بىلەن ئۇچۇۋاتقان غايەت زور قۇشلارغا ئوخشايتتى. ئاتقا، كالىغا، قويغا ۋە يەنە ئاللىقانداق جانىۋارلارغا ئوخشايدىغان تاشلار گويا بۇ يەردىكى نۇرغۇن جانلىقلار تۇيۇقسىز تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. تۇغلۇق — ئەلۋەتتە بۇ يەردە ياسالما تۇغلۇقنى دەۋاتىمىز، ئاشۇ مەنزىرىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، كۆل ئاستىدىمۇ بۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرنىڭ بارلىقىغا ھەيران قالدى. كۆل ئاستى شۇنداق تىنچ بولغاچقا، سۇنىڭ بۇلدۇقلىغان، شىلدىرلىغان ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى. تۇغلۇق بۇ يەرگە قىزىقىپ قالغاچقا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. تۇساتتىن، ياڭراق كۈيگە ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئاستا - ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. تۇغلۇقمۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بىر چاغدا، ئۇ ئۆزىنى سۇ ئاستىدىكى بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە كۆردى. بۇ ئەسلى پاقا بالىلار مەھەللىسى ئىدى. بۇ يەردە بېشى ئادەمگە، قالغان يەرلىرى پاقىغا ئوخشايدىغان پاقا بالىلار

قاتار تىزىلىپ ناخشا ئېيتىشۋاتاتتى. بايىقى ئاۋاز مۇشۇ پاقا باللار ئېيتقان ناخشا ئىدى. پاقا باللار توغلۇقنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئادەم باللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىگە كېلەلەيدۇ دەپ ئويلىمايتتى. دېمىسىمۇ كۆل ئاستىدىكى بۇ پاقىلار مەھەللىسىنى ھېچقانداق بىر بالا كۆرۈپ باقمىغانىدى. پاقا باللار ئېيتىشۋاتقان ناخشا خۇددى توغلۇقلارنىڭ مومىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى باللار ئېيتقان ناخشىغا ئوخشايتتى.

بىز پاقىلار چىرايلىق،
كۆل ئاستىدا ياشايمىز.
كۆل بويىغا چىقساقمۇ،
سەكرەپ - سەكرەپ يايرايمىز.

كىچىك گۆدەك چاغلاردا،
بىزدە قۇيرۇق بولسىمۇ.
چىققان بىزلەر تۇخۇمدىن،
بۇنى ھەممە بىلىدۇ.

ناخشا ئېيتساق كۆكسىمىز،
خۇددى شاردەك كۆپىدۇ.
مەلىمىزدە ھەر كۈنى،
كۈنلەر خۇشال ئۆتىدۇ.

پاقىلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، توغلۇقنىڭ بەك كۈلگۈسى كېلىپ كەتتى. ئۇ پاقا باللىرىغا يېقىنلا يەردە تۇرغاچقا، ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، كۈلمەسلىككە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنە پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازى چىقىپ كەتتى.

بۇ كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلىغان پاقا باللار ناخشا ئېيتىشتىن

توختىدى. دىرىژورلۇق قىلىۋاتقان پاقا بالا ئەتراپقا ھەيران بولۇپ قاراپ قويۇپ، ئالدىدىكى پاقا بالىلاردىن سورىدى:

— ھازىر سىلەر ئادەم بالىسىنىڭ كۈلگىنىگە ئوخشايدىغان ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

باشقا بالىلارمۇ تۈغلۈقنىڭ كۈلگىنىنى ئاڭلىغانىدى. پاقا بالىلارنىڭ بەزىلىرى تېخى كۆل ئۈستىگىمۇ چىقىپ باقمىغان بولغاچقا، ئادەم بالىلىرىنىڭ قانداق ئاۋازدا كۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. يەنە بەزىلىرى ئادەم بالىلىرىنى رەھىمسىز، ئەسكى دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ موماملىرى ئادەم بالىلىرى ھەققىدە قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن. ئۇلار شۇ تاپتا بايرامغا تەييارلىق قىلىپ ناخشا ئۆگىنىۋاتقانىدى. ناخشىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان سەنئەت يېتەكچىسى پاقا خانىم ئىچكىرىدىكى خاس ئۆڭكۈردىن ۋارقىرىغىنىچە چىقىپ كەلدى.

— ھەي، ھەي، بايرامغا يەنە بىرنەچچە ھەپتە قالدى. مەشىقنى ئوبدان قىلىڭلار دېسەم، يەنە ئازراق مەشىق قىلىپلا توختاپسىلەرغۇ؟

تۈغلۈق يوغان بىر تاشنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇپ بولغانىدى.

دىرىژور پاقا ئالاقزادە بولغان ھالدا پاقا خانىمغا جاۋاب بەردى:

— خانىم، ھازىر بىز خۇددى ئادەم بالىلىرىنىڭ كۈلگىنىدەك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدۇق، قارىغاندا ئادەم بالىلىرى مەھەللىمىزگە كەلگەن ئوخشايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقى يامان پاقا خانىمنىڭ سەپراسى ئۆرلىدى.

— يائاللا، ھۇرۇنلۇقتا باھانەڭلەرمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى، ئەمدى تاپمىغان مۇشۇ گېپىڭلار قالدىمۇ؟ يالغان سۆزلىسەڭلارمۇ ئەقىلگە سىغقۇدەك سۆزلەڭلار. ئادەم بالىلىرى كۆل ئاستىدىكى

بۇ مەھەللىگە مەڭگۈ كېلەلمەيدۇ.

باياتىن بېرى قورقۇپ كېتىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىغان باشقا بالىلار ئەمدى قايناپ بەس ـ بەستە سۆزلەپ كەتتى:

ــ ئۇ كۇلكە ئاۋازىنى بىزمۇ ئاڭلىدۇق. سىز ھەممىمىزنى يالغانچىغا چىقىرىۋەتسىڭىز بولماس. بىز ناخشىنى شۇنداق قىزىق قىپ ئۆگىنىۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز...

ــ ھەممىڭلارنىڭ ئاڭلىغىنى راستمۇ؟ ــ دېدى پاقا خانىم.

ــ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز ئۇلاردىن سوراڭ، ــ دېدى دىرىژور پاقا نارازى بولۇپ.

تۇغلۇق تاشنىڭ كاۋاكچىسىدا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياتقانىدى.

ــ ئەمىسە، ــ دېدى پاقا خانىم دىرىژور پاقىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، ــ ئەتراپىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇڭلار. ھازىرقى ئادەم بالىلىرىنى بۇ يەرگە كەلمەيدۇمۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئادەم بالىلىرىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قالساڭلار، ئەسكەر پاقىلارغا دەرھال خەۋەر قىلىڭلار. سىلەر ئادەم بالىلىرىنىڭ خۇيىنى بىلمەيسىلەر، ئۇلار بەزىدە سەن ئۇنىڭغا چېقىلمىساڭمۇ ساڭا چېقىلىدۇ. مۇشۇ كۆلگە كېلىپ سۇ ئۈزۈپ ئوينايدىغان ھېلىقى بالىلارمۇ بىزنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىمىز بولغان قىزىل قولتۇق پاقىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ بەك ئەسكىلىك قىپتۇ. ئەگەر بۇ يەرگە ئادەم بالىلىرىنىڭ ئايىغى يېتىدىغان بولسا، بۇ يەردە يەنە ناخشا ئېيتىمەن دەپ خام خىيال قىلىشماڭلار.

پاقا خانىم بىرمۇنچە كوتۇلداپ خاس ئۆڭكۈرىگە كىرىپ كەتتى.

پاقىلار ئەتراپنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. تۇغلۇق، پاقا بالىلاردىنمۇ قورقامتىم، دەپ تاشنىڭ كاۋىكىدا پۇتىنى ئالماپ ياتقاندا، ئىككى پاقا بالا ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قورققىنىدىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

ــ بالىلار، تېز كېلىڭلار، ماۋۇ يەردە ئادەم بالىسى بار

ئىكەن.

پاقىلارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئەمدى تۆگلۈق قاچالمايتتى، چۈنكى پاقا باللار ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ بولغانىدى. تۆگلۈق ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇلاردىن قۇتۇلالمىدى. تۆگلۈق قارشىلىق قىلىپ خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ، ئاخىر بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. تۆگلۈق پاقا خانىمنىڭ خاس ئۆڭكۈرىگە ئەكېلىندى. تۆگلۈقنى كۆرۈپ پاقا خانىمنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.ئۇ بايا پاقا باللىرىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئادەم باللىرى ھەققىدە ئانچە - مۇنچە ئاڭلىغانلىرىنى دەپ قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەم باللىرىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆل ئاستىدىكى بۇ خاتىرجەم ماكانىغا كېلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، تۆگلۈقنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى. بىراق، پاقا خانىمنىڭ ھەيران قېلىۋاتقان يېرى، تۆگلۈقتىن ئادەمگە خاس پۇراق كەلمەيۋاتاتتى، چۈنكى ئۇ كۆل بويىغا كېلىپ ئوينايدىغان ئادەم باللىرىدىن قانداق پۇراق كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— پاقا ئانا، سىزنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭىزغا يەنە بىر قېتىم قول قويدۇق. بۇ ئادەم بالىسى مەھەللىمىزگە ئاياغ بېسىپ بوپتىكەن ئەمەسمۇ، ئۇنى يېقىنلا يەردىكى تاش كاۋىكىدىن تۇتۇۋالدۇق. ئۇنى ھازىرلا بىر تەرەپ قىلىۋېتەمدۇق؟ — دەپ سورىدى پاقا باللاردىن بىرى.

پاقا خانىم ئادەملەر بىلەن قېرىشىپ قېلىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، تۆگلۈقنى بىر تەرەپ قىلىۋەتسە ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنى بوش قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چوڭ ئىشتا پاقا پادىشاھتىن يوليورۇق سورىمىسا بولمايتتى.

— توختاپ تۇرۇڭلار،ئادەملەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئەمەلىيەتتە كۆپ ئاداۋەت يوق. ئۇلارغا بىز كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان، ئۇلارمۇ بىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان. شۇڭا، بۇ ئادەم بالىسىنى جازالاشقا توغرا كەلسىمۇ، ئالدى بىلەن جازالاشنىڭ

سەۋەبىنى تېپىپ چىقايلى. شۇڭا، ئاۋۋال ئۇنى سوراق قىلايلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىن ئادەمگە خاس پۇراق كەلمەيۋاتىدۇ، بەلكىم ئادەم بالىسى بولماسلىقى مۇمكىن.

تۇغلۇق پاقا خانىمنىڭ ئۆزىنى بىلىپ قېلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالدى. دېمىسىمۇ تۇغلۇق ئەلۋەتتە ياسالما، ئادەم بالىسى ئەمەسقۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم بالىسى ئەمەسلىكىنى ئۇلارغا ئېيتسا قويۇپ بېرىشى مۇمكىن.

— ھەي، ئۆزۈڭ دەپ باققىن، سەن ئادەم بالىسىمۇ، ئەمەسمۇ؟

— مەن ئادەم بالىسى، — تۇغلۇق مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە ئادەم بالىسى قىلالايدىغان قانداق ئىشلارنى بىلىسەن؟

— پۇتبول ئوينىيالايمەن، ناخشا ئېيتالايمەن، دۇتار چالالايمەن، — دېدى ياسالما تۇغلۇق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا دۇتار چېلىش ماھارىتىمۇ سەپلەنگەنىدى. پاقا خانىم بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى:

— پۇتبول، دۇتار دېگەن گەپلەرگە چۈشەنمىدىم. ناخشا ئېيتالايمەن دېدىڭ، ھە، گېپىڭ راست بولسا، بىزگە ئادەم بالىلىرىنىڭ ناخشىسىدىن بىرنى ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟ ئەجەبا، سەن نېمىشقا ئادەم بالىلىرىدەك پۇرىمايسەن؟ يەنە كېلىپ ئادەم بالىسى سۇ ئاستىدا بۇنداق بەخىرامان تۇرالمايدىغان تۇرسا، سەن ئەجەب...

— سىز ئادەم بالىلىرىنى ئانچە چۈشەنمەيدىغان ئوخشايسىز، بىز شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىۋاتساق، سۇ ئاستىدا تۇرۇش قانچىلىك ئىشتى. بىز ئادەم بالىلىرىنىڭ قىلالمايدىغان ئىشىمىز يوق.

تۇغلۇق ئۆزىنىڭ يەر شارى ئادەملىرىگە ۋاكالىتەن سۆزلەۋاتـ قانلىقىدىن پەخىرلەندى. پاقا خانىمنىڭ ئادەم بالىلىرى ھەققىدە



ـكى چۈشەنچىسى خېلى چوڭقۇر بولغاچقا، تۇغلۇقنىڭ بەزى ئىنـ ـچىكە ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنـ ـمىدى. تۇغلۇق ئۇنىڭ كۆزىگە جىن ـ ئالۋاستىدەك كۆرۈندى، چۈنكى ئۇ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئادەم سىياقىغا كىرەلەيدىغانـ ـلىقى ھەققىدە ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، تۇغلۇقنى سىناپ باقماقچى بولدى.

— ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يېشىۋېتىڭلار، ئۇ بىزگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ.

پاقىلار تۇغلۇقنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يېشىۋەتتى. تۇغلۇقنىڭ پۇت ـ قوللىرى كۆيۈشۈپ كەتكەچكە، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ۋاي ـ ۋايلاپ قويدى.

— سەن ھەقىقىي ئادەم بالىسى بولساڭ، بىزگە بالىلار ناخشىسىدىن ئېيتىپ بەر.

پاقا خانىم تۇغلۇقنىڭ ئادەم بالىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گۇمان بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. تۇغلۇق پاقا خانىمنىڭ گۇماندىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. راست ئەمەسمۇ، مۇشۇ پاقىلار جىنىدا ئۇنىڭ ئادەم بالىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ قېلىۋاتسا، ئادەملەر ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىپ قالسا، ياسالما ئىكەنلىكىنى بىردەمدىلا بىلىۋالامدۇ؟ «توختاپ تۇر، مەن ناخشا ئېيتىشقا ئۇستىغۇ؟ ئۇلارغا بىر ناخشا ئېيتىپ بېرىپ، ئۆزۈمنىڭ ھەقىقىي ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قوياي» دەپ ئويلىدى تۇغلۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئادەم بالىسى بولۇپ قالمىغانلىقىغا بەك ئۆكۈندى ۋە چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ناخشىنى باشلىدى:

مېنىڭ قوشماق ئۇكام بار،
تەڭ كۇلۇپ، تەڭ يىغلايدۇ.
خۇشال قىلىپ مېنىمۇ،
مەن بىلەن تەڭ ئوينايدۇ.

بىر ـ بىرىگە ئوخشايدۇ،
ئايرىيالماس ئاپامدۇ،
قايسى كىچىك ، قايسى چوڭ،
بىلەلمەيدۇ دادامدۇ.

توغلۇق ناخشىنى قىزىقارلىق قىلىپ ئېيتقاچقا، پاقا بالىلارمۇ قىزىقىپ ئاڭلاپ كەتتى.



# پاقا باللارغا ناخشا ئۆگىتىش

تۇغلۇق — ئەلۋەتتە ياسالما تۇغلۇق، ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، بەزى پاقا باللار چاۋاك چالغان بولسىمۇ، بەزى پاقا باللار ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. پاقا خانىم ئۇنىڭ ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— راست ئادەم بالىسىدەكمۇ قىلىسەن. بىراق، ئادەم باللىرى سۇ ئاستىدا بۇنداق ئۇزاق تۇرالمايتتى. ئەجەبا سەن...

— توغرا، مەندىن باشقا باللار سۇ ئاستىدا ئۇزاق تۇرالمايدۇ، مەن دېگەن ئالاھىدە بالا، — دېدى تۇغلۇق مەغرۇرلانغاندەك مەيدىسىگە مۇشتلاپ قويۇپ.

تۇغلۇقنىڭ ئۆز مەھەللىسىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان پاقا باللار بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەم باللىرىنى كۆرۈپ باقمىغانلارمۇ بار ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، تۇغلۇقنىڭ ناخشىسى پاقا خانىم ۋە باشقا باللارغا ياراپ كەتكەنىدى. يېڭى كەلگەن پاقا باللارمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىيالماي قالغىنىدىن ئەپسۇسلانغانىدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى پاقا خانىم ئاۋازىنى سەل مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ، — پاقا باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلدى، شۇڭا سەن يېڭىدىن بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسەڭ، نەق مەيداندا ئىجاد قىلىپ ئېيتساڭ تېخىمۇ ياخشى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇق پەخىرلەندى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنچە كۆپ پاقا باللارغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىۋالغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ نەق مەيداندا ناخشا ئىجاد قىلىپ ئېيتىش ئىقتىدارىمۇ بار

ئىدى.

— سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا ئېيتىپ بېرەمدىمەن؟ — دەپ سورىدى تۆغلۇق.

— شۇنداق، بىز پاقىلارنىڭ تىلىدىن ئېيتقىن، شۇ باھانىدە بىر ياخشى ناخشا ئىجاد قىلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى پاقا خانىم. پاقا بالىلارمۇ تۆغلۇقنى ئىلھاملاندۇرغاندەك چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

تۆغلۇق گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ناخشا ئېيتىشقا تەييارلاندى.

— ئەمىسە باشلىدىم، ئاڭلاڭلار ـ ھە!

پاقا، پاقا سەكرەپ ماڭار،
چىقاي دېسە ھارۋىسى يوق.
قوناقلىقتىن قوناق يىغىپ،
ئەكېتەلمەس ھارۋىسى يوق.

پاقا، پاقا قىپيالىڭاچ،
كىيەي دېسە كۆڭلىكى يوق.
بازاردىن نان ئالالمايدۇ،
ئۇنىڭ بىر تال تەڭگىسى يوق.

پاقا، پاقا كورۇلدايدۇ،
ئېيتاي دېسە ناخشىسى يوق،
كىچىك چاغدا قۇيرۇقى بار،
چوڭ بولغاندا قۇيرۇقى يوق.

ناخشا شوخ ئېيتىلغاچقا، پاقا بالىلار ناخشىنىڭ كۈيىگە بېرىلىپ كېتىپ، مەزمۇنىغا ئانچە دىققەت قىلماي قالدى. بىراق، پاقا خانىم ناخشىنىڭ تېكىستىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغاچقا، خاپا بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى. چۈنكى، بەزى پاقا بالىلار ئۆزىنى

توتوۋالالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

— ئۇ بىزنى مازاق قىلىدىغان ناخشا ئېيتىۋاتسا، چاۋاك چې-لىپ، ئۇسسۇل ئويناشتىۋاتامسەن؟ — دېدى پاقا خانىم زەردە بىلەن، ئارقىدىن توغلۇققا دېدى، — سېنى مېھمان دەپ مەيلىڭگە قويۇپ بەرسەك، بىزنى مازاق قىلغۇدەك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟

توغلۇق پاقا خانىمنىڭ يەك ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى بىلدى.

— دوستلۇقنى بىلمەيدىغان بۇ ئادەم بالىسىغا قورساق كۆپتۈرۈش جازاسىنى بېرىڭلار!

پاقا خانىمنىڭ گېپى تۈگەر - تۈگىمەيلا بىرنەچچە پاقا بالا توغلۇقنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى. پاقا بالىلارنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە توغلۇقمۇ ھەيران قالدى.

پاقا بالىلار توغلۇقنى دەرەختەك چوقچىيىپ تۇرغان بىر تاشقا باغلىدى. پاقا خانىم توغلۇققا قاراپ ئاستا پۈۋلەپ قويۇۋىدى، چاپان - كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈگمىسى يېشىلىپ، قورسىقى ئېچىلىپ قالدى. پاقا خانىم يەنە بىر قېتىم پۈۋلىدى، ئەمدى توغلۇقنىڭ قورسىقى خۇددى شاردەك — پاقىنىڭ قورسىقىدەك كۆپۈشكە باشلىدى. توغلۇقنىڭ ئىچى ئېلىشىپ، بېشى ئايلىنىپ كەتتى. قورسىقى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىدى. توغلۇق قورسىقىغا قاراپ قورقۇپ كەتتى.

— ۋاي، مەن خاتا قىپتىمەن. مەھەللىدىكى ئەسكى بالىلار ئېيتىدىغان ناخشىنى ئېيتىپ قاپتىمەن. مەن چوقۇم سىلەر ياقتۇرىدىغان ناخشىنى ئېيتىپ بېرەي، — دېدى توغلۇق نالە قىلىپ.

— راستىمۇ؟ بىزگە ياقايدىغان ناخشا ئېيتالامسەن؟ — دېدى پاقا خانىم.

— ھەئە، چوقۇم سىلەرگە ياقىغۇدەك ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن. بۇدا ئېيتقان ناخشام سىلەرگە ياقمىسا، قانداق جازالىساڭلار جازالاڭلار.

پاقا خانىم يەنە بىر پۈۋلەپ قويۇۋىدى، توغلۇقنىڭ قورسىقى

يېلى چىقىپ كەتكەن شاردەك ئەسلىگە كەلدى. تۆغلۇق ئېغىر بىر يۆكتىن قۇتۇلغاندەك ئۇھ تارتتى، پاقا خانىم ئىشارەت قىلىۋىدى، پاقا باللار ئۇنى تاشتىن بوشاتتى.

— قېنى، بىز ياقتۇرىدىغان ناخشىدىن بىرنى ئېيتىپ باقە. تېز بولغىن، بۇ پاقا باللار بىكاردىن قاراپ تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىشى بار. ئەگەر ناخشاڭ بىزگە يارىسا، بىز ئۇ ناخشىنى ئۆگىنىپ ئالدىمىزدىكى بايرامدا ئېيتىمىز.

تۆغلۇق ئۈچۈن بۇ بىر ئىمتىھان بولدى. ئۇ پاقىلارغا قانداق ناخشا يارايدىغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ناخشا ئېيتمىسا بولمايتتى، تۆغلۇق گېلىنى قىرغان بولۇپ ئويلىنىۋالدى.

بىز پاقىلار تىرىشچان،
بەكمۇ چېۋەر ھەم چاققان.
بىزلەر سەكرەپ ھەم تاقلاپ،
دەريا ئاشقان، تاغ ئاشقان.

يەردە سەكرەپ ماڭىمىز،
سۇدا لەيلەپ ئۈزىمىز.
شۇ ئەقىللىق ئادەملەر،
بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز.

پاشا بىلەن چىۋىننى،
بەكمۇ ئەپلىك تۇتىمىز.
كۆل ئاستىدا شادلىنىپ،
بەكمۇ ياخشى ئۆتىمىز.

تۆغلۇق بۇ ناخشىنى ھاياجان بىلەن بەكمۇ ياخشى

ئېيتىۋەتتى. پاقا خانىم ۋە پاقا بالىلار چاۋاك چېلىپ كەتتى. تۆغلۇق مەيدىسىنى كېرىپ، قانداقكەنمەن، دېگەندەك قىلىپ پاقا بالىلارغا قاراپ قويدى.

— سەن بۇ ناخشىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئېيتتىڭ. ئالدىمىزدىكى بايرامدا بۇ ناخشىنى خور قىلىپ ئېيتىدىغان بولدۇق. شۇڭا، بۇ ناخشىنى پاقا بالىلارغا ئۆگەتكىن، ئاندىن سېنى قويۇپ بېرىمىز.

پاقا خانىم تۆغلۇقتىن مەمنۇن بولغاندەك ئۇنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى. تۆغلۇق پاقا بالىلارغا ناخشا ئۆگىتىشنى باشلىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، پاقا بوۋاي يۆتەلگىنىچە يېتىپ كەلدى.

— ھەي، بۇ يەردە نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، بىردەم ئۇخلىۋالاي دېسەم ئەجەب ئۇخلاتمىدىڭلار، ئادەم بالىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇغۇ؟

— ھە كەلسىلە، بايرامنىڭ تەييارلىقى بولىۋامدۇ، سىلىگە ھازىر خەۋەر قىلاي دەپ تۇراتتىم. بىزنىڭ مەھەللىگە بىر ئادەم بالىسى كېلىپ قالدى، ئۇ ناخشىغا بەك ئۇستا ئىكەن. بالىلارغا ناخشا ئۆگىتىپ قويماقچى بولدى... — پاقا خانىم بىرمۇنچە سۆزلىدى.

— نېمە؟ ئادەم بالىسى دەمسىلەر؟ مۇمكىن ئەمەس، بۇ يەرگە ئادەم بالىلىرى ھەرگىز كېلەلمەيدۇ. ئەگەر راست كەلگەن بولسا، ئۇ چوقۇم ئادەم سۈرەتلىك جىن - ئالۋاستى.

پاقا بوۋاي تۆغلۇقنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئاندىن تۆغلۇققا ئۇدۇلدىن، ياندىن قارىدى، كۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ كەتتى.

— ھەي، راست، بۇ ئادەم بالىسى ئىكەن، سىلەر دەل ماڭا كېرەك بالىنى تۇتۇپ كەپسىلەر، ئۇ مېنىڭ مومىيىمنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى بالا شۇ، دەل ئۆزى، — بوۋاي تۆغلۇقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، — ھەي، ئەجەب ئوبدان كەپسەن. مەنمۇ سېنىڭ جېنىڭنى ئالمايدىغان بولسام.

— بوۋا، — دېدى تۇغلۇقمۇ قورقۇپ تۇرۇپ، — سىلى مېنى خاتا تونۇپ قاپتىلا، مەن ئۆمرۈمدە باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ باقمىغان. مېنى بۇنداق خاتا ئەيىبلىسىلە بولمايدۇ.

— نېمە؟ ! مەن تېخى بىر نەرسىنى خاتا تونۇپ قالغۇدەك هالغا چۈشۈپ قالمىدىم. مەن سېنى ئوبدان كۆرۈۋالغان، مومىيىمنى ئۆلتۈرگەن دەل سەن.

پاقا خانىم بىلەن پاقا باللار پاقا بوۋاينىڭ مومىيى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇڭ - تەتۈر سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى.

— ئادەم باللىرى بىر - بىرىگە بەك ئوخشايدۇ، سىلى ئۇنى باشقا بىرىگە ئوخشىتىپ قالغان بولۇشلىرى مۇمكىن، — دېدى پاقا خانىم پاقا بوۋاينىڭ قولىنى تۇغلۇقنىڭ ياقىسىدىن ئاجرىتىپ.

— ياق، مەن خاتا تونۇپ قالمىدىم. ئون مىڭ، يۈز مىڭ ئادەم باللىرىنىڭ ئىچىدىنمۇ بۇ قاتىلنى ئايرىيالايمەن. سىلەر ئەجەب ئۇنىڭغا يان بېسىپ كېتىپسىلەرغۇ؟ ئۇ سىلەرگە زادى نېمە قىلىپ بەردى؟ ئەگەر سىلەر هۆرمىتىمنى قىلىمەن دېسەڭلار، ئۇنى ماڭا باغلاپ بېرىڭلار.

پاقا بوۋاي بەك كۆچىيەتكەچكىمۇ قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

— بوۋا، سىلى مېنى خاتا تونۇپ قالدىلا، سىلىنىڭ مومايلىرى قاچان ئۆلگەن ؟

— توپتوغرا بىر يېرىم يىل بولدى، دەل مۇشۇنداق چاغلاردا.

— ئۇنداق بولسا ئۇ هەرگىزمۇ مەن ئەمەس، مەن يەر شارىغا كەلگىلى بىر ئايمۇ بولمىدى.

— كىمنى ئالدايسەن؟ سەن توقۇز - ئون ياشقا كىرىپ قالغان تۇرۇپ، ئۆزۈڭنى بىر ئايلىقمۇ بولمىغان بالا قىلىپ كۆرسەتمەكچىمۇ؟

— مەن ئەمدى سىلەرگە راست گەپنى قىلاي، مەن هەقىقىي ئادەم بالىسى ئەمەس، مەن باشقا يۇلتۇزدىن كەلگەن ياسالما بالا.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — بوۋاي يەنە يۆتىلىپ كەتتى. ياسالما بالا دەپمۇ بالا بولامدۇ، باشقا يۇلتۇزدىن كەلگەن دەپ قوي، سەن زادى كىمنىڭ ئەخمەق قىلماقچى، سەن ئۆزۈڭنىڭ ئادەم بالىسى ئەمەسلىكىنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟ — پاقا بوۋاينىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بولغاچقا، پاقا خانىم ۋە پاقا بالىلار نېمە دەيدىكىن دەپ تۇغلۇققا قارىدى.

— سىلى ئادەم بالىلىرىدىن قانداق پۇراق چىقىدىغانلىقىنى بىلەملا؟ — دېدى تۇغلۇق خېلى پۇرەكلىك هالدا.

— هە، مەن ئادەم بالىلىرىدىن كېلىدىغان پۇراقنى خېلى يىراقتىنلا پۇرىيالايمەن، — دېدى پاقا بوۋاي هەم شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم بالىسىغا خاس پۇراقنى پۇرىيالمىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ هەرقانچە كۆچەپ پۇراپمۇ تۇغلۇقتىن ئادەم بالىسىغا خاس پۇراقنى پۇرىيالمىدى.

— راست، سەندە ئادەم بالىسىغا خاس پۇراق يوققۇ؟ سەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن بىزنى سېزىپ قالمىسۇن، دەپ پۇرىمايدىغاننىڭ ئامالىنى قىلدىڭمۇيا؟ — بوۋاي تۇغلۇققا يەنە گۇمان بىلەن تىكىلدى.

— مەن سىلەرگە راست دەۋاتىمەن، مەن ئادەم بالىلىرىغا ئوخشىتىپ ياسالغان يالغان بالا.

— نېمە؟ ئادەم بالىسىنىمۇ ياسىغىلى بولامدىكەن، سېنى ياسىغانلار مومىيىمنىمۇ ياسىيالايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئەلۋەتتە ياسايدۇ.

— ئەمىسە ئۇلار قەيەردە؟ ئۇلار مومىيىمنى ياساپ بەرسۇن، مومىيىمغا ئوپمۇئوخشاش قىلىپ ياساپ بەرسە، مەن ئۇلاردىن، سەندىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى بولاتتىم. ئۇلارغا دېگىن، ئۇلار مومىيىمنى ياساپ بەرسۇن.

تۇغلۇق ئۆز ئاغزىدىن بالاغا قالغانلىقىنى بىلىپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى. بوۋاي يەنە كالىلىسىدىن ئېزىپ ئوڭ ـ تەتۈر سۆزلەۋاتقاچقا، پاقا خانىم بىلەن پاقا بالىلار بوۋاينى بەزلەپ،

ئۆڭكۈرىگە ئەكىرىپ قويدى. پاقا بوۋاي تۇغلۇقنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئەنە شۇنداق بىردەم ئىشلەپ، بىردەم ئىشلىمەيدىغان بولۇپ قالدى.

پاقا خانىم بوۋاينىڭ ئەس ـ ھوشىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ، تۇغلۇقتىن ئەپۇ سورىدى. پاقا بالىلار تۇغلۇقنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناخشا ئېيتىشنى باشلىۋەتتى.



# بېلىق باللار

تۇغلۇق مومىسىنىڭ مەھەللىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قۇتلۇققا يېپىشىپلا يۈردى. چۈنكى، نۇرلۇق يۇلتۇز ۋە چۆچەك يۇلتۇزلاردا يۈرگەندە ئۇنى بەك سېغىنىپ كەتكەنىدى.

بىر كۈنى، ئۇ ئۇكىسى بىلەن بىللە كۆل بويىغا سۇغا چۆمۈلگىلى كەلدى، چۈنكى ئۇلار يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۈندە دېگۈدەك سۇغا چۆمۈلەتتى. قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ ئۆتكەندە قىلالىغان ئىشلىرىنى يېقىندا قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن تۇغلۇققا ئازراق گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ئاكا، سەن سۇنىڭ ئاستىدا قانچە مىنۇت تۇرالايسەن، ئاۋۇ چاغدا...

— ھەي، ئۇكام، باللار بىلەن ھەرگىز ئۇنداق ئويۇن ئوينىما جۇمۇ، ئادەم سۇنىڭ ئاستىدا نەچچە مىنۇت تۇرسا تۇنجۇقۇپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا سەن ھېلىقى چاغدا سۇنىڭ ئاستىدا خېلى تۇرغانىدىڭغۇ؟

— مەن... — تۇغلۇق شۇ چاغدىلا ياسالما تۇغلۇقنىڭ بەزى ئىشلارنى بەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى ۋە چاندۇرماستىن دېدى، — ئۇ چاغدا ئۇنداق ئۇزاق تۇرۇش نىيىتىم يوق ئىدى. پۈتۈم سۇ ئاستىدىكى قومۇش يىلتىزىغا ئىلىنىپ قېلىۋىدى، ھېلىمۇ ياخشى بىر نەرسە بولۇپ قالمىدىم.

ئادىل ۋە باشقا باللارمۇ سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتاتتى. تۇغلۇق ئۇلاردىن ئايرىلىپ كۆل بويىدىكى قومۇشلۇققا كىردى. ئەلىمۇ قورسىقى ئاغرىپ قومۇشلۇققا كىرگەنىدى. تۇغلۇق

قومۇشلۇققا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدىكى مەڭ نۇرلىنىپ كەتتى.

— توغلۇق! توغلۇق! بارمۇسىز؟

— مەن بار، يەنە نېمە گەپ؟

— ياسالما توغلۇقنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدۇق، ئۇ ھازىرمۇ يەر شارىدا!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ توغلۇقنىڭ چىرايى ئۆزگۈرۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ياسالما توغلۇقنىڭ يەنە بۇ يەردە مەۋجۇت بولۇشىنى خالىمايتتى.

— سىلەر ماڭا نېمە دېگەن، نېمىدەپ ئەكەتمىگەن؟

— سىزنى ئېلىپ بارغان كۆنى ئۇ كۆل بويىغا كەلمەپتۇ، يەر شارىغا بارغۇچىلار ئۇ يەردە بەك ئۇزاق تۇرالمايدۇ، شۇڭا ئامالسىز قايتىپ كەپتۇ.

— ئەمىسە ئۇ ھازىر بۇ يەردىمۇ يوق، نەگە كەتكەندۇ؟

— بىزمۇ نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى ئۇنى كۆپ ئىزدىدۇق. ئاخىر ئۇنىڭ سىلەر سۇ ئۈزۈپ ئوينايدىغان كۆل ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

— ئۇنداق بولسا ۋاقتىدا ئەكېتىڭلار.

— بىزنىڭمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلگۈمىز بار، بىراق بىز سۇ ئاستىدىكى نەرسىلەرنى كونترول قىلالمايمىز. شۇڭا سىز ئۇنى كۆل ئۈستىگە ئاچىقسىڭىز، بىز ئۇنى ياندۇرۇپ كېلەيلى.

— ئۇ كۆل ئاستىدا تۇرسا، مەن ئۇنى قانداق ياندۇرۇپ چىقىمەن؟

— سىز ھازىر سۇ ئاستىغا كىرسىڭىز ئەركىن نەپەس ئېلىپ، خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك يۈرەلەيسىز.

— ياسالما توغلۇق سۇ ئاستىدا نېمە قىلىۋېتىپتۇ؟

— پاقا باللارغا ناخشا ئۆگىتىۋاتىدۇ.

— ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامسىچۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسىڭىزلا باشقا ئىشلارغا بىز بار.

مەڭدىن چىقىۋاتقان بۇ ياڭراق ئاۋاز نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى ئالىملارنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئۇنداقتا بىر تەلىپىم بار، ئۇكام قۇتلۇقمۇ مەن بىلەن بىللە كۆل ئاستىغا چۈشەلەيدىغان بولسۇن.

— بۇ... بۇ...

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ كۆل ئاستىغا چۈشمەيمەن، سىلەرگە ھېلىمۇ ئاز ئىش قىلىپ بەردىممۇ! مەن تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۇكامدىن ئايرىلىپ باقمىغان، ھېلىمۇ سىلەر بىزنى يىگىرمە نەچچە كۈن ئايرىۋەتتىڭلار، ئەمدى يەنە كۆل ئاستىغا چۈش دەۋاتىسىلەر، مەن ئۇ يەردە يەنە قانداق ئىشلارغا يولۇقىمەن، ئەمدى ئۇكام بىلەن بوۋام، موماملىنى ئەنسىرەتكۈم يوق.

مەڭدىن بىرەر مىنۇتقىچە ھېچقانداق سادا چىقمىدى، لېكىن مەڭ يەنىلا نۇرلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر تۇغلۇقنىڭ گېپىنى ئويلىشىۋاتقانىدى.

— تۇغلۇق!

— مەن بار.

— بوپتۇ، ئۇكىڭىزمۇ سىز بىلەن بىللە كۆل ئاستىغا چۈشسۇن. ئۇ كۆل ئاستىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن بىلىكىڭىزدىكى مەڭگە بىرنى سۆيۈپ قويسا، خۇددى سىزدەك سۇ ئاستىدا ئەركىن نەپەس ئېلىپ يۈرەلەيدۇ.

— ئۇ كۆلنىڭ قانداق يېرىدىكەن؟

— پاقا باللار مەھەللىسىدە ئىكەن.

تۇغلۇق قومۇشلۇقتىن يېنىپ چىققاندا، قۇتلۇقلار كۆل بويىدىكى يۇمشاق توپىدا ئېغىناپ ياتاتتى. تۇغلۇق ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قۇتلۇقنى بىر چەتكە تارتتى.

— ھازىر موماملارنىڭ مەھەللىسىدىن كەلگەن بىرەيلەندىن ئاڭلىدىم، ئاپام ـ دادام قايتىپ كەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ۋوي، بەك ياخشى بوپتۇ، — ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىنىپ كەتكەن قۇتلۇق خۇشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتتى. ئۇلار

بالىلارغا قايتىمىز دەپ قويۇپ، كۆلنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتتى.

— گەپ قىلما، سەن ئالدى بىلەن قولۇمدىكى ماۋۇ مەڭگە سۆيۈپ قويە، — تۇغلۇقنىڭ بۇ گېپى قۇتلۇققا بەكمۇ سىرلىق تۇيۇلدى.

— ۋاي بولدى قىلە، نېمىدەپ سۆيىمەن؟ ماڭە، تېز ئۆيگە كېتەيلى. ئاپام ـ دادامىلار بىزگە قانداق نەرسىلەرنى ئەكەلدىكىن؟

— سەن باشقا گەپنى قويۇپ بۇ مەڭگە سۆيە، قالغان كارامەتنى شۇ ۋاقىتتا كۆرىسەن.

— كارامەتنى؟ تولا يالغان سۆزلىمىگىنە، بىلىكىمگدىكى مەڭگە سۆيۈپ قويىسام نېمە كارامەت بولماقچىدى. ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلماي، ماڭە، ئۆيگە كېتەيلى.

— ھەي، سۆي دېگەنكىن سۆيمەمسەن، گېپىڭ بولسا سۆيۈپ بولغاندىن كېيىن دېمەمسەن؟

قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ جىددىي ئەلپازىنى كۆرۈپ، مەڭنى سۆيدى. قۇتلۇق مەڭنى سۆيۈپ بولۇش بىلەن تەڭ، تۇغلۇق قۇتلۇقنى قۇچاقلاپ كۆلگە سەكرىدى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق كۆل ئاستىدىكى سىرلىق مەنزىرىلەرگە ھەيران بولۇپ قارايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆل ئاستىدىمۇ ئەركىن نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولدى.

— ئۇكام، ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن، مەڭگە سۆيگەنلىكىڭنىڭ كارامىتى بۇ، ماڭە، باشقا كارامەتلەرنى كۆرىمىز.

ئۇلار كۆل ئاستىدىكى ئۆزگىچە دۇنيادا خۇددى يوقاتقان ھالدا كېتىۋاتاتتى. بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ قالغان تۇغلۇق ئۈچۈن بۇ ئادەتتىكى ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، قۇتلۇققا چۈشتەك بىلىنىدى.

— ئاكا بىز چۈش كۆرۈۋاتمايدىغاندىمىز؟ كۆلنىڭ ئاستىدىمۇ بۇنداق چىرايلىق يەرلەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيۋاتىمەن.

ئۇ سەل قورققاندەك تۇغلۇققا يېقىنلىشىپ ماڭدى. كۆل ئاستى تىنچتەك قىلغان بىلەن، يېنىك بىر مۇزىكىغا ئوخشايدىغان

سادا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇغلۇق ياسالما تۇغلۇقنى نەدىن تاپارمەن، دېگەن خىيال بىلەن ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى. ئەتراپتىكى جۇلالىنىپ تۇرغان نېلۇپەرسىمان گۈللەر، يوغان ياپراقلىق باراقسان دەرەخلەر بۇ يەرنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسەتتى. بەزى گۈل ۋە يوپۇرماقلار خۇددى يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچاتتى.

ئۇلار تەبىئىي يوللارنى بويلاپ خېلى ئۇزاق ماڭدى. بۇ يەردە بىرەر جانلىق كۆرۈنمەيتتى. قۇتلۇق بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسىگە قىزىقاتتى، ئەمما تۇغلۇقنىڭ خىيالى ياسالما تۇغلۇقنى تېپىشتا ئىدى. ئۇلار بىر گۈلزارلىقتىن ئۆتۈپ، يەنە بىر بوستانلىققا كەلگەندە، ئىنچىكە ۋە سوزۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ھەي، توختا، سەنلەر بۇ يەردە نېمە قىلىسىلەر؟

باشتا بۇ ئاۋاز بەكلا بوش چىققاچقا تۇغلۇقلار ئاڭلىماي قالدى. ئاۋاز بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، ئۇلار كەينىگە قارىدى.

— ھەي، ئىككىڭلار ئادەم بالىسىمۇ ياكى ئالۋاستىمۇ؟

ئۇلارغا گەپ قىلىۋاتقانلار قولىدا ئۇزۇن بىر نەيزە، ئارىلارنى كۆتۈرۈۋالغان بېلىق بالىلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستى تېنى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشايتتى.

ئۇلار تۇغلۇق، قۇتلۇقلاردىن قورقماي گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە سەل قورقۇمسىراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سوئالىغا تۇغلۇق جاۋاب بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بېلىق دوستلار! گەپ بولسا چىرايلىقچە قىلىشايلى. بىزنى نېمىگە ئاساسەن جىن ـ ئالۋاستى دەيسىلەر، بىز ھەقىقىي ئادەم بالىسى. ئەگەر جىن ـ ئالۋاستى دېيىش توغرا كەلسە، سىلەرنى جىن ـ ئالۋاستى دېسە بولىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېلىق بالىلار ۋارقىرىشىپ كەتتى:

— ھەي، سىلەر بىزنىڭ بېلىق بالا ئىكەنلىكىمىزنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟ بىز مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئىگىسى بېلىق باتۇرلار، بىز سىلەرلا ئەمەس، تاشپاقا بالىلار ۋە پاقا بالىلاردىنمۇ



قورقمايمىز. گېپىمىزدىن رەنجىمەي تۇرۇڭلار، بىزنىڭ بۇ يەرگە ئادەمسىمان ئالۋاستىلار دائىم دېگۈدەك كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىزگە كۆپ زىيانكەشلىك قىلغان، شۇڭا سىلەرنىمۇ ئالۋاستى بولۇپ قالمىسۇن دەيمىز.

— سىلەرنى ئالۋاستىمىكىن دەپ گۇمانلىنىۋاتىمىز.

— ھەي بالىلار، ئورۇنسىز تاكاللاشماڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن ئورۇنسىز گۇمانلانماڭلار، — بۇ ئاۋاز تۇغلۇقنىڭ بوۋىسى ئاسىم بوۋاينىڭ ئاۋازىغا بەك ئوخشايتتى.

بۇ تاشپاقا بوۋاينىڭ ئاۋازى ئىدى. تاشپاقا بوۋايمۇ خۇددى ئادەمدەك ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئۆرە مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، باشقا يەرلىرى تاشپاقىغا ئوخشايتتى، پەقەت بېشىلا ساقاللىق بوۋايغا ئوخشايتتى. بىلىق بالىلار تاشپاقا بوۋاينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ، خۇددى ئاچچىقى يامان مۇئەللىمىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلاردەك جىمىپ قالدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق تاشپاقا بوۋايغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بىر قارىسام سىلەر ھەقىقىي ئادەم بالىسىدەك قىلىسىلەر، بىراق مەنمۇ قېرىپ قالدىممىكىن، ھەقىقىي ئادەم بالىسى بىلەن جىن - ئالۋاستىنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتىمەن. شۇ تاپتا مەنمۇ سىلەرنى ھەقىقىي ئادەم بالىسى، دەپ كېسىپ ئېيتالمايمەن. ياشاۋاتقىنىمغا بەش يۈز يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئادەم بالىلىرىنىڭ بۇ مەھەللىگە كەلگىنىنى كۆرۈپ باقمايتىكەنمەن. لېكىن، سىلەرنىڭ ئادەم بالىسى ياكى ئەمەسلىكىڭلارنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۇسۇل بار. ئەگەر شۇ سىناقتىن ئۆتەلىسەڭلار، بىز سىلەرنى ھەقىقىي ئادەم بالىسى دەپ، بەزى ھۈنەرلەرنى ئۆگىتىپ قويىمىز ھەم مەن سىلەرگە ئۈزۈن ئۆمۈر كۆرۈش يېمەكلىكلىرىدىن بىر قۇتا بېرىمەن. ئۇنىڭدىن بىر تال يېگەن ئادەم خۇددى ماڭا ئوخشاش بەش يۈز يىلدىن ئارتۇق ياشايدۇ.

بوۋاي تۇغلۇقلارغا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى. تۇغلۇق ھېچ ئىش بولمىغاندەك تاشپاقا بوۋاي ۋە بېلىق بالىلار بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بولسىمۇ، قۇتلۇق قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى لاغىلداپ تىترەپ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغانىدى.

— بىز ئادەم بالىسى. مەن جىن - ئالۋاستىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيمەن. ئەگەر سىلەر بىزنى سىنايمەن دېسەڭلەر، سىناپ بېقىڭلار، سىنىقىڭلاردىن چوقۇم ئۆتەلەيمىز، — دېدى تۇغلۇق تۇرلۇق يۇلتۇز ۋە چۆچەك يۇلتۇزلاردا بۇنداق ئىشلارغا تولا ئۇچراپ كۆنۈپ قالغاچقا قورقماستىن.

— ئالۋاستىلار ئۇسسۇل ئوينىيالمايدۇ. ئەگەر سىلەر بىزگە ئادەم بالىلىرى ئوينايدىغان ئۇسسۇلدىن ئويناپ بەرسەڭلار، بىز سىلەرنى ھەقىقىي ئادەم بالىسى ئىكەن دەيمىز. سىلەر بىلەن مەڭگۈ دوست بولىمىز.

بېلىق بالىلار تاشپاقا بوۋايغىمۇ گەپ بەرمەي چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى. تۇغلۇق قۇتلۇققا قارىدى، چۈنكى قۇتلۇق ئۇسسۇل ئويناشقا بەك ئۇستا ئىدى. ئۇ مەھەللىدىكى توي - مەشرەپلەردە، مەكتەپلەردىكى تۇرلۇك سەنئەت پائالىيەتلىرىدە شوخ - شوخ ئۇسسۇل ئويناپ ھەممىنى قايىل قىلاتتى.

— ئۇكام، سەن ئويدان ئۇسسۇلدىن بىرنى ئويناپ، ئۇلارغا بىزنىڭ جىن - ئالۋاستى ئەمەسلىكىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويە.

ئۇسسۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قۇتلۇقمۇ تۇرالماي قالدى.

— بىراق بۇ يەردە مۇزىكا بولمىسا، — دېدى ئۇ ئۇمىدسىزلەنگەندەك بولۇپ، تۇغلۇق بىلىكىدىكى مەڭگە مۇنداقلا قاراپ قويۇۋىدى، قۇتلۇق ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شوخ بىر ئۇسسۇل مۇزىكىسى ياڭرىدى. قۇتلۇق ئاۋۋال تاشپاقا بوۋاي ۋە بېلىق بالىلارغا ئەدەپ بىلەن سالام بەردى - دە، مۇزىكىغا چۈشۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. قۇتلۇق ئۇسسۇلنى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئوينايتتى. بېلىق بالىلار ئۇسسۇل ئويناشقا ئامراق بولسىمۇ، قۇتلۇقتەك ئوينىيالمايتتى.

# ئىككى تۇغلۇق

تۇغلۇقمۇ قۇتلۇققا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ قۇتلۇقتەك ئوينىيالمىسىمۇ ھەرھالدا يامان ئەمەس ئوينايتتى. شوخ مۇزىكىنى ئاڭلىغان ۋە تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرگەن بېلىق بالىلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. تاشپاقا بوۋاينىڭمۇ ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكى تېخىمۇ قىزىقارلىق بولدى. ئۇلار مۇزىكا تۈگىگۈچە بىر - بىرى بىلەن بېقىشىپ ئوينىدى.

— ھا - ھا - ھا، راست ئادەم بالىلىرى ئىكەن، جىن - ئالۋاستىلار ھەرگىزمۇ بۇنداق ئۇسسۇل ئوينىيالمايدۇ.

تاشپاقا بوۋاي ھاياجانلانغانلىقىدىن بىر گەپنى كۆپ قېتىم تەكرارلىدى.

— سىلەر ھەقىقەتەن ئادەم بالىسى ئىكەنسىلەر، بىراق مەن سىلەردىن سوئال سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى تاشپاقا بوۋاي تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا سەممىيلىك بىلەن تىكىلىپ.

— سوراڭ بوۋا، ھەرقانداق سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشكە بىز تەييار، — دېدى ئىككىيلەن ئالدىن دېيىشىۋالغاندەك تەڭلا.

— ئەمىسە خاپا بولماي جاۋاب بېرىڭلار، ئادەم بالىلىرى سۇ ئاستىدا بۇنداق يۈرەلمەيتتى، سىلەر نېمە ئۈچۈن يۈرەلەيسىلەر؟

— گېپىمىزگە ئىشىنىڭ بوۋا، سىز دېگەندەك بىز سۇدا بۇنداق ئەركىن يۈرەلمەيتتۇق، بۇنىڭدا بىر سىر بار، بۇنى ھازىرچە سىزگە دېيەلمەيمىز. بىزنى توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى تۇغلۇق سەممىيلىك بىلەن.

— ئۇنداق بولسا مەن سورىماي، راست گەپ قىلغان

بولساڭلار بولـدى. سىرىڭـلارنى ئوبدان ساقلاڭلار. هازىـر بېلىـق باللار ئىككىڭلارنـى ئوبدان ئويـنىتىـپ قويسۇن. مـەن سىلەرگـە ئۈزۈن ئۆمـۈر كۆرۈش يېمـەكلىكـىدىن بىـر قۇتا ئالـغاچ كېلـەي، سىلەر مۇشۇ يەردە ئويـناپ تۇرۇڭلار، ــ پاقا بوۋاي شۇنـداق دەپ ماڭماقچى بولغاندا، پاقا خانىم بىلەن بىرمۇنچە پاقا باللار يېتىپ كەلدى. بۇ پاقا باللارنى كۆرۈپ قۇتلۇق ئەمەس، تۇغلۇقمۇ هەيران قالدى.

ــ هەي تاشپاقا بوۋاي، سىز بۇلارنى راستلا ئادەم بالىسى دەپ ئويلاپ قالـغان ئوخشـىمامسـىز؟ بۇ ئـىككىـسى چوقۇم جـىـن ـ ئالۋاستى.

تـاشپاقا بـوۋاي پاقا خانـىمنىـڭ بۇنداق قەتـئىيلـىك بىـلەن سۆزلىگـىنىگە قـارىغاندا، ئـۇنىڭ گېـپىنىـڭمۇ ئاساسى بولۇشـى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

ــ هە، پاقا خانىم، بۇلارنى جىن ـ ئالۋاستى دەيدىغانغا نېمە پاكىتىڭىز بار؟

پاقا خـانىم بىـلەن كەلگەن پاقا بـالـىلار بىـردەم تـۇغلۇقـقـا قارىسا، بىردەم قۇتلۇققا قاراپ هەيران قېلىشۋاتاتتى.

ــ ئادەم بالـىلىرى ئوپـمۇئوخشـاش بولامدۇ؟ قارىـمامسـىز، بۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوپمۇئوخشاش تۇرغانلىقىنى.

تاشـپاقا بوۋاي شـۇ چاغدىلا تـۇغلۇق بىـلەن قۇتـلـۇققا يـەنـە باشقىدىن سىنچىلاپ قارىدى.

راست، بۇ قوشماقلار بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشايتتى. تاشپاقـا بـوۋاي ئۇلارغا قايـتا ـ قايتـا قاراپمۇ ئـۇلارنى پەرقلـەندۈرىدىغـان يېرىنى تاپالمىدى. بېلىـقلارمۇ تـۇغلۇق بىـلەن قۇتلـۇقنى ئەمـدى كۆرۈۋاتقاندەك هەيران بولۇپ قارىدى.

ــ مەنچە بـىزگە ئادەم بـالـىلـىرىنىڭ هـەممىسـىلا ئوخشـاش كۆرۈنـىدۇ، چۈنكـى بـىز ئۇلارنـىڭ ئـىنـچىكـە پـەرقـلـىرىـنـى بىلەلمەيمىز. پاقا بـالىلارمۇ مـاڭا ئوخشـاش كۆرۈنىدۇ، شـۇنىڭغـا ئوخشاش ئـىشىنىكىن دەيمەن.

— پاقا باللار بىر - بىرىگە ئوخشىغاندەك قىلغان بىلەن بۇلاردەك ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا، بۇلارنى ئادەم بالىسى دېگىلى بولمايدۇ. يېقىندىن بېرى جىن - ئالۋاستىلار ئادەم سىياقىغا كىرىپ، بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ.

پاقا خانىمنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇغلۇقلارنىڭ بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— سىز بىزگە بۇنداق بوھتان چاپلىماڭ. سىز پۈتۈنلەي يالغان سۆزلەۋاتىسىز. ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان بىرەر جىننى كۆرۈپ باققانمۇسىز؟ مەنچە سىز جىن - ئالۋاستىنى ئەمەس، ئادەم بالىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى تۇغلۇق پاقا خانىمغا قوپاللىق بىلەن.

— ها - ها - ها، — پاقا خانىم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلىدى، — ھەي ئالۋاستى، سەن ئۇماق ئادەم بالىسىنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ تولا بىزنى كولدۇرلاتقۇچى بولما، ئۇنداق بولسا ئىككىڭ نېمانچە بىر - بىرىڭگە ئوخشايسەن؟

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، بىز قوشكېزەك، — تۇغلۇق تېزلا جاۋاب بەردى. قۇتلۇق كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ ئۇلگۇرەلمەيۋاتاتتى.

— ئۇنداق بولسا ساڭا ئوپمۇئوخشاش يەنە بىر ئالۋاستىنى ئەكېلىپ بەرسەم ئۇنىمۇ مېنىڭ قوشكېزىكىم دەيدىغان ئوخشىمامسەن؟ سەن ئالۋاستىلارنىڭ بۇنچىلىك ئويۇنىنى بىلەلمىسەك، بۇ كۆلنىڭ ئاستىدا ياشىيالامتۇق بىز؟

— بىزگە ئوخشاش يەنە بىر بالىنى ئەكېلەلەيسىلەر؟ قىلالمايدىغان ئىشىڭلارنى تولا داۋراڭ سالماڭلار! — تۇغلۇقنىڭ مەقسىتى ياسالما تۇغلۇقنى تېپىش بولغاچقا، بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. قارىغاندا پاقا خانىملار ياسالما تۇغلۇقنى ئەكېلىدىغاندەك قىلاتتى.

— مەن ئۇنى ئەكەلسەم، ئالۋاستى ئىكەنلىكىڭگە ئىقرار

بولامسەن؟ — پاقا خانىم قايتۇرۇپ سورىدى.

تاشپاقا بوۋاي ۋە باشقىلار داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. پاقا خانىم پاقا بالىلارغا ئىشارەت قىلىپ قويۇۋىدى، كۆپ ئۆتمەي ياسالما تۇغلۇق ئەكېلىندى. بۇ يەردىكى بىلىق بالىلار ھەم تاشپاقا بوۋاي ئۈچۈن بۇ ئىش تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. راست دېگەندەك، بۇ ئۈچىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ياسالما تۇغلۇقنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى قۇتلۇقنى بەكلا ھەيران قالدۇردى. ئۇ تۇغلۇق بىلەن ياسالما تۇغلۇققا قاراپ چەكچىيىپ قالدى. قۇتلۇق ئىككى تۇغلۇقنىڭ پەيدا بولۇپ قالغىنىدىن چۆچۈپ كەتتى. قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇقنى باشقىلار بەك ئوخشايدۇ دېگەنىبىلەن، ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەلمەيدىغان خېلى كۆپ پەرقلىرى بار ئىدى. بۇنى تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئوبدان بىلەتتى. بىراق، قۇتلۇق تۇغلۇق بىلەن ياسالما تۇغلۇقنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرەلمىدى. ياسالما تۇغلۇقنى تۇغلۇق جاھاننەمادا كۆرگەن بىلەن، ياسالما تۇغلۇق تۇغلۇقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، تۇغلۇققا قارىغاندا ياسالما تۇغلۇق تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— ھە، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

پاقا خانىم قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇققا چەكچىيىپ قارىغاندىن كېيىن، تاشپاقا بوۋايغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. تاشپاقا بوۋايمۇ نېمە ئىش بۇ، دېگەندەك يوغان تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بىلىق بالىلارمۇ تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى ئالۋاستى دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى.

— قانداق، بۇلار ئالۋاستى بولمىسا بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشامدۇ؟ ئاۋۇ ئىككىسىنى قوشماق دېسەكمۇ، ماۋۇ بىز ئەكەلگىنى نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ئەمدى بۇنىڭغا ئۆزلىرى جاۋاب بېرىپ باقسۇن، قېنى نېمە دەيسىلەر؟ — پاقا خانىم ئۇلارغا چەكچەيدى.

تۇغلۇق ياسالما تۇغلۇقنى ئۇ ياسالما ئادەم دېمەكچى بولغان

بولسىمۇ، نېمىشقىكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمىدى. ياسالما تۆغلۇق ئۇغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغان بالىلاردەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. گەپنى يەنىلا تۆغلۇق باشلىدى:

— ھەي، ئۇ بىزنىڭ بىر نەۋرە ئاكىمىز. بىز ھەقىقەتەن بەك ئوخشايمىز. ئۇنىڭ كۆل ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئىزدەپ كەلگەنىدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پاقا خانىم پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. تاشپاقا بوۋاي تۆغلۇققا ئوبدان گەپ قىلدىڭ دېگەندەك قاراپ قويۇپ:

— مەنچە بۇلار جىن - ئالۋاستى ئەمەس، بۇنداق ئوماق ئادەم بالىلىرىنى جىن - ئالۋاستى دېگەنلەرنىڭ ئۆزى ئالۋاستى، — دېدى پاقا خانىمغا تەنە قىلىپ.

— ھوي، بوۋاي، گېپىم بار دەپ قىلىۋەرمەڭ، گېپىڭىزگە قارىغاندا بىز ئالۋاستى ئىكەنمىز - دە، گەپنى ئويلىشىپ قىلايلى، — دېدى پاقا خانىم چالۋاقاپ.

— ھەي، سىز گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ كەتمەڭ، ئىشقىلىپ بۇ بالىلارنى جىن - ئالۋاستى دېمەيلى دېمەكچىمەن.

ئۇلار بىردەم تاپا - تەنە قىلىشقاندىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى. تۆغلۇقلار پاقا خانىم بىلەن پاقىلار مەھەللىسىگە كەلدى. بۇ يەردە پاقىلار بايرىمىغا جىددىي تەييارلىق قىلىنىۋاتاتتى. پاقا خانىم ئاچچىقىدىن يېنىپ خۇشخۇي بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار تۆغلۇقلارنى تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر بىلەن مېھمان قىلدى.

— سىلەردىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىپ خاپا قىلىپ قويغان بولسام كەچۈرۈڭلار، يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن پاقىلار بايرىمى باشلىنىدۇ. سىلەرنىڭ بۇ بايرامغا قاتنىشىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. بايرام ۋاقتى بولغۇچە مەن سىلەرنى ئايرىم بىر ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ قوياي، شۇ يەردە ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، سىلەرمۇ ئۆز ئالدىڭلارغا بىر سەنئەت نومۇرى ئورۇندىمىساڭلار

بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ بايرىمىمىز يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، لېكىن بۇ قېتىمقىسى ئادەم باللىرى قاتنىشىدىغان ئۆزگىچە بايرام بولىدۇ، — پاقا خانىم شۇنداق دېگەچ ئۇلارنى بىر ئۆڭكۈرگە ئەكىردى.

ئۆڭكۈر خۇددى نۇرلۇق چىراغتەك چاقناپ تۇرغان گۆھەر تاشلار بىلەن يورۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە تۇغلۇقلار كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن ئويۇنچۇقلار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ئويۇنچۇقلارغا مەيلى بولمىدى. ئىككى تۇغلۇق بىر ـ بىرىگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇراتتى. قۇتلۇق قايسىسىنىڭ ھەقىقىي تۇغلۇق ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي، ھەر ئىككىسىگە گۇمان بىلەن قارايتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئىككى تۇغلۇق مەن ھەقىقىي تۇغلۇق، سەن يالغان تۇغلۇق، دەپ قۇتلۇقنى قايمۇقتۇرىدىغان ئىشنى قىلمىدى.

— ساڭا رەھمەت، مېنى ياسالما دەپ مات قىلمىدىڭ، مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلدىڭ. ئەكە قولۇڭنى، بىز كۆرۈشۈپ قويايلى.

ياسالما تۇغلۇق بىلەن تۇغلۇق قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ ئىشقا ھەيران بولۇۋاتقان قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرى تېخىچە چەكچىيىپ تۇراتتى.

— سىلەر بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ قانداق قىلىپ سۇ ئاستىدىمۇ ئەركىن نەپەس ئالالايدىغان بولۇپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ياسالما تۇغلۇق.

— بۇ سىلەرنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنىڭ كارامىتى، — دېدى تۇغلۇق ئەمدى قۇتلۇقتىن ئىشلارنى يوشۇرۇپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، — ئۇلار بولمىغان بولسا بىز بۇ يەرنى ھەرگىزمۇ كۆرەلمىگەن بولاتتۇق، بىزگە باشقا ئادەم باللىرىدا يوق خۇسۇسىيەتنى نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەر بەرگەن.

قۇتلۇق تۇغلۇقنى يالغان سۆزلەۋاتامدىكىن دەپ ئويلىدى. ياسالما تۇغلۇق بىردىنلا ئالاقزادە بولۇپ ئەتراپقا قاراپ:

— نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرمۇ كەلگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى جىددىيلىشىپ، — ياق، مەن ئۇلار بىلەن كەتمەيمەن. مەن ھازىر

رەسمىي يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىپ بولدۇم. مەن نۇرلۇق يۇلتۇزغا قايتسام سىلەرنى ھەم بوۋام ـ موماملارنى ھەرگىز كۆرەلمەيمەن.

— قايسى بوۋاڭ ـ موماڭنى دەيسەن؟ — توغلۇق خاپا بولغاندەك سورىدى.

— ۋاي، سېنىڭ بوۋاڭ ـ موماڭ مېنىڭمۇ بوۋام ـ مومام، — دېدى ياسالما توغلۇق.

توغلۇق ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلمىدى. ئىككى توغلۇق ئارىلىقتا بولغان ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى، قۇتلۇق ئارىلىقتىكى ئۇن نەچچە كۈندە ئۆزى بىلەن بىللە يۈرگۈچىنىڭ ياسالما توغلۇق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدى.

— ئۇماق قېرىنداشلىرىم، سىلەر ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ قويساڭلار بولارمۇ؟

— قانداق ياخشىلىق؟ — دەپ سورىدى توغلۇق.

— مەن يەر شارىغا كۆنۈپ قالغانىدىم. يەر شارىدىن كەتمەسلىككە ياردەم قىلالامسىلەر؟

— نەدە ياشايسەن؟ مۇشۇ كۆلنىڭ ئاستىدا ياشاۋېرەمسەن؟

— مەيلى نەلا بولسا، بىراق بۇ يەردە ئۇزاق تۇرسام بولمايدۇ، مېنى ئۆيۈڭلارنىڭ بىر ئەزاسى قىلىۋالساڭلار بولماسمۇ؟ — دېدى ياسالما توغلۇق ئۆتۈنۈپ تۇرۇپ.

— سېنى ئۆيىمىزنىڭ ئەزاسى قىلىۋېلىش ئاسان. بىراق، ئۆيىمىزدىكىلەرمۇ سەندىن خۇددى پاقا خانىم گۇمانلانغاندەك گۇمانلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىزگە ئوپمۇئوخشاش تۇرساڭ خەق نېمىدەپ قالىدۇ؟ بوۋام بىلەن مومام، دادام بىلەن ئاپاملارمۇ قوشۇلماسمىكىن. شۇنداقتىمۇ بۇنىڭغا بىر ئامال تاپايلى، — دېدى توغلۇق.

ياسالما توغلۇق خۇشاللىقىدىن توغلۇقنى چىڭ قۇچاقلىدى.

# ياسالما توغلۇق كەتتى

پاقىلار بايرىمى كۈنى پاقىلار مەھەللىسى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. بۇ بايرامغا پاقىلار مەھەللىسىدىكى چوڭ ـ كىچىكلەرنىڭ ھەممىسى قاتناشقانىدى. سىرتتىن قاتناشقانلاردىن تاشپاقا بوۋاي، بېلىق باللار ۋە توغلۇقلارمۇ بار ئىدى.

بايرامدىن بۇرۇن پاقا باللارغا ئىككى توغلۇق ناخشا، قوتلۇق ئۇسسۇل ئۆگەتكەنىدى. پاقا باللارمۇ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىدەك كۆردى. ئۇلار ئادەم باللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئەنە شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ بىلىپ قالغانىدى.

بايرام ئۇچۇن مەخسۇس تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرى ئىچىدە قۇمچاقلارنىڭ ناخشىسى يۇمۇرلۇق، شوخ چىققانىدى. شۇڭا، پاقا خانىم «قۇمچاقلار ناخشىسى»نى بايرامنىڭ باشلىنىش ناخشىسى قىلدى. بۇ ناخشىنى ئىككى توغلۇق ئىجاد قىلىپ قۇمچاقلارغا ئۆگەتكەنىدى.

ئەمدى چىققۇق توخۇمدىن،
بىز ھەرگىزمۇ قۇش ئەمەس.
كۆلدە ئۈزۈپ ئويناشمۇ،
بىزگە يېڭى بىر ھەۋەس.

بىزدە ئەپچىل قۇيرۇق بار،
بىلىقتەك سۇ ئۈزىمىز.
كۆرۈپ تۇرار سۇدىمۇ،
بىزنىڭ بىر جۈپ كۆزىمىز.



پۇتلۇق بولۇپ چوڭ بولساق،
چىقالايمىز قىرغاققا.
بولۇپ بىزمۇ قۇيرۇقسىز،
سەكرەپ بارىمىز قىرغاققا.

قۇمچاقلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى بايرام كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. كۆرۈرمەنلەر قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ئارىلىقتا پاقا خانىممۇ بىر مۇڭلۇق ناخشا ئېيتتى. پاقا خانىم توغلۇقلارغىمۇ ئويۇن كۆرسىتىسىلەر دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئىككى توغلۇق ئىتوت تەييارلىۋالدى. ئارىلىقتا يەنە بىرنەچچە نومۇر ئورۇندالدى. تەكلىپ بويىچە تاشپاقا بوۋايمۇ بىر نومۇر ئورۇنداپ بەرمەكچى بولدى. تاشپاقا بوۋاي ناخشا ـ ئۇسسۇلدا يوق بولغان بىلەن قىزىق گەپلەرگە ئۇستا ئىدى.

تاشپاقا بوۋاي قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە سەھنىگە ئالدىرىماي ئۆمىلەپ چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! بۈگۈن پاقىلار مەھەللىسىدە بولۇۋاتقان بايرامغا ھەسسىلەپ شادلىق قوشۇلدى. چۈنكى، بۇ بايرامغا ئادەم بالىلىرىمۇ قاتناشتى ...

تاشپاقا بوۋاي گېپىنى ئەنە شۇنداق باشلاپ، ئارقىدىن قىزىق گەپ قىلىپ سورۇننى خېلى جانلاندۇردى. سەككىز ـ توققۇز نومۇردىن كېيىن ئۆچىرەت تۇغلۇقلارغا كەلدى. ئارىلىقتا قۇتلۇق شوخ ئۇسسۇلدىن بىرنى ئويناپ بەردى. رىياسەتچى پاقا قىز سەھنىگە چىقىپ ياڭراق ئاۋازدا دېدى:

— ھۆرمەتلىك بالىلار، قەدىرلىك دوستلار، كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۈگۈنكى شادلىق بايرىمىمىز بۇرۇنقى ھەرقانداق چاغدىكىدىن قىزىپ كەتتى. قۇتلۇق ئۇسسۇل ماھارىتى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئەمدى ئىككى تۇغلۇق بىزگە «ئىككى تۇغلۇق» دېگەن ئېتوتنى ئورۇنداپ بەرمەكچى، تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭرىتايلى !

ئىككى تۇغلۇق سەھنىگە چىقىپ چىرايلىق سالام بەرگەندىن كېيىن، ئېتوتنى باشلىدى:

ئۇلار ئىككى تەرەپتىن چىقىپ سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدا ئۇچرىشىپ قالدىغان بولدى.

تۇغلۇق: (ياسالما تۇغلۇققا ھەيران بولۇپ قارايدۇ) سەن كىم؟

ياسالما تۇغلۇق: بۇ سوئالنى مەن سەندىن سورىسام بولارمىكىن؟ سەن چوقۇم جىن ـ ئالۋاستى، بولمىسا نېمىشقا ھەممە يېرىڭ ماڭا ئوخشايدۇ، سەن دەل مېنىڭ سىياقىمغا كىرىۋالغان ئالۋاستى.

تۇغلۇق: بۇ گەپنى ئالدىراپ دەپ قويدۇڭغۇ دەيمەن. ئالۋاستى دېگەن دەل سەن شۇ.

ياسالما تۇغلۇق: مەن ئالۋاستى دېگەننى چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان.

تۇغلۇق: سەن ياسالما تۇرساڭ، چۈش كۆرۈشنى نەدىن بىلىسەن (بۇ گەپ ئەسلىي تېكىستتە يوق ئىدى، تۇغلۇق بۇ

گەپنى قانداق دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي قالدى)؟
ياسالما توغلۇق: بۇ نېمە دېگىنىڭ، بۇ گېپىڭ سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن. يەنە شۇنداق دەيدىغان بولساڭ...
توغلۇق: ياق، ياق، خاتا سۆزلەپ قاپتىمەن. سەن مېنىڭ ئىنىم قوتلۇقكەنسەن.
ياسالما توغلۇق: ياق، مەن قوتلۇق ئەمەس، قوتلۇق دېگىنىڭ ئۇسسۇل ئويناشتىن باشقا نېمىنى بىلەتتى. سەن مېنى ئۇنداق يىغلاتقىغا ئوخشاتما (بۇ گەپمۇ باشتىكى تېكىستتە يوق ئىدى. ئۇ توغلۇقنىڭ گېپىدىن نارازى بولۇپ قالغاچقا، ئاچچىقىدا شۇنداق دېدى. ئەگەر ئۇلار بىر ئىشتا بەسلىشىپ قالسا ياسالما توغلۇق يېڭىۋالاتتى. ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بالىلار قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىقتىدارلار سەپلەنگەنىدى).
توغلۇق: ئۇكامغۇ ئۇسسۇل ئويتىيالايدىكەن، سەن نېمە قىلالايسەن؟
ياسالما توغلۇق: نېمىنى قىل دېسەڭ شۇنى قىلىمەن.
توغلۇق: ئۇنداق بولسا موللاق ئاتالامسەن؟
ياسالما توغلۇق: مەن دېدىمغۇ سەن قىلغان ئىشنىڭ ھەممىنى قىلالايمەن دەپ.
توغلۇق: ئۇكام قوتلۇق قىلغان ئىشنى قىلالامسەن؟
ياسالما توغلۇق: ئۇ قىلغان ئىشنى ئوخشاشلا قىلالايمەن (بۇ چاغدا قوتلۇق سەكرەپ چىقىپ، موللاق ئېتىشتىكى ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئادەتتىمۇ ئۇسسۇل ئويۇنىغاندا مانا مۇشۇنداق قىزىقارلىق موللاق ئېتىش ھەرىكەتلىرىنى قىستۇرۇپ قوياتتى. تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىشلىدى. ياسالما توغلۇق ئۇچۇن بۇ ئادەتتىكى ئىش ئىدى. قوتلۇق موللاق ئېتىپ بولغاندىن كېيىن ياسالما توغلۇق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى توغلۇقتا قوتلۇقنى مازاق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قوتلۇق سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى).
توغلۇق: مەرھەمەت، قوتلۇقتەك موللاق ئېتىپ باقە قېنى؟

ياسالما تۇغلۇق كۆپ ئۆتمەيلا موللاق ئېتىش ماھارىتىنى باشلىدى. ئۇ قانداق موللاق ئاتىمەن دېسە شۇنداق ئاتالايتتى، شۇڭا باشتا قىيىن ھەربىر ھەرىكەتتىن بىرنەچچىنى كۆرسىتىپ، ئارقىدىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئېسىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندىدى.

ئۇلار ئەنە شۇ تەرتىپتە ئىتوتنى نەق مەيداندا ئىجاد قىلىپ، نەق مەيداندا ئورۇندىدى. ياسالما تۇغلۇق ئۆزگە سەپلەنگەن ئاجايىپ ماھارەتلەر بىلەن ياقا بالىلار، تاشپاقا بوۋاي ۋە بېلىق بالىلارنى ھەيران قالدۇردى...

تۇغلۇقلار كۆل بويىغا يېتىپ چىقتى. ياسالما تۇغلۇق تۇغلۇققا يالۋۇرۇۋاتاتتى:

— سىلەر مېنى ئېلىپ قالساڭلار بولمامدۇ؟

— مەن سېنى ئېلىپ قالالمايمەن. سەن بۇ يەردە بولساڭ، مەن بۇ يەردە بولمىسام بولىدۇ.

قۇتلۇق بۇ ئىككى تۇغلۇقنىڭ قايسىسىنىڭ راست، قايسىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى.

— زادى قايسىڭلار مېنىڭ ئاكام؟ قايسىڭلار ھەقىقىي تۇغلۇق؟ — دەپ ۋارقىرىدى قۇتلۇق. ياسالما تۇغلۇق قۇتلۇققا قارىدى.

— مەن ھەقىقىي تۇغلۇق ئەمەس، بىراق مېنىڭ ھەقىقىي تۇغلۇق بولغۇم بار...

شۇ چاغدا، تۇغلۇقنىڭ قولىدىكى مەڭدىن سادا كەلدى.

— ھەي تۇغلۇق، بارمۇسىز؟

— مەن بار.

— ئۇنى تاپالىدىڭىزمۇ؟

— ئۇ مېنىڭ يېنىمدا.

— ئەمىسە شۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرۇپ تۇرۇڭلار.

ياسالما توغلۇقمۇ مەڭدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزدىن كەلگەن ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا باشقا ئامال يوق ئىدى. يەنە كۆلنىڭ ئاستىغا كىرىۋالسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ كۆلنىڭ ئاستىنىمۇ كۆردى. ئۇ يەردىكى بېلىق بالا، پاقا باللار بىلەن ياشاشمۇ توغلۇققا مەنىسىز تۇيۇلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ توغلۇقتىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈندى.

— توغلۇق، مەن باشقا يەرگە قېچىپ كەتسەم، سىلەرنىڭ كۆزۈڭلەرگە ئىككىنچى كۆرۈنمىسەم بولماسمۇ؟ نۇرلۇق يۇلتۇزغا كەتكۈم يوق ئىدى.

— مەن دېدىمغۇ، بۇنىڭغا مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق، — توغلۇقنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپ نۇرلۇق شار پەيدا بولدى ـ دە، ياسالما توغلۇقنى ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى. توغلۇق بىلەن قۇتلۇق قاراپلا قالدى.

— ئاكا، مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىم ياكى؟

— ياق، چۈش كۆرمىدىڭ، بۇ ئىشلار ئوڭۇڭدا يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇ ياسالما توغلۇق، چۈشىنىۋاتامسەن؟ ئۇ دېگەن نۇرلۇق يۇلتۇزدىكىلەرنىڭ ماڭا ئوخشىتىپ ياسىغان بالىسى. يىگىرمە نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا نۇرلۇق شارنى بۇ يەردە كۆرگەنلىكىمىز ئېسىڭدە باردۇ؟

— ئېسىمدە بار.

— ھە، دەل شۇ كۈندىن باشلاپ مەن سېنىڭ يېنىڭدا يوق. يېنىڭدا تۇرغىنى دەل ئاشۇ ياسالما توغلۇق.

— ئۇنداق بولسا سەن نەگە باردىڭ؟

— مەن نۇرلۇق يۇلتۇز ۋە چۆچەك يۇلتۇزغا بېرىپ يەر شارىدىكى باشقا باللار كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ كەلدىم.

— قانداق نەرسىلەرنى كۆردۈڭ ، ماڭا دەپ بەر.

— دەپ بەرسەممۇ ئىشەنمەيسەن. بىر كۈنى مەن سېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىمەن. نۇرلۇق يۇلتۇزغا بارمىساقمۇ، چۆچەك يۇلتۇزغا

سېنى چوقۇم ئاپىرىمەن. كۆردۈڭمۇ، قولۇمدىكى مەڭنى. بۇ مەڭ بىزنى چوقۇم چۆچەك يۇلتۇزغا ۋە سۇمۇرغ گۈلىستانىغا ئاپىرالايدۇ.

— هازىرلا بارالىمۇ؟ چۆچەك يۇلتۇز دېگەن جاي بەك چىرايلىقمىكەن؟

— شۇنداق، ئۇ بىز بالىلار ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك ماكان ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا هازىرلا ماڭايلىچۇ؟

— ماڭايلى دەپلا مېڭىۋەرسەك بولمايدۇ، ئۇنىڭمۇ ۋاقتى كېلىدۇ.

قۇتلۇق كۆپ گەپ سورىمىدى. كۆز ئالدىدا يۇز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى تېخىچە ئايرىيالماي گاراڭ هالەتتە ئىدى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بوۋىسى بىلەن موممىسىغا هېچ ئىشنى تىنمىدى.

— نەگە باردىڭلار، قوزىلىرىم، ئەجەب يوقاپ كەتتىڭلارغۇ؟ يائاللا ئاشۇ كۆل مېنى ئەنسىرىتىپ، ئاغرىتىپ قويىدىغان بولدى. نەچچە بالىنىڭ بېشىغا چىققان كۆلگە بارماڭلار، دەپ مىڭ قېتىم ئېيتتىم، ئەجەب گېپىمنى ئاڭلىمىدىڭلار. ئاپاڭلار بىلەن داداڭلار بولسا موللا مۇشۇك بولۇپ كېتىسىلەر، ئۇلار بولمىسا مېنى خويمۇ بوزەك قىلىسىلەر، — ئايخان موماي ئۇلاردىن بەك ئەنسىرەپ كەتكەن بولغاچقا، تاماق راسلاۋېتىپ بىرمۇنچە كايىدى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرىدىغاندەك قىلمايتتى. تۇغلۇق ياسالما تۇغلۇقنى يولغا سېلىۋالغانلىقىدىن خۇشال بولغاچقا، گەپكە قۇلاق سالمىدى.

ياسالما تۇغلۇق نۇرلۇق شارنىڭ ئىچىدە مەيۇس ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا، ئۇنى ئالغىلى بارغان ئالىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— هە، سېنى نېمىدەپ ئاتىساق بولار؟

— مەن توغلۇق.

— پاھ، قالتىس گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسەن جۇمۇ. يەر شارى سېنى باشقىدىن قۇراشتۇرمىغاندۇ؟

— ياق، مەن توغلۇق بولماي كىم ؟ — ياسالما توغلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ، تېزلا ئولتۇردى.

— سەن ياسالما توغلۇق، سېنى بىز ياسىغان، ۋوي، سەن يەر شارلىقلارغا ئوخشاپ قاپسەن جۇمۇ، — ئالىم ياسالما توغلۇقنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — سەن ياسالمىلىقتىن كېچىپ ھەقىقىي ئادەم بالىسى بولۇپ كەتمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، مېنىڭ ئادەم بالىسى بولغۇم بار. مەنمۇ ئۆزۈمنى ھەقىقىي توغلۇق دەپ ئويلايتتىم. بىراق، سىلەر... — ياسالما توغلۇق تاكاللىششىنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ باشقا گەپ قىلمىدى.

— بىز سېنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاز كۈچ چىقارمىدۇق، سېنى ياساپ چىقىش ئاسانغا توختىمىغان. سەن بىزنىڭ مۈلكىمىز، سەن بىزنىڭ كونتروللۇقىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن. سەن قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلار بار.

ئالىمنىڭ گېپى توغلۇقنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا گۈزەل يەر شارى، توغلۇقنىڭ مومىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى باللار، ئايخان موماي بىلەن ئاسىم بوۋاي بىر - بىرلەپ نامايان بولدى.



# قۇتلۇق ۋە گۇلنار

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە تەتىل كۈنلىرىمۇ يېرىملىشىپ قالدى. بۇ يىگىرمە نەچچە كۈن تۇغلۇق ئۈچۈن خۇددى چۈشتەك ئۆتتى. قۇتلۇقمۇ كۆل ئاستىدىكى پاقا باللار، بېلىق باللارنى كۆرگەندىن كېيىن تۇغلۇققا قايىل بولىدىغان بولۇپ قالدى. ياسالما تۇغلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى ئويلىغىنىدا، تۇغلۇقنىمۇ راستىمدۇ، يالغانمىدۇ، دەپ گۇمانلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ قىلىدىغان ساياھەتنى تېخى تۈگەتمىگەنىدى. ئايخان موماي بىلەن ئاسىم بوۋاي بىر تەرەپتىن تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرۇشىدىن خۇش بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى.

ـــ ئاكا، سەن تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىڭنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ؟

ـــ سەن ئىشلەپ بولغانسەن؟ مەن خېلى كۈننىڭ ياقى ئۆيدە بولمىسام قانداق ئىشلەيمەن.

ـــ مەنمۇ ئىشلىمىدىم. مەكتەپكە يىغىدىغانغا يەنە ۋاقىت بارغۇ، تەتىل توشقۇچە ئىشلىۋالساق بولمىدىمۇ. ئادىل ئىشلەپ بولدۇم دەۋاتاتتى، بولمىسا شۇنىڭكىنى... ـــ قۇتلۇق گېپىنى توختىتىۋالدى. تۇغلۇقنىڭ بۇنداق ئىشلارغا بەك ئاچچىقى كېلەتتى.

ـــ ھەي، باشقىلارنىڭكىنى كۆچۈرگۈچە ئۆزىمىز ئىشلىمەيمىزمۇ. گېپىڭگە قارىغاندا ئادىلنىڭكىنى كۆچۈرىمىز دېمەكچىمۇسەن؟

— ياق، ياق، ئەمدى دەيمىنا... — قۇتلۇق خىجىل بولۇپ بېشىنى قاشلىدى.

— بۈگۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى ناشتىدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشىمىز تاپشۇرۇق ئىشلەش، ئەگەر تاپشۇرۇقنى مۇستەقىل ئىشلەپ بولساڭ، سېنى ئوينايدىغان يەرلەرگە ئاپىرىمەن.

تەتىلدە ئويناپ كۆنۈپ قالغان قۇتلۇققا تەتىللىك تاپشۇرۇقنى ئىشلەش پەقەتلا خۇشياقمىدى، شۇنداقتىمۇ ئىشلىمەي بولمايتتى.

قۇتلۇق بەزى چاغلاردا تاپشۇرۇقنى ئۆزى ئىشلىمەي توغلۇقتىن كۆچۈرۈۋالاتتى، لېكىن توغلۇق ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ئانچە يول قويمىسىمۇ، بەزى چاغدا قۇتلۇق توغلۇقنى گېپىگە كىرگۈزۈۋالاتتى. بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى. قۇتلۇق ھەرقانچە قىلسىمۇ ماتېماتىكا دەرسىنى ياخشى ئۆگىنەلمىدى. ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى بىرنەچچە قېتىم دوسكىغا چىقىرىپ ئوسال قىلدى. سىنىپتا گۈلنار ئىسىملىك بىر قىز ھەممىلا دەرستە ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش ھەيئەتى بولغاچقا، بالىلارنى باشقۇراتتى، قۇتلۇقنىمۇ بەزىدە تەنقىدلەپ قوياتتى.

— ھەي قۇتلۇق، تاپشۇرۇقنى تېخىچە تاپشۇرمايسىزغۇ؟ تېز تاپشۇرۇۋېتىڭ.

— ھەي، قۇتلۇق، تېكىستنى يادلاپ بولدىڭىزمۇ؟ يادلاپ بولغان بولسىڭىز سىزنى بىر سىناپ باقاي...

بۇنداق گەپلەر قۇتلۇقنىڭ بەك ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ گۈلنارغا قاتتىق گەپ قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممىلا بالىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە باشقا گەپ قىلمايتتى.

قۇتلۇق ماتېماتىكىدا توساتتىن بەك چېكىنىپ كەتتى، بىراقلا كەينىدە قالدى، بىراق توغلۇق ماتېماتىكا دەرسىدە بەك ياخشى، يىللىقلار بويىچىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. گۈلنارمۇ ماتېماتىكا دەرسىدە ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايتتى،

ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى، شۇڭا گۇلنار قۇتلۇققا بەك ھاكاۋۇر كۆرۈنەتتى. قۇتلۇق گۇلنار بىلەن قىرىشىپ قالدى. «قانداق قىلسام مۇشۇ گۇلنارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى يوق قىلارمەن. باشقا دەرسلەردە ئۇستا بولغىنىم بىلەن، ماتېماتىكىدا ئارقىدا قالدىم. ئەگەر ماتېماتىكا دەرسىدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولسام، ئۇ ماڭا ھەرگىز ھاكاۋۇرلۇق قىلالمايتتى» دەپ ئويلىدى قۇتلۇق. چارەكلىك ئىمتىھان يېقىنلىشىپ قالغاچقا، قۇتلۇق گۇلنارنى يېڭىۋېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى. بىر كۈنى، چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقچى بولۇپ قۇتلۇقنىڭ يېنىغا كىرگەن تۇغلۇق ئۇكىسىنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— تاپتىم، تاپتىم، ھا ـ ھا ـ ھا، تاپتىم، — قۇتلۇق سۇپىنىڭ ئۈستىدە سەكرەپ موللاق ئېتىپ كەتتى.

— ھەي، نېمىنى تاپتىڭ؟ بىر يەردىن ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكىنىنى.

— ئاكا، سەن ماڭا ياردەم قىلمىساڭ بولمىدى، — ئادەتتە تۇغلۇقنى ئاكا دېمەيدىغان قۇتلۇق بۈگۈن تۇغلۇققا خۇددى بوۋىسىغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلەپ كەتتى.

— ۋوي، نېمە بولدى ساڭا، ئەجەب ئەركىلەپ كەتتىڭغا، بولدى، بولدى، تولا قۇۋلۇق قىلماي گېپىڭنى ئوچۇق قىلە. ماڭا بىرەر ھاجىتىڭ چۈشمىسە بۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيتتىڭ.

— ئەقىللىق ئاكا، ھاجىتىم چۈشكەنلىكىنى بىلىۋاپسەن ـ ھە.

قۇتلۇق گەپنى ئەگىتىپ قىلىپ يۈرۈپ، يەنە جايىغا ئەكەلدى:

— ئاكا، ھېلىقى گۇلنار دېگەن قىز ساۋاقدىشىم ماڭا بەك يوغانچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يوغانچىلىقىغا چىدىمىدىم، بۇ سىنىپتا ئوقۇمايمىكىن دەيمەن.

— قىز بالا تۇرۇپ ساڭا نېمە يوغانچىلىق قىلىدىكەن، — تۇغلۇق گۇلنارنى تونۇيتتى. ئۇ قىز تۇغلۇقلارنىڭ سىنىپىدىكى جۇرئەتنىڭ سىڭلىسى ئىدى. جۇرئەتمۇ سىنىپتا تۇغلۇق بىلەن ھەممە جەھەتتە بەسلىشەتتى. بىراق، تۇغلۇق ھەممە جەھەتتە

جۇرئەتتىن ئۇستۇن تۇراتتى، جۇرئەت ھەرقانچە بەسلەشسىمۇ تۇغلۇققا تەڭ كېلەلمەيتتى، ئەمما تۇرۇپ - تۇرۇپلا سىڭلىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ ماختىنىپ كېتەتتى.

— ھەي، سېنىڭ ئىنىڭ بەك دۆت ئىكەن - ھە، ماتېماتىكىنى پەقەت بىلمەيدۇ، دەيدۇغۇ، ئۇ ئىككىڭلارنىڭ چىرايىڭلار ئوخشىغان بىلەن كاللاڭلار ئوخشىمامدۇ نېمە؟

جۇرئەت ئەنە شۇنداق سېسىق گەپ قىلغاندا، تۇغلۇقمۇ بوش كەلمەي تاقابىل تۇراتتى.

— باشقىلار ھەققىدە گەپ قىلماي، ئۆزىمىز ھەققىدە سۆزلىشەيلى، باشقىلارنىڭ سىنىپىدىكى ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرمىسەكمۇ، ئۆزىمىزنىڭ سىنىپىدىكى ئىشلارمۇ يېتىپ ئاشىدۇغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا جۇرئەت جىمىپ قالاتتى.

— گۈلنار ساڭا يوغانچىلىق قىلغان بولسا، سەنمۇ دەرستە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يوغانچىلىق قىلمامسەن؟

— باشقا دەرسلەردىغۇ ھەرھالدا بولىمەن، شۇ ماتېماتىكىدا... بۇداقى چارەكلىك ئىمتىھاندا سىلەردىن ئىمتىھان ئالغان كۈنى بىز دەم ئالىدىكەنمىز، بىزدىن ئىمتىھان ئالغان كۈنى سىلەر دەم ئالىدىكەنسىلەر، شۇڭا... — قۇتلۇق گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قىينالدى.

— ھە، ئوچۇق گېپىڭنى قىلە، نېمە دېمەكچىسەن؟ — تۇغلۇق قۇتلۇقنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، قايتۇرۇپ سورىدى.

— ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بېرىپ بەرگىنە. بەربىر بىزنى ھېچكىم ئايرىيالمايدۇغۇ.

تۇغلۇق ئادەتتە قۇتلۇقنىڭ بۇنداق تەلەپلىرىگە قوشۇلمايتتى. بىراق، جۇرئەتنىڭ بەزى گەپلىرى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۆزى بىلەن تولا ئېيتىشىدىغان جۇرئەتنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن بولسىمۇ قۇتلۇقنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى.

مانا بۈگۈن قۇتلۇقلارنىڭ چارەكلىك ئىمتىھان نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدىغان كۈن. گۈلنارنىڭ سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بولغاچقا، مەيدىسىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. پاھ، مانا ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. قۇتلۇق سىنىپ بويىچە بىرىنچى بولغانىدى. چۈنكى، باشقا دەرسلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇتلۇقمۇ، گۈلنارمۇ يۈز نومۇر ئالغانىدى. بىراق، ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا قۇتلۇق توقسان ئالتە، گۈلنار توقسان ئۈچ نومۇر ئالغانىدى. گۈلنار بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغاچقا، بېشىغا بىر چېلەك سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ خۇددى نومۇسلۇق ئىش قىلىپ قويغاندەك پارتىغا بېشىنى قويۇۋالغانىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ سىنىپتا ھەرقانداق چاغدا بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەي كەلگەنىدى. بۈگۈن ئەجەب بىر... ئۇ دەرستە ياخشى، ئەقىللىق قىز بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىشىنى زادى خالىمايتتى. بۇ جەھەتتە ئۇنى ئىچى تار دېيىشكىمۇ بولاتتى. قۇتلۇقنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن گۈلنار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي پارتىغا بېشىنى قويۇپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ كەتتى:

— مەن قۇتلۇقنىڭ ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا مەندىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە قايىل ئەمەس. ئۇ يا ئىمتىھاندا كۆچۈرگەن، يا... — گۈلنار يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولۇۋىدى، ئوقۇتقۇچى ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ھەي گۈلنار، ئاساسسىز گەپ قىلماڭ. ئۇنىڭ ئىمتىھاندا كۆچۈرگەنلىكى ھەققىدە پاكىتىڭىز بارمۇ؟

— ئۇنداق بولسا ئىمتىھان قەغىزىدىكى تۆتىنچى مەسىلىنى دوسكىغا چىقىپ ئىشلەپ باقسۇن، بولمىسا مەن ئۇنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى ئېتىراپ قىلمايمەن. ئادەتتە ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان تۇرسا، ئىمتىھاندا نېمىدەپ يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ. ياق، مەن قايىل ئەمەس، ئەگەر ئىمتىھاندا كۆچۈرمىدىم دېسە، دوسكىغا چىقىپ

بىزگە چۈشەندۈرگەچ ئىشلەپ باقسۇن.

قۇتلۇق ئىمتىھاننى ئۆزى بەرمىگەچكە، گۈلنارغا دەرھال قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ تۇغلۇقتىن ئىمتىھاندا چىققان مەسىلىلەرنى قانداق ئىشلەشنى پۇختا بىلىۋالغانىدى. شۇڭا، مۇئەللىمدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن، ئىمتىھاندىكى تۆتىنچى مەسىلىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ، كۆرسىتىپ قويۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزلىرى راۋان ۋە چۈشىنىشلىك ئىدى.

# يەنە نۇرلۇق يۇلتۇزدا

تەتىلنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى تۈگىدى. كۈنلەر يەنە شۇنداق ئۆتۈۋاتاتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاچقا، قىلىدىغان باشقا ئىشىمۇ قالمىغانىدى.

ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان هەدە تېخى ساياھەتتىن قايتىپ كەلمىگەنىدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئۇلارنى سېغىنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى ئانچە ئارزۇ قىلىپ كەتمىدى.

ــ ئاكا، سەن مېنى بىر يەرگە ئاپىرىمەن دەۋاتاتتىڭ، قاچانلىققا ئاپىرىسەن؟

تۇغلۇقنىڭ ئۆزى بارغان يەرگە قۇتلۇقنىمۇ ئېلىپ بارغۇسى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا پىلان تۈزۈپ، تېخى بايىلا نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ يالدامىسى بولغان مەڭ بىلەن تۆۋەندىكىدەك پاراڭلاشقانىدى.

ــ مەن ئۇكامنى ئېلىپ چۆچەك يۇلتۇزغا بارسام بولامدۇ؟

ــ بولىدۇ، ــ مەڭدىن بوش ئاۋاز چىقتى.

ــ قانداق قىلسام ئاچىقالايمەن؟

ــ ئۇكاڭنى ئېلىپ كۆل بويىغا بارغىن، چۆچەك يۇلتۇز، دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن كۆلگە چۈشۈڭلار، قالغان گەپنى شۇ چاغدا...

تۇغلۇق مەڭنىڭ گېپىنى چۈشەندى. دېمەك، ئۇ چۆچەك يۇلتۇزغا قايتا بېرىشنىڭ ئامالىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا، قۇتلۇققا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئويلىنىپ قالدى: «باشتا چۆچەك يۇلتۇزغا بارساق بولامدۇ ياكى نۇرلۇق يۇلتۇزغا، توغرا،

ئالدى بىلەن نۇرلۇق يۇلتۇزغا بېرىش كېرەك، ئەگەر نۇرلۇق يۇلتۇز بولمىغان بولسا، چۆچەك يۇلتۇزغا بارالمىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياسالما تۇغلۇقنى يوقلاپ قويمىسام بولمايدۇ. ھەي، ئۇ بىچارە ئاساسىي جەھەتتىن يەر شارى بالىسىغا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئۇ بەلكىم نۇرلۇق يۇلتۇزغا كۆنەلمەيۋاتقاندۇ ھەرقاچان، بولدى، ئالدى بىلەن نۇرلۇق يۇلتۇزغا باراي.»

قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇنى تارتتى.

— ئاكا، ئاپىرىمەن دېگەن يەرگە قاچانلىققا ئاپىرىسەن؟

— ھازىرلا ئاپىرىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن سېنى ھەر يەرلەرگە ئاپىرىمەن، لېكىن بارغان يەرلەردە قورقتۇم دەپ يىغلاڭغۇلۇق قىلمايسەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىڭنى باشقىلارغا دېمەيسەن، گېپىمنى ئاڭلايسەن.

— ماقۇل، ماقۇل، ھازىرغىچە ياسالما تۇغلۇق، پاقا بالا، بېلىق بالىلار ھەققىدە ھېچكىمگە تىنمىدىمغۇ.

— يۇر ئەمىسە، كۆل بويىغا بارايلى.

— ۋاي ـ ۋۇي، يەنە شۇ كۆل بويىمۇ؟ ئۇ يەرگە تازا بارغۇم يوق، باشقا يەرگە ئاپىرە، — قۇتلۇق خۇشياقمىغاندەك غودۇڭشىدى.

— ئالدى بىلەن شۇ يەرگە بارىمىز. گېپىڭنى ئاڭلايمەن، دەپ تۇرۇپ ئاڭلىمايۋاتىسەنغۇ؟

— ئاڭلاي ـ ئاڭلاي، — قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاكىسى بىلەن كۆل بويىغا باردى.

— مەن نېمە دېسەم شۇنى دېگىن.

— ماقۇل.

قۇتلۇق مۇشۇ كۈنلەردە تۇغلۇق نېمە دېسە ماقۇل دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا ئاكىسى تولىمۇ سىرلىق تۇيۇلۇۋاتاتتى.

— نۇرلۇق يۇلتۇز!

— نۇرلۇق يۇلتۇز!

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۈچ قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن كۆلگە



شۇڭغۇدى. ئۇلار كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنى كۆل ئاستىدا ئەمەس، ئاپئاق بۇلۇتلار لەيلەپ تۇرغان ئاسمان پەلەكتە كۆردى. ئۇلارنىڭ دۈمبىسىدە پەيدا بولۇپ قالغان ھەيۋەتلىك قانات ئۇلارنى پەيدىنپەي ئۆرلىتىپ كېتىۋاتاتتى.

قۇتلۇق ئۆزلىرىنىڭ قاناتلىق بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران قالغان بولسىمۇ، ھەيران قالماسلىققا تىرىشتى.

كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار بىر تاغ چوققىسىغا قوندى. يېشىللىق بىلەن پۈركەلگەن بۇ تاغ چوققىسىدىن يىراق - يىراقلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاسماندا قۇياش پارلاپ تۇراتتى. تاغ باغرىدا يەنە تۇغلۇقلار كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن جان - جانىۋارلار ئۆزىگە خاس ئاۋازلارنى چىقىرىپ ئەركىن يايراپ يۈرەتتى. قانداق يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى قۇتلۇق ئەمەس، تۇغلۇقمۇ بىلمەيۋاتاتتى. شۇ چاغدا مەڭدىن سادا كەلدى.

— تۇغلۇق، تۇغلۇق، سىلەر نۇرلۇق يۇلتۇزغا قوندۇڭلار.

— ئوخشىمايدۇغۇ، مەن بۇرۇن بۇنداق يەرنى كۆرۈپ باقمىغانتىمغۇ؟

— بۇرۇن كۆرگىنىڭ پەقەتلا يەر شارىنى تەتقىق قىلىش

مەركىزى. بۇ يەر دېگەن يەر شارىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ، سېنىڭ ھەممە يەرنى كۆرۈپ بولالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. قۇتلۇق مەڭگە ئۇچنى سۆيۈپ قويسۇن.

— نېمىشقا؟ — سورىدى تۇغلۇق.

— سەن مەڭنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يەردىكى ئادەملەرنى يەر شارى ئادىمىدەك كۆرەلىگىنىڭ بىلەن، قۇتلۇققا ئۆز پېتى كۆرۈنىدۇ، شۇڭا ئۇ مەڭگە ئۇچ قېتىم سۆيۈپ قويسا، بۇ يەردىكى غەلىتىلىكلەر ئۇنىڭغا غەلىتە بولۇپ تۇيۇلمايدۇ.

تۇغلۇق چۈشەندى.

— ئۇكام، قولۇمدىكى ماۋۇ مەڭگە ئۇچ قېتىم سۆيۈپ قويغىن.

— ماقۇل، — قۇتلۇق مەڭگە سۆيدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ياسالما تۇغلۇق پەيدا بولدى.

— تۇغلۇق! قۇتلۇق! مەن كەلدىم.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق تەڭلا كەينىگە ئۆرۈلدى. ياسالما تۇغلۇق ئۇلارغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. تاغ چوققىسىدىن پەسكە سوزۇلغان يول نۇرلۇق بولۇپ، قارىماققا ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشايتتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. قۇتلۇق تۇغلۇقنىڭ يەنە ئىككى بولۇپ قالغانلىقىغا سەل تېرىكىۋاتقان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشتى.

— سىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلارنى بىلىپ مۇشۇ چوققىدا ساقلاپ تۇرغانىدىم.

— بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى قانداق بىلگەنىدىڭ، — سورىدى قۇتلۇق ياسالما تۇغلۇقتىن.

— ئۇنى سورىماي تۇرۇڭلار، ئىشقىلىپ مەن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان سىلەرنى پەقەت ئۇنتۇيالمىدىم، بۇ يەردىكىلەر ھازىر ماڭا ئوخشاش ياسالما باللاردىن خېلى كۆپ ياسىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا، يەنى تۇغلۇققا ئوخشايدۇ، بىراق يەر شارىغا بېرىپ باقمىغاچقا، مەندە بار بەزى خۇسۇسىيەتلەر ئۇلاردا

يوق. ئۇلاردا سېغىنىش، ئەسلەش، ئىچ ئاغرىتىش، ئاغرىپ قىلىش دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس.

— سەن بۇ يەرگە قانداق قىچىپ كەلدىڭ؟ — سورىدى تۇغلۇق.

— ئۇلارنىڭ ماڭا ئوپمۇئوخشاش ياسالما باللارنى كۆپلەپ ياسىغانلىقى ماڭا پايدا بولدى، ئۇلار ياسالما باللارنى كۆپ ياسىۋەتكەچكە ئۇلارنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، قىچىپ چىقتىم.

— مەن ئۇكامغا نۇرلۇق يۇلتۇز، چۆچەك يۇلتۇزلارنى كۆرستەي دەپ ئەكەلگەنىدىم، بىزمۇ سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىدۇق.

— بەك ياخشى بوپتۇ، مەنمۇ سىلەرنى سېغىنىپ قاچان كېلەر دەپ كۈتۈپ تۇراتتىم.

— ئۇنداق بولسا نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ قايسى يەرلىرىنى كۆرسەك بولار؟ — دەپ سورىدى تۇغلۇق ياسالما تۇغلۇقتىن.

— مەن دېمىمغۇ، نۇرلۇق يۇلتۇزدا سىلەر كۆرىدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ، كۆرىمەن دېمۇ كۆرۈپ بولالمايسىلەر، ئەڭ ياخشىسى سىلەرنى سېھىرلىك باغقا ئاپىراي.

— سېھىرلىك باغ؟

— ھەئە، سېھىرلىك باغ نۇرلۇق يۇلتۇزدىكى ئەڭ قىزىقارلىق يەرلەرنىڭ بىرى، ئۇ يەردە بىز، ياق يەر شارى باللىرى قىزىقىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇ يەرگە بارايلى، — دېدى تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق تەڭلا.

ياسالما تۇغلۇق ئۇلارنى باشلاپ ماڭدى. ھەسەن - ھۈسەندەك نۇرلۇق يول ئۇلارنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندەك بىردەمدىلا تاغدىن چۈشۈرۈپ، سېھىرلىك باغقا ئەكېلىپ قويدى.

تۇغلۇقلار باغنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇپ قالغاچقا، بۇ باغنىڭ زادى قانچىلىك چوڭ باغ ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. بۇ يەردىمۇ يەر شارىدىكى قۇشلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان

ۋىچىرلاشلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق، ئۇلار خىلمۇخىل نۇر چېچىپ تۇرغان مېۋىلەرنىڭ قانداق مېۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. تۇغلۇق ۋە قۇتلۇق بۇ يەردىكى خىلمۇخىل مېۋىلەرگە قاراپ ھەيران قالدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىياپىتى سىغىزخانغا ئوخشايدىغان، بوي ـ تۇرقى تۇغلۇقلار بىلەن تەڭ بىر قۇش كېلىپ ئۇلارغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم بالىلار، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، بىزنىڭ بۇ باغقا ھەقىقىي يەر شارى بالىلىرىنىڭ كېلىشى تۇنجى قېتىم، سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭلار بىزنىڭ شان ـ شەرىپىمىز.

قۇشنىڭ «ھەقىقىي يەر شارى بالىسى» دېگەن گېپى ياسالما تۇغلۇقنىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— مەنمۇ بۇرۇن كەلگەنغۇ؟ — دېدى ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان ياسالما تۇغلۇق.

— ھە، سىز مۇشۇ يەردە بولغاندىكەن، قاچان كەلسىڭىز كېلىسىز، مەن ماۋۇ يەر شارىلىق بالىلارنى دەۋاتىمەن، سىز مېھمان ئەمەس.

— مەن نېمىشقا مېھمان ئەمەس؟

— سىز مۇشۇ يەرلىك تۇرسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە...

قۇش، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز ياسالما، دېمەكچى بولۇپ، يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ قويدى.

— سىلەر بۇ باغدىكى مېۋىلەرنى كۆرۈپ خالىغانچە ھۇزۇرلانساڭلار بولىدۇ، بىراق يېمەڭلار، ئەگەر يەپ قالساڭلار... — قۇش بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي توختاپ قالدى. ئاسمانغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — باغ شاھىدىن ماڭا يېڭى پەرمان چۈشتى، سىلەر باغنى ئەركىن سەيلە قىلىۋېرىڭلار، باشقا گەپلەرنى كېيىن قىلىشارمىز، — دەپ ئۇچۇپ كەتتى.

تۇغلۇقلار باغنى سەيلە قىلدى، ئۇلار بىر تال مېۋىمۇ

يېمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرلۇق يۇلتۇزغا كېلىپ ياسالما تۇغلۇق بىلەن كۆرۈشكەندىن بۇيان قورساق ئېچىش تۇيغۇسى يوقاپلا كەتكەنىدى. قارىغاندا ئۇلارمۇ قۇياشتىن قۇۋۋەت قوبۇل قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلار باغنى ئايلىنىۋېتىپ شاپتۇللۇقتا ئوخشاپ كېتىدىغان مېۋىزارلىققا كەلگەندە، قۇتلۇقنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ يىغىلىپ تۇرالماي قالدى. تۇغلۇقتىمۇ شۇنداق تۇيغۇ بولغان بولسىمۇ، قۇشنىڭ گېپىدە بىر مەقسەت بار دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ياسالما تۇغلۇق تۇرلۇك مېۋىلەرنى توختىماي يەۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى قۇتلۇقنىڭ بەك ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— بىزمۇ يەيلىچۇ، ئۇمۇ يەۋاتىدۇ، ھېچنېمە بولمىدىغۇ، — دېدى قۇتلۇق.

— ماڭا سىلەر ئوخشىمايسىلەر، مېنىڭچە سىلەر يېمەي تۇرۇڭلار، بۇ يەردىكى قۇشلار بەك ئاق كۆڭۈل، ئۇلار سىلەرگە پايدىسىز گەپنى قىلمايدۇ. مەن يەر شارىدا بىر نەرسە يەيدىغانغا كۆنۈپ قالغاندىن بۇيان، ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن يەپ تۇرىمەن، بولۇپمۇ مۇشۇ باغقا كەلگەندە تۇرلۇك مېۋىلەردىن تويغۇدەك يەۋالىمەن، بۇ يەردە مېۋە يېگەندە موماڭلارنىڭ مەھەللىسىنى بەك سېغىنىپ كېتىمەن، ئادىل باللار بىلەن ئوينىغۇم كېلىپ كېتىدۇ.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، مەھەللىسىنى ۋە مەھەللىدىكى باللارنى سېغىنىپ كەتتى.

قۇتلۇق: «ھەي، شۇنداق ئېسىل مەھەللىدە ئويۇنۇمنى ئوينىماي بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەندىمەن» دەپ ئويلاپ، ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرغان شاپتۇلغا ئوخشايدىغان بىر مېۋىنى ئۈزۈۋېلىپ گاچچىدە چىشلەپ: «پاھ بۇ مېۋە نېمىدېگەن تاتلىق» دەپ يەپ سالدىيۇ، غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى.

# سېھىرلىك باغ

قۇتلۇق مېۋىنى يەپ بولۇش بىلەنلا غەلىتە بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت يوغىناپ ئاسىم بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ چاغدا، تۇغلۇق بىلەن ياسالما تۇغلۇق سەيلە ـ تاماشا بىلەن بولۇپ كېتىپ، قۇتلۇقتىكى ئۆزگىرىشنى كۆرمەي قالدى.

— ھەي، قۇتلۇق، قارا بۇ مېۋىلەر چىلانغا ئوخشامدىكەن؟ — تۇغلۇق كەينىگە قارىمايلا قۇتلۇقتىن سورىدى.

— ھەئە، چىلانغا بەك ئوخشايدىكەن، ھازىر مەن شاپتۇلغا ئوخشايدىغان بىر مېۋىنى يېگەنىدىم، بەك تاتلىق ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى تۇغلۇق چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاۋاز قۇتلۇقنىڭ ئاۋازى بولماستىن، بەلكى ئاسىم بوۋاينىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇلار ئىتتىك كەينىگە قاراپ، ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتقاننىڭ قۇتلۇق ئەمەس، بەلكى ئاسىم بوۋاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. تۇغلۇقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى:

— بوۋا، سەن بۇ يەرگە قاچان كەلگەن؟ بۇ يەردىكى مېۋىنى يېسە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمتىڭ، قۇتلۇق قېنى؟

— نېمە دەيدىغانسەن، ئاكا، مېنى بوۋا دەپ يۈرۈيسەنغۇ، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ — ئاسىم بوۋاينىڭ بۇ گېپى تۇغلۇققا بەكمۇ غەلىتە ئاڭلاندى.

— بوۋا، نېمە دەيدىغانسەن؟ قۇتلۇقنى دوراۋاتامسەن؟

— ياق، ئاكا، مەن قۇتلۇققۇ. نېمە دەيدىغانسەن ؟

— ئەمىسە ئۆزۈڭگە بىر قاراپ باققىنە.

ئاسىم بوۋاي ئۆزىگە سىنچىلاپ قاراپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك جاۋاب بەردى:

— مەن نېمە بوپتىمەن، ئۆز پېتى تۇرىمەنغۇ مانا.

تۇغلۇقلارغا ئاسىم بوۋاي بولۇپ كۆرۈنىۋاتقان قۇتلۇق ئۆزىگە يەنىلا ئۆز پېتى كۆرۈنىۋاتاتتى. قۇتلۇقنىڭ تەقى - تۇرقى ئاسىم بوۋاي بولغان بىلەن قىلىقلىرى يەنىلا قۇتلۇققا ئوخشايتتى. باياتىن بېرى ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ياسالما تۇغلۇق گەپكە ئارىلاشتى:

— تالاشماڭلار، ھەر ئىككىڭلارنىڭ گېپى توغرا. بۇ قۇتلۇقنىڭ مېڭىسى يەپ قويغانلىقىنىڭ كاساپىتى. قۇتلۇق قېرىتىش مېڭىسىنى يەپ ساپتۇ، شۇڭا بوۋايغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— نېمە؟ ! مەن قېرىتىش مېڭىسىنى يېگەن بولسام قېرىپ كەتمەمتىم، شۇ پېتى تۇرىمەنغۇ.

ئاسىم بوۋايغا ئۆزگەرگەن قۇتلۇقنىڭ بۇ گەپلىرى تۇغلۇققا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قۇتلۇقنىڭ ئاسىم بوۋايغا ئايلىنىپ كېتىشىنى خالىمايتتى. ئەمدى ئۇ قۇتلۇققا تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئۇكام، قارىغاندا ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىڭ ئۆزۈڭگە بىلىنمەيدىغان ئوخشايدۇ. سەن ھازىر ئاسىم بوۋامغا ئۆزگىرىپ قالدىڭ.

— ئاكا، تولا يالغان گەپ قىلمىغىنا.

— گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ، ئۇنىڭدىن سورا، — تۇغلۇق ياسالما تۇغلۇقنى كۆرسەتتى.

— راست، ئۇكام، — ياسالما تۇغلۇقمۇ ئۆزىنى ھازىرغىچىلىك رەسمىي تۇغلۇق دەپ ھېس قىلىدىغان بولغاچقا، تۇغلۇقنى دوراپ سۆزلىدى، — سەن ھازىر ئاسىم بوۋامنىڭ ئۆزىلا بولدۇڭ، ساقاللىرىڭنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇتلۇقنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى. ئۇ، ئىككى تۇغلۇق بىرلىشىۋېلىپ مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى. ھازىر ئۇ تۇغلۇق بىلەن ياسالما تۇغلۇقنى پەرقلەندۈرەلمەيتتى، ئەمما ياسالما تۇغلۇقنىڭ پېشانىسىدە

مارجاندەك بىر نېمە چاقناپ تۇراتتى.

— ئاكا، سەن مېنى بۇ يەرگە ئوينىتىمەن دەپ ئەكېلىپ، ئەخمەق قىلىپ ئويناماقچىمۇ، بولدى، مەن كېتىمەن، كېتىمەن.

بوۋاي ئۆزىنى باغدىكى يېشىل چۆپلەر ئۈستىگە تاشلاپ، پۇتلىرىنى تېپىچەكلىتىپ يىغلىغىلى تۇردى. بوۋاينىڭ بۇنداق يىغلىشى بەكمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنگەچكە، ئىككى تۇغلۇق تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلۈۋاتقانلىقىغا ئاچچىقى كەلگەن قۇتلۇق تېخىمۇ كۈچەپ يىغلىغىلى تۇردى. بىر بوۋاينىڭ باللارچە يىغلىشى ھەقىقەتەن كۈلكىلىك ئىدى. بىراق، تۇغلۇق بۇ غەلىتىلىكتىن ئەندىشە قىلىپ قالدى.

— ئۇكام، سەن ھازىر رەسمىيلا ئاسىم بوۋامغا ئايلىنىپ قالدىڭ، ئەگەر بىز مەھەللىدە بولغان بولساق، مەن سېنى ئالۋاستى دەپ قېچىپ كەتكەن بولاتتىم. سەن قايسى مېۋىنى يېگەنىدىڭ، ماڭا كۆرسىتىپ قويغىن، — دېدى تۇغلۇق كۈلكىسىنى بېسىۋېلىپ. بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى بايا يېگەن شاپتۇلغا ئوخشايدىغان مېۋىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مانا مۇشۇنى يېگەن.

تۇغلۇق كۆڭلىگە بىر نەرسىنى پۈككەن بولغاچقا، مېۋىدىن بىرنى ئۈزۈپ يېمەكچى بولدى، بۇنى كۆرگەن ياسالما تۇغلۇق ئۇنى توستى.

— ھەي، يېمە دېسە سەنمۇ...

ياسالما تۇغلۇق تۇغلۇقنىڭ قولىدىكى مېۋىنى تارتىۋالماقچى بولدى، بىراق تۇغلۇق قارشىلىق قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار يوملاقلىشىپ كەتتى. ياسالما تۇغلۇق ھەرقانچە قىلىپمۇ تۇغلۇقنىڭ قولىدىكى مېۋىنى تارتىۋالمىدى. ئۇ مېۋىنى گاچىلدىتىپ يەۋەتتى، ئۇ قۇتلۇق بىلەن ياسالما تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا بوۋايغا — يەنە بىر ئاسىم بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى. مانا ئەمدى ياسالما تۇغلۇقنىڭ ئالدىدا ئىككى ئاسىم بوۋاي تۇراتتى. قۇتلۇققا ئاكىسى نەق بوۋىسىدەك بولۇپ كۆرۈندى.

— بوۋا، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ ئاكام قېنى؟ — قۇتلۇق توغلۇقنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

توغلۇق شۇ چاغدىلا قۇتلۇقنىڭ گېپىگە ئىشەندى. چۈنكى، ئۇ هازىر بوۋايغا ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ ئۆزىگە ئۇنداق كۆرۈنمەيۋاتاتتى. ياسالما توغلۇق كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىككى ئاسىم بوۋايغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئەمدى ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسە بولمايتتى. قۇتلۇق، سەن ئاسىم بوۋامغا ئايلىنىپ كەتتىڭ، دېسە، توغلۇق، سەن ئاسىم بوۋامغا ئايلىنىپ كەتتىڭ، دەپ تاكاللىشىۋاتقاندا، ياسالما توغلۇق بايا ئۆزلىرىنى كۈتۈۋالغان قۇشنى باشلاپ كەلدى.

— قاراڭ، بۇ مەن بايا باشلاپ كەلگەن ئىككى بالا شۇ، ئۇلار بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى، — دېدى ياسالما توغلۇق. قۇش ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ، ئاچچىقى بىلەن سۆزلىدى:

— مەن سىلەرگە نېمە دېگەن، مېۋىلەرنى يېمەڭلار، دېسەم يەپسىلەر، هېلىمۇ ياخشى ئۆزۈڭلارنىڭ بوۋىسىغا ئۆزگىرىپسىلەر، ئەگەر هايۋانغا، جىن ـ ئالۋاستىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن بولساڭلار قانداق قىلاتتىڭلار، ئۇ چاغدا مەڭگۈ ئەسلىڭلەرگە كېلەلمەيتتىڭلار. بوپتۇ، تۇنجى قېتىم كەلگەن مېهمان بولغانلىقىڭلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ، سىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېۋىسىنى يېگۈزۈپ باقاي، — قۇش ئۇلارنى مېۋىلىرى ناهايىتى يوغان بىر دەرەخنىڭ يېنىغا ئەكەلدى، — بۇ دەرەختىكى مېۋىدىن ئۆزۈڭلار خالىغانچە يەپ بېقىڭلار.

قۇتلۇق ئالدىراپ كېتىپ كىچىك مېۋىدىن بىرنى يېگەنىدى، ئۇ بىر ياشلىق بوۋاققا ئايلىنىپ قالدى. ئۇ گۈگۈراپ ئەتراپقا قاراپ تۇراتتى. توغلۇقمۇ مېۋىدىن بىر تال يېدى، توغلۇق يىگىرمە ياشلاردىكى بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىتكە ئايلىنىپ قالدى. قۇش ياسالما توغلۇقتىن سورىدى:

— بۇلار ئەسلىگە كەلدىمۇ؟

— ئەدىكىنى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەن بىلەن تەڭ بالىلار ئىدى. ئەمدى بىرى بوۋاققا، يەنە بىرى يىگىتكە ئايلىنىپ قالدىغۇ.

توغلۇق خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ھەي، ياسالما، سەن بىزنى قانداق يەرگە ئەكەلدىڭ، ئۇكامنى بوۋاققا، مېنى ئاكاشقا ئايلاندۇرۇپ قويساڭ، بىزنى كىم تونۇيدۇ. بىز ئۆيگە بارساق، كىم بىزنى توغلۇق، قۇتلۇق دەيدۇ. قارىغاندا سەن بىزنىڭ ئورنىمىزغا ياسالما دوستۇڭنى ئېلىپ بارىدىغان ئوخشىمامسەن؟

توغلۇق خاپا بولۇپ ئۆزىنى باسالماي سۆزلەۋاتاتتى. قۇتلۇق ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق، باغدىكى ئوت - چۆپلەر ئۇستىدە ئۆمىلەپ يۈرەتتى. ياسالما توغلۇق ئۆزىنىڭ بىكاردىن - بىكار ئەيىبلىنىشكە ئۇچراپ كەتكىنىدىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، توغلۇققا گەپ ياندۇرماي، قۇشتىن سورىدى:

— ھەي، بۇلار نېمىشقا ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

— ئۇلار مېۋىنى خاتا يەپ قاپتۇ، مېۋىنى مەن ئۈزۈم تاللاپ بېرەي.

قۇش دەرەختىن ئىككى تال مېۋىنى تاللاپ ئۈزۈپ باشتا قۇتلۇققا، ئاندىن توغلۇققا يېگۈزدى. ئۇلار تېزلا ئەسلىگە كەلدى. توغلۇق بىلەن قۇتلۇق بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ، سەكرىشىپ كەتتى. ياسالما توغلۇقمۇ خۇشال بولدى.

— بۇ باغدىن مېۋە يېمەڭلار، دېسەم يەپسىلەر، بىرىنچى قېتىم بولغاچقا ياردەم قىلدىم، ئەمدى يەنە مېۋە يەپ باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ كەتسەڭلار كارىم يوق، — دېدى قۇش خاپا بولغاندەك غوتۇلداپ. بۇ قۇشنىڭ غوتۇلداشلىرى توغلۇقنىڭ مومىسىنىڭ غوتۇلداشلىرىغا ئوخشايتتى.

— ئەمدى ھەرگىز يېمەيمىز، — دەپ قويدى قۇتلۇق ۋەدە بەرگەندەك، توغلۇقمۇ قۇتلۇقنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى.

— بۇ يەردە بىز كۆرۈشكە تېگىشلىك يەنە قانداق نەرسىلەر بار، بولمىسا باشقا يەرگە بارايلىچۇ، — دېدى قۇتلۇق ياسالما تۇغلۇققا.

— توختاپ تۇرۇڭلار، بۇ باغنى تېخى ئايلىنىپ بولالمىدۇق، سىلەر كۆرمىگەن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

ئۇلار باغنى ئايلىنىپ يەنە قانداق كارامەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. دېمىسىمۇ ئۇلار بۇ يەرگە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى كۆرگىلى كەلگەن تۇرسا. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ياسالما تۇغلۇققا ئەگىشىپ باغنى سەيلە قىلىشقا باشلىدى. بۇ باغدىكى ئۇلار ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مەي باغلاپ كەتكەن مېۋىلەر ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ئىختىيارسىز سېرىقسۇ كەلتۈرۈۋاتاتتى.

— ھەي بالىلار! ھەي بالىلار!

ئۇچەيلەن مومىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە قارىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يوغانلىقى تۇغلۇقلارچە كېلىدىغان قارا ئۈمۈچۈك كېلىۋاتاتتى. تۇغلۇقلار بۇنداق چوڭ ئۈمۈچۈكنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، قورققىنىدىن جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. ياسالما تۇغلۇقمۇ بۇ نېمە كارامەت دېگەندەك داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

— بالىلار، مەندىن قورقماڭلار، سىلەر چۆچەك يۇلتۇزدىن كەلگەنمۇ؟

چۆچەك يۇلتۇزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇغلۇق ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ياق، بىز چۆچەك يۇلتۇزدىن ئەمەس، يەر شارىدىن كەلگەن، قانداق، بىزگە دەيدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟

— ئەلۋەتتە، جېنىم بالىلىرىم، مەن سىلەرنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن. مەن بۇ باغقا كېلىشتىن بۇرۇن، چۆچەك يۇلتۇزدا خۇشال - خۇرام ياشاۋاتاتتىم، بىراق مۇشۇ باغقا

كېلىپ بىر تال مېۋە يەپ سېلىپ، مانا مۇشۇنداق ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قالدىم. مەن بۇ يەردىن كېتىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي يۈرەتتىم، ئەجەب ئوبدان كېلىپ قالدىڭلار، — ئۆمۈچۈك موماي گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك يۆتىلىپ كەتتى. ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ تەقى - تۇرقى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ئاۋازى يېقىملىق ئىدى.

— موما، — دېدى تۇغلۇق ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ دەردىگە يېتىپ، — سىز ئەسلىگە كەلتۈرۈش مېۋىسىنى يەپ ئەسلىڭىزگە كېلەلىسىڭىز بولمامدۇ.

— شۇنداقمۇ قىلغانىدىم، بىراق... — شۇ چاغدا قۇش پەيدا بولدى.

— ھەي، سىلەر بۇ ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماڭلار، ئەمدى ئۇ مەڭگۈ ئۆمۈچۈك پېتى ياشايدۇ.

— مېنى نېمىشقا ئەسلىمگە كەلتۈرمەيسىلەر؟ مەن ئۆزۈمنىڭ چۆچەك يۇلتۇزىغا كېتىمەن، مېنى تېز ئەسلىمگە كەلتۈرۈش، — ئۆمۈچۈك موماي يەنە خۇدىنى يوقىتىپ ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى.

ئۇ ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قالغاندىن بۇيان قۇشنى كۆرسىلا شۇنداق ۋارقىرايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، ئەسلىمگە كېلەرمەنمىكىن دەپ، بۇ باغدىكى ھەر خىل مېۋىنى يەپ باقتى، بىراق پەقەت ئەسلىگە كېلەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چۆچەك يۇلتۇزدىكى گۈزەل ھاياتىنى ئەسلەپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— موما، يىغلىماڭ، بىز چوقۇم ئەسلىڭىزگە كېلىشىڭىزگە ياردەم قىلىمىز، — دېدى ئۇلار ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئارقىدىن ماڭماقچى بولۇۋىدى، ئۆمۈچۈك موماي ئەگىشىۋالدى.

— بالىلىرىم، مېنى تاشلاپ كەتمەڭلار!

# ئۆمۈچۈك

— بالىلىرىم، مېنى تاشلاپ كەتمەڭلار، سىلەر ياردەم قىلمىساڭلار، مەن بۇ يەردە مەڭگۈ ئۆمۈچۈك پېتى تۇرۇپ قالىمەن. بۇ يەردە مەن تارتىۋاتقان ئازابنى سىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايسىلەر. مەن، مەن... — ئۆمۈچۈك موماي يەنە ھۆكىرەپ يىغلىدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا مومايىنىڭ يىغىسى خۇددى مومىسىنىڭ يىغىسىدەك ئاڭلىنىپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى مومامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن. بىز ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرەيلىچۇ، — دېدى قۇتلۇق تۇغلۇققا.

— ئۇكام، مېنىڭمۇ ياردەم قىلغۇم بار، بىراق قانداق ياردەم قىلىمىز؟

— بايىقى قۇشنى چاقىرايلى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق تەڭلا ياسالما تۇغلۇققا قارىدى. ياسالما تۇغلۇقنىڭ بۇ سېھىرلىك باغدىن تېزرەك چىقىپ كەتكۈسى بولسىمۇ، بىراق شۇ تاپتا ئۇمۇ تۇغلۇقلارغا ئوخشاش ھېسسىياتتا، چۈنكى ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئايخان مومايىنى ئەسلەپ قالغانىدى. ئايخان مومايىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مېھرىبانلىقى ئۇنىڭ يەر شارىغا بولغان مۇھەببىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئامىللاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ ئايخان مومايىنى سېغىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئامال قىلىپ تۇغلۇقلار بىلەن يەر شارىغا كېتىش ئويى بار ئىدى.

— ئۆمۈچۈك موما، — دېدى ياسالما تۇغلۇق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، — كەينىڭىزدىكى ئاۋۇ يوغان دەرەخنىڭ

مېۋىسىنى يېسىڭىز ئەسلىڭىزگە كېلىسىز. بايا بۇلارمۇ بوۋايغا ئايلىنىپ قېلىپ، شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يەپ ئەسلىگە كەلدى.

— ھەي، بالام، مېنى يېمىدى دەمسەن، مەن ھەر كۈنى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن قانچىلىك يەۋېتىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىراق، بىر تال مېۋە يېسەم، بىر ھايۋانغا ئۆزگىرىمەن، ئۆزۈممۇ بەك قورقۇپ كەتتىم. مەن ئايلانمىغان ھايۋان قالمىدى. مەن ھەتتا چاشقان، پاقىلارغىمۇ ئۆزگىرىپ باقتىم، يەنىلا مۇشۇ ئۆمۈچۈك ھالىتىم ياخشىكەن، — شۇنداق دەپ موماي يەنە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. ياسالما تۇغلۇق قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا ھېلىقى قۇش يەنە پەيدا بولدى.

— ھەي، بالىلار، سىلەر بۇ يەردە بۇ جادۇگەر مومايىنىڭ گېپىگە ئالدانماي، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، ئۇ بۇ باغدىكى ھەممە مېۋىنى يەۋەتسىمۇ ئەسلىگە قايتالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگەرگۈسى كەلسە، پەقەتلا باشقا ھايۋانلارغا ئۆزگىرەلەيدۇ، ئەسلىگە قايتالمايدۇ.

قۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇغلۇقنىڭ ئاچچىقى كەلدى ـ دە، قۇش بىلەن تاكاللىشىپ كەتتى.

— سىلەر نېمانداق رەھىمسىز، قېرىپ قالغان مومايىنى ئۆمۈچۈككە ئايلاندۇرۇپ قويساڭلار قانداق بولىدۇ، ئەگەر بۇ مومايىنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ بەرمىسەڭلار، بىز بۇ باغدىن كەتمەيمىز.

بايا قۇش بۇ باغدا ئۈچ كۈندىن ئوشۇق تۇرساڭلار، باغ سېھرىنى يوقىتىدۇ، باغ سېھرىنى يوقاتسا بىز ياشىيالمايمىز، دېگەنىدى. قۇش تۇغلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— ھەي، سىلەرنى بىز ئەزىز مېھمان قاتارىدا كۆرۈۋاتساق، بۇ يەردە ئۈچ كۈندىن ئوشۇق تۇرساڭلار، بىزگە بالا ـ قازا ئەكېلىسىلەر، بۇ باغ سېھرىنى يوقاتسا، بىزمۇ ياشىيالمايسىز.

تۇغلۇق بۇ گېپىنىڭ بۇنداق ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. قۇشنىڭ ئالاقزادە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى

كۆرۈپ، تېخىمۇ كۈچەپ سۆزلىدى:

— بۇ مومايىنىڭ ئاۋازى خۇددى موماممىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرمىسەڭلار، ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ بۇ باغدىن كەتمەيمىز. بۇ باغ سېھرىنى يوقاتسا، بۇ مومايمۇ ئۆزلۈكىدىن ئەسلىگە كېلىدۇ.

— باشقا قانداق تەلىپىڭلار بولسا مەن ئورۇنداپ بېرەي، بىراق جادۇگەر مومايىنى ئەسلىگە قايتۇرسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ راست گەپ قىلمىغۇچە، بىز ئۇنى ئەسلىگە قايتۇرىمىز دېسەكمۇ ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ. بۇنى ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار. ئۇ راست گەپ قىلالامدىكىن؟ — قۇشنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. تۇغلۇقلار ئۆمۈچۈك مومايغا قارىدى.

— موما، سىز راست گەپ قىلىڭ، بولمىسا ئەسلىڭىزگە قايتالمايدىكەنسىز. سىز بىزگە ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى دەپ بېرىڭ؟

— ھەي، سەن خەق، نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، — دېدى ئۆمۈچۈك موماي چىچاڭلاپ، — مۇشۇ يىرتقۇچ قۇشنىڭ گېپىگىمۇ ئىشىنىۋاتامسىلەر، ئۇ مۇشۇ باغدىكى قۇشلارنى بىر - بىرلەپ يەپ تۈگىتىۋاتقان يىرتقۇچ قۇش. بالىلىرىم، سىلەر مېنى بۇ يەردىن ۋاقتىدا ئەكەتمىسەڭلار، ۋايجان... — ئۆمۈچۈك موماي بىر يېرىگە پىچاق كىرىپ كەتكەندەك ئاچچىق ۋارقىرىدى.

— ھەي، قايسىڭ ماڭا پىچاق تىقىۋاتقان؟

— ھا - ھا - ھا، — قۇش خۇددى ئادەملەردەك قاقاقلاپ كۈلدى، — ھەربىر يالغان گېپىڭنىڭ ئۆزۈڭگە پىچاق بولۇپ تىقىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە! مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، قانچە قېتىم يالغان گەپ قىلساڭ، شۇنچە قېتىم ئازابلىنىسەن، ئەگەر بۇ بالىلارغا راست گەپ قىلساڭ، بەلكىم سېھىردىن قۇتۇلۇپ، ئادەتتىكى بىر مومايغا ئايلىنىپ ياشايسەن. تېخى، بۇ بالىلار سېنى يەر شارىغا ئەكېتىشىمۇ مۇمكىن.



— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۆمۈچۈك موماي بىچارىلەرچە، — مەن نېمىشقا بۇ كۆنگە قالىمەن، زادى نېمە ئۈچۈن؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى باغنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— ئەڭ ياخشىسى راست گەپ قىل، بۇ سەن ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەت. بۇ سېھىرلىك باغقا بۇنداق بالىلارنىڭ تۇنجى قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم كېلىشى بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر يەنە راست گەپ قىلماي، يەنە يىشەملىك قىلساڭ، مەڭگۈ ئۆمۈچۈك پېتى قالىسەن، شۇڭا... قالغان گەپنى مەن دېمەي، ئۆزۈڭ بىلىپ بىر ئىش قىل، — قۇش شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كەتتى. تۇغلۇقلار ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ بىچارىلەرچە تۇگۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆردى.

— موما، قۇشنىڭ گەپلىرى راستمۇ؟ راست بولسا بىزگە ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا زادى قانداق ئىش بارلىقىنى دەپ بېرىڭ. ئۇنداق بولمىسا، بىزمۇ يولىمىزغا راۋان بولىمىز، بىزنىڭ بۇ باغقا ئىككىنچى كېلەلمەسلىكىمىز ئېنىق. ئۇ چاغدا... — تۇغلۇق ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ بىچارىلەرچە ھۆكرەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى توختاتتى. قۇتلۇق بىلەن ياسالما تۇغلۇقمۇ ئەمدى يەنە قانداق ئىشلار بولار دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراپ قويدى.

— قۇشنىڭ گېپىگە قارىغاندا، يالغان سۆزلەيدىغانلار مەڭگۇ ئەسلىگە كېلەلمەيدىكەن. ئەمدى قانداق قىلىش ئۆزىڭىزگە باغلىق، — دېدى تۇغلۇق.

— ھەي، مەن... — ئۆمۈچۈك موماي يەنە گېپىنى توختىتىۋالدى.

— ئۇنداق بولسا بىز كەتتۇق، خەير - خوش، — تۇغلۇقلار مېڭىشقا تەمشەلدى. ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ ئەمدى راست گەپ قىلماقتىن باشقا ئامالى بولمىدى، — توختاپ تۇرۇڭلار، بالىلىرىم.

— ھە، يەنە نېمە گېپىڭىز بار؟ بىز سىزنىڭ يالغان گېپىڭىزنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئەمەس، ئەگەر راست گەپ قىلمەن

دېسىڭىز، مانا بىز تەييار.

— ماقۇل، ماقۇل، مەن ئەمدى سىلەرگە راست گەپ قىلمىسام بولمىدى. مېڭىڭلار، مەن سىلەرگە ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرەي، — ئۇلار يوغان بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆمۈچۈك مومايىنىڭ گېپىنى تىڭشىدى.

— ئەسلىي مەن بىر موزدۇزنىڭ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان قىزى ئىدىم. ئەقلىمنى تاپسام ئاپام ئاللىبۇرۇن ئۇ دۇنياغا كەتكەنىكەن. دادام موزدۇزلۇق بىلەن تاپقان - تەرگىنىنى ماڭا يېگۈزۈپ، قاناتلىقتا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇقتا چوقۇلاتماي ساغلام چوڭ قىلدى. مەھەللىدىكىلەر مېنىڭ چىرايلىق قىز بولغانلىقىمنى ماختىشاتتى.

مەن ئون ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى دادام تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. مەن يەككە - يىگانە قالدىم. بىزنىڭ مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى تاغام مېنى ئۆيىگە ئەكەتتى. مەن تاغامنىڭ ئۆيىدە يامان ئەمەس ياشىدىم. تاغامنىڭكىدە بىر يىل تۇرغاندىن كېيىن، تاغامنىڭ زورى بىلەن مەھەللىدىكى ئۆزۈمدىن ئون ياش چوڭ بىر ئادەمگە ياتلىق بولدۇم. ئۇ ئادەم مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئىكەن، ئوتۇنچىلىق بىلەن جان باقىدىكەن. بىراق، بۇرۇن بىر قېتىم ئۆيلەنگەنىكەن. خوتۇنى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئالتە ياشقا كىرگەن قوشماق قىزلىرى ئۇنىڭغا قالغانىكەن. ئۇ قوشماقلار بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، يەنە كېلىپ چىرايلىقلىقىدىن ئېچىلىپ تۇرغان بىر جۈپ گۈلگىلا ئوخشايتتى. ئىسمى نۇرلۇق ۋە چوغلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ دادىسى بىر كۈنى تاغقا ئوتۇنغا ماڭسا، يەنە بىر كۈنى بازارغا ئوتۇن ساتقىلى ماڭاتتى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقلار يەتتە ياشقا كىرگەندە دادىسى ئۇلارنى مەكتەپكە بەردى. ئۇلار سىنىپ بويىچە ياخشى ئوقۇغاچقا، مەكتەپتە «چېچەن قوشماقلار» دەپ نامى بار ئىدى. ئوتۇنچىمۇ بۇ قىزلىرىدىن بەك پەخىرلىنەتتى. ئۇ قىزلار مېنىمۇ بەك ھۆرمەتلەيتتى. مەكتەپتىن كېلىپلا كۆپ

ئىشلىرىمغا ياردەملىشەتتى. نېمە ئىش قىلىمىز دەپ سوراپلا تۇراتتى، شۇڭا ئۇلارغا ئامراقلىقىم كېلەتتى. بىراق، ئۇلارغا ئاستا ـ ئاستا ئۆچ بولۇپ قالدىم. چۈنكى، مەھەللىدىكىلەر ئۇ قىزلارنى كۆرسە: «پاھ، پاھ، ماۋۇ قوشماقلار نەق ئاپىسىنى تارتىپتۇ، ئاپىسى رەھمەتلىكمۇ ئەقىللىق، چىرايلىق ئايال ئىدى» دېيىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئوتتۇنچىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، ئۇنى بەك كۈنلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدىم. بازاردىن ئوتتۇن سېتىپ سەل كەچرەك قايتىپ كەلسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشاتتىم:

— ئوتتۇن بازىرىغا ئوتتۇن ساتقىلى بارغانمۇ، خوتۇن ئالغىلى بارغانمۇ؟ ئەجەب بازاردىن ۋاقتىدا كەلمەيدىغان بولۇۋالدىڭىزغۇ؟

— بۈگۈن ئوتتۇنغا خېرىدارىم يوق، يامان تەستە ساتتىم.

— ئوتتۇنغا خېرىدار يوقمۇ، ئۆزىڭىزگە خېرىدار يوقمۇ؟

— ھەي، ھەي، ماۋۇ باللارنىڭ ئالدىدا گەپنى ئاۋايلاپ قىلغىن، سەت تۇرىدۇ دەيمەن.

— ھەي، ئەمدى مەن بۇ شۇمتەكلەرنىڭ ئالدىدىمۇ ئاۋايلاپ گەپ قىلىشىم كېرەكمۇ؟

— نېمانداق ئۇسال بولۇپ كەتتى دەيمەن؟

— كىم ئۇسال ئىكەن، كىم ئۇسال ئىكەن؟ ! ئۇنداق بولسا ئۆلگەن خوتۇنۇڭنى تىرىلدۈرۈپ، شۇنى خوتۇن قىلىۋالغىن.

— ئەستاغپۇرۇللا، ماۋۇ گەپ بەك قاملاشماي قالدى.

ئوتتۇنچى باشقا گەپ قىلماي جىم بولۇۋالدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ مەندىن قورقۇپ بۇلۇڭغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇلارنى كۆرسەملا مېنىڭمۇ جۇدۇنۇم تۇتىدىغان بولدى، چۈنكى ئۇلارنى كۆرسەملا ئانىسى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ دادىسى تاغقا ۋە بازارغا كەتكەن چاغلاردا ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئۇلاردىن ئۆچ ئالىدىغان بولدۇم.

— ھەي، چوغلۇق ماۋۇ ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئال دەيمەن. كىتابقا قورساق تويامدىكەن. مەكتەپتە ئوقۇپ تويۇشمىدىڭمۇ؟

— ھەي، نۇرلۇق، ماۋۇ پايپىقىڭنى يۇيۇۋەتكىن، مەن ھەرقايسىڭنىڭ غالچىسى ئەمەس، گالىرىڭغا ئۈچ ۋاخ تاماق ئېتىپ بېرىۋاتقاندىكىن، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلىشمامسەن؟

— ھەي، بەل - پۇتلىرىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. ئوبدان بىر تۇتۇپ قويۇشە !

ئىشقىلىپ، مەن ئۇلارنى دادىسى يوق چاغدا ئەنە شۇنداق ئىشقا سالىدىغان، ئەدەپلەيدىغان بولۇۋالدىم. ئورۇنسىز ئىشلارنى باھانە قىلىپ ئۇلارنى ئۇردۇم - تىللىدىم.

— ھەرقايسىڭ مېنى داداڭدىن قورقامدىكىن دەپ ئويلاپ قېلىشما، شۇنداقتىمۇ ماۋۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان ئىشنى داداڭغا دېگۈچى بولۇشما. ئەگەر داداڭدىن بىر ئېغىز گەپ ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق مەندىن قورقۇپ دادىسىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ چاچلىرى شۇنداق ئۇزۇن ئىدى. بىر - بىرىنىڭ چاچلىرىنى ئۆرۈپ قويۇشاتتى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ چاچلىرىغا قاراپ :

— پاھ، پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق چاچ، نەق ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاپتۇ. قاراڭلار ئۇلارنىڭ چېچىغا، دەيدىغان بولۇۋالدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالسام، ئاچچىقىم كېلىپ ئولتۇرالماي قالاتتىم.

بىر كۈنى، ئۇشتۇمتۇت كاللامغا چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى كۆزدىن يوقاتمىسام بولمىغۇدەك، دېگەن ئوي كىرىپ قالدى.



# ئۆمۈچۈك موماي ئېيتقان ھېكايە

ئۆمۈچۈك موماي راست گەپ قىلمىسا ئەسلىگە قايتالمايدۇ. غانلىقىنى بىلگەچكە، ئەمدى راست گەپ قىلىۋاتاتتى.

— چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى مەن ئۈچ كۆرگەنسېرى ئۇلارنىڭ باشقىلارنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىشلىرى كۆپىيىۋاتاتتى. ئۇلار مەكتەپ بويىچە ئەلاچى ئوقۇيتتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چاچلىرىنى قىرىق تال ئۆرۈشۈۋالاتتى. ئۇلار قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇپ، مەن ئۇلارنى تىللاپ تۇرساممۇ ماڭا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

— ئانا، بىرەر ئىشقا خاپا بولۇپ قالغان ئوخشىمامسىز، بىز سىزگە نېمە قىلىپ بەرسەك بولار؟ — ئۇلار ئالدىمدا شۇنداق دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇلارنى ھەرقانداق ئېغىر ئىشقا سالساممۇ بىر ئېغىز ۋايسىمايتتى، تىللىسساممۇ خاپا بولمايتتى. ئۇلار مەن بىلەن قارشىلىشىپ بىر ئېغىز گەپ ياندۇرۇپ قالسا، شۇنى باھانە قىلىپ ئۇلارنى دۇمبالىماقچى بولاتتىم، بىراق ئۇلار ئۇنداق قىلمايتتى.

بىر كۈنى، مەن چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى يېنىمغا چاقىرىپ مۇنداق دېدىم:

— مەن سىلەرگە شۇ گەپنى دەپ قوياي، داداڭلار يوق چاغدا ماۋۇ ئۆيدە بولغان ئىشنى ھەرگىز ئۇنىڭغا دېمەڭلار، بۇ ئۆيدە سىلەر قىلىۋاتقان ئىشلارنى مېنى قىلدى دەپلا بىلسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن... — دېيىشىمگە ئىككىسى تەھدىتكە پەرۋا قىلمىغاندەك تېزلا جاۋاب بەردى:

— ماقۇل، ئانا، بىز قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى سىز

قىلغانغا ھېساب، سىز بىزنىڭ ئانىمىز.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنىڭ بۇ گېپى مېنى تەسىرلەندۈرەلمىدى. ئۇلارنىڭ چېچەن ۋە ئىشچانلىقى مېنى تېخىمۇ قىينىدى. ئۇ ئىككىسى تىرىلىپ كەلگەن ئانىسىدەك ماڭا ئاراملىق بەرمىدى. ئۇلار ئۆي ئىشلىرىنى قانچە ياخشى قىلسا مەن خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا خاپا بولدۇم، ئۆرتەندىم، ئازابلاندىم، كېچىلىرى ئۇخلىيالمىدىم. ئوتۇنچى كۈندۈزى بولمىغان بىلەن كېچىسى بار ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئۇھ تارتىپ ئۇخلىيالمىغانلىقىمنى كۆرۈپ مەندىن سورايتتى:

— بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ياق، — دەيتتىم ئۇنىڭ ئالدىدا، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ۋاپادار خوتۇننىڭ سىياقىدا مۇلايىمغىنا.

— ئەمىسە ئەجەب ئاغرىپ قالغاندەك ئۇھ تارتىسەنغۇ؟

— سەل چارچاپ قالغان ئوخشايمەن. ئۇششاق - چۈششەك ئۆي ئىشلىرىمۇ ئادەمنى...

— دېمىسىمۇ يېقىندىن بېرى ئۆي ئىشلىرىنى بەك قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭ، ھويلا - ئاراملارنىمۇ كۈندە تازىلايدىغان بولۇۋاپسەن. ئۆيگە كىرىپ بىر قاراپ سېنىڭ قانچىلىك ئىش قىلغانلىقىڭنى بىلىۋالىمەن. مەنمۇ ھەر كۈنى تاغدا، بازاردا بولۇپ ئۆيدىكى ئىشلارغا قارىشىپ بېرەلمەيۋاتىمەن. ئاۋۇ قىزلارمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇلارنى ئانچە - مۇنچە ئىشقا سالساڭ بولاتتى.

ئاق كۆڭۈل ئوتۇنچى شۇنداق دېگىنىدە، مەن ئۆزۈمنى تېخىمۇ مېھرىبان كۆرسىتىپ مۇنداق دەيتتىم:

— ھەي، ئۇ مۇشتۇمدەك باللار نېمە قىلالايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپتىكى دەرسلىرىمۇ بەك ئېغىر، كېلىپلا تاپشۇرۇق ئىشلەيدۇ. بالا بولغاندىكىن ئانچە - مۇنچە ئوينىمىسىمۇ بولماس، ئويناپ كىرەيلى دېسە، مەن ئوينىماڭلار دېسەم قانداق بولىدۇ، يەنە كېلىپ مەن ئۇ ئوماق قىزلىرىمنىڭ ئۆز ئانىسى ئەمەس، مەن

ئۇلارنىڭ سۇنۇق قەلبىگە خۇشاللىق ئاتا قىلالمىسامۇ، قىلچىلىك ئازار بېرىدىغان ئىشنى قىلسام بولمايدۇ.

مەن ئەنە شۇنداق چاندۇرمايتتىم ئوتۇنچى گەپلىرىمگە ئىشىنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئوتۇنچىنىڭ ئالدىدا ئاغرىقچاندەك بولۇۋالدىم. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق مەكتەپكە بەك ئامراق ئىدى. ئوتۇنچىنىڭ پەيلىگە قاراپ باقسام ئۇلارنى تازا ئوقۇتقۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، بىر كۈنى مەن ئۇنى چېكىپ باقتىم.

— بۇ قىزلار ئوقۇمىغان بولسىمۇ ئاز - تولا ياردەمدە بولاتتى. بىراق، ئۇلار ئوقۇمىسا بولمايدۇ. ئوقۇغاندىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئىشلىرىمۇ ئۇلارنى چارچىتىۋېتىدىكەن. مەن يەنە ئۇلارنى ئۆي ئىشلىرىغا سالغىلى تۇرسام... — دەپ گېپىمنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي ئۇھ تارتىپ قويدۇم.

ئوتۇنچى شۇنىڭدىن كېيىن چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى مەكتەپتە ئوقۇتماسلىق نىيىتىگە كەلدى. بىر كۈنى، ناشتىدا ئۇ قىزلىرىغا:

— قىزلىرىم، بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپكە بارماڭلار، داۋاملىق ئوقۇشۇڭلارنىڭ ھاجىتى يوق، سىلەر دېگەن قىز بالا، قىز بالا دېگەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگەنسىلا بولىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ ئاناڭلارغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشى قىلىشنى ئۆگىنىڭلار، — دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار دادىسىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپ چىقار دەپ ئويلىمايتتى.

— دادا، نېمە دەۋاتىسىز؟ بىز مەكتەپتە ئوقۇمىساق بولمايدۇ، — دېدى چوغلۇق كېسىپلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوتۇنچىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئادەتتە قىزلىرىغا قوپال گەپ قىلمايتتى، شۇ چاغدا چوغلۇققا ۋارقىراپ سالدى:

— سىلەرنى مەن باقۇرامدىمەن، سىلەر مېنى

باشقۇرامسىلەر؟ بولىدۇ، بولمايدۇ دېگەننى مەن دېسەم بولىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ ئوقۇمايسىلەر دېدىمۇ، ئوقۇمايسىلەر، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن، بۇ ئەلپازىدىن مەنمۇ قورقۇپ كەتتىم. قىزلارمۇ بىر ـ بىرىگە يېپىشقىنىچە دادىسىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. ئۇلارمۇ ئەزەلدىن ياۋاش، مۇلايىم دادىسىنىڭ بۇنداق خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. مەن نەق مۇشۇ چاغدا گەپكە ئارىلاشتىم:

— ھەي دادىسى، قىزلارغا نېمانداق سەت ۋارقىرايسىز، بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان باللارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ. مېڭىڭلار قىزلار، قاراپ تۇرماي مەكتىپىڭلارغا بېرىۋېرىڭلار.

قىزلار مەندىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوتتۇنچىنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇپ، قىزلارنى مەكتەپتە ئوقۇۋېرىدىغان قىلدىم. بۇمۇ مېنىڭ يامان نىيەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئويۇنۇم ئىدى. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن قىزلار گېپىمنى تېخىمۇ ئاڭلايدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپ قىلىدىغان، دادىسىغا قارىغاندا ماڭا يېقىن تۇرىدىغان بولدى. تاماقنىمۇ ئۇلارغا ئەتكۈزىدىغان بولدۇم، مەن ھەرقانداق ئىشقا چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى سېلىپ، ئۆزۈم ئوڭدا يېتىپ ئارام ئالىدىغان بولدۇم. ئوتتۇنچى كەلگەن چاغدىلا ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئۆزۈم قىلىۋاتقاندەك بولۇۋالدىم.

شۇنداقتىمۇ، نۇرلۇق بىلەن چوغلۇق كۆزۈمگە يەنىلا قادالغان مىخ بولۇپ قالدى. مەن ئوتتۇنچىنى قىزلىرىغا بۇرۇنقىدەك ئامراق ئەمەس قىلىۋەتكەن بولساممۇ، لېكىن چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق بۇ ئۆيدە ئوشۇق ئادەم، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ماڭا بىر تەھدىتتەك تۇيۇلدى. مەن ئاخىر ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىش نىيىتىگە كەلدىم، بىراق قانداق قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدىم. يەنە غەمدە يۈردۈم. كېچىلىرى نەچچە مىڭلىغان ھەرە بەدىنىمنى

چىقىۋاتقاندەك تولغىنىپ ياتالمىدىم. ئوتتۇنچى ئەھۋالىمنى سورىسا مىجەزىم يوق، دەپ ئۇنىمۇ بىئارام قىلدىم.

مەن ئاخىر ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ ئامالىنى تاپتىم. يېزىمىزدىن خېلى يىراقتىكى تاغ باغرىدا يالغۇز ئولتۇرىدىغان بىر جادۇگەر ھەققىدە ئاڭلاپ، ئۇنى ئىزدەپ باردىم. جادۇگەرنى ئاق باشلىق مومايمىكىن دېسەم، پەرىشتىدەك چىرايلىق ئايال ئىكەن. ئۇ تاشتىن سېلىنغان ئۆيلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغانىكەن. مېنى ئۇنىڭ يېنىغا بىر كېنىزىكى باشلاپ كىردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ئايال ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ مېنى تۆرگە باشلىدى. لېكىن، مەن تۆرگە چىققىلى ئۇنىماي پەگاھتا ئولتۇردۇم. جادۇگەر ئايالنىڭ جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— خوش، يېنىمغا قانداق مەقسەت بىلەن كېلىپ قالدىڭىز؟

مەن ئېغىز ئېچىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەن سوۋغاتلىرىمنى قويدۇم.

— ھازىرچە ماۋۇ ئازراق كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇڭ، ئىش پۈتكەندىن كېيىن يەنە ئايرىم رازى قىلىمەن. مېنىڭ باشقا چوڭ تەلىپىممۇ يوق، ئېرىمنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بولغان قوشماق قىزى بار ئىدى، ئۇ قىزلار ماڭا ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى كۆزۈمدىن يوقىتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

جادۇگەر بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مەندىن سورىدى:

— ئۇلارنى ئۇ ئالەمگە ماڭدۇرۇپ بېرەيمۇ ياكى...

جادۇگەرنىڭ بۇ سوئالىغا ھېلىمۇ ياخشى ئازراق ئەقلىمنى ئىشلىتىپ:

— ئۇلارنى ئۇ ئالەمگە ماڭدۇرۇپ بېرىڭ، دېسەم بەك ئۇۋال قىلغان بولىمەن. كۆزۈمدىن يوقىتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، —

دېدىم. جادۇگەر يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بارماقچىلىك كېلىدىغان بىر پاقىراق قارا تاشنى ماڭا بېرىپ:

— مانا ماۋۇ تاش جادۇ تېشى، بۇنى پەقەت ئۈچ قېتىملا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزلارنى خالىغان نەرسىگە ئايلاندۇرالايسىز. لېكىن، بۇ سىرنى ھېچكىمگە دېمەڭ، — دېدى.

مەن جادۇگەر ئايالغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ، ئۆيگە چاپتىم. ئۇلارنى نېمىگە ئايلاندۇرۇۋەتسەم بولار؟ مەن كۆپ ئويلاندىم، ئەگەر ئۇلار يوقاپ كەتسە، ئوتۇنچىغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمەن. ئۇلارنى زادى نېمىگە ئايلاندۇرۇشۇم كېرەك، ئەگەر ئۇلار بولمىسا ئۆينىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈم قىلامدىمەن؟ دېگەندەك خىياللار بىلەن يەنە نەچچە كۈنگىچە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي يۈردۈم. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ماڭا كۈندىن - كۈنگە ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

بىر كۈنى، ئۇلار مەكتەپتىن ناھايىتى خۇشال قايتىپ كەلدى.

— ئاپا، ئاپا، بىز مەكتەپتىكى كەشتىچىلىك مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولدۇق، مەكتەپ مۇدىرى بىزنى ئىشخانىغا چاقىرىپ، سىلەرنىڭ ئاپاڭلارمۇ ئۇستا كەشتىچى ئىدى، ئاپاڭلارنى دوراپسىلەر دەپ ماختاپ كەتتى، — دەپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈلكىسى ماڭا خۇددى ئۇلارنىڭ ئانىسى تىرىلىپ كەلگەندەك، قىزلىرىم قانداق ئىكەن، دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى - دە، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن جادۇگەر ئايالنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە قارا تاشنى قولۇمغا ئېلىپلا، ئۇلارنى بىر جۈپ قۇشقاچقا ئايلاندۇرۇۋەتتىم. ئۇلار پۇرررىدە ئۇچۇپ ھويلىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئۈستىگە قوندى. قىزلىرى بىلەن ئانچە كارى بولمايدىغان بولۇپ قالغان ئوتۇنچىمۇ سەھەر قوپۇپ كەچ كېلىدىغان بولغاچقا، بىرنەچچە كۈنگىچە قىزلىرىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلمەي قالدى. بىر كۈنى ناشتىدا ئۇ قىزلىرىنى سورىدى:

— ئۇلار نەچچە كۈن بولدى ناشتىغىمۇ قوپمايدىغان

بولدىغۇ؟

— بوپتۇ، ئۇخلىۋالسۇن، ئەتىگەندە دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچى يوق ئوخشايدۇ، — دېدىم.

ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى قۇشقاچقا ئايلاندۇرۇپ ئارام تاپارمەنمىكىن دېسەم، يەنە ئارام تاپالمىدىم، ئۇلار ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ قوشاق ئوقۇيتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى باشقىلارغا ئاق قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىغىنىدەك ئاڭلانغىنى بىلەن، ماڭا مۇنداق ئاڭلىناتتى:

ئاق قۇشقاچقا ئايلانغان،
چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق بىز.
ئانا دېسەك بىز سىزنى،
قىلدىڭىز غۇ شۇملۇق سىز.

يوقالمىساق بۇ يەردىن،
سىزگە ھەرگىز ئارام يوق.
كۆكسىڭىزگە تېگىدۇ،
پەريادىمىز بولۇپ ئوق.

سىزدىكى شۇم نىيەتنى،
دادام تېخى ئۇقمايدۇ.
ئەسلىڭىزنى ئۇققاندا،
دادام سىزنى قوغلايدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق قوشاقلىرى قۇلاق تۈۋىمدە توختىماي جاراڭلاپ تۇرغاچقا قارا تاشنى قولۇمغىمۇ ئالماي، ئاغزىمغا كەلگەنچە ۋاقىرىدىم:

— ۋاي، ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ كېتەرسەن؟

ئەنە شۇ سۆزۈمدىن كېيىن ئۇلار ئەمەس، مەن ئۆمۈچۈككە ئايلىنىپ مۇشۇ سېھىرلىك باغقا بەند قىلىندىم.

ئۆمۈچۈك موماي ھېكايىنى تۈگىتىپ جىمىپ كەتتى.

# چوغلۇقلار بىلەن كۆرۈشۈش

ئۆمۈچۈك موماي ھېكايىسىنى توگەتكەندىن كېيىن غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇ بىردىنلا چىرايلىق بىر ئايالغا ــ ئوتتۇنچىنىڭ خوتۇنىغا ئۆزگەردى. توغلۇقلار بۇ غەلىتىلىككە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى، بولۇپمۇ قوتلۇق چەكچىيىپ قالغانىدى.

ئەسلىگە قايتقان ئايال ئۆزىنىڭ ئۈستۈپشىغا قاراپ ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى، ئارقىدىنلا خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

ــ رەھمەت بالىلىرىم، رەھمەت، سىلەر بولمىغان بولساڭلار مەڭگۈ ئۆمۈچۈك پېتى تۇرۇۋېرەتتىم، مەن سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، ــ دەپ توغلۇقلارنىڭ مەڭزىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېلىقى سىرلىق قۇش يەنە پەيدا بولۇپ:

ــ ئەسلىڭىزگە كەلگىنىڭىزگە خۇشال بولدىڭىزمۇ؟ ــ دېدى. ئايال قۇشنى كۆرۈپ قورقۇپ قالغان بولسىمۇ، بوش ئاۋازدا جاۋاپ بەردى:

ــ شۇنداق، سىزگە رەھمەت.

ــ ماڭا رەھمەت ئېيتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئەڭ مۇھىمى بۇنىڭدىن كېيىن ياخشى ئادەم بولۇڭ، ئەمدى بۇ بالىلارنى چۆچەك يۇلتۇزغا ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلىڭ، ماۋۇنى ئېلىڭلار، ــ دەپ توغلۇق، قوتلۇق ۋە ئايالغا بىردىن پەي بەردى. ياسالما توغلۇق ماڭچۇ دېگەندەك قۇشقا قول سوزدى.

— سەن نۇرلۇق يۇلتۇزغا تەۋە، بۇ يەردىن كەتسەڭ بولمايدۇ. بۇ ئىككى دوستۇڭ ئەمدى چوڭچەك يۇلتۇزغا بارىدۇ. سەن ئۇلارغا ئەگىشىۋالمىغىن، — دېدى قۇش. ياسالما تۇغلۇق بىر هازا جىمىپ قالدى ۋە ئارقىدىن:

— مەن ئۇلار نەگە بارسا شۇ يەرگە باراي، دېگەن، شۇڭا ماڭىمۇ... — دېدىيۇ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

— ياق، سەن ئۇلار بىلەن بىللە بارساڭ بولمايدۇ، هازىرلا خوشلىشىۋالغىن، — دېدى قۇش ۋە ئايالغا قاراپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز بۇ ئىككى بالىنى چوڭچەك يۇلتۇزغا ئېلىپ بېرىڭ، ئۇلار چوڭچەك يۇلتۇزدىكى دوستلىرى بىلەن ئۇچراشسۇن، چوڭچەك يۇلتۇزدىكى قىزىقارلىق دۇنيانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلسۇن. قولۇڭلاردىكى پەينى چىڭ تۇتۇپ كۆزۈڭلارنى يۇمساڭلار، سىلەردە بىر جۈپ قانات پەيدا بولىدۇ، ئاندىن چوڭچەك يۇلتۇزغا قاراپ ئۇچساڭلار بولىدۇ.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ياسالما تۇغلۇق بىلەن خوشلاشتى. ياسالما تۇغلۇق ئۇلارغا قىيالماي هۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

— سىلەر يەنە كېلىڭلار، مەن سىلەرنى ساقلايمەن، — ياسالما تۇغلۇق شۇنداق دەپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئايال بىلەن تۇغلۇق ۋە قۇتلۇق بىردىنلا قاناتلىق بولۇپ ئۇچتى.

— خەير ـ خوش !

— خەير ـ خوش !

تۇغلۇقلار ئۆزلىرىنىڭ قاناتلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن هەيران قالمىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ تېز ئۇچۇۋاتقانلىقىدىن هەيران ئىدى. ئۇلار ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە شۇنداق ئەركىن، شۇنداق تېز ئۇچۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدا لەيلەپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلار تۇغلۇققا بۇلۇت بالىلار مەھەللىسىنى ئەسلەتتى...

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئەسلىگە قايتىپ ئۆي ئىشلىرىنى

قىلدى ۋە مەكتەپكە باردى. بىراق، ئۆيدە ئاپىسى كۆرۈنمەيتتى، ئۇلار ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئاپىسىنى تاپالمىدى.

كەچتە ئوتۇنچى قايتىپ كېلىپ ئۇلاردىن سورىدى:

— ئاپاڭلار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— بىز مەكتەپتىن كەلسەك ئاپىمىز يوق تۇرىدۇ، بىر يەرگە كەتتىمىكىن، ھېلى كېلىپ قالار.

بىراق، شۇ كۈندىن باشلاپ ئوتۇنچىنىڭ خوتۇنى كۆرۈنمەپتۇ. ئوتۇنچى ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ئارىلىقتىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئوتۇنچى بويتاقچىلىق ھار كەلگەندەك، چوغلۇق بىلەن نۇرلۇققا تاپا ـ تەنە قىلىشقا باشلاپتۇ.

— مەن يوق چاغدا سىلەر ئاپاڭلارنى خاپا قىلغان ئوخشايسىلەر، بولمىسا ئۇ بىكاردىن ـ بىكار يوقاپ كېتەمدۇ؟

— ياق، دادا، بىز ئاپىمىزنى ياخشى كۆرىدىغان تۇرساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىزنى مەكتەپتە ئوقۇتمايمەن، دېگەندىمۇ ئۇ بىزنى مەكتەپتە ئوقۇسۇن دېگەن تۇرسا... بىز ئۇنى نېمىشقا خاپا قىلىمىز.

— سىلەر خاپا قىلمىساڭلار، ئۇ نېمىشقا يوقاپ كېتىدۇ؟ سىلەر ئازراق چوڭ بولۇۋېلىپ گېپىمنىمۇ ئاڭلىمايدىغان بولدۇڭلار، بۈگۈندىن باشلاپ مەكتەپكە بارماي ئۆي ئىشلىرىنى قىلىڭلار، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ ئۇنى ئىزدەڭلار، ئەگەر ئۇنى ئىزدەپ تاپالمىساڭلار، مەن سىلەرنى كەچۈرمەيمەن... — ئوتۇنچىمۇ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك زەھەرخەندىلىك بىلەن سۆزلەۋاتاتتى.

— دادا، سىز بىزگە نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟ بىز ئاپىمىزغا ياخشىلىق قىلدۇقكى، يامانلىق قىلمىدۇق، راست گەپنى قىلساق، ئۇ بىزگە يامانلىق قىلغان بولسىمۇ، بىز ئۇنى سىزگە دېمىدۇق، — ئاخىرقى گەپنى نۇرلۇق ئىتتىكلىك قىلىپ ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەچكە، چوغلۇق دەرھال ئۇنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى:

— ئۇكام دەۋېرىدۇ، ئۇ بىزگە پەقەت يامانلىق قىلمىغان،

بىزمۇ ئۇنى ئۆز ئانىمىزدەك كۆرۈپ كەلگەنىدۇق. بىراق، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، بىز تېخى ئۇنى سىز بىلەن رەنجىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپتىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئوتتۇنچىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— سىلەر ماڭا يالغان سۆزلەۋاتىسىلەر، ئەگەر يالغان سۆزلىمىسەڭلار، نېمە ئۈچۈن ئىككىڭلارنىڭ گېپى بىر خىل چىقمايدۇ؟

— دادا، ئۇكامنىڭ دېگەن گېپىنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، ئاپام بار چاغدىمۇ ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى بىز قىلغان، بىراق ئۇنى بىز سىزگە دېمىگەنىدۇق، ئاپامۇ ئۇنى سىزدىن يوشۇرغانىدى، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى شۇ.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق دادىسىغا ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ، دادىسى ئۇلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى، ئۇلارنى مەكتەپتىن زورمۇزور چىقىرىۋالدى. ئوتتۇنچى ئىش ـ ئوقەتنى تاشلاپ خوتۇنىنى ئىزدىدى. ئۇ خوتۇنىنى تاپالمىغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ، چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى ئورۇنسىز تىللايدىغان بولدى. مەكتەپكە بارالماي كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغان چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق دادىسى يوق چاغدا زارلىنىپ يىغلايدىغان بولدى. مەھەللىدىكى بالىلار خۇشال ـ خۇرام مەكتەپكە ماڭغاندا، ئۇلار ئازابتىن تولغىنىپ كېتەتتى. دادىسى خۇددى ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئەتىگىنى چىقىپ كەتسە يېرىم كېچىلەردە كىرەتتى.

دادىسىنىڭ بۇنداق بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئازابلىنىپ يىغلايتتى، ئۇلار ئۆگەي ئانىسىنى ئىزدەپ تاپالمىدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئانىسىنى تېپىپ دادىسىنى خۇشال قىلىش ئىدى. دادىسى ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالغانىدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق مەكتەپكە بارالماي ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، دادىسىنىڭ يەنە ئوتتۇنچىلىقنى قولغا ئېلىپ ئۆينى قامداپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇلار

دادىسىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلدۈرۈشكە پەقەت ئامال قىلالمىدى.

بىر كۈنى، چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئاپىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ تازا زارلىنىپ يىغلىدى. ئەنە شۇ چاغدا توساتتىن قەبرە يېنىدىكى يوغان قارا تاش ۋاڭڭىدە يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن سادا كەلدى:

— ئەي ئوماق قىزلىرىم، مېنىڭ قوينۇمغا كىرىڭلار!

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قارا تاشنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئايالغا ئەگىشىپ خېلى ئۇزاققىچە ئۇچتى، ئۇلار خۇددى موللاقچى كەپتەرلەردەك ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى.

ئەمدى ئۇلار بارغانسېرى پەسلەپ ئۇچتى. ئورمانلار، كۆچ-ۇم مەھەللىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار تېخىمۇ پەسلەپ ئۇچۇپ، بىر قەبرىستانلىققا قوندى.

— بىز بىر قەبرىستانلىققا قونۇپتۇق، — دېدى ئايال ئەتراپقا قاراپ. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقمۇ بىر-بىرىگە قاراشتى، ئۇلارنىڭ قاناتلىرى غايىب بولغانىدى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى قەبرىستانلىققا كېلىپ قاپتۇق، — دېدى ئايال، — مېڭىڭلار مەھەللىگە بېرىپ باقايلى.

گاڭگىراپ قالغان تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئايالغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئەنە شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن:

— ئاپا! ئاپا! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايال كەينىگە قارىدى، چۈنكى بۇ ئاۋاز چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. ئەمما، ئاۋاز يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا بۇ ئاۋاز ئۇلارنىڭ سىڭىلىسىدىكى قايسىدۇر قىز ساۋاقدىشىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاڭلاندى. «ئاپا! ئاپا!» دېگەن ئاۋاز توختىماي تەكرارلىنىۋاتقانىدى.

— ئۇلار مېنىڭ قىزلىرىمنىڭ ئاۋازى، بىراق ئۇلار كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — ئايال يىغلامسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— ماۋۇ تاشنىڭ ئاستىدىن چىقىۋېتىپتۇ، — دېدى تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىراپ. تاش ۋاڭگىدە يېرىلىپ، ئۇنىڭدىن چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق يۈگۈرۈپ چىقىپ ئانىسىغا ئېسىلدى. ئايالمۇ ئۇلارنى باغرىغا باسقىنىچە ھۆكىرەپ يىغلىۋەتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق بىر چەتتە تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئوتۇنچى يېتىپ كېلىپ قىزلىرى بىلەن خوتۇنىنىڭ قۇچاقلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئوتۇنچىنىڭ تەقى - تۇرقى خۇددى قەلەندەرنىڭكىدەك ۋەيرانە بولۇپ كەتكەنىدى.

— قەدىرلىكلىرىم، سىلەر بارمۇ؟ — ئوتۇنچى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇلارنى باغرىغا باستى. ئۇلار ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ ھۆكىرەپ يىغلاشتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ياش قۇيۇلدى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۆي ئىچى مەينەت ۋە ۋەيرانە بولۇپ كەتكەنىدى. ئايال، چوغلۇق ۋە نۇرلۇق ئۆينى تازىلاپ، رەتلەپ، قىقىشتۇرۇپ بىردەمدە ئەسلىگە كەلتۈردى. ئوتۇنچىمۇ تېخىچە ئەسلىگە كېلەلمەيۋاتقاندەك بىر چەتتە ياش تۆكۈپ ئولتۇراتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقمۇ تارتىنىپ بىر چەتتە ئولتۇراتتى. ئوتۇنچىغا يەنە بەزى ئىشلار قاراڭغۇ ئىدى.

ئوتۇنچى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ بازارغا چىقىپ گۈرۈچ، گۆش، ياغ، سەۋزە ئەكىردى. ئايال پولۇغا تۇتۇش قىلدى. پولۇ پىشقاندا ئۆي ئىللىق كەيپىياتقا چۆمدى. تاماقتىن كېيىن ئايال ئوتۇنچىغا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ تاش ئىچىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە سۆزلىدى. ئوتۇنچى قىزلىرىغا ئۇۋال قىلغانلىقىدىن ئۆكۈندى. ئايالمۇ ئەمدى مېھرىبان بىر ئانىغا ئايلانغانىدى.

— رەھمەت بالىلىرىم، — دېدى ئوتۇنچى تۇغلۇق بىلەن



قۇتلۇققا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ، — سىلەر بولمىغان بولساڭلار، بۈگۈنكى ئىللىق ئائىلىمىزمۇ بولمايتتى.

— ياق تاغا، سىلەرنىڭ جەم بولۇشۇڭلاردا بىزنىڭ ھېچقانداق ھەسسىمىز يوق، بىز بۇ ئاچمىز بىلەن تۈيۈقسىز ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە بىللە ئۇچۇپ كەلدۇق، — ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلىمەكچى بولغان بولسىمۇ، سۆزلىمەي سىر ساقلىدى. ئوتتۇنچىمۇ ئۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى سوراشنى ئارتۇقچە كۆردى.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق باشتا تۇغلۇقلاردىن تارتىنغان بولسىمۇ، كېيىن چىقىشىپ كەتتى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق بەك خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇلار يەنە مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغانىدى. ئۇلار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى مەھەللىنىڭ يېنىدىكى ئورمانلىققا ئەكەلدى. بۇ ئورمانلىقنىڭ پايانى كۆرۈنمەيتتى، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق بۇنداق پايانسىز گۈزەل ئورمانلىقنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— مانا بۇ ئورمانلىق باللار ئورمانلىقى. بۇ ئورمانلىق پەقەت باللارغىلا كۆرۈنىدۇ، چوڭلارغا كۆرۈنمەيدۇ، — دېدى چوغلۇق

ئورمانلىقنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، بالىلارغىلا كۆرۈنىدىغان، چوڭلارغا كۆرۈنمەيدىغان ئورمانلىق دېگەن قانداق گەپ بۇ، — قۇتلۇق ئىشەنمىگەندەك غودۇڭشىدى.

— ئىشەنمىسەڭلار دادامدىن سوراپ بېقىڭلار، دادام ئون بەش ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بۇ ئورمانلىقنى كۆرگەنىكەن. ئون بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن كۆرەلمەپتۇ.

— بۇ ئورمانلىقتا نېمىلەر بار؟ — سورىدى قۇتلۇق.

— مېڭىڭلار، كىرىپ كۆرۈڭلار.

# باللار ئورمانلىقى

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق، پەقەت باللارغىلا كۆرۈنىدىغان بۇ ئورمانلىقتا زادى قانداق نەرسىلەر باردۇ، دېگەن ئوي بىلەن چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئۇلار ئورمانلىققا قەدەم قويۇپلا ھەممە غەم ـ ئەندىشىنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر شادلىق ئىگىلىدى. ئۇلار يەنە ئىچكىرىلەپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغان ـ ماڭمايلا، چوغلۇقلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بىر زىل ئاۋاز ئۇلارنى توختاتتى.

ـــ توختاڭلار، سىلەر نەدىن كەلگەن مېھمانلار؟

تۇغلۇقلارنىڭ ئالدىنى ئىككى كېپىنەك قىز توسۇۋالغانىدى، كېپىنەك قىزلارنىڭ چىرايى نۇرلۇق بىلەن چوغلۇقلارنىڭكىدەك بەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، قاناتلىرى تۇغلۇقلارنىڭ مەھەللىسىدە ئۇچۇپ يۈرىدىغان رەڭدار كېپىنەكلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى.

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم! بىز مۇشۇ چۆچەك يۇلتۇزلۇق، بۇ ئىككىيلەن بىزنىڭ مېھمىنىمىز.

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! بىز ئىككىڭلارنى تونۇيمىز، بىراق بۇ ئىككى بالىنى تونۇمايدىكەنمىز. بىز تونۇمايدىغان باللارنى بۇ ئورمانلىققا كىرگۈزمەيمىز.

ـــ نېمىشقا كىرگۈزمەيسىلەر؟ بۇ دېگەن باللار ئورمانلىقى، ئۇلارمۇ باللار تۇرسا، كۆردۈڭلارمۇ ئاۋۇ خەتنى، ـــ چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئورمانلىقنىڭ ئۈستىدىكى ئاسماننى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە ھەسەن ـ ھۈسەندىن شەكىللەنگەن «باللار ئورمانلىقى» دېگەن خەت نۇرلىنىپ تۇراتتى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، ئۇنداق بولسا بىز ئۇلارنى تەكشۈرۈپ باقايلى، — كېپىنەك قىزلار ئارقىسىغا قاراپ ئىسقىرتقاندەك بىر ئاۋاز چىقارغانىدى، ئىككى كېپىنەك بالا يوغان لۇغەتتەك ئىككى كىتابنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
— سىلەرنىڭ ئىسىم فامىلەڭلار نېمە؟
— تۇغلۇق ئېرپان.
— قۇتلۇق ئېرپان.
كېپىنەك قىزلار كىتابنى بىردەم ئاختۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى تاپتى.
— تۇغلۇق ئېرپان ھە؟ — كېپىنەك قىز ياندۇرۇپ سورىدى.
— ھەئە، مەن تۇغلۇق ئېرپان.
— سىز كىرسىڭىز بولىدىكەن. بىز كېپىنەكلەرگە بىر قېتىم ياخشىلىق قىپتىكەنسىز.
تۇغلۇق قاچان كېپىنەكلەرگە ياخشىلىق قىلغانلىقىنى ئويلاپ ئېسىگە ئالدى. بىر كۈنى، تۇغلۇق مومىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى ئوتلاقتا دوستى ئادىل بىلەن ئويناۋاتاتتى.ئوتلاقتا سېرىق، قىزىل، سۆسۈن رەڭدىكى گۈللەر ئېچىلغان بولۇپ، رەڭدار كېپىنەكلەر پىلدىرلاپ ئۇچۇپ يۈرەتتى.
— بىز بەزىدە ئاشۇ كېپىنەكلەرچىلىكمۇ بولالمايدىكەنمىز، — دېدى تۇغلۇق ئادىلغا.
— ۋاي ماڭە، نېمىشقا كېپىنەكچىلىك بولالمايدىكەنمىز، ئەمدى ئۆزۈڭنى سېلىشتۇرمىغان ئاشۇ كېپىنەك قالدىمۇ؟ — دېدى ئادىل.
— سەن كېپىنەكلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان ئوخشىمامسەن؟
— ۋاي - ۋۇي، ئۇ كېپىنەك دېگەننى كۆزگە ئىلىپ - ئىلماي نېمە ئىدى؟
— ئەمىسە ئۇ قىلغان ئىشنى سەن قىلالامسەن؟
— كېپىنەك قىلغان ئىشنى قىلالمىساق مەھەللىدە ئادىل نوچى بولۇپ يۈرمەيمىز، — دېگەنىدى ئادىل كۆرەڭلىگىنىچە

موللاق ئېتىپ.

— ئۇنداق بولسا كېپىنەكتەك ئۇچۇپ باقە.

توغلۇقنىڭ گېپىنى ئادىل ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن يوغان بىر سېرىق كېپىنەكنى قوغلاپ، كۆپ ئۆتمەيلا تۇتۇپ كەلدى.

— كۆردۈڭمۇ، بۇ كېپىنەك بەك چوڭ ئىكەن. مەن بۇنى ئەۋرىشكە قىلىپ ساقلايمەن، — دېگەنىدى ئۇ.

توغلۇق كېپىنەكنىڭ تېپىرلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى، ئەگەر ئۇ كېپىنەكنى ۋاقتىدا قۇتۇلدۇرۇۋالمىسا، ئادىل ئۇنى بىردەمدە ئۆلتۈرۈپ قوياتتى. شۇڭا، توغلۇق دەرھال كاللىسىنى ئىشلەتتى.

— ئاداش، توختاپ تۇر، ساڭا دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار.

— نېمە مۇھىم گەپ؟ — دەپ ئادىل يېقىن كېلىشىگە توغلۇق ئۇنىڭ قولىغا كۈچەپ بىر قويغانىدى، كېپىنەك ئۇچۇپ كەتتى. شۇ كۈنى ئادىل بىلەن توغلۇق مۇشتلىشىپ قالغان بولسىمۇ، توغلۇق كېپىنەكنى قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىدىن بەك خۇشال بولغانىدى. شۇ ئىش كېپىنەك قىزلارنىڭ كىتابىغا ئېنىق يېزىپ قويۇلغانىدى.

— قېنى، سىز بۇ ياققا ئۆتۈڭ، — كېپىنەك قىزلار توغلۇقنى تەكلىپ قىلدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ بولغانىدى. ئەمدى قۇتلۇق يالغۇز قالدى. كېپىنەك قىزلار قۇتلۇقتىن سورىدى:

— ئىسىم فامىلەڭ قۇتلۇق ئېرپانمۇ؟

— ھەئە دېسىمۇ كەچكىچە سوراۋېرىدىكەن، — قۇتلۇق غودۇڭشىدى. ئۇ ئاسان تېرىكىدىغان بولغاچقا، جېدەل چىقىرىشقا ئارانلا تۇراتتى. مەھەللىدە بولغان بولسا ئاللىبۇرۇن جېدەل چىقىرىپ بولاتتى، بۇ يەردىكى ئالاھىدە مۇھىتتا بۇ تېخى ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنى ئىدى. كېپىنەك قىز قولىدىكى كىتابنى بىردەم ۋاراقلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— بۇ بالا كىرسە بولمايدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرى بەكلا كۆپ ئىكەن.

— نېمە ئەسكىلىك قىپتىمەن؟ ئوچۇق دېيىشمەمسەن؟! — قوتلۇق ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى.

— سەن مەھەللىدىكى بىر ھەرە ئۇۋىسىنى بۇزۇۋەتكەنمۇ؟

— ھەرە ئۇۋىسىنى بۇزۇۋەتسە نېمە بوپتۇ؟ بۇزۇۋەتمىسەم ھەرىلەر ئادەملەرنى چېقىپ ئارام بەرمىسە.

— سەن موماكىلارنىڭ موزىيىنى سوغىرىپ ئەكېلىمەن دەپ مىنىپ ئوينىغانمۇ؟

— موزاي مىنگەنمۇ يامان ئىشمۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ موزىيى بولغاندىكىن مىنىمەن، قانداق؟ — قوتلۇق ھۆرپەيدى. توغلۇق ئۇنىڭغا ئۇنداق قوپاللىق قىلما دېگەندەك ئىشارەت قىلغان بولسىمۇ، قوتلۇق ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى.

— كۆل بويىدا سۇغا چۈشۈپ ئويناۋاتقاندا بالىلارنىڭ كىيىمىنى تىقىپ قويغانمۇ؟ — كېپىنەك قىز داۋاملىق سورىدى.

— تىقىپ قويغان بىلەن بېرىۋەتتىمغۇ. ئۇ دېگەن بىر ئويۇنغۇ، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ تىقىپ قويغان.

— ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ. ئەمىسە مەكتەپنىڭ بېغىدىن ئالما ئوغرىلىغانمۇ؟

قوتلۇق ئەمدى گەپ قىلالماي قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ كۆپ قېتىم مەكتەپنىڭ بېغىدىن ئالما ئوغرىلاپ يېگەنىدى. ئۇ دېگەن ئوغرىلىق تۇرسا، ئەمدى ئۆزىنى ئاقلىيالمىدى.

— يېگۈم كېلىپ ئوغرىلىغان. مەكتەپنىڭ بېغىغا قارايدىغان ھېلىقى بوۋاي بەك ئەسكى، ئۇ بىر قېتىم مېنى تۇتۇۋېلىپ قۇلىقىمنى سوزۇۋەتكەنىدى، شۇڭا ئاشۇ بوۋايدىن ئۆچ ئالىمەن دەپ...

كېپىنەك قىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ كۈلدى.

— بىز سىلەرگە چاقچاق قىلىپ قويدۇق، ئۇنداق ئىشلارنى

ھەرقانداق بالا قىلىشى مۇمكىن. مەرھەمەت، ئورمانلىقتا ئەركىن ساياھەت قىلىڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق خۇشال بولۇپ كەتتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. شۇ چاغدا، بوۋىسى ئاسىم بوۋاينىڭكىگە ئوخشايدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— قانات ساتىمەن قانات، ياخشى بالىلارغا بىكارغا بېرىمەن، ئەسكى بالىلارغا پۇلى بولسىمۇ بەرمەيمەن. قانات ساتىمەن قانات...

تۇغلۇقلارنىڭ ئالدىدا بىر دەرەخ بوۋاي پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆپ يېرى دەرەخكە ئوخشىسىمۇ، يۈز - كۆزى ئادەمگە ئوخشايتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بوۋا! — تۇغلۇقلار دەرەخ بوۋايغا سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالىلىرىم. سىلەر مېھمان ئوخشىمامسىلەر؟

— ھەئە، بۇ ئىككى بالىنىڭ بۇ ئورمانلىققا تۇنجى قېتىم كېلىشى، — دېدى چوغلۇق چۈچۈك ئاۋازى بىلەن.

— ھوي، بۇ بالىلارنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنۇ ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن، — دېدى دەرەخ بوۋاي تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا سىنچىلاپ قاراپ قويۇپ.

— ھەي، بۇ بالىلار ئورمانلىقنى تۇرسا، سىز دەك بوۋايغا بۇ يەردە نېمە بار؟ — دەپ سالدى قۇتلۇق ئارتۇق ئويلانمايلا.

— ھا - ھا - ھا... — دەرەخ بوۋاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — راست ئېيتىسەن. بۇ يەرگە سەن دەۋاتقان ئادەم بوۋايلار كىرەلمەيدۇ. مەن دېگەن دەرەخ بوۋاي، كۆرگەنسىلەر، مەن سىلەر دەۋاتقان ئادەم بوۋايلارغا ئوخشىمايمەن، مەن بۇ ئورمانلىققا بىر يەردىن كېلىپ قالمىغان، مەن بۇ ئورمانلىقتا ئەزەلدىن بار. ئالدىڭلارغا قانات ساتاي دەپ كەلدىم.

— بىزدە پۇل يوق، — دېدى قۇتلۇق دەرەخ بوۋايغا قىزىقىپ.

— مەن قاناتنى پۇلغا ساتمايمەن. ئەگەر سىلەر ياخشى بالا بولساڭلار، مەن سىلەرگە بىكارغا بېرىۋېتىمەن.

— بىزنىڭ ياخشى - يامانلىقىمىزنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدى قۇتلۇق.

— بىز ئۆزىمىزنى ياخشى بالا دەيمىز، بىراق بىزنى ئەسكى دەيدىغانلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى تۇغلۇق سەمىمىيلىك بىلەن.

— توغرا، بىز ئۆزىمىزنى ياخشى دېگەنبىلەن، يامان تەرەپلىرىمىزمۇ بولۇشى مۇمكىن، — قۇتلۇقمۇ ئاكىسىنىڭ گېپىگە قوشۇمچە قىلدى.

— مانا مۇشۇ گېپىڭلار سىلەرنىڭ سەمىمىي بالا ئىكەنلىك-كىڭلارنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى مەن سىلەرگە قانات تەقدىم قىلاي، قا-نات بىلەن قۇشتەك ئەركىن ئۇچالايدىغان بولىسىلەر، قېنى كۆ-زۈڭلارنى يۇمۇڭلار...

تۇغلۇق كۆزىنى يۇمۇپ بولۇپ تېزلا ئاچتى - دە:

— ياق، ياق، بىزگە قانات كېرەك ئەمەس، بىزگە ھەرگىز قانات تەقدىم قىلغۇچى بولماڭ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— نېمىشقا؟ بىر ئوبدان قانات بېرەي دېسەم، نېمىشقا ئالمايسىز؟ — دەرەخ بوۋاي ھەيران بولۇپ سورىدى.

— قاناتلىق بولۇش قۇشلارنىڭ ئىشى، مەن دېگەن ئادەم بالىسى، ماڭا قاناتنىڭ كېرىكى يوق. مەن قاناتلىق بولۇپ قالسام بولمايدۇ، ھەقىقىي ئادەم بالىسىدا قانات بولمايدۇ.

— سەن ئالمىساڭ ئالما، مەن ئالىمەن. مېنى قاناتلىق قىلىپ قويۇڭ، — دېدى قۇتلۇق ھاياجانلىنىپ، — مەن قاناتلىق بولۇپ ئۇچۇشنى ياخشى كۆرىمەن. قۇشلار بىلەن تەڭ ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرۈش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش.

— ئۇكام، قاناتلىق بولۇپ قالساڭ بولمايدۇ، سېنى ئۇ چاغدا ھېچكىم قۇتلۇق دېمەيدۇ. سېنى ھەتتا مومام بىلەن ئاپاممۇ تونۇماي قالىدۇ. سەن دېگەن ئادەم بالىسى، قۇش ئەمەس، — تۇغلۇق قۇتلۇققا يېلىنغاندەك شۇنداق دېدى، — ئۇكام، ھەرگىز

قاناتلىق بولۇپ قالمىغىن.

— ياق، ياق، سەن ئالمىساڭ ئالما، مەن قاناتلىق بولمىسام بولمايدۇ، ئۇچۇش دېگەن بەك راھەت ئىش ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، كېيىن پۇشايمان قىلما - ھە !

— پۇشايمان قىلمايمەن.

— ئەمىسە بىرىڭلار قاناتلىق بولۇڭلار - ھە !

دەرەخ بوۋاي شۇنداق دېيىشىگىلا، قوتلۇق قاناتلىق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قانىتى بوركۇتنىڭكىدەك مۇستەھكەم، ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى. دەرەخ بوۋاي بىردىنلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قوتلۇق مەغرۇر ھالدا قاناتلىرىنى كېرىپ پالاقلىتىپ قويدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئۇنى تەبرىكلىدى.

— مۇبارەك بولسۇن !

— بىللە بولسۇن ! — قوتلۇق توغلۇققا بىر ئۇبدان قاناتنى ئالمىدىڭ دېگەندەك قاراپ قويدى.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق توغلۇقلارنى باشلاپ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىردى. قوتلۇق ئۇلار بىلەن كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇچقۇسى كېلىپ تۇراتتى.

— بىز ھازىر قۇرت باللار مەھەللىسىگە ئاز قالدۇق. بۇ ئورمانلىقتا ھەر خىل مەھەللىلەر بار، قۇرت باللار مەھەللىسى ئاشۇ مەھەللىلەرنىڭ بىرى.

نۇرلۇق خۇددى ساياھەت يېتەكچىسىدەك، باللار ئورمانلىقنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇۋاتاتتى.

— قۇرت باللار مەھەللىسى؟ قانداق مەھەللە ئۇ؟ — قوتلۇق ھەيران بولۇپ سورىدى.ئۇ قاناتلىق بولۇپ قالغاچقا توغلۇققا غەلىتە كۆرۈنۈۋاتاتتى.

— ھەي باللار، بىزنىڭ مەھەللىگە ماۋۇ ئىشىكتىن كىرىسىلەر، — توغلۇقلارنىڭ ئالدىدىن بوش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

# قۇرت باللار

— بىزنىڭ مەھەللىگە ماۋۇ ئىشىكتىن كىرىسلەر.

بوش ئاۋاز سەل كۆچىيىپ تەكرارلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان قۇرت باللارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىزنىڭ مەھەللىگە كەلگىنىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. بىراق، قائىدىمىز بويىچە سىلەرنى بىرقۇر تەكشۈرمىسەك بولمايدۇ.

دەرۋازا ئالدىدا پوستتا تۇرغان ئىككى قۇرت بالا تۇغلۇقلارنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئەمما، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشىدىن خىجىل بولۇپ:

— كەچۈرۈڭلار، كەچۈرۈڭلار، — دەيتتى توختىماستىن.

ئۇلار تۇغلۇق، نۇرلۇق، چوغلۇقلارنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، قۇتلۇققا كەلگەندە چۆچۈپ كەينىگە داجىدى ۋە چوغلۇقلارغا بۇ نېمە ئىش، دېگەندەك قاراپ قويىدى.

— ھەي چوغلۇق، بىز سىزنى يېقىن دوستىمىز دەپ يۈرسەك، بۇ يەرگە بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز قۇشنى باشلاپ كەپسىزغۇ؟ بۇنداق قىلسىڭىز بىز سىز بىلەن قانداق دوست بولىمىز، بۇنى تېز كۆزىمىزدىن يوقىتىڭ، بولمىسا...

— بۇ يەردە قۇش نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ دېگەن ماۋۇ تۇغلۇقنىڭ ئىنىسى قۇتلۇق، — چوغلۇق قۇرت باللارغا چۈشەندۈردى.

— ئۇلار بىر قورساقتىن چىققان قوشماق ئاكا ـ ئۇكىلار، — دەپ قويدى نۇرلۇقمۇ چوغلۇقنىڭ گېپىگە يارىشا. بىراق، قۇرت باللار قورقۇپ كەتكەچكە بىر تەرەپكە ئۆتۈۋالدى.

— سىلەر ئۇنى ئادەم بالىسى دېمەكچىمۇ؟



— شۈنداق.

— ئادەم بالىسىدا قانات نېمىش قىلىدۇ؟

— ئۇنىڭمۇ قانىتى يوق ئىدى. ئۇنى تېخى بايا... — چوغلۇق قۇتلۇقنىڭ قاناتلىق بولۇپ قېلىش جەريانىنى قىسقىچە سۆزلىدى. قۇرت بالىلار چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، قۇتلۇققا يەنە گۇمان بىلەن قاراپ قويدى.

قۇتلۇق ئۆزىنىڭ قاناتلىق بولۇپ قالغانلىقىدىن سەل خىجىل بولغاندەك دۇدۇقلىدى:

— سىلەر قانىتىمنى ياقتۇرمىساڭلار مەن ئۇنى تاشلىۋەتسەممۇ بولىدۇ، — قۇتلۇق شۇنداق دەپ چاپىنىنى سېلىۋەتمەكچى بولغاندەك قاناتنى تارتىۋىدى، بىراق قانات بەدىنى بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ كەتكەچكە،ئۇنى ئېلىۋېتىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ قانىتىنىڭ بىر تال پېيىنىمۇ ئاجرىتالمىدى. تېخى تارتقانسېرى دۈمبىلىرى زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئامالسىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇردى.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئۇنىڭ ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرگەچكە، قۇرت بالىلار ئاخىر ئۇنى كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. تۇغلۇقلاردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ تۇرغان قۇتلۇق خۇشال بولۇپ ئۇلارغا ئەگەشتى.

— بىز سىلەرنىڭ ئۆيۈنگە ئامراقلىقىڭلارنى بىلىمىز، شۇڭا سىلەرنى ئالدى بىلەن ئۆيۈن زالىمىزغا ئاپىرىمىز. ئۇ يەردە سىلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلانغان ئۆيۈنلار بار.

تۇغلۇقلار يوپۇرماقسىمان پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ، ئۆيۈن زالىغا يۈرۈپ كەتتى. يوپۇرماقسىمان پىكاپتا ئولتۇرۇش تۇغلۇقلار ئۈچۈن بەكمۇ راھەت بىلىندى. يوپۇرماقسىمان پىكاپ گۈل - گىياھ ئارىسىدىكى تۈز يوللاردا تۈرۈپلا چاقلىرى بىلەن غۇيۇلداپ ماڭسا، تۈرۈپلا كۆپ پۈتلۈق بولۇپ تولپارلاردەك چاپاتتى، يەنە تۈرۈپلا قاناتلىق بولۇپ كېپىنەكلەردەك ئۇچاتتى.

يوپۇرماقسىمان پىكاپ تۇغلۇقلارغا قۇرتلار مەھەللىسىدىكى

نۇرغۇن مەنزىرىلەرنى بىرقۇر كۆرستىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئويۇن زالىغا باشلاپ كىردى.

ئويۇن زالى گۈل - گىياھلار بىلەن پۈركەلگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى قۇرت باللار ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئويۇن قويۇش سەھنىسى تېخىمۇ چىرايلىق بېزەلگەن بولۇپ، ئۇ بىر قارىماققا گۈل - چېچەكلەر بىلەن ياسالغان چاڭگىغا ئوخشاپ كېتەتتى. چوغلۇقلار قۇرت باللارنىڭ يول باشلىشى بىلەن سەھنىنىڭ ئالدىدىكى ئالاھىدە تەييارلانغان ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردىكى قۇرت باللار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ئۇلارغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. ھەرنېمە دېگەنبىلەن قۇتلۇقنىڭ قانىتى قېرىقىزنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يوغان يوپۇرماق بىلەن يېپىپ قويۇلغاچقا، قۇرت باللار ئۇنىڭ قانىتىنى تېخى كۆرمىگەنىدى. تۇغلۇقلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغان باشلىق قۇرتنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن ئويۇن رەسمىي باشلاندى.

سەھنىدە بىر توپ قۇرت باللار رەتلىك تىزىلىپ «دوستىمىزدۇر ئادەملەر» دېگەن خورنى ئېيتىۋاتاتتى. قۇتلۇقلار ئۇچۇن بۇ خورنىڭ ئاھاڭىدىن كۆرە تېكىستى قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

ئادەملەرغۇ بىلمەيدۇ،
بىزنى كۆرسە كۇلمەيدۇ.
دوستىمىز دەپ بىلسەكمۇ،
بىز بىلەن تەڭ يۈرمەيدۇ.

كەپتۇ بۇگۈن مەلىگە،
ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز.
ئۇلار بىزگە مېھماندۇر،
ئۇلار بىزگە بەك ئەزىز.

ئادەملەر بەك ياماندۇر،
ئۆلتۈرىدۇ قۇشلارنى.
شۇڭا ئەزىز كۆرىمىز،
بىز تۇغلۇقتەك دوستلارنى.

ئۇلار قانچە قۇشقاچنىڭ،
تۇخۇمىنى چاققاندۇ.
بۇزۇۋېتىپ چاڭگىنى،
يىراقلارغا قاچقاندۇ.

يەك سۆيۈملۈك ئۇيۇنچۇق،
ئۇلاردىكى رەگەتكە.
بىزلا ئەمەس ئۇلارنى،
ياخشى كۆرەر چىكەتكە.

ئادەملەردۇر دوستىمىز،
ئۇلار بولغاچ يايرايمىز.
قۇشلار قاچقان باغلاردا،
بىزلەر خۇشال ئوينايمىز.

خور خېلىلا ئۇزۇن ئىدى، ئانچە ـ مۇنچە قوشاق يېزىپ قويىدىغان تۇغلۇق خورنىڭ تېكىستىگە دىققەت قىلدى. تېكىستتە قۇرتلار بىلەن ئادەملەرنىڭ دوستلۇقى ئىپادىلەنگەنىدى. بۇ خور قۇتلۇققا بەكمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلدى.

خوردىن كېيىن «كېپىنەككە ئايلىنىش» ناملىق ئۇسسۇل ئوينالدى. سەھنىگە سەككىز قۇرت يېنىك ۋە تېز ھەرىكەتلەر بىلەن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى شۇنداق تەكشى ھەم رەتلىك ئىدى، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا تۇرۇپلا يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىغا ئوخشىسا، تۇرۇپلا شامالنىڭ

گۈرۈلدىشىگە ئوخشايتتى.

ئۈسسۈلچى قۇرتلار باشلىرىنى ئېگىزگە سوزۇپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. كۆپ ئۆتمەي مۇزىكا شوخ بىر پەدىگە ئۆزگەردى. مۇزىكا بىلەن تەڭ ئۈسسۈلچى قۇرتلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ تېزلەشتى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنداق جانلىق ھەم رەتلىك ئىدىكى، قۇرتلارنىڭ بۇنداق ئۈسسۇل ئوينىيالايدىغانلىقىغا ھەيران قالغان قۇتلۇق ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. شۇ چاغدا مۆجىزە يۈز بەردى. ئۈسسۈلچى قۇرتلارغا بىردىنلا قانات پەيدا بولۇپ، سەھنىدە پىلدىرلاپ ئۇچتى. مۇزىكا تېخىمۇ جانلاندى.ئۈسسۇل كۆرۈۋاتقان قۇرت باللار چاۋاك چېلىپ كەتتى. تۇغلۇقلارمۇ چاۋاك چالدى. ئۈسسۈلچى قۇرتلار پەرۋاز قىلىپ ئۇچقىنىچە كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئۇلار نەگە كېتىدۇ؟ — تۇغلۇق چوغلۇقتىن سورىدى.

— ئۇلار ھېلىقى كېپىنەك قىزلارنىڭ يېنىغا كېتىدۇ. بۇ يەردىكى قۇرت باللارنىڭ ھەممىسى كېيىن ئەنە شۇنداق كېپىنەك قىزلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، — دېدى چوغلۇق.

ئارىلىقتا قۇرت باللاردىن بىرى تۇغلۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەمدى سىلەرمۇ بىزگە بىر نومۇر كۆرسىتىپ بېرىڭلار، بۇ بارلىق قۇرت باللارنىڭ تەلىپى، تېزدىن تەييارلىق قىلىۋېلىڭلار، يەنە ئىككى نومۇردىن كېيىن نۆۋەت سىلەرگە كېلىدۇ.

— قانداق قىلساق بولار؟ — چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق تۇغلۇقتىن سورىدى.

— بۇنىڭغا باش قاتۇرمىساقمۇ بولىدۇ، — دېدى تۇغلۇق، — قۇتلۇق بىر ئۈسسۇل ئويناپ بەرسە بولىدۇ.

قۇتلۇق ئۈسسۇل مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىسا پۇت - قوللىرى ھەرىكەتلىنىپ ئولتۇرالماي قالاتتى. باياتىن بېرىمۇ ئۇ ئۆزىنى بېسىپ ئاران ئولتۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا تۇغلۇقنىڭ گېپىگە

قوشۇلدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئىنچىكە ئاۋازلىق قۇرت سەھنىدە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

قۇشلار بىزنى بىلمەيدۇ،
بىزنى كۆرسە كۇلمەيدۇ.
قوغلاپ بىزنى ئورماندىن،
بىر دەم تىنچ يۈرمەيدۇ.

نېمە قىلدۇق قۇشلارغا،
بىزنى نېمىدەپ قىينايدۇ،
بىز يىغلىساق ئۇ قۇشلار،
خۇشال سايراپ ئوينايدۇ.

قۇشلار، قۇشلار نېمىشقا،
دوست بولمايدۇ بىز بىلەن،
ھەممىمىزنىڭ ماكانى،
چەكسىز ئورمان، گۈلچىمەن.

ئىنچىكە ئاۋازلىق قۇرت مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن خېلى ئۇزاققىچە ناخشا ئېيتتى. ناخشىدىن كېيىن ئىككى قۇرت لەپەر ئوينىدى، مانا شۇ چاغدا ھېلىقى قۇرت كېلىپ توغلۇقتىن سورىدى:

— تەييارلىقىڭلار پۈتتىمۇ؟

— پۈتتى، ئىنىم قۇتلۇق سىلەرگە ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدىغان بولدى.

كۆپ ئۆتمەي رىياسەتچى قۇرت قىز قۇتلۇقنىڭ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى تەنتەنىلىك جاكارلىدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك دوستلار، قەدىرلىك مېھمانلار، بۈگۈنكى بۇ شادلىق بەزمىگە توغلۇق قاتارلىق تۆت ئەزىز مېھمان قەدەم تەشرىپ قىلدى، بۈگۈنكى سەنئەت

نومۇرلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھازىر بىزنى خۇشال قىلىدىغان يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ ئىچىدىكى قۇتلۇق بىزگە ئۇسسۇل ئويناپ بەرمەكچى !

رىياسەتچى قىز ئۇزاتقان كىيىكىسىنى ئالغاندىن كىيىنكى ئۇسسۇل ئويناپ بەرىدىغانلىق بەردى.

قۇتلۇق سەھنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، نەغمىچى قۇرتلار بىلەن ئۆزى ئۇسسۇل ئوينىماقچى بولغان مۇزىكىنى بىرلىككە كەلتۈرۈۋالدى. نەغمىچى قۇرتلارمۇ قۇتلۇقنىڭ دەپ بەرگەن مۇزىكىسىنى بىردەمدىلا ئۆگىنىۋېلىپ بەكمۇ قاملاشتۇرۇپ چالدى. قۇتلۇق بۇرۇن بۇنداق ئالاھىدە سەھنىدە ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغاچقا، بۇ يەردە بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى، بولۇپمۇ نەغمىچى قۇرتنىڭ مۇزىكىنى بۇنداق قاملاشتۇرۇپ چېلىشىنى ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلدى. شۇڭا، ئۇسسۇلنى ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى ئوينىدى. ئۇنىڭ قانىتىنى يېيىپ تۇرغان يوپۇرماقلارمۇ ئۇنىڭ ئۇسسۇلى بىلەن بىنىڭ تەۋرىنەتتى. قۇرت باللار تۇغلۇقنىڭ چىرايلىق ئۇسسۇلىدىن بەك ھۇزۇرلىنىپ كەتكەچكە، چۇرقىراشقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭراتتى. قۇتلۇق تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ تۈرلۈك قىزىقارلىق ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى چىقىرىپ ھەممىنى تاڭ قالدۇردى. قۇتلۇقتىن پەخىرلەنگەن تۇغلۇق ۋە چوغلۇقلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. نەغمىچى قۇرتلار مۇزىكىنى ئەۋجىگە چىقاردى. قۇتلۇق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا دۈمبىسىدىكى يوپۇرماقلارنى يۇلۇپ تاشلاپ، قاناتلىرىنى كېرىپ كۆز - كۆز قىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا، قۇرت باللار ئەنسىز چىرقىرىشىپ كەتتى...

# تۆمۈرتۇمشۇققا تۇتۇلۇش

قۇرت باللار ئۆرتۆپە بولۇپ كەتتى، چۈنكى قۇتلۇقنىڭ بېشىدىن باشقا يېرى ئادەمسىمان غەلىتە قۇشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. قۇشتىن بەك قورقىدىغان قۇرت باللار تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى. ئۇ يەردە پەقەت چوغلۇق، نۇرلۇق، تۇغلۇقلا قالدى. نەغمىچى قۇرتلارمۇ مۇزىكىنى توختاتتى. قۇتلۇقمۇ سەھنىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا، بىرنەچچە قۇرت بالا سەھنىگە چىقىپ قۇتلۇقنى باغلىدى.

— ھەي، ھەي، سىلەر نېمە قىلماقچى؟! مەن نېمە قىلدىم؟ ئاكا، مېنى قۇتقۇزۇۋال، — قۇتلۇق يىغلاپ ۋارقىرىدى.

يەتتە ـ سەككىز قۇرت بالا كېلىپ چوغلۇق، نۇرلۇق، تۇغلۇقلارنىمۇ قوللىرىدىن باغلاپ ئېلىپ ماڭدى.

— بىز سىلەرگە نېمە يامانلىق قىلدۇق؟ سىلەر مېھمانلارغا مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلامسىلەر؟ — چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق چۇڭقۇلداپ سۆزلەپ كەتتى، بىراق تۇغلۇق بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى.

ئۇلار ئىنتايىن يوغان بىر دەرەخنىڭ كاۋاكچىسىغا ئەكىلىندى. دەرەخ شۇنداق يوغانمۇ ياكى تۇغلۇقلار شۇنداق كىچىكلەپ كەتتىمۇ بۇنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار خۇددى تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرگەندەك تۇيغۇغا كەلدى. دەرەخ كاۋىكىنىڭ ئىچى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە لەشكەر قۇرتلار قاتار تىزىلغىنىچە ئۇلارغا سۈرلۈك قاراپ تۇراتتى. لەشكەر قۇرتلارنىڭ قوللىرىدا نەيزىگىمۇ، مىلتىققىمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە قوراللار تۇراتتى. تۇغلۇقلارنى تۇتۇپ ماڭغان قۇرتلار ئۇلارنى

قاتموۇقات توسۇقلاردىن ئۆتكۈزۈپ، باشلىق قۇرتنىڭ ئايرىم ئۆيىگە ئەكىردى. بۇ يەر قانداقتۇر بىر نۇرنىڭ كۈچى بىلەن يورۇپ تۇراتتى. خۇددى شاھلارنىڭ تەختىگە ئوخشايدىغان كاتتا ئولتۇرغۇدا ئولتۇرغان قۇرت باشلىق بىرقانچە لەشكەر قۇرتلارنىڭ ھىمايىسىدە قۇتلۇقنى سوراق قىلىۋاتاتتى. باياتىن بېرى ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بەرمەي يىغلاۋاتقان قۇتلۇق تۇغلۇقلارنى كۆرۈپ ئەرز قىلغاندەك سۆزلەپ كەتتى:

— ئاكا، ماۋۇلارغا گەپ قىلە، بۇلار مېنى قۇش ئىكەن دەپ بوزەك قىلىۋاتىدۇ.

تۇغلۇقلار بىر تەرەپكە تۇرغۇزۇپ قويۇلدى. قۇرت باشلىق ئۇلارغا ھەيران بولغاندەك قاراپ قويۇپ، قۇتلۇقتىن سورىدى:

— ھەي، سەن يىغلاڭغۇلۇق قىلماي سوئالىمغا جاۋاب بەر. بىز تېخى سېنى بوزەك قىلمىدۇق، بىز سېنى ئادەممۇ، قۇشمۇ دەپ سوراۋاتىمىز. سەن نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟

— مەن ئادەم، دېدىمغۇ، ئەنە ئاۋۇ مېنىڭ ئاكام، ئاۋۇلار دوستلىرىم، — قۇتلۇق ئەمدى جانلىنىپ قالغانىدى، — بايا مەن سىلەرگە ئادەملەرنىڭ ئۇسسۇلىنى ئويناپ بەردىمغۇ. شۇنداق تۇرۇپ سىلەر ئادەملىكىمگە نېمىشقا ئىشەنمەيسىلەر.

— بايا، مەنمۇ ئۇسسۇلۇڭنى كۆرۈپ تۇرغان، ئۇسسۇلىڭمۇ ياخشى ئويىنىدىڭ، بىراق ئاخىرىدا ئادەمچە ئۇسسۇلۇڭ قۇشچە ئۇسسۇلغا ئايلىنىپ قالدى. ئاكاڭدا ۋە ئاۋۇ ئىككى دوستۇڭدا قانات يوق ئىكەن، سەندە نېمىشقا قانات بار؟ قاناتلىق بولۇش قۇشلارنىڭ ئىشى. مەن ئادەملەرنىڭ قاناتلىق بولۇپ ئۇچقىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن. سەن چوقۇم ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان قۇش.

— قانات بولسا نېمە بوپتۇ، سىلەرمۇ قانات چىقىرىپ كېپىنەككە ئايلىنىدىكەنسىلەرغۇ؟

— قاناتلىقلار قۇرت ئەمەس، كېپىنەك، سەنمۇ قاناتلىق بولغاندىكىن ئادەم ئەمەس، قۇش.

— سىلەر زادى نېمە دېمەكچى؟ — قۇتلۇق تېرىكىپ

ۋارقىرىدى.

ــ دېمەكچى بولغىنىمنى تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ مەھەللىمىزگە قۇشلار ياخشى نىيەت بىلەن كەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرى بىزنى ۋەيران قىلىدۇ.

باشلىق قۇرتنىڭ «تۇمشۇق» دېگەن گېپى قۇتلۇقنى ئەقىل ئاتا قىلدى.

ــ ھە، سىلەرگە قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى زىيانكەشلىك قىلىدىكەن. مەندە تۇمشۇق يوققۇ، مەن قۇش بولسام تۇمشۇقۇم بولمامتى؟ ــ قۇتلۇقنىڭ بۇ گېپى باشلىق قۇرتنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

ــ سىلەر ئۆزۈڭلارغا زىيانكەشلىك قىلغان قۇشلارنى تۇتالماي، مېنى بوزەك قىلماقچىمۇ؟

ــ بىزمۇ سېنى تېخى ھەقىقىي قۇش دەپ ھۆكۈم چىقارمىدۇق، شۇڭا بۇ يەردە تىرىك تۇرۇۋاتىسەن، بولمىسا پەيلىرىڭنى يۇلۇپ جېنىڭنى ئالاتتۇق. سەن يېرىم ئادەم، يېرىم قۇش ئىكەنسەن، شۇڭا سېنى قويۇپ بېرەلمەيمىز. ئاكىلىرىڭ كەتسە بولىدۇ.

ــ ھۆرمەتلىك قۇرت باشلىق، ــ دېدى تۇغلۇق، ــ ئۇ مېنىڭ ئۇكام، ھەرگىزمۇ قۇش ئەمەس. بۇنىڭغا قانات پەيدا بولۇپ قالغىنىغا نەچچە سائەت بولدى. ئۇنىڭ چىرايىغا ئوبدان قاراڭ، ئۇ ماڭا بەك ئوخشايدۇ، ئۇ ھەقىقىي ئادەم بالىسى.

ــ ئۇ ھەقىقىي ئادەم بالىسى بولسا ئۇنىڭغا قاناتنىڭ كېرىكى يوق ئىكەن. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى يۇلۇۋېتەيلى. قېنى، ئۇنىڭ قاناتلىرىنى يۇلۇۋېتىڭلار!

قۇرت باشلىقنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن، بىرنەچچە لەشكەر قۇرت كېلىپ قۇتلۇقنىڭ قاناتلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى.

ــ ۋايجان، بەك ئاغرىيدىكەن، ۋايجان، ــ قۇتلۇق زارلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى. چۈنكى، قانات ئۇنىڭ گەۋدىسى بىلەن بىر بولۇپ كەتكەچكە، بىر تال پەينى يۇلسا بىر پارچە گۆشنى شىلىۋالغاندەك

ئاغرىيتتى.

قۇتلۇقنىڭ ئىككى تال پېيى يۇلۇنۇپ بولغۇچە، ئۇنىڭ پەريادى پەلەككە يەتتى. شۇ چاغدا توكۇلدىغان كۈچلۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. باشلىق قۇرت ۋە لەشكەر قۇرتلار قورقىنىدىن چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— قاچايلى، قاچايلى، خەتەر! — قۇرتلار شۇنداق تۇۋلىغىنىچە تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كاماردىن غايىب بولدى. ئىككى تال پېيى يۇلۇنۇپ، دۈمبىسى ئاغرىپ كېتىۋاتقان قۇتلۇق ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى. شۇ چاغدا، دەرەخ كاۋىكىغا ئىنتايىن يوغان بىر قىسقۇچ كىرىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ قىسىپ، دەرەخ كاۋىكىدىن ئاچىقتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان تۇغلۇقلار ۋارقىراپ كەتتى. ئەسلىي تۇغلۇقلارنى بىر تۆمۈرتۇمشۇق ئېلىپ ماڭغانىكەن. تۇغلۇقلار ئۆزلىرىنى ھاۋا بوشلۇقىدا — ئاسماندا كۆرگەنلىكىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقى ئۇلارنىڭ بەدىنىنى قىسىپ ئاغرىتىۋاتاتتى. توۋا، بۇ تۆمۈرتۇمشۇق شۇنداق يوغانمىدۇ ياكى تۇغلۇقلار شۇنداق كىچىكلەپ كەتكەنمىدۇ؟ ئۇلار تۆت بالا بىر تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقىغا قانداق پاتقاندۇ؟

تۆمۈر تۇمشۇق تۇغلۇقلارنى قۇرت باللار دەپ ئويلىدى.ئۇنىڭ مەقسىتى ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدىكى باللىرىنىڭ قورسىقىنى راسا بىر تويدۇرۇپ قويۇش ئىدى. تۆمۈرتۇمشۇق ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، بىر دەرەخنىڭ شېخىغا قوندى. تۇغلۇقلار قورقۇپ كەتكەچكە، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي جىمجىت تۇراتتى. ئۇلار شۇنداق تۇرۇۋەرسە، كۆپ ئۆتمەي تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ باللىرىغا يەم بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تۆمۈرتۇمشۇق ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان چاغدىن پايدىلىنىپ مەسلىھەتلىشىۋالدى.

— چوغلۇق، نۇرلۇق بارمۇ سىلەر؟ — تۇغلۇق كۈچەپ ۋارقىرىدى.

— ئاكا، مەن بار، خەقنى سورىماي، مېنى بىر سورىغىنا، —

دېدى قـۇتلۇق يىـغلامسـىـراپ، ــ نېمە ئىشلار بولـۇۋاتىدۇ؟ ئاكـا مېنى ئويىنتىـمەن دەپ ئەكېـلىپ جىـن ـ ئالۋاستىـلارغا تۇتـۇپ بېرىۋاتامسەن؟ بىزنى هازىر چىشلەپ ماڭغان قانداق ئالۋاستىدۇر، بۇ ئالۋاستىنىڭ ئاغزىدىن قانداق قۇتۇلىمىز؟

ــ هەي، قۇتلۇق، ــ دېدى چوغلۇق، ــ بىزنى تۇتۇۋالغىنى ئالۋاستى ئەمەس، تۆمۈرتۇمشۇق.

ــ شۇنداق، تۆمـۈرتۇمشۇق، ــ دېـدى نۇرلۇق چوغـلۇقنىـڭ گېپىنى تەكرارلاپ، ــ ئۇ چوقۇم بىزنى قۇرت بالـىلار ئوخشايـدۇ دەپ تـۇتۇۋالدى، ئۇ بـىزنىڭ ئـادەم بالىلـىرى ئىكـەنلىكـىمىزنى بىلسە قويۇپ بېرىدۇ.

قۇتلۇق يەنە يىغلاپ ـ قاقشىدى:

ــ سىلەر ساراڭ بولۇپ قاپسىلەر. تۆمۈر تۇمشۇق دېگەن بىر قۇش تۇرسا، ئۇ نەدىمۇ بۇنداق يوغان بولسۇن؟ بىز ئالۋاستىنىـڭ قولىغا چۈشۈپ قاپتۇق.

ــ ياق، ئۇنـداق ئەمەس... ــ ئـۇلارنـىڭ گېـپـى تۈگـمـەي، تۆمۈرتۇمشۇق يەنە ئۇچتى. ئەمدى ئۇلار بېشىمـىزغا نېـمە كەلسـە شۇنى كۆرەرمىز، دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدى.

تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ ئۇچۇرمـا بولۇش ئالـدىدىكى تـۆت بالىسـى ئانىسىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى:

ــ بالىلار، ئەمدى هەممىمىز ئۇچالايدىغان بولدۇق، بۇ يـەردە ئولتۇرىۋەرگىچە ئۆزىمىزنىڭ قورسىقىـنى ئۆزىمىز باقـايلىـمۇ. مېڭىڭلار، ئورمانلىققا بېرىپ باقايلى.

ــ ئەتىگەن ئاپام نېـمە دېگەن، مـەن كەلگـۈچە هېچ يـەرگـە بـارماڭلار دېگـەنغۇ، ئـۇ تـېخى بـۈگـۈن بىزگـە ئـۇچۇرما بـولـۇش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى.

ــ قورساق بەك ئېچىپ كەتتى، ئاپام ئەجەب كېلەلمەيدۇغۇ؟

شۇ چاغدا، تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

ــ ئەنە، ئەنە، ئاپام كەلدى.

ــ راست، ئاپام كەپتۇ.

— بەك ياخشى بولدى.
— ۋوي، يەيدىغان ياخشى نەرسە ئەكەلگەن ئوخشايدۇ، — تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ باللىرى تەڭلا ۋىچىرلىشىپ كەتتى.
— ياخشى تۇردۇڭلارمۇ، باللىرىم؟ مەن سىلەرگە سىلەر يەپ باقمىغان، ھەتتا كۆرۈپمۇ باقمىغان قۇرتتىن ئەكەلدىم. قېنى، ئالدى بىلەن قورسىقىڭلارنى تويدۇرۇڭلار! — تۆمۈرتۇمشۇق تۇغلۇقلارنى باللىرىغا تاشلاپ بەردى. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ باللىرى چۇرقىرىغىنىچە ئاغزىنى يوغان ئېچىپ كەلگەن بولسىمۇ، تۇيۇقسىز توختاپ قالدى، چۈنكى ئۇلار تۇغلۇقلارنىڭ قۇرت ئەمەسلىكىنى بىلگەنىدى.
— ئاپا، بۇ قانداقمۇ قۇرت بولسۇن! ئادەم بالىسى ئىكەنغۇ، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ چوڭ بالىسى.
— نېمە دەيدىغانسەن، بالام، مەن ئۇلارنى چوڭ چىنارنىڭ كاۋىكىدىن تۇتۇپ كەلگەن تۇرسام، ئادەم باللىرى دەرەخنىڭ كاۋىكىدا نېمە قىلىدۇ؟
تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ باشقا باللىرىمۇ نارازى بولدى:
— ئاپا، بۇگۈن سىزگە نېمە بولدى؟ ئۇچۇرما زىيابىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن دەپ، ئەكەلگەن سوۋغىڭىز مۇشۇمۇ؟ بۇ راستلا ئادەم باللىرى ئىكەن، ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ.
تۆمۈرتۇمشۇق باياتىن بېرى تۇغلۇقلارغا سىنچىلاپ قاراپ باقمىغانىدى، ئەمدى سىنچىلاپ قاراپمۇ باللىرىنىڭ گېپىگە يەنىلا ئىشەنمىدى.
— ھەي، باللىرىم، سىلەر ئۇچۇرما بولدۇق دەپ ئورمانلىقتا بىرنېپ قورسىقىڭلارنى تويدۇرۇپ كەلگەن ئوخشىمامسىلەر؟ ئەجەب پۇتاق چىقارغىلى تۇردۇڭلارغۇ؟
— پۇتاق چىقارمىدۇق. ئۆزىڭىز ئادەم باللىرىنى تۇتۇپ كەلگەن تۇرسىڭىز، ئوبدانراق قاراپ بېقىڭا.
— ھەي، كۆزۈمنىڭ ئاجىزلاپ كەتكىنىنغۇ راست، بىراق ئادەم باللىرى ئۇنداق كىچىكلەپ كەتمەس. كۆزەينەككىمنى ئاچىقىۋېتىڭلار.

تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ كەنجى بالىسى ئاپىسىنىڭ كۆزەينىكىنى ئاچىقىپ بەردى. تۆمۈرتۇمشۇق كۆزەينىكىنى ئاۋايلاپ تاقىغاندىن كېيىن، تۇغلۇقلارغا سىنچىلاپ قاراپ چۆچۈپ كەتتى.

— ھەي، بۇ راست ئادەم بالىلىرى ئىكەنغۇ؟ تاس قاپتىمىز - دە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگىلى، ئەگەر ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ قالغان بولسام، بىر ئۆمۈر پۇشايماندا قالاتتىكەنمەن. چۈنكى، مېنىڭ جېنىممۇ ئادەملەر قۇتقۇزۇۋالغان. بىراق، ئادەم بالىلىرى بۇنداق كىچىك بولمايدىغان، بۇلار نېمە ئۈچۈن كىچىكلەپ كەتكەندۇ؟

— ھەي، بالىلار، سىلەر ئادەم بالىلىرىمۇ؟

شۇ چاغدا، تۇغلۇقنىڭ بىلىكىدىكى مەڭ نۇرلانغاندەك بولدى. بەلكىم، ئۇ تۇغلۇقلارنىڭ تۆمۈرتۇمشۇق بىلەن گەپلىشىشىگە ياردەم بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. تۇغلۇقلار تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

— ھەي، سىلەر راست ئادەم بالىسىمۇ؟

— بىز ئادەم بالىلىرى.

— ئەمىسە نېمىشقا قۇرتتەك كىچىكلەپ كەتتىڭلار؟

— ئۆزىمىزمۇ بىلمەيمىز.

— سىز تۆمۈرتۇمشۇقمۇ؟

— ھەئە.

— سىز نېمىشقا يوغىناپ كەتتىڭىز؟

— ياق؛ مەن يوغىنىمىدىم، ئەكسىچە سىلەر كىچىكلەپ كېتىپسىلەر، چوقۇم سىلەرگە بىرى زىيانكەشلىك قىپتۇ. مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن.

# تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ ئۇۋىسىدا

تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرى ۋارقىراپ كەتتى:

— ئاپا، ئاپا، قورسىقىمىز بەك ئېچىپ كەتتى. سەن بىزگە قۇرت ئەكەلمەي، بۇ ئادەم بالىلىرىنى ئەكەلگىنىڭ نېمىسى. بىزگە ئۇچۇرما زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچىدىڭ. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرى بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي ۋىچىرلاۋاتاتتى.

— ھەي، بۇگۈن نېمانچە ئەدەپسىز بولۇپ كەتتىڭلار. ئۆيدە مېھمان بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ كۆردۈڭلارغۇ، ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ مېھمانلار ئادەم ئىكەن. ئادەملەر مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالغان. ئۇلار بولمىغان بولسا سىلەرمۇ بولمايتتىڭلار. ياخشىلىققا ياخشىلىق، دەيدىغان گەپ بار. مەن ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايمەن.

— ئادەم بالىلىرىنى مەنمۇ كۆرگەن. بىر چاغدا بىر ئادەم مانا مۇشۇ ئىشىك ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن. ئۇ بەك چوڭ ئىدى، `بىراق ئادەملەرنىڭ بۇنداق كىچىك بولىدىغانلىقىنى كۆرمەپتىكەنمەن، — تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ چوڭ بالىسى غوتۇلدىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاغزىنى غېرىچلايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— يائاللا بالام، سېنى چوڭ، خېلى ئىش ئۇقىدۇ، دەپ قويسام، بىلىدىغانلىرىڭ مېنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولۇپ كەتمىگەندۇ؟ ئۇلارنى زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ دەۋاتىمەنغۇ. بۇگۈن ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلماي، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، بىز ئۇلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى قىلايلى.

تۆغلۇقلار بىر چەتتە قاتار تىزىلىپ ئولتۇردى. ئۇلار بەك كىچىكلەپ كەتكەن بولغاچقا، ھەممە نەرسە باشقىچە تۇيۇلۇۋاتاتتى. قۇتلۇق يەنە تېرىكىپ قالدى.

— قانداق قىلساڭلار قىلىڭلار، مەن ئۇچۇپ كېتىمەن، — قۇتلۇق قاناتلىرىنى كېرىپ خۇددى چۈشىنىدەك غىڭشىلداپ ئۇچتى، بىراق ئۇ ھەرقانچە ئۇچۇپمۇ يىراققا بارالمىدى. ئۇ بىردەم ئۇچۇپ بېقىپ يەنە تۆغلۇقلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— تازا ئۇچالمايۋاتىمەن. راست، بىز كىچىكلەپ كەتكەن ئوخشايمىز.

— ھەي، ھازىر گىڭشىلداپ ئۇچقان قايسىڭلار؟ سىلەر ئادەممۇ، چۈشىمۇ؟ — دەپ سورىدى تۆمۈرتۇمشۇق.

— بىز ئادەم، — ئۇلار تەڭلا جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە ئاراڭلاردا بىرى خۇددى چۈشىنىدەك ئۇچۇپ يۈرۈيدۇغۇ؟

— ھە، ئۇ قۇتلۇق.



نۇرلۇق ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولغاندەك، تىلىنى چىقىرىپ قويدى. تۆمۈرتۇمشۇق كۆزەينىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ تۇغلۇقلارغا سىنچىلاپ قارىدى.

— راست، ماۋۇ بىرىنىڭ قانتى بار ئىكەن. چىۋىنمىكىن دېسەم، ئۇنىڭ قانتى بىزنىڭ قانتىمىزغا ئوخشاپ تۇرىدۇ، قۇشمىكىن دېسەم، بېشى ئادەمنىڭ بېشىغا... ھەي، نېمىلەرنى دەپ يۈرىمەن. ئۇلار سېھىرلەنگەن تۇرسا، مەن ئۇلارغا قانداق ياردەم قىلسام بولار؟

تۆمۈرتۇمشۇق بىرھازا جىمىپ كەتتى.

— ئاپا، بولە، بىزگە يەيدىغان نەرسە ئەكېلىپ بەر. بولمىسا ماۋۇ مېھمانلىرىڭنى يەپ قويىمىز جۇمۇ، — تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ بالىلىرى يەنە ۋىچىرلاشتى.

— ئەمىسە بۇ مېھمانلارغا ئوبدان قاراڭلار، مەن سىلەرگە يەيدىغان نەرسە ئەكېلەي، — دەپ تۆمۈرتۇمشۇق ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۇغلۇقلارنى تېخىمۇ سۈر باستى. ئەگەر تۆمۈر-تۇمشۇق ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە، كەپسىز تۆمۈرتۇمشۇق بالىلىرى ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تۆمۈرتۇمشۇق بالى-لىرى ئانىسى ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن بىر - بىرىنى قوغلاپ ئوينىغىلى تۇردى. تۇغلۇقلار قورققىنىدىن مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ تۆمۈرتۇمشۇق قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرى ئويناپ بولغاندىن كېيىن، يەنە قورساقنىڭ جېدىلىنى قىلغىلى تۇردى.

— ئاپام نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ؟

— ئاپام يەنە بىردەمگىچە كەلمىسە ئۇنىڭ بۇ مېھمانلىرىنى يەۋېتەيلى، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ چوڭ بالىسى.

— بوپتۇ، بىردەم ساقلىساق ساقلايلى. يېمىگەن نەرسىنى يەپ باقساق ھېچنېمە بولماس.

بۇ گەپنى تۇغلۇقلار ئاڭلاپ قالغاچقا جىددىيلىشىپ كەتتى.

— ھەي، قانداق قىلىمىز؟ ئۇلار بىزنى يەۋېتىمىز دەيدۇ، — چوغلۇق ۋارقىراپ كەتتى.

— بۇ گەپنى سىز دەۋاتامسىز؟ — دېدى قۇتلۇق ئۇششۇقلۇق قىلىپ، — بىزنى بۇ كۆنگە قويغان سىلەر، ئىككىڭلار بولمىغان بولساڭلار بىز بۇنداق ئىشلارغا يولۇقمىغان بولاتتۇق. بۇنىڭ ئامالىنى سىلەر قىلماي، بىز قىلامتۇق.

— ھەي، ھازىر جېدەللىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئۇلار پەقەت بىردەملا ساقلايدىكەن. ھازىر تېز ھەرىكەتكە كەلمىسەك، ھېلى ۋايجان دېسەكمۇ ئۈلگۈرەلمەيمىز، — دېدى تۇغلۇق ئۇلارنىڭ جېدىلىنى بېسىپ، — بىز ھازىر ناھايىتى يوغان بىر چىنارنىڭ ئۈستىدە، تۇغلۇقنىڭ قانىتى بولغاندىكىن ئۇچۇپ چۈشۈپ كېتەيلى.

— ئۇنىڭ قانىتى بولغان بىلەن بىز قانداق قىلىمىز؟ — باياتىن بېرى قورقۇپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايۋاتقان نۇرلۇق يىغلامسىراپ سورىدى.

— بىز ئۇچىمىز ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىغا ئېسىلايلى، ئۇ بىزنى ئېلىپ چۈشۈپ كەتسۇن، — دېدى نۇرلۇق.

— مەن ئۇچۇڭلارنى كۆتۈرۈپ قانداق ئۇچالايمەن؟ — دېدى قۇتلۇق تېرىكىپ، — ئاۋۋۇ ئىككىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئىككىمىز قاچايلىچۇ.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئۇكام، ئۇلار دوستىمىز تۇرسا، تاشلاپ قويساق قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۇلار بىلەن تەڭ تۆمۈرتۇمشۇققا يەم بولۇشقا رازى، ئەمما ئۇلارنى تاشلاپ قاچمايمەن.

— ۋاي - ۋۇي، بىزنى مۇشۇ كۆنگە قويغان ئۇلار تۇرسا، يەنە ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ؟ ئۇنداق بولسا... — قۇتلۇق گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.ئۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك، ئۇلارغا بىردەم قاراپ

تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — بولۇڭلار، ماڭا ئېسىلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

تۇغلۇقلار يۇگۇرۇپ كېلىپ ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىغا ئېسىلدى. قۇتلۇق غەيرەتكە كېلىپ قاناتلىرىنى كەردى. گەرچە بۇ مۇشەققەتلىك ئىش بولسىمۇ، تېز قاچمىسا بولمايتتى. ئۇ مىڭ بىر جاپادا ئۇچۇۋىدى، توساتتىن بىر يەڭگىل شامال سوقتى. بۇ چېۋىنچىلىك بولۇپ قالغان تۇغلۇقلار ئۈچۈن كۈچلۈك زەربە بولدى. تۇغلۇقلار قۇتلۇقتىن ئاجراپ چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى تۇغلۇق بىر تال يوپۇرماققا ئېسىلىۋالدى. چوغلۇق تۇغلۇقنىڭ پۇتىغا، نۇرلۇق چوغلۇقنىڭ قولىغا ئېسىلىۋالدى. تۇغلۇق يوپۇرماقنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولسىمۇ، قولى تېلىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالغاچقا، تېخىمۇ جاپا بولدى. قۇتلۇق ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا گىرژىلداپ ئۇچۇپ يۈرسىمۇ ياردەم قىلالمايۋاتاتتى. تۇغلۇقلار چۈشۈپ كەتسە ھەرگىزمۇ ئامان قالمايتتى. تەلىيىگە دەل شۇ چاغدا تۆمۈرتۇمشۇق يېتىپ كېلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. تۆمۈرتۇمشۇق ئۇلارنى ئۇۋىسىغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئاپىسى ئەكەلگەن ئوزۇقلارنى يەپ تويغان تۆمۈرتۇمشۇق بالىلىرى بايا ئۆزلىرى دېگەن گەپتىن خىجىل بولغاندەك جىمىپ قالغانىدى. تۆمۈرتۇمشۇق بالىلىرىغا كايىدى:

— سىلەرنى خېلى چوڭ بولۇپ قالدى دېسەم، مېھمانلارنى ھۆرمەتلەشنىمۇ بىلمەيسىلەر. سىلەر ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان بولساڭلار، ئۇلار بۇ يەردىن كېتىمىز دەپ خەتەرگە يولۇقامتى؟ دەل ۋاقتىدا كېلىپ قاپتىمەن، بولمىسا...

— شۇ، ئۇلار بىزنى... — قۇتلۇق تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرىدىن نارازى بولۇپ سۆزلىمەكچى بولغانىدى، ئۇنىڭ گېپىنى تۇغلۇق بۆلۈۋەتتى.

— ئۇلار بىزنى ئاپىمىز كەلگۈچە ساقلاپ تۇرۇڭلار

دېگەنىدى، بىز سىرتنى كۆرۈپ باقايلى دەپ چۈشۈۋىدۇق، شامال سوقۇپ ...

ئاپىسىدىن بەك قورقىدىغان تۆمۈرتۇمشۇق باللىرى تۇغلۇققا مەمنۇن بولغاندەك قاراپ قويدى. قۇتلۇقمۇ ئاكىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ باشقا گەپ قىلمىدى.

— مەن سىلەرنى پەسكە ئەچۈشەي، قالغان گەپنى شۇ يەردە قىلىشايلى.

تۆمۈرتۇمشۇق ئۇلارنى پەسكە ئەچۈشتى. ئۇلار يوغان بىر دەرەخ كۆتىكىنىڭ ئۈستىگە قوندى. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ باللىرىمۇ ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ چۈشتى. دەرەخ كۆتىكىنىڭ ئۈستى تۇغلۇقلارغا خۇددى چوڭ بىر مەيداندەك كۆرۈندى.

— باللىرىم، ئادەملەر بىلەن بىز ھەقىقىي دوست، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەملەر مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇۋالغان، مەن سىلەرگە بۇ ھەقتە گەپ قىلىپ بەرمىگەنىدىم، ئەمدى دەپ بېرەي، مەن ئادەملەرنىڭ ماڭا قىلغان ئاشۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن ياخشىلىق قايتۇرمىسام بولمايدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى تۆمۈرتۇمشۇق، — ئەسلىي بىزمۇ تۆت بالا ئىدۇق، مېنىڭ بىر ئاكام، ئىككى ھەدەم بار ئىدى. مەن بىز ھازىر ئولتۇرغان مۇشۇ چىنار كېسۋېتىلمىگەندە ئۇنىڭ ئۈستىدە چوڭ بولغانىدىم، ئۇ بىزنىڭ ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدىكى چاغلىرىمىز ئىدى، ئاپام بىزگە ئۇچۇرما بولۇش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، دەپ تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، بىز ئۇچۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىپ بولغان بولساقمۇ، قائىدە بويىچە ئۇچۇرما زىياپىتى ئۆتكۈزۈلمەي تۇرۇپ ئۇچساق بولمايتتى. ئاپام بىر كۈنى ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتتى. ئاكام - ھەدەملەر ئۇچالايدىغان بولۇپ قالغاچقا، بۇرۇنقىدەك جىم ئولتۇرۇشنى خالىمىدى.

«ۋاي - ۋۇي، كەچكىچە مۇشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرامدۇق، باللار، ئاۋۇ ئالدىمىزدىكى دەرەختە بەك سېمىز

قۇرتلار بار ئىكەن، تۇنۇگۈن سىلەرگە دېمەي ئۆزۈم بېرىپ كەلدىم، پاھ، پاھ، زىياپەت دېگەن ئەنە ئاشۇ يەردە ئىكەن. بۇ يەردە ئاپىمىز ئەكېلىپ بەرگەن بىر تال، ئىككى تال قۇرتقا قاراپ ئولتۇرامدۇق» دېدى ئاكام.

«شۇ ئەمەسمۇ، بۇ يەردە كەچكىچە ئولتۇرۇپ بەك زېرىكتۇق، شۇ يەرگە بېرىپ، قۇرتنى تويغۇدەك بىر يەپ كېلەيلىچۇ» دېدى ھەدىلىرىممۇ ئاكامنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ. مەن ئۇلارغا بارمايلى، دېگەن بولساممۇ ئۇلار گېپىمگە قوشۇلمىدى. ئۇلار كەتتى، مەن ئۆيدە يالغۇز قالدىم، مەن ئۆيدە ئۇنداق يالغۇز قېلىپ باقمىغان بولغاچقا بەك قورقتۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا بۇزۇلۇپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتتى. ھەممىلا تەرەپتىن قورقۇنچلۇق ئاۋازلار كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن تۇگۈلۈپ جىم يېتىۋالغان بولساممۇ، پۈتۈن بەدىنىم غالىلداپ تىترىدى.

ئاپامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ بولغان بولسىمۇ تېخىچىلا كەلمەيۋاتاتتى. ئاكا ـ ھەدىلىرىممۇ تېخىچە يوق ئىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇگۈلۈپ يېتىۋالدىم. كۆپ ئۆتمەي يامغۇر توختاپ، ئورمانلىق تىنچلانغاندەك بولدى. مەن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدىم، چۈنكى ئۇلار قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. ئارىلىقتىن يەنە ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا «شىرت ـ شىرت» قىلغان غەلىتە ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئاۋاز ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، مەن نېمە ئاۋازلىقىنى بىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ كۆزۈمنى ئاچتىم، ئاپلا، كۆز ئالدىمدا شۇنداق يوغان بىر يىلان ماڭا خىرىس قىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەن قانداق قىلارىمنى بىلەلمەي دەرەختىن ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بەدىنىم شاخ ـ شۇمبىلارغا تېگىپ يارىلاندى، مەن قانداق قىلىپ يەرگە چۈشكەنلىكىمنىمۇ بىلەلمىدىم، يەرگە چۈشكەن بىلەن ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ھېلىقى يىلانمۇ كەينىمدىن قوغلاپ كەلگەنىدى. بۇنداق يىلانلارنىڭ بىزنى بىرلا يالماپ يۇتۇۋېتەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى ئاپامدىن ئاڭلىغانىدىم. مەن باشقا ئامال قىلالماي كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ

ۋارقىرىدىم. ئۆزۈمنى يىلاننىڭ قورسىقىدا كۆرىمەنغۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. دەل شۇ چاغدا، يىلاننىڭ: «ۋايجان» دېگەن ئاچچىق نالىسى ئاڭلاندى. كۆزۈمنى ئاچسام، يىلاننى بىر بوۋاي ئۆتكۈر خەنجىرى بىلەن ئۆلتۈرگەنىكەن.



# ئەسلىگە قايتىش جەريانى

تۆمۈرتۇمشۇق بىردەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن قۇتۇلۇپ قالغىنىم بىلەن ئاكا ـ ھەدىلىرىم ئاشۇ رەھىمسىز يىلانغا يەم بولۇپ كەتكەنىكەن. مېنىڭ قانىتىم زەخىملەنگەچكە ئۇۋۇچى مېنى ئۆيىگە ئەكېتىپ قانىتىمنى داۋالىدى، كېيىن يەنە مۇشۇ ئورمانغا قويۇپ بەردى. مەن بۇ يەردىن ئاپامنى ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوستلىرىمنى ئىزدىدىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئادەملەرنى ئەڭ يېقىن دوستۇم دەپ ھېسابلايمەن. ئورمانچى بوۋايمۇ ماڭا دائىم ئۇچراپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭغا ھەرقانچە گەپ قىلساممۇ گېپىمنى ئاڭلىمادۇ ياكى مېنى تونۇمامدۇ، ماڭا قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشىنى قىلىدۇ. مەن بۇ بوۋاينى بۈگۈنمۇ كۆرگەن، گېپىمنى چۈشەنگەنسىلەر، دېمەكچى بولغىنىم ئادەملەر بىزنىڭ دوستىمىز، شۇڭا مەن سىلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىمەن.

تۆمۈرتۇمشۇق مۈگدىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. تۇغلۇقمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇردى.

— بىز كېتەيلىچۇ، — قۇتلۇق غودۇڭشىدى.

— نەگە كېتىسىلەر؟ — دېدى تۆمۈرتۇمشۇق مۇلايىملىق بىلەن، — سىلەر ھازىر كىچىكلەپ چىۋىنچىلىك بولۇپ قالغان تۇرساڭلار، چېكەتكە ياكى قوڭغۇزغىمۇ يەم بولۇپ كېتىشىڭلار مۇمكىن. شۇڭا، ئالدى بىلەن ئەسلىڭلەرگە قايتىشىڭلار كېرەك. سىلەر ئۇيدان ئويلاپ بېقىڭلار، قاچاندىن تارتىپ مۇشۇنداق كىچىكلەپ قالدىڭلار؟

— بىز نەدە كىچىكلەپ قاپتۇق، بىز بۇرۇندىن مانا مۇشۇنداققۇ، — دېدى قۇتلۇق قوپاللىق بىلەن.

— ياق، سىلەر بۇرۇندىن بۇنداق كىچىك ئەمەس، سىلەر مەندىنمۇ نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ، ھازىر كىچىكلەپ قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىڭلارنى بىلمەيۋاتامسىلەر؟ — دېدى تۆمۈر ـ تۆمشۇق سەۋرچانلىق بىلەن. تۇغلۇقلار ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىنىڭ كىچىكلەپ قانداق ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— بۇنى قىلغان مۇشۇ ئىككى قىز بالا، ئۇلار بىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلمىگەن بولسا بۇنداق كىچىكلەپ قالمىغان بولاتتۇق. ئۇلار بىزنى...

— قۇتلۇق بولدى، ئاز گەپ قىل. بىر گەپ بولسىلا گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىدىكەنسەن. ئۇلار بىزنى ئوينىتىمەن، دەپ بۇ يەرگە ئەكەلگەن، بىز ئەمەس، ئۇلارمۇ كىچىكلەپ قالدىغۇ. ھازىر باشقا گەپنى قويۇپ، قاچاندىن بېرى مۇشۇنداق كىچىكلەپ قالغانلىقىمىزنى ئويلاپ باقايلى.

— مەنچە، — دەپ گەپ باشلىدى باياتىن بېرى قۇتلۇقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ ئولتۇرغان چوغلۇق، — بىز ھېلىقى قۇرتلار مەھەللىسىگە يېقىن يەردىكى بۇلاقتىن سۇ ئىچكەندىن كېيىن مۇشۇنداق غەلىتە بولۇپ قالدۇق.

— ئەمىسە سىلەر ئۇ بۇلاقنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى تۇغلۇق.

— ئۇ قۇرتلار مەھەللىسىنىڭ شەرق تەرىپىدۇغۇ دەيمەن، — دېدى نۇرلۇق.

— ھىم، ئۇ بۇلاقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلدىم، بىز ھازىر باشقا گەپنى قىلماي ئاشۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا بارايلى، خاپا بولماڭلار، مەن سىلەرنى يەنە چىشلىۋېلىپ ماڭدىغان بولدۇم، بىر يەرگە يىغىلىڭلار.

تۇغلۇقلار بىر يەرگە يىغىلىپ غۇژمەكلەشتى.

— بالىلىرىم، سىلەر بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن مېھمانلارنى ئاشۇ بۇلاققا ئاپىرىپ كېلەي.

ئادەملەرنىڭ تۆمۈرتۇمشۇقلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقىدىن تەسىرلەنگەن تۆمۈرتۇمشۇق بالىلىرىمۇ ئاپىسىغا تېزلا جاۋاب بەردى:

— ماقۇل ئاپا، ئۇلارنىڭ ئەسلىگە كېلىۋېلىشىغا ياردەم قىلىڭ.

تۆمۈرتۇمشۇق تۇغلۇقلارنى چىشلەپ ئۇچتى. دەرۋەقە، ئاسماندا تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقىدا تۇرۇپ بۇنداق ئۇچۇش تۇغلۇقلار ئۈچۈن ئاسان قولغا كېلىدىغان پۇرسەت ئەمەس ئىدى. بۇنى مەھەللىدىكى بالىلارغا دەپ بەرسە، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. «ھەي، مەھەللىدىكى بالىلارنى قانداق ئىشەندۇرسەك بولار؟» تۇغلۇق تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ تۇمشۇقىدا تۇرۇپ شۇنداق خىيال قىلدى. تۆمۈرتۇمشۇق خېلى ئۇزاق ئۇچقاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەسلىدى.

— كۆردۈڭلارمۇ، سىلەر سۇ ئىچكەن بۇلاق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — تۇغلۇقلار پەسكە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى، — مۇشۇ بۇلاقمۇ؟ — تۆمۈرتۇمشۇق تۇغلۇقلارنى يەرگە قويغاندىن كېيىن سورىدى.

— ھەئە، مۇشۇ بۇلاق شۇ، — دېدى نۇرلۇق. باشقىلارمۇ باش لىڭشىتتى.

— مەنچە سىلەر مۇشۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچسەڭلار ئەسلىڭلەرگە قايتىسىلەر.

— مېنى سىناپ بېقىڭلار، — تۇغلۇق ئەسلىگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقاچقا بۇلاقتىن سۇ ئىچىش ئۈچۈن يۈگۈردى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن يۈگۈرۈپ بۇلاق بويىغا مىڭ تەستە كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇلاق ئەمەس، پايانسىز ئوكيان دولقۇنلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ بۇلاق ئەمەس، ئوكيان ئىكەنغۇ، — تۇغلۇق ۋارقىرىۋەتتى.

— ياق، بۇ بىز سۇ ئىچكەن بۇلاق شۇ، — نۇرلۇق ئۆز

گېپىدە چىڭ تۇردى.

— ھەي باللار، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچمەي تۇرايلى، ئىچسەك قوينۇپ تېخىمۇ يوقاپ كېتىمىز، — دېدى قۇتلۇق. ئۇنىڭ گېپىنى تۇغلۇقلار توغرا تاپتى. تۆمۈرتۇمشۇقمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— راست، شۇنداق بولۇپ قالسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى تۇغلۇق تۆمۈرتۇمشۇققا.

تۆمۈرتۇمشۇقمۇ ئويلىنىپ قالدى: «راست، بۇ بۇلاق سۈيى ئۇلارنى كىچىكلىتىۋەتكەن تۇرسا، يەنە ئىچسە ئۇلار بىراقلا يوقاپ كەتمەمدۇ؟» تۆمۈرتۇمشۇق ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، شۇ چاغدا قاياقتىندۇر ياڭراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئىچىۋېرىڭلار، ئۆزۈڭلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىچسەڭلار چوقۇم ئەسلىڭلەرگە قايتالايسىلەر، — بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان بۇ بوم ئاۋاز خۇددى ئاسمان بوۋاينىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلاندى. ئۇلار بۇلاق بويىدا دۇم يېتىپ سۇ ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى بوۋاينىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— پەقەت ئۈچ يۇتۇم ئىچسەڭلارلا بولىدۇ، ئارتۇق ياكى كەم ئىچسەڭ قالماڭلار!

بۇ ئاۋاز چىقىشتىن ئىلگىرى تۇغلۇق، چوغلۇق، نۇرلۇقلار تېخى سۇ ئىچمىگەن بىلەن، ئالدىراڭغۇ قۇتلۇق گۈپپۈلدەپ خېلى كۆپ ئىچىپ بولغانىدى. تۇغلۇق، چوغلۇق، نۇرلۇقلار ئۈچ يۇتۇم ئىچتى، قۇتلۇق ئۆزىنىڭ قانچە يۇتۇم ئىچىۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇلار تۆمۈرتۇمشۇق بىلەن بىللە بۇلاقنىڭ يېنىدىكى ئوتلاققا كېلىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا، بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— بىر سوتكىدىن كېيىن ئەسلىڭلەرگە يانىسىلەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېرىككەندەك قۇتلۇق يەنە كوتۇلداپ كەتتى:

— ۋاي - ۋۇي، يەنە بىر سوتكا چۈمۈلىدەك يۈرەمدىكەنمىز، ئەجەب زېرىكتىم، بۇ يەردىن كەتسەك بولاتتى. ئاكا، ماۋۇ ئىككى

قىزىنىمۇ ئاتا - ئانىسى ئىزدەپ قالغاندۇ؟

— كەتسەككۇ بولاتتى، ئۇكام، بىراق بىز ھازىر كىچىكلەپ چۈمۈلىدەك بولۇپ قالغان تۇرساق، كەتسەكمۇ بىزنى كىم تونۇيدۇ، ھېلىقى قوشنىمىزنىڭ تويمىغۇر چار خورىزى بىزنى چوقۇلاپلا يەۋەتمەمدۇ، — تۇغلۇق مەھەللىنىڭ گېپىنى قىلىپ، بىردىنلا ئاتا - ئانىسىنى، بوۋا - مومىسىنى، ئۆزىنىڭ ۋە مومىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى بالىلارنى سېغىندى. «ھەي، ئادىلنىمۇ ئالغاچ كەلگەن بولساق بوپتىكەن، ئۇنىڭغا بۇ يەردە بولغان ئىشلارنى دەپ بەرسەك ئىشىنەرمۇ؟ ياق، ئىشەنمەيدۇ. مەن ئۇلارغا ھېلىقى چاغدىمۇ نۇرلۇق يۇلتۇزدا كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم ئىشەنمىگەن، سەن موماڭدىن ئاڭلىغان چۆچەكنى سۆزلەۋاتىسەن، دەپ تۇرىۋالغان. نېمە ئامال، مەنمۇ ئامالسىز راست دەيسىلەر، بۇ موماڭدىن ئاڭلىغان چۆچەك، دەپ قۇتۇلغانىدىم. بۇنى سۆزلەپ بەرسەممۇ چۆچەك ئاڭلىغاندەك ئاڭلاپلا قويىدۇ شۇ.» تۇغلۇق شۇنداق خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرغاندا تۆمۈرتۇمشۇق ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— ھەي بالىلار، ئەسلىڭلەرگە كېلىش ئۈچۈن يەنە بىر سوتكا بار ئىكەن، شۇڭا بىزنىڭ ئۆيگە قايتايلى. خاپا بولمىساڭلار، مەن سىلەرنى يەنە تۇمشۇقۇمدا چىشلىۋېلىپ ماڭمىدىغان بولدۇم.

— ياق، بىز ئۈچۈن بىر سوتكىمۇ بىردەمدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز ئەسلىمىزگە كەلگۈچە مۇشۇ يەردە ساقلايمىز، — دېدى قۇتلۇقنىڭ جاھىللىقى تۇتۇپ.

— بۇ نېمە گەپ، سىلەر ماڭا مېھمان، سىلەرنى مەن تېخى مېھمانمۇ قىلمىدىم، ئۆيگە مەن بىلەن بىللە كەتمىسەڭلار قانداق بولىدۇ؟

— بولدى، بولدى، كەتمەيمىز، بىز ئەسلىمىزگە كەلسەك، ئۆيىڭىزگە بىر پاي كەشىمىزمۇ پاتمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىڭ. ئەسلىدىمۇ تۆمۈرتۇمشۇق دېگەن

دەرەخ كاۋىكىدىن قۇرت تۇتۇپ يېيىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ... ــ قۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئورۇنسىز ئىدى. تۇغلۇق خاپا بولۇپ ۋارقىرىدى:

ــ ھەي، قۇتلۇق، سەن باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلمەمسەن؟ ئۇ بىزگە ياخشىلىق قىلىۋاتسا، سەن يەنە نېمىلەرنى دەۋاتىسەن !

ــ ئۇ بىزگە نېمە ياخشىلىق قىپتۇ؟ قۇرتلار مەھەللىسىدە بىر ئوبدان ئويناۋاتساق قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچسە ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىنى ئۇ بىزگە دەپ بەرمىدى، بىز ئۇنىڭغا دەپ بەردۇق. ئۇ بىزنى تۇمشۇقىغا قىسىپ ئۇچۇشقا ئامراق بولۇپ قالغاندۇ، ھەرقاچان؟ ئۇ باشقا قۇشلارغا، مەن تۆت ئادەم بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇچالىدىم، قايسىڭلار مەندەك مۇشۇنداق قىلالايسىلەر، دەپ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلماقچىمۇ؟ سىلەر ئۇنىڭ بىلەن كەتسەڭلار كېتىڭلار، مەن كەتمەيمەن، ــ قۇتلۇق تېرىككىنىپ تۇرۇپ خېلى ئۇزاققىچە سۆزلىدى. تۆمۈرتۇمشۇق ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئېغىر ئالمىدى. ئۇ خۇددى مېھرىبان ئانىلاردەك مۇلايىملىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

ــ ھەي قۇتلۇق، سىزنىڭ ئەجەب قىلىقىڭىز بار ئىكەن. بىزگە ياخشىلىق قىلىۋاتقان تۆمۈرتۇمشۇققا بۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ سىز نېمانچە ئەدەپسىز بولۇپ كەتتىڭىز، ــ ئادەتتە ئانچە كۆپ گەپ قىلمايدىغان نۇرلۇقمۇ قۇتلۇققا كايىۋىدى، تېرىككەك قۇتلۇق تېخىمۇ قايناپ كەتتى.

ــ ۋاي - ۋۇي، كىم ئەدەپسىز ئىكەن. گېپى چىقىپ قاپتۇغۇ ماۋۇ قىزنىڭ، ئەدەپسىز دېگەن مەن ئەمەس، سىز. ئەدەپسىز بولمىسىڭىز ئوغۇللارنىڭ كەينىدە نېمە بار، ئۆگەي ئاپىڭىزنىڭ تامىقىنى ئېتىپ ئولتۇرسىڭىز بولمامتى؟

تۇغلۇق ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، قۇتلۇقنىڭ ئاغزىغا شاپىلاق بىلەن بىرنى ئۇردى.

ــ سەن مېنى ئۇرسەنغۇ تېخى، خەققە يان بېسىپ ... ھى - ھى - ھى ... ــ قۇتلۇق ئۇششۇقلۇق قىلىپ يىغلىغىلى

تۇردى.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق خىجىل بولۇپ قالدى، تۆمۈرتۇمشۇقمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئارىلىقتىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قۇتلۇقمۇ جىمىپ قالدى. ئۇ ئەسلىگە قايتىسىلا تۇغلۇقلار بىلەنمۇ كارى بولماي ئۇچۇپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى.

— مەن ئۆيگە قايتىۋېرەي، سىلەرمۇ كۆردۈڭلار، بالىلىرىم مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئەتە ئەسلىڭلەرگە كەلگەندە كۆرۈشەيلى، — تۆمۈرتۇمشۇق تۇغلۇقلار بىلەن خوشلىشىپ ئۇچۇپ كەتتى.



# چۈمۈلىلەرگە تۈتۈلۈش

تۆمۈرتۈمشۇق كەتكەندىن كېيىن، تۇغلۇقلار بۇ بىر سوتكىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلاپ قالدى.

— ئەمدى مۇشۇ يەردە ساقلاۋېرەمدۇق؟ بىر سوتكىنى ئۆتكۈزۈش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۇ يەردە بىز ئويلىمىغان خەۋپ - خەتەرلەر يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى تۇغلۇق.

— بۇ يەردە خەۋپ - خەتەر نېمە قىلسۇن، ماۋۇ قىزلار قورقمىغان يەردە بىز نېمىدىن قورقىمىز؟ — دېدى قۇتلۇق مەنسىتمىگەندەك ئاغزىنى ئۇچلاپ.

— ئۇكام سەن نېمانداق بولۇپ قالدىڭ؟ چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق بىزنىڭ دوستىمىز. ئۇلارنى مەنسىتمىگەندەك گەپ قىلما، — دېدى تۇغلۇق خاپا بولۇپ.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق خىجىل بولغاندەك بىر چەتتە ئولتۇراتتى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغاچقا ئوشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمىدى.

— قىز بالا بولغاندىكىن بىزنىڭ كەينىمىزدە نېمە بار؟ ئوغۇل بالىلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالغۇچە بېرىپ قىزلار بىلەن ئوينىسا بولمامدۇ؟ — قۇتلۇق هازىر ئۆزلىرىنىڭ قانداق هالەتتە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ غۇدۇرىدى، تۇغلۇق ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋەتتى ۋە ئاچچىقىنى بېسىۋالدى.

— سەن بىزنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەنلىكىمىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ سېنىڭ مەھەللەڭ ئەمەس، بۇ دېگەن چۆچەك يۇلتۇزى. بۇ يەردە مەھەللىدە يۈز بەرمەيدىغان تۈرلۈك ئىشلار يۈز بېرىدۇ، شۇڭا بەزى ئىشلارغا بەرداشلىق بەرمىسەك بولمايدۇ.

ھازىر بىزنىڭ بەستىمىز چىۋىنچىلىكمۇ كەلمەيدۇ. بايا سېھىرلىك بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچتۇق، بىر سوتكىدىن كېيىن قانداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇنى ھازىر بىلگىلى بولمايدۇ، — دېدى تۇغلۇق تەمكىنلىك بىلەن.

— ھەي، بىز تاماق يېمىگىلى نەچچە كۈن بولدى. قورساق ئاچمايدۇغۇ؟ — دېدى قۇتلۇق توساتتىن.

— مەن ساڭا نېمە دەۋاتىمەن، بۇ دېگەن چۆچەك يۇلتۇزى، نى - نى ئىشلارغا يولۇقمىز تېخى، ھەيران قالمىساڭمۇ بولىدۇ.

قۇتلۇق باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ خۇيى تۇتۇپ قالغاندا تۇغلۇق بىلەن تاكاللاشقان بىلەن، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى.

ئەسلىمىزگە تېزرەك قايتساق بوپتىكەن، بولمىسا بىرەر خېيىمخەتەرگە ئۇچراپ قالساق، بۇنىڭ سەۋەبكارى بىز بولۇپ قالىدىكەنمىز، — دېدى چوغلۇق قۇتلۇققا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇلار بىلەن بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلگەن بولغىيدۇق، — دېدى نۇرلۇقمۇ چۇڭقۇلداپ.

ئارىلىقنى يەنە جىمجىتلىق باستى، بىر سوتكا ئۆتمىسە ئۇلار ئەسلىگە قايتالمايتتى. ئۇلار ھازىر بىر قېرىقىز يوپۇرمىقى ئۈستىدە ئىدى. ئۇلار يوغان يوپۇرماق ئۈستىدە خۇددى كەڭرى يېشىل مەيداندا تۇرغاندەك تۇراتتى. ئۇلار چارچاپ قالغاچقا يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدىلا ئارقا - ئارقىدىن ئۇيقۇغا كەتتى. باشتا قۇتلۇق ئۇخلاپ قالدى، كۆپ ئۆتمەيلا چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. تۇغلۇقمۇ قۇتلۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇخلىدى. ئۇلار بۇنداق تاتلىق ئۇخلاپ باقمىغىلى خېلى ئۇزاق بولغان، يەنە كېلىپ بەك چارچاپ كەتكەن بولغاچقا، ھېچ ئىشنى سەزمەي ئۇخلاپ كەتتى.

— تۇغلۇقلار ئۇخلاۋاتقان قېرىقىز تۈۋىدە ئەسلىدە بىر توپ چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسى بار ئىدى. ئۇلار بەزى چاغلاردا قېرىقىزنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ

باراتتى. بەزىدە زېرىكىپ قالغانلارمۇ يوپۇرماق ئۈستىگە چىقىپ ئوينايتتى. مانا ھازىر لەشكەر چۈمۈلىلەر تۇغلۇقلار ئۇخلاۋاتقان يوغان يوپۇرماق ئۈستىگە مەشىق قىلىش ئۈچۈن سەپ تارتىپ كەلدى. ئادەتتە چۈمۈلىلەر بۇ يەرگە ھەرقانداق بىر جانىۋارنى يېقىن يولاتمايتتى. ئۇلار يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە مەشىقنى باشلايدىغان چاغدا، سەپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان چۈمۈلە ۋارقىراپ كەتتى:

— بۇرادەرلەر، كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاۋۇ يەردە تۆت غەلىتە مەخلۇق ياتىدۇ، كۆردۈڭلارمۇ؟

— ھەي، سەن تەرتىپ - تۈزۈم دېگەننى بىلمەمسەن، نېمانداق سەت ۋارقىرايسەن؟

— باشلىق، ئاۋۇ غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆرۈپ خۇدۇمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن، قاراڭا، نېمىدېگەن غەلىتە مەخلۇقلار، مىدىرلىماي ياتقىنىغا قارىغاندا ئۆلۈپ قالغان ئوخشايدۇ.

— ھەممىڭلار گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! — باشلىق چۈمۈلە ۋارقىرىدى، — ھازىر ئۇلارنى قورشايمىز. ئۇلار ئۆلۈك ئەمەس، ئۇخلاۋېتىپتۇ.

لەشكەر چۈمۈلىلەر تېزلىك بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، تۇغلۇقلارنى مۇھاسىرىگە ئالدى. لەشكەرلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى تۇغلۇقلارنى ئويغىتىۋەتتى. ھازىر تۇغلۇقلارمۇ چۈمۈلىچىلىك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قورشاپ كېلىۋاتقان قىزىل چۈمۈلىلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. چۈمۈلىلەر ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلەن تەڭ كۆرۈنگەچكە، ئۇلار قورقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق قورقىنىدىن ۋارقىراپ كەتتى. ھاكاۋۇر قۇتلۇقمۇ تۇغلۇققا چىڭ يېپىشتى.

چۈمۈلىلەر مۇھاسىرىنى بارغانسېرى تارايتتى. تۇغلۇقلارمۇ غۇژمەكلىشىپ بىر يەرگىلا كېلىپ قالغانىدى. باشلىق چۈمۈلە سۈرلۈك ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— سىلەر بۇ يەرگە نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەن؟ سىلەر



زادى نېمە؟

— بىز ئادەم باللىرى، — دەپ جاۋاب بەردى تۇغلۇق، — بىز بۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىۋالماقچىدۇق. بىز سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلمايمىز. بۇ يەر سىلەرگە تەۋە يەر بولسا، بىز كەتسەكمۇ بولىدۇ. سىلەر كىم؟

— ها ـ ها ـ ها، ئاكاڭ قارىغاينىڭ كىملىكىنى تېخىچە بىلمەيۋاتامسەن؟ مانا مەن چۇمۇلە باتۇر، ھەرقايسىڭنى قورشاپ تۇرغىنى مېنىڭ لەشكەرلىرىم، مەن نۇرغۇن جان ـ جانىۋارلارنى كۆرگەن بولساممۇ، سەنلەردەك بۇنداق غەلىتە مەخلۇقلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. تېخى ئۆزلىرىڭنى ئادەم بالىسى، دەپ قوي. ئادەم باللىرىنى مەن بىلمەمدىم؟ ئۇلار سەنلەر بۇنداق كىچىك ئەمەس. سەنلەر ئۆزۈڭچە بىزنى كولدۇرلاتماقچىمۇ؟ بىز بۇ ئەتراپتا تۇتۇۋالغان ھەرقانداق جانىۋارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمىز.

— بىز راستىنلا ئادەم باللىرى، گېپىمىزگە نېمىشقا ئىشەنمەيسىلەر؟ — تۇغلۇقنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ھەرقانداق ئىشتا تۇغلۇقنى چوڭ كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان چوغلۇق، نۇرلۇق، قۇتلۇقلار تۇغلۇققا چىڭ يېپىشتى. چۇمۇلىلەر تېخىمۇ يېقىن قورشاپ كەلدى. تۇغلۇق باشلىق چۇمۇلىگە قانچە چۈشەندۈرسىمۇ ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى.

لەشكەر چۇمۇلىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى

قايرىپ، گەجگىسىدىن باستى. نۇرلۇق، چوغلۇقلار ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى. قۇتلۇقمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ يىغلىدى. تۇغلۇقنىڭمۇ يىغلىغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاكا بولغاندىكىن ئۇلارغا باشپاناھ بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇۋاتاتتى. ئاكا تۇرۇپ يىغلىسام قانداق بولىدۇ، دەپ ئويلىغان تۇغلۇق خېلى قەيسەرلىشىپ قالدى.

— سىلەر بىزنى نېمىدەپ تۇتىسىلەر؟ تۇتساڭلارمۇ گۇناھىمىزنى دەپ قويۇپ تۇتۇڭلار، — تۇغلۇقنىڭ ۋارقىراشلىرىنى كۆرۈپ، باشلىق چۈمۈلىنىڭ كۆلكىسى قىستاپ كەتتى.

— كىچىككىنە تۇرۇپ ئەجەب ئاچچىقىڭ يامان ئىكەنغۇ؟ گۇناھلىرىڭنى دەپ بەرمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەن. باشقا گۇناھلىرىڭنى كېيىن ئۆزۈڭ ئىقرار قىلىسەن، ھازىر ئىككىلا گۇناھىڭنى دەپ بېرەي. بىرى، بىزنىڭ تەۋەلىكىمىزگە رۇخسەتسىز كىرىپسىلەر، يەنە بىرى، ئۆزۈڭلارنىڭ كىملىكىنى يوشۇرۇپ، ئادەم باللىرىنىڭ نامىنى سېتىۋاتىسىلەر.

ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

— ئېلىپ مېڭىڭلار!

تۇغلۇق ئۆزلىرىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ ھەرقانچە سۆزلىگەن بولسىمۇ، چۈمۈلىلەر ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى. چۈمۈلىلەر ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ ماڭدى. تۇغلۇقنىمۇ بىر چۈمۈلە بىر قولى بىلەنلا كۆتۈرۈۋېلىپ ماڭدى. باشقىلارنىمۇ شۇ. ئۇلار تەبىئەت دەرسىدە چۈمۈلىلەرنى ئۆزىدىن نەچچە ئون ھەسسە چوڭ نەرسىلەرنى كۆتۈرەلەيدۇ دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بۈگۈن ھەقىقىي بىلدى. ئىلگىرى تەبىئەت ئوقۇتقۇچىسى: «چۈمۈلە دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ئىچىدە ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونى» دېگەندە، ھەي، مۇشۇ

ئوقۇتقۇچىلارمۇ گەپ قىلدىم دەپ، ئاغزىغا كەلگەننى قىلىدىكەن، ئادەملەرنىڭمۇ بوپتۇ دېمىسۇن. پىل، كەركىداندەك كۆچلۈك جانىۋارلار تۇرسا، چاشقان، پاقىلاردىنمۇ ئاجىز چۇمۇلىنى ئېغىرلىق كۆتۈرۈش چېمپىيونى دېگىنى قىزىقىقۇ... دەپ ئويلاشقانىدى. ئەمدى ئوقۇتقۇچىنىڭ دېگىنىگە ھەقىقىي ئىشەندى.

تۇغلۇقلار چۇمۇلىلەرنى قېرىقىزنىڭ غولى ئارقىلىق تۆۋەنگە ئەچۈشۈۋاتاتتى. چوغلۇق، نۇرلۇقلارمۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەيلى دېگەن نىيەتكە كەلگەنىدى. تۇغلۇقمۇ جىمىپ قالغانىدى. ئارىلىقتا قۇتلۇق ئۆزىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان چۇمۇلىگە قارشىلىق قىلىپ سىلكىنىپ باققانىدى، چۇمۇلە ئۇنىڭ پاچىقىغا نەشتىرىنى تىقىۋەتتى.

قۇتلۇق ئاغرىقتا چىدىماي ۋارقىرىۋەتتى. چۇمۇلىلەر قۇتلۇقلارنى قېرىقىزنىڭ ئۈستىدىن ئەچۈشۈپ، قېرىقىزنىڭ تۈۋىدىكى ئۇۋىسىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇۋىنىڭ ئەتراپىدا مىغىلداپ يۈرگەن چۇمۇلىلەر لەشكەر چۇمۇلىلەر كۆتۈرۈپ كەلگەن مەخلۇقلارنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. كۆپلىگەن چۇمۇلىلەر يول ئېچىپ ماڭدى. كۆپ ئۆتمەي چۇمۇلىلەر تۇغلۇقلارنى چۇمۇلە ئۇۋىسىغا ئەكىردى. ئۇۋىنىڭ ئىچى دەسلەپ قاراڭغۇ ئىدى، بىردەمدىلا يورۇپ كەتتى. ئۇۋىنىڭ نېمە بىلەن يورۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئۇۋىنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان يولى چۇمۇلە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىغا تۇتىشاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاراۋۇل چۇمۇلىلەر پوستتا تۇراتتى.

تۇغلۇق چۇمۇلىنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئاق ئاتقا مىنگەن شاھزادىدەك ئەتراپىنى غەلىتە مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ بەخىرامان ئولتۇراتتى. چوغلۇق، نۇرلۇق ۋە قۇتلۇقلارمۇ چۇمۇلىلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپقا قاراپ ئۈلگۈرمەيتتى.

لەشكەر چۇمۇلىلەر ناھايىتى تېز مېڭىۋاتقان بولسىمۇ،

تۆغلۆقلار ئۆچۈن يەنىلا ئاستا ماڭغانىدەك بىلىندى. چوغلۇق تۆغلۆققا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، بىز ھازىر چۈمۈلىنىڭ ئۆۋىسىغا كىرىپ قاپتۇق، ئۇلار بىزنى قوغلاپ بەرمىسە قانداق قىلىمىز؟ بىرەر ئامالىنى قىلىسىڭىز بولاتتى.

— مەنمۇ بىرەر ئامالىنى قىلالمايۋاتىمەن. قورقمايلى، بىز يەنە ئون نەچچە سائەتتىن كېيىن ئەسلىمىزگە قايتىمىز. ئۇ چاغدا بۇ چۈمۈلىلەر بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— ئون نەچچە سائەتمۇ ئاسان گەپ ئەمەس، شۇ چاغقىچە نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمىز؟ — دېدى قۇتلۇق.

— ئەمدى ئامال يوق، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرىمىز، — دېدى تۆغلۆق.

— خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، تۆغلۇقلار ئۆزىنى چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا كۆردى.



# چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئوردىسىدا

چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ھەقىقەتەنمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. چۈمۈلە پادىشاھى ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىك تەختىدە مەغرۇرانە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئوردىسى ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوردىسىدا ئادەملەرنى كۈتۈپ باقمىغانىدى. ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ، ئادەم بالىلىرىنى تۇتۇۋالدۇق، دېگەن خەۋىرىگىمۇ ئانچە ئىشەنمىگەنىدى. چۈنكى، ئادەم بالىلىرى ئەمەس، ئۇلارنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلىرىنىڭمۇ بۇ ئوردىغا پاتمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئىنسانلار ھەققىدە بىلىدىغىنى نۇرغۇن بولسىمۇ، چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىغا پاتقۇدەك ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى، شۇڭا خەۋەر ئەكەلگۈچىدىن سورىدى:

— سېنىڭ ئەكەلگىنىڭ راست ئادەممۇ ياكى جىن - ئالۋاستىمۇ؟

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە، شاھ ئالىيلىرى. تۇتۇپ كەلگىنىمىز راستلا ئادەم بالىلىرى.

— ئۇلار بىزنىڭ ئوردىغا پاتامدىكەن؟

— پاتىدىكەن، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى بىزدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن.

— قېنى، باشلاپ كېلىڭلار. ئۇلار بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىپ باقاي.

كۆپ ئۆتمەي پۇت - قوللىرى باغلانغان تۇغلۇقلار چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىندى. چۈمۈلە پادىشاھى ئۇلارغا تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى

نەچچە ئۇۋۇلاپ، نەچچە قارىدى.

چۈمۈلە پادىشاھى لەشكەرلىرىگە خاپا بولۇپ پەرمان چۈشۈردى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار!

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى، پەرمانبەردارمىز.

— ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرى يېشىلسۇن!

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى!

تۇغلۇقلارنىڭ پۇت - قوللىرى يېشىۋېتىلدى. قۇتلۇق بىلەكلىرىنى سىلكىپ:

— قانداق نېمىلەر بۇ، ئادەمنى بىكاردىن - بىكار باغلايدىغان، چۈمۈلىگىمۇ بوزەك بولۇۋاتىمىز دېسە، — دەپ قاقشىدى.

— سىلەر راست ئادەم بالىلىرىمۇ؟ — چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەنمۇ سۈرلۈك چىقتى. تۆتەيلەن تەڭلا چاچىلداپ سۆزلەپ كېتىشىدى، گەپنى ئېنىق بىلگىلى بولمىدى.

— ئاراڭلاردىن بىر ۋەكىل كۆرسىتىڭلار، مەن بىرىڭلار بىلەن سۆزلىشەي، — دېدى چۈمۈلە پادىشاھى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق تۇغلۇقنى كۆرسەتتى.

— تۇغلۇق سۆزلەشسۇن، ئۇ ھەممىمىزدىن چوڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇتلۇقنىڭ يەنە تەتۈرلۈكى تۇتتى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قانداق شارائىتتا تۇرۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك غوتۇلدىدى:

— كەچىكچە تۇغلۇق، تۇغلۇقلا دەيدىكەن. مەن سۆزلەشسەممۇ بولىدۇغۇ.

— ئۇ بىزدىن چوڭ بولغاندىكىن ئۇنىڭ سۆزلىگىنى ياخشىمىكىن، — چوغلۇق پەس ئاۋازدا شۇنداق دېيىشىگە، قۇتلۇق سەكرەپ قوپۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— كىم مەندىن چوڭ ئىكەن؟ ئۇ مەن بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە تۇغۇلغان، مەندىن بىرنەچچە مىنۇت بۇرۇن تۇغۇلۇپ

قالغىنىغا مەندىن چوڭ بولۇپ قالامدىكەن؟ ئاكا دەپ قويسام... — قۇتلۇقنىڭ مىجەزى تۇراقلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ بەزىدە تۇغلۇقنى ئاكا دەپ پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتسە، بەزىدە، مەن تۇغلۇق بىلەن تەڭ، ئۇ مېنىڭ ئاكام ئەمەس، دەپ تەتۈرلۈك قىلاتتى. بەزىدە تۇغلۇق، ئۇكام، دەپ چاقىرسىمۇ خاپا بولۇپ قالاتتى. تۇغلۇق بەزىدە قۇتلۇق بىلەن تاكاللاشسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا يول قوياتتى. تۇغلۇق ھازىرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ يۈرۈشنىڭ پايدىسى يوقلۇقنى بىلىپ، ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا سەن سۆزلەشكىن، — دېدى تۇغلۇق. قۇتلۇق بۇ گەپنى ئاڭلاپ خېلى جىمىپ قالدى.

— ھە، مانا مەن، سوئالىڭلار بولسا مەندىن سوراڭلار.

قۇتلۇق پادىشاھنىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ تۇردى. پادىشاھ قۇتلۇققا تازا سەپسېلىپ قاراپ كەتكەندىن كېيىن، نېمىدىندۇر گۇمانلانغاندەك تۇغلۇق ۋە چوغلۇقلارغا تازا قاراپ كېتىپ، ئارقىدىن قۇتلۇقتىن سورىدى:

— سەن راست ئادەم بالىسىمۇ؟

— شۇنداق، بىز ئادەم بالىسى، — دېدى ھەممىسى تەڭلا.

— مەن ھەممىڭلاردىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن سوراۋاتىمەن.

— سەن راست ئادەم بالىسىمۇ؟ — چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئاۋازى قوپال چىقىپ كەتتى.

— مەن ئادەم بالىسى بولماي نېمە؟ كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ قاراپ باقمامسەن؟ ! — قۇتلۇقنىڭ ئەدەپسىزلىكى تۇغلۇقلارنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما، ئادەم بالىسى بولساڭ سەندە قانات نېمە قىلىدۇ؟ سەن ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان قۇش ئوخشايسەن، — دېدى چۈمۈلە پادىشاھى، ئاندىن لەشكەر چۈمۈلىلەرگە بۇيرۇق قىلدى، — ئۇنىڭ قانىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار، راست قاناتمىكىن؟ ئەگەر راست قانات بولسا ئۇنى ئايرىم سوراق قىلىمىز.

بىر نەچچە لەشكەر قۇتلۇقنىڭ قاناتلىرىنى كېرىپ ـ تارتىپ بېقىپ ئاندىن پادىشاھقا جاۋاب بەردى:

ــ شاھ ئالىيلىرى، ئۇنىڭ قانىتى راست ئىكەن. ئۇ بىزگە ئەسكىلىك قىلغان قۇشلارنىڭ تۇغقىنى ئوخشايدۇ.

ــ ئەمىسە ئۇنىڭ قانىتىنى بوغۇشلاپ، پۇت ـ قولىنى باغلاڭلار.

ئۇلار قۇتلۇقنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكىنىگە قارىماي، ئۇنىڭ قانىتىنى بوغۇشلاپ، پۇت ـ قولىنى باغلىدى.

ــ ئۇنى ئالدىمدا تىزلاندۇرۇڭلار!

لەشكەرلەر قۇتلۇقنى تىزلاندۇردى. قۇتلۇق ئاچچىقىدا ۋارقىراپ ـ جارقىرىدى:

ــ مەن ئۇلار بىلەن ئوخشاش ئادەم، ئۇ مېنىڭ قوشكېزەك ئاكام، يالغان بولسا چىرايىمىزغا قاراپ بېقىڭلار، مەن ئۇنىڭغا ئوخشايمەنغۇ.

ــ ئەمىسە سەندە قانات نېمىش قىلىدۇ؟ سەن چوقۇم ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان قۇش. بىلەمسەن، بىز ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەكمۇ، لېكىن قۇشلارنى ئۆچ كۆرىمىز. قۇشلار بىزنىڭ مېۋىلىرىمىزنى يەۋالىدۇ. ئۇلار مېۋىگە قوشۇپ نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىمۇ يەۋەتكەن. بىز قۇشلاردىن ئۆچ ئالمىز دەۋاتقان بولساقمۇ مەقسىتىمىزگە يېتەلمەيۋاتاتتۇق، سېنى تۇتۇۋالغانلىقىمىز بەك ياخشى بولدى. مېنىڭ چوڭ ئانامنىمۇ بىر رەھىمسىز قۇش ئۆرۈككە قوشۇپ يەۋەتكەن. سېنى بىزنىڭمۇ قانداق يەۋېتىدىغىنىمىزنى كۆرۈپ قوي!

ــ جاللات! ــ چۇمۇلە پادىشاھىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ سۇرلۇك ئىدى ۋە قورقۇنچلۇق چىقتى.

ــ لەببەي، شاھ ئالىيلىرى. قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟

ــ ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان بۇ يىرتقۇچ قۇشنى جېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!

باشقا چۇمۇلىلەرگە قارىغاندا بەستلىك تۆت چۇمۇلە كېلىپ،

قۇتلۇقنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ ماڭدى.

— مەن نېمە گۇناھ قىلدىم. مەن قۇش ئەمەس، مەن ئادەم. ئاكا، مېنى قۇتقۇزۇڭلار! — قۇتلۇقنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى نەگىدۇر غايىب بولۇپ، جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ كەتتى. تۇغلۇقنىڭمۇ قۇتلۇققا ئىچى ئاغرىپ قالدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ قۇتلۇقنىڭ بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە قېلىشىنى خالىمايتتى.

— كېرەملىك شاھ ئالىيلىرى، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشلىرىنى تىلەيمەن. ئۇ قۇش ئەمەس، ئادەم، ئۇ مېنىڭ قوشكېزەك ئىنىم، — دېدى تۇغلۇق سەمىمىيلىك بىلەن. ئۇنىڭ بۇ گېپى شاھ چۈمۈلىگە تەسىر قىلدى. شۇڭا، ئۇ قۇتلۇقنى ۋارقىرىتىپ ئاچىقىپ كېتىۋاتقان جاللاتقا بۇيرۇق قىلدى:

— توختاڭلار!

جاللاتلار قۇتلۇقنى يەرگە قويۇپ قويدى. قۇتلۇق قورقۇپ كەتكەن بولغاچقا لاغىلداپ تىترەۋاتاتتى. چۈمۈلە پادىشاھى قۇتلۇقنىڭ پاخپاراپ قالغان قاناتلىرىغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويۇپ، تۇغلۇقتىن سورىدى:

— بۇ غەلىتە مەخلۇق راست سىنىڭ ئۇكاڭمۇ؟

بۇ سوئالغا تۇغلۇق جاۋاب بېرىپ بولغۇچە قۇتلۇق يەنە ئېغىز ئېچىپ ئېچىلدى:

— كىم غەلىتە مەخلۇق ئىكەن. غەلىتە مەخلۇق دېگەن سەن. سەن تېخى چۈمۈلىمۇ؟ چۈمۈلە دېگەن سەندەك چوڭ بولامدۇ؟ چۈمۈلە دېگەن قۇمدەك ئۇششاق بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا...

تۇغلۇق قۇتلۇقنىڭ ئاغزىغا بىر شاپىلاق قويۇپ، ئۇنى گەپتىن توختاتتى. قۇتلۇق بىر چەتكە ئۆتۈپ شۇمشەرەپ تۇردى.

— كېرەملىك شاھ ئالىيلىرى، مەن سىلىگە يالغان سۆزلىمەيمەن. بۇ مېنىڭ قوشكېزەك ئىنىم. بىز بۇ يەرگە كەلگۈچە سېھىرلىك بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قېلىپ، مانا

مۇشۇنداق كىچىكلەپ كەتتۇق. ئۇنىڭغىمۇ نەق شۇنداق قانات پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ قاناتلىق بولغانلىقىدىن خۇي - پەيلى ئۆزگىرىپ ئەنە شۇنداق ئەدەپسىز بولۇپ قالدى. ئۇنى كەچۈرۈۋەتسىلە. بىز سىلەرنىڭ تەۋەلىكىڭلاردا ئارام ئېلىۋاتاتتۇق، لەشكەرلەر بىزنى تۇتۇپ بۇ يەرگە ئەكەلدى، — دېدى تۇغلۇق يالۋۇرۇپ.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ قۇتلۇقنىڭ گېپىنى قوللاپ بىرمۇنچە سۆزلىدى. ئۇلار قۇتلۇقنى ئاق كۆڭۈل ياخشى بالا، ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بار، بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈگەتسىلا ياخشى بالا بولۇپ كېتىدۇ، ئۇنى ئېغىر جازالاشقا بولمايدۇ، دېگەن مەزمۇندا خېلى ئۇزاققىچە سۆزلىدى. قۇتلۇق قىزلارنىڭمۇ ئۆزىنى ماختىغانلىقىنى ئاڭلاپ، خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى. چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ ئاچچىقى ئازراق يانغان بولسىمۇ، قۇتلۇققا قارىسىلا يەنە غەزىپى ئۆرلەپ تۇراتتى، شۇڭا قۇتلۇققا قاراپمۇ قويمىدى.

— بوپتۇ، سىلەرنىڭ يۈزۈڭلار ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچەي، بىراق ئۇ بەك ئەدەپسىز ئىكەن، شۇڭا هازىرچە ئۇنى تۇتۇپ تۇرايلى. ئۇنىڭ سىلەر بىلەن بىللە ماكانىمىزنى زىيارەت قىلىشىغا رۇخسەت يوق. ئۇنى ئوبدانراق ئۆيدىن بىرگە ئەكىرىپ قويۇڭلار، — دېدى چۈمۈلە پادىشاھى.

لەشكەر چۈمۈلىلەر قۇتلۇقنى يېتىلەپ ماڭدى. قۇتلۇق يەنە چۇقان - سۈرەن سالماقچى بولسىمۇ، ئەمدى پايدىسى يوقلۇقىنى بىلىپ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ تۇغلۇقلاردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسلىگە قايتىدىغىنىغا يەنە نەچچە سائەتلا قالغانىدى. قۇتلۇق ئەسلىگە قايتىۋالسىلا بۇ چۈمۈلىلەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىنىڭ قالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار قۇتلۇقنى ئايرىم بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. قۇتلۇق باشقا ئىشنى ئويلىماي، يۇمشاق يېشىل تۆشەككە چىقىپ خورۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى.

چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، چۈمۈلىلەر ئۇلارنى ھەرقايسى ئۆيۈنخانىلاردا ساياھەت قىلدۇرماقچى بولدى.

ئۇلار ئوردىدىن چىقىپ قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئۆيۈنخانىلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆيۈنخانىلارنىڭ ئىشىكىگە نومۇر قويۇلغانىدى. چۈمۈلە قىزنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇلار بىرىنچى نومۇرلۇق ئۆيۈنخانىغا كىردى. ئۆيۈنخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى كەڭرى، يوپيورۇق ئىدى. ئەتراپتىكى گۈل ـ چېچەكلەر ئارىسىدىن ھەسەن ـ ھۈسەندەك نۇر چاقنايتتى. ئۇلارنى چىرايلىق ياسانغان چۈمۈلە قىزلار شوخ ناخشىلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى.

يۇرتىمىزغا ئەزەلدىن،
كەلمىگەنتى بىر ئادەم.
كەلگەچ بۇگۈن تۇغلۇقلار،
بولدى خۇددى ھېيت ـ ئايەم.

قاناتلىقكەن شوخ قۇتلۇق،
ئادەممىدۇ، قۇشمىدۇ؟
بىلەلمىدۇق بۇ ئىشلار،
ئۇلار كۆرگەن چۈشمىدۇ؟

ياقتىمىكىن ئۇلارغا،
بىزنىڭ ئۆيۈنخانىمىز.
ئۇلار ئەزىز مېھماندۇر،
قىزغىن قارشى ئالىمىز.

چۈمۈلە قىزلارنىڭ ناخشىسى شۇنداق ياڭراق بولغاچقا، تۇغلۇقلارنىڭمۇ ناخشا ئېيتقۇسى كەلدى، ئەمما ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالدى. بۇ يەردە نۇرغۇن چۈمۈلە باللار تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناۋاتاتتى.

— ئۆزۈڭلار خالىغان ئويۇنلارنى ئويناساڭلار بولىدۇ. بۇ يەردە نېمە ئويۇن ئوينىماقچى بولساڭلار شۇ ئويۇن ۋە شۇ ئويۇنغا ماس كېلىدىغان شارائىت پەيدا بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى چۈمۈلە قىزلار ئۇلارغا. بۇنى ئاڭلاپ تۇغلۇق خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ كانكى ئويناشقا ئامراق ئىدى، شۇڭا كانكى ئوينىماقچى بولدى.



# چۈمۈلە ئۆردىسىدىكى ئويۇن

تۇغلۇق كانكى ئويناشنى خىيال قىلىش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ پۇتىدا ئاياغلىق كانكى، ئالدىدا كەڭرى مۇز مەيدانى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ قىشلىق كىيىملەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. كەڭرى كەتكەن مۇز مەيداندا باللار كانكى ۋە نۇر ئويناۋاتاتتى. ئۇ نۇرلۇق ۋە چوغلۇقلارنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

ئۇ مۇز مەيدانىدا چۇرقىرىشىپ ئويناۋاتقان باللارنىڭ بىرىنىمۇ تونۇمىدى. تۇغلۇق ئەمدى مۇز تېيىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ئاياغلىق كانكى كىيگەن يەتتە ـ سەككىز بالا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ھەي تۇغلۇق، بۇ يەرگە يالغۇز كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ سىلەرنىڭ مەھەللىدىكى باللارمۇ مۇز تېيىلىشنى بىلەمدۇ؟

باللارنىڭ بىرى مۇز ئۈستىدە ئۇسسۇل ئوينىغاندەك شەكىل چىقىرىپ، ھىجىيىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. بۇ گەپ تۇغلۇقنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. چۈنكى، تۇغلۇق كانكى تېيىلىشقا ئۇستا ئىدى، ھەر يىلى قىشلىق تەتىلدە مومىسىنىڭ مەھەللىسىدىكى ھېلىقى كۆلگە بېرىپ باللار بىلەن تۈرلۈك مۇز ئويۇنلىرىنى ئوينايتتى. بەزىلەر كۆل بويىدىكى ئاپئاق قارلار بىلەن قار بوۋاي، قار باللارنى ياسىسا، يەنە بەزىلىرى چانىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنى سۆرەپ ئوينايتتى. پۈتۈن مەھەللە بويىچە پەقەت تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ ئاياغلىق كانكىسى بار ئىدى. باشقا باللارنىڭ كانكىسى پارچە تاختاي ۋە سىم بىلەن ياسىلىپ، پۇتقا يىپ بىلەن باغلىنىدىغان ئاددىي كانكىلار ئىدى. شۇڭا، مەھەللىدىكى باللار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ كانكىسىغا ھەۋەس قىلاتتى. قۇتلۇقمۇ

كانكى تېيىلىشقا خېلى ئۇستا بولغىنى يىلەن، تېز تېيىلىشتا تۇغلۇققا تەڭ كېلەلمەيتتى. ئاشۇ كۆلگە مۇز تېيىلغىلى كەلگەن باشقا مەھەللىنىڭ باللىرىمۇ تۇغلۇق بىلەن بەسلىشەلمەيتتى. شۇڭا، بايىقى باللىنىڭ گېپى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— ھەي، سەن مېنى تونۇيدىغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

— شۇنداق، تونۇيمەن.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ كانكى تېيىلىشتىكى داڭقىمنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ — تۇغلۇق شەكىل چىقىرىپ مۇز تېيىلغاچ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.

— ياق، ئاڭلىماپتىكەنمەن. مەن تېخى سىلەرنىڭ مەھەللىدىكى باللارنى كانكى تېيىلىشنى بىلمەمدىكىن دەپتىمەن، — دېدى ئۇ باللىمۇ مۇز تېيىلىپ تۇرۇپ پەرۋاسىزلا. ئۇلار ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ تاكاللىشىپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا تۇغلۇقمۇ بوش كەلمەيتتى.

— ۋاي - ۋۇي، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، نوچى بولساڭ بەسلىشىپ باقمامدۇق، ئەگەر سەندىن يېڭىلىپ قالىدىغان بولسام... — تۇغلۇقنىڭ چىرايى قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتتى. ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغانىدى، تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ چۆمۈلىدىنمۇ كىچىك ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ ئىتتىك گېپىنى توختىتىپ، ئۇستۈۋېشىغا قارىدى. ئۆزى بىلەن ئەتراپتىكى باللارنى سېلىشتۇردى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ھازىر ئاشۇ باللار بىلەن تەڭ ئىدى. بەلكىم، بۇ چۆمۈلە ئوردىسىدىكى ئويۇنخانىلارنىڭ كارامىتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان تۇغلۇق گېپىنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇردى، — نوچى بولساڭ بۇ يەردىكى باللارنى چاقىر، ئۇلار قاراپ تۇرسۇن، مۇسابىقىلىشىپ باقايلى.

باللار تۇغلۇقلارنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشقا باشلىدى.

— كېلىڭلار! بۇ ئىككىسىنىڭ مۇسابىقىسىنى كۆرىمىز، — بويى ئېگىزرەك بىر بالا قولىنى پۇلاڭلىتىپ توۋلاپ قويغاندىن

كېيىن، خۇددى رېپىرىدەك تۇغلۇق بىلەن ھېلىقى بالىنى مەيدانغا چۈشۈردى.

— مانا مۇشۇ يەردىن مەن باشلاندى دېگەندە تېپىلىشنى باشلايسىلەر، مۇز مەيدانىنى بەش قېتىم ئايلىنىپ چىقىسىلەر، كىم تېز ھەم قائىدىگە خىلاپلىق قىلماي ئايلىنىپ بولسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

تۇغلۇق بۇنداق مۇسابىقىلەرگە كۆپ قاتناشقان بولغاچقا، ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدى، بىراق ھېلىقى بالىنىڭ كۆرەڭلىكى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. ئۇ تۇغلۇقنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلاتتى.

— ھەي تۇغلۇق، سېنىڭ قانچىلىك تېپىلالايدىغىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ مەن بىلەن بەسلىشىمەن دېگۈچە، ھىم... — بالا يوغانچىلىق بىلەن دىمىغىنى قېقىپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى تۇغلۇقنىڭ ئاچچىقىنى تېخىمۇ كەلتۈردى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھازىر ئالاھىدە شارائىتتا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، باشقا گەپ قىلماي ئېگىز بويلۇقنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. مۇز مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا خېلى كۆپ تاماشىبىنلار يىغىلىپ بولغانىدى.

— باشلاندى !

ئېگىز بالىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تۇغلۇق پەللىدىن ئوقتەك ئېتىلدى. تۇغلۇق باشتا سەل جىددىيلىشىپ قالغاچقا، بېشى قېيىپ، نەپىسى ئىتتىكلىشىپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى، لېكىن ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. شۇنىڭغىچە ھېلىقى بالا تۇغلۇقتىن سەل ئېشىپ كەتكەنىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى تۇغلۇقنى سەگىتتى. تۇغلۇق سەل كەينىدە قالغان بولغاچقا، ھېلىقى بالا كۆرەڭلىگىنىچە شەكىل چىقىرىپ تېپىلىۋاتاتتى. ئەمدى تۇغلۇقنىڭ راستلا ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭدىن يېڭىلىپ قالسام بولمايدۇ، دېگەن تۇيغۇ ئۇنىڭغا كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلدى.

ئۇ سۇرئىتىنى تېزلىتىۋىدى، ھېلىقى بالا كەينىگە قاراپ مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويدى ـ دە، تېخىمۇ تېز تېپىلىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى چۇقان ـ سۈرەنلەر ئەۋجىگە چىقتى. توغلۇق ھېلىقى بالىنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغلىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى.

توغلۇق مەيداننى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ بولغۇچە ئۇ بالىغا يېتىشەلمىدى. تۆتىنچى قېتىم ئايلىنىشنى باشلىغاندا ئۇنىڭغا بارغانسېرى يېقىنلىشىۋىدى، كۆل ئەتراپىدىكىلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى يەنە ئەۋجىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ توغلۇققا مەدەت بېرىۋاتقانلىقى ياكى ئۇ بالىغا مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. لېكىن، بۇ چۇقان ـ سۈرەنلەر توغلۇققا مەدەت بولدى. بەشىنچى ئايلانمىغا كەلگەندە توغلۇقنىڭ سۈرئىتى ئۇچقاندەك تېزلىشىپ، بىردىنلا ئۇنى كەينىدە قالدۇرۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئەتراپتىكىلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى پەسلەپ قالدى. قارىغاندا ئۇلار توغلۇقنىڭ ئۇتۇۋېلىشىنى خالىمايدىغاندەك قىلاتتى. توغلۇق ھاياجانلانغىنىچە پەللىگە يېتىپ كەلدى...

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ يەنە بىر ئويۇنخانىغا كىرىپ ئۆزلىرى خالىغان ئويۇنلارنى چىقىرىپ ئوينىدى. ئۇلار ئادەتتە تەپكۈچ ئويناشقا ئۇستا بولغاچقا، تەپكۈچ ئويناشتا ئۆزى بىلەن تەڭ قىزلارنى يېڭىۋالدى. توغلۇق ئويۇنخانىدا نەچچە خىل ئويۇننى ئوينىغاندىن كېيىن قۇتلۇقنى ئىسىگە ئالدى ۋە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. «ئۇنى بۇ يەرگە ئوينىتىمەن دەپ ئەكېلىپ، ئويناتماقتا يوق، ئۇنى سولاپ قويسا كارىم بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇكام ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتسا، مەن بۇ يەردە ئويۇن ئويناپ يۈرسەم قانداق قاملىشىدۇ؟» دېگەن خىياللار بىلەن ئويۇنخانىدىن يېنىپ چىقتى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ يېنىپ چىقتى. چۈمۈلە قىزلار ئۇلارنى چۈمۈلە پادىشاھىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. چۈمۈلە پادىشاھى ئۇلارنى

قىزغىن كۈتۈۋالغاندىن كېيىن تۆغلۇققا:

— سىلەر بىزگە مېھمان، قانداق تەلىپىڭلار بولسا ئورۇندايمىز، قېنى دەڭلار، — دېدى.

— مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق، ئوكام قۇتلۇقنى قويۇپ بەرگەن بولساڭلار! ئۇ قۇش ئەمەس، ئۇ مېنىڭ قوشكېزەك ئۇكام. ئۇنىڭ مىجەزى ئىتتىك بولغان بىلەن، كۆڭلى ياخشى. ئۇنىڭ قۇشلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، — دەپ تۇغلۇق خېلى كۆپ سۆزلىدى. چۇمۇلە پادىشاھى بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقتىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ قانداق تەلىپىڭلار بار؟

— بىزنىڭمۇ باشقا تەلىپىمىز يوق، قۇتلۇقنى قويۇپ بەرسەڭلار بولاتتى.

چۇمۇلە پادىشاھى ئۇلارنىڭ سەممىمىيلىكىدىن تەسىرلەنگەن بولسا كېرەك، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ قويۇپ، لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈردى:

— مەندىن پەرمان!

— لەببەي، شاھ ئالىيلىرى! — لەشكەر چۇمۇلىلەر بىردەمدە پەيدا بولدى، — نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟

— بايىقى قاناتلىق بالىنى قويۇپ بېرىڭلار!

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى!

لەشكەر چۇمۇلىلەر قۇتلۇقنى بىردەمدە ئەكەلدى. چۇمۇلىلەر ئۇلارنى بىر ئارامگاھقا ئەكىرىپ، ساپاغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئولتۇرغۇغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— مۇشۇ يەردە بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، بىز ئىشىك ئالدىدا بار، قانداق تەلىپىڭلار بولسا ئورۇندايمىز، — دەپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

— قانداق تەلىپىمىز بولسا ئورۇندامسىلەر؟ — دېدى قۇتلۇق تەنە ئارىلاش.

— شۇنداق، بۇ شاھىمىزنىڭ پەرمانى.

— ئۇنداق بولسا ئاكام ئىككىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار! ماۋۇ ئىككىسىنىمۇ ... — قۇتلۇق چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقتا تۇمشۇق ئۇچلاپ قويدى، — نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇڭلار.

— مەن بۇ تەلىپىڭلارنى شاھ ئالىيلىرىغا يەتكۈزۈپ باقاي.

چۇمۇلە پادىشاھى تۇغلۇقلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنى قانداق ئۇزىتىپ قويۇش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندا، بايىقى چۇمۇلە كىلىپ قۇتلۇقنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى. پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل تىرىكىپ قالدى.

— بۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەلىپىمىكەن؟

— شۇنداق، شاھ ئالىيلىرى.

— بۇ گەپنى ئۇلاردىن قايسىسى دىدى؟

— ھىلىقى قاناتلىقى.

— نىمە؟

چۇمۇلە پادىشاھىنىڭ قۇشلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى قۇتلۇققا مەركەزلىشىپ قالغاچقا، غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— نىمە دىسە ماقۇل دەيدىغان گەپ يوق، بىز ئۇلارغا پەقەت مۇشۇ يەردە ئورۇندىغىلى بولىدىغان تەلەپ بولسا دىسۇن دىدۇق، ئۇلارنىڭ قانداق كىلىپ، قانداق كىتىشى بىلەن كارىمىز يوق، بوپتۇ مىھمان ئىكەن، دەپ قويسام نىمە ھەددىدىن ئاشىدۇ، بۇ تەلەپنى ئورۇندىيالمايمىز. بىرىپ گىپىمنى يەتكۈز!

— خوپ، شاھ ئالىيلىرى! — بايىقى چۇمۇلە پادىشاھىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ كەتكەچكە، كەينىچىلەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— شاھىمىز سىلەرنىڭ ئۇنداق تەلىپىڭلارنى ئورۇندىيالمايدىكەن، — دىدى ئۇ تۇغلۇقلارغا.

— قانداق تەلەپ ئورۇندىلىدىكەن؟ ھەرقانداق تەلەپنى ئورۇندايمىز

دېيىشۋاتامتىڭ؟ — دېدى قۇتلۇق يەنە قوپاللىق بىلەن.

— قۇتلۇق، گەپ بولسا چىرايلىق قىلىشايلى، نېمانچە ۋارقىرايسەن؟ — دېدى تۇغلۇق خاپا بولۇپ، — بولدى، ھازىرچە ھېچقانداق تەلىپىمىز يوق، گەپ بولسا بىز سىلەرنى چاقىرايلى.

تۇغلۇق شۇنداق دېگەندىن كېيىن، چۈمۈلە چىقىپ كەتتى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە چۈشتى.

— تۇغلۇق، سىز بايا قانداق ئويۇنلارنى ئوينىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى چوغلۇق تۇغلۇقتىن.

— مەن كانكى تېپىلدىم، يەنە نۇرغۇن ئويۇنلارنىمۇ ئويناپ باقتىم. سىلەرچۇ؟ سىلەر نېمە ئوينىدىڭلار؟

— بىزمۇ تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينىدۇق، تەپكۈچ ۋە ئاتلىغۇچنى كۆپرەك ئوينىدۇق.

— نېمە؟ سىلەر نەدە ئويۇن ئوينىدىڭلار؟ — قۇتلۇقنىڭ ئىچى تارلىقى كېلىپ ۋارقىرىدى.

شۇ چاغدا، غەلىتە بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

# ئەسلىگە قايتىش

شۇ چاغدا، غەلىتە بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. قانداق ئۆزگىرىش ئىكەنلىكىگە قىزىقىۋاتقانسىلەر؟ قېنى، تېپىپ بېقىڭلارچۇ؟ مېنىڭچە سىلەر تېپىپ بولدۇڭلار. ئۇ ئۆزگىرىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئالدىدا سىلەرگە دەپ ئۆتكەندۇق، شۇڭا گەپنى ئۇزارتماي ھېكايىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

تۇغلۇقلارنىڭ ھېلىقى خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەنلىكى، ئۇلارنىڭ بىر سوتكىدىن كېيىن ئەسلىگە ياندىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر؟ مانا ئەمدى بىر سوتكا توشقاندى. ئۇلار ئەسلىگە قايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتقاندى. ئۇلار چۈمۈلىنىڭ ماكانىدىن قانداقلارچە ھېلىقى بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇلار پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، پەقەت قۇتلۇقنىڭ قانىتىلا ئۇشۇقچە تۇراتتى. تۇغلۇقلار ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، تۆمۈرتۇمشۇق ئۇچۇپ كېلىپ تۇغلۇقنىڭ قولىغا قوندى.

— ھەي، سىلەر نەگە كەتتىڭلار؟ بۇ يەرگە كېلىپ سىلەرنى ئىزدەپ يۈرگىنىمگە نە كەم. پاھوي، ئەمدى سىلەر رەسمىي ئادەم بالىسىغا ئۆزگىرىپسىلەر...

تۆمۈرتۇمشۇق ۋىچىرلاپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنى ھېچكىم بىلمىدى. تۆمۈرتۇمشۇققا تۇغلۇقلارمۇ بەكمۇ يات كۆرۈندى، لېكىن ئۇ تۇغلۇقلارنىڭ سېھىردىن قۇتۇلغىنىغا بەكمۇ خۇشال ئىدى.

— بۇ بىزنى مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەن ھېلىقى تۆمۈرتۇمشۇق

شۇمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى نۇرلۇق بىلەن چوغلۇق تۇغلۇقتىن.

— ھەي، سىلەر مېنى تونۇمايۋاتامسىلەر؟ ئەسلىڭلەرگە يېنىۋېلىپلا بۇنداق قىلساڭلار قانداق بولىدۇ؟

تۆمۇرتۇمشۇق تۇغلۇقنىڭ قولىدىن سەكرەپ چىقىپ چوغلۇقنىڭ مۈرىسىگە قوندى.

— ھەي قىزلار، سىلەرمۇ مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟

چوغلۇق تۆمۇرتۇمشۇقنىڭ ۋىچىرلىشىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ۋارقىرىدى:

— ۋاي، بۇ قۇشقاچ نېمانداق قىلىدۇ، ئۇركىتىۋېتىڭلار، ئۇچۇپ كەتسۇن.

— ھەي چوغلۇق، نېمانداق گەپ قىلىسىز، مەن تۆمۇرتۇمشۇققۇ، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار...

ئۇ ئەنە شۇ گەپنى تەكرارلاپ بىردەم تۇغلۇقنىڭ قولىغا قونسا، بىردەم نۇرلۇق ۋە چوغلۇقنىڭ قول - مۈرىلىرىگە قوناتتى. قۇتلۇقمۇ بۇ تۆمۇرتۇمشۇقنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. بىچارە تۆمۇرتۇمشۇق ئۇلارغا گەپ ئۇقتۇرالماي بەكمۇ بىئارام بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ بالىلىرىغا سىلەرنىڭ ئۇچۇرما بولۇش زىياپىتىڭلارغا ھەققىي ئادەم بالىلىرىنى تەكلىپ قىلىمەن دېگەنىدى. بىراق، ئۇلارغا گېپىنى ئۇقتۇرالماي رەللە بولۇۋاتاتتى.

تۇغلۇقلار تۆمۇرتۇمشۇقنى ھەرقانچە ھەيدىسىمۇ كەتمەي، قولىدىن قولغا قونۇپ ۋىچىرلايتتى. چۈمۈلە ئوردىسىدىكى ئىشلار ئۇلارغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋەتكەندەك قىلاتتى. تۆمۇرتۇمشۇقنىڭ ۋىچىرلاپ تۇرۇۋېلىشى تۇغلۇقنى سەگىتتى. ئۇ مەڭگە ئۇمىد بىلەن تىكىلدى.

مەڭدىن سۇس يېشىل نۇر چاقنىغاندەك بولدى. يېشىل نۇر بىرنەچچە قېتىم چاقنىغاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا سۇسلاپ يوقالدى. ئەمدى تۇغلۇقلار تۆمۇرتۇمشۇقنىڭ گېپىنى چۈشەندى. تۆمۇرتۇمشۇق خۇددى چۆچەك سۆزلەيدىغان قىزلاردەك شوخ

ۋىچىرلاپ سۆزلەۋاتاتتى.

— سىلەر ئەسلىڭلەرگە كېلىۋېلىپلا بۇنداق قىلىشاڭلار قانداق بولىدۇ؟ مەن سىلەرنى قۇرتلاردىن قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسام، خاسىيەتلىك بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچۈرمىگەن بولسام، سىلەر مۇشۇ ھالىتىڭلارغا قايتالامتىڭلار؟ — تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ گېپى تۇغلۇقنى سەگىتتى. راست، بۇ ھېلىقى تۆمۈرتۇمشۇق ئانا ئىدى.

— خاپا بولماڭ، خاپا بولماڭ، — تۇغلۇق قولىغا قونۇپ تۇرغان تۆمۈرتۇمشۇققا مۇلايىملىق بىلەن دېدى، — بىز سىزنى كىچىكلەپ قالغان ۋاقتىمىزدا كۆرگەن بولغاچقا، ئەسلىمىزگە كېلىپ سىزنى تونۇيالماي قاپتۇق، كەچۈرۈڭ.

چوغلۇق، نۇرلۇق، قۇتلۇقلارمۇ شۇ چاغدىلا باياتىن بېرى ۋىچىرلاپ يۈرگەن قۇشقاچنىڭ ھېلىقى تۆمۈرتۇمشۇق ئانا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بۇنچىۋالا كىچىكلەپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قالغان بولسىمۇ، بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، ئۆزلىرىگە ياخشىلىق قىلغان تۆمۈرتۇمشۇققا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— سىز بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپلا قالماي، ئەسلىمىزگە قايتىشىمىزغا ياردەم قىلدىڭىز، ئەمدى بىز سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئورۇندايمىز.

تۇغلۇقلارنىڭ گېپى تۆمۈرتۇمشۇقنى خۇشال قىلدى.

— ئەمىسە بىزنىڭ مەھەللىگە ماڭايلى، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇق تۇغلۇقنىڭ مۈرىسىگە قونۇپ، — بىراق، سىلەرنى ئەمدى مەن كۆتۈرەلمەيمەن. بىزنىڭ مەھەللىگە مېڭىپ نەچچە كۈندىمۇ بېرىپ بولالمايسىلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە يولنى توسۇپ تۇرغان تاغ ـ دەريالاردىن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيسىلەر. قانداق قىلارمىز؟

— ھا ـ ھا ـ ھا، — قۇتلۇق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەمدى قانات ماڭا ئەسقاتىدىغان بولدى. مەن ئۇچۇپ

بىر دەمدە بارىمەن. قانات دېگەننىڭ مانا مۇشۇنداق ئەسقاتىدىغان يەرلىرى بار. چۇمۇلىلەر مېنى قوشمىكەن دەپ سولاپ قويدى، ئۇلارنى ئويۇنخانىلاردا ئوينايتتى. مەن بولسام بىكاردىن - بىكار جاپا تارتتىم. قاناتنىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان ۋاقتىم ئەمدى كەلدى. تۆمۈر تۇمشۇق، بىز ئۇچۇپ كېتىۋېرەيلى.

قۇتلۇق قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇشقا تەييارلاندى.

— ھەي، سەن بىزنى تاشلاپ كەتمەكچىمۇ؟ — دېدى تۇغلۇق نارازى بولۇپ.

— سىلەر مېڭىپ بارماسىلەر. بىز سىلەرنى ساقلاپ تۇرايلى.

— قۇتلۇق، بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدى تۆمۈرتۇمشۇقمۇ نارازى بولۇپ، — ئۇلار بۇ يەردىن ھەرگىز مېڭىپ بارالمايدۇ. ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنىڭ قانداق يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمىسە، ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ كەتسەك قانداق بولىدۇ؟ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالساق، ئۇلار بىزنى ئەمەس، بىزمۇ ئۇلارنى تاپالماسلىقىمىز مۇمكىن...

تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ گەپلىرى قۇتلۇققا ئازراق تەسىر قىلدى.

— ئۇنداق بولسا مەن تۇغلۇق ئاكامنى كۆتۈرۈپ ئۇچاي، ماۋۇ ئىككى قىز بالىغا سىز بىر ئامال قىلىڭ، بولامدۇ؟

— مەن ئامال قىلالىغان بولسام سىزگە يالۋۇرامتىم، مەن ھەرگىز ئامال قىلالمايمەن.

— نېمىشقا؟

— بۇ كىچىككىنە بەستىم بىلەن نېمىمۇ قىلالايمەن. مەن بۇ ئىككى قىزنى كۆتۈرۈپ ئۇچالايتتىممۇ؟

بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ، نۇرلۇق بىلەن چوغلۇقمۇ خىجىل بولۇپ كەتتى. قۇتلۇق شەخسىيەتچىرەك بولغاچقا باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى بىلمەيتتى، شۇڭا تۇغلۇقنىلا ئەكېتىشنى ئويلىدى. ئەسلىدە قۇتلۇق ھازىرقى ئىقتىدارى بىلەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ئۇچۇپ

ئاپىرىنۇەتسە بولاتتى. بىراق، ئۇنىڭ چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى كۆتۈرگۈسى كەلمىدى.

— تېزرەك بىر ئامال قىلساق بولاتتى، — دېدى تۆمۈرتۇمشۇق جىددىيلىشىپ، — باللىرىم بىلەن مېھمانلار يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن كېلەتتى.

تۇغلۇق قولىدىكى مەڭگە قارىدى، مەڭ نۇرلانماي شۇ پېتى تۇراتتى، دېمەك مەڭنىڭ رولى بولمىغانىدى.

— پادىشاھقا دەپ بۇلارغىمۇ قانات ئېلىپ بەرسىڭىز بولمامدۇ؟ — قۇتلۇقنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ ئېسىگە بىر ئىشنى سالدى.

— ئۇنداق بولسا سىلەر بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن سۇمۇرغ شاھنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي، — تۆمۈرتۇمشۇق شۇنداق دەپ پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

تۆمۈرتۇمشۇق قۇشلار ئارىسىدا خېلى ھۆرمەتكە ئىگە بولغاچقا، سۇمۇرغ شاھ ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئادەتتە، ئۇ سۇمۇرغ شاھنىڭ ئالدىغا بىرەر قېتىممۇ ھاجەتمەن بولۇپ كېلىپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تۇمشۇقى قاتتىق بولغاچقىمۇ خۇشامەتلىك گەپلەرنى قىلالمايتتى، بىراق بۈگۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— ھۆرمەتلىك شاھ ئالىيلىرى، بۈگۈن سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا شۇنداق بىر مەقسەت بىلەن... — تۆمۈرتۇمشۇق گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ بەك ھودۇقۇپ كەتكەچكە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— ھا-ھا-ھا، — سۇمۇرغ شاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بۇنداق ياغلىما گەپلەرنى قاچاندىن بېرى ئۆگىنىۋالدىڭ؟ نېمە مەقسەت بىلەن كەلگەنىدىڭ، گەپنى ئۇچۇقلا قىل. مەن سېنىڭ بۇرۇنقى قوپال، تۈز گەپلىرىڭنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق سىلىق گەپلەرنى سەندىن ئاڭلىمىسامىمۇ، باشقىلارنىڭ توختىماي دەپ تۇرغىنىمۇ يېتەر. ساڭا بۈگۈن نېمە بولدى؟

تۆمۈرتۇمشۇق ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە قايتىپ، گەپنى قىسقىلا قىلدى.

ــ ھە، مۇنداق گەپمىدى. ئادەم بالىلىرىمىكەن؟ ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ قالغانلىقىڭدىن خۇشالمەن، بارغىن. سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇشۇڭ بىلەنلا ئۇلار قاناتلىق بولۇپ قالىدۇ. سېنىڭ نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن، بارغىن...

تۆمۈرتۇمشۇق سۇمۇرغ شاھ بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. دېمەك، ئۇ بۇ ئىشلارنى بىردەمدىلا پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ تۇغلۇقلارنىڭ ئالدىغا قونۇشى بىلەن تەڭ، ئۇلار قاناتلىق بولۇپ قالدى. ئۇلار بىر ــ بىرىنىڭ قاناتلىرىغا قاراپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قاناتلىرى قۇتلۇقنىڭكىدىنمۇ كۆركەم ھەم مەزمۇت ئىدى. قۇتلۇق ئۇلارنىڭ قاناتلىرىنى كۆرۈپ ئىچى تارلىقى كەلگەندەك تۆمۈرتۇمشۇققا غودۇڭشىدى:

ــ ئۇلارغا ئەكېلىپ، ماڭا ئەكەلمەپتۇ...

ــ سىزنىڭ قانىتىڭىز بارغۇ.

ــ بۇ قانىتىم ئۇلارنىڭكىدىن كىچىك تۇرمامدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونىراپ كەتتى.

ــ ھەي قۇتلۇق، ــ دېدى تۆمۈرتۇمشۇق كۈلۈپ كېتىپ، ــ بەك قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز. قانات دېگەن كونىرايدىغان نەرسە ئەمەس، سىزنىڭ قانىتىڭىز بىر ئۇبدان تۇرمامدۇ. بولدى، باشقا گەپنى قويۇپ يولغا چىقايلى.

ئۇلار تۆمۈرتۇمشۇققا ئەگىشىپ يولغا چىقتى، تۇغلۇقلار باشتا ئۇچۇشقا تازا ماسلىشالماي بىر ئۆرلەپ بىر پەسلىدى، بولۇپمۇ نۇرلۇق قانات قېقىشنىمۇ بىلەلمەي يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. ئارىلىقتىن كۆپ ئۆتمەي تۇغلۇقلارمۇ ئۇچۇشنى ئۆگىنىۋالدى. قۇتلۇق تۇغلۇقلار بىلەن بەسلىشىپ ئۇچۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ شۇنچە تېز قانات قېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارغا يېتىشەلمەيۋاتاتتى. تۇغلۇقلار ئانچە قانات قاقمايمۇ شۇنچە تېز ئۇچۇۋاتاتتى. تۆمۈرتۇمشۇق ئۇچۇپ يۈرمەي

تۇغلۇقنىڭ بېشىغا قونۇۋالغانىدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقمۇ كۆپ ئۆتمەي ئۇچۇشقا ماسلىشىپ قالغاچقا، ئۇچۇشنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى.

«ئۇچۇش نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ھەي، مەھەللىدىكى باللار بىزنىڭ ئۇچقىنىمىزنى كۆرگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» تۇغلۇق ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن تېخىمۇ تېز ئۇچۇۋاتاتتى. شۇ چاغدا، ئۇ قۇتلۇقنىڭ ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئۆزلىرىگە يېتىشەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئەتەي ئاستا ئۇچتى. قۇتلۇقنىڭ يەنىلا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى، مەن سىلەردىن ئېگىز ھەم تېز ئۇچتۇم دەپ ماختانغۇسى كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ تۇغلۇقلارنى ئازراق ئۇچۇپلا ھېرىپ قالدى دەپ ئويلاپ قېلىپ، تېخىمۇ كۈچەپ ئۇچۇپ تۇغلۇقلاردىن ئۆتۈپ كەتتى.

— ھەي، ئۇچۇشۇڭلار شۇنچىلىكمىدى؟ قېنى، مەن بىلەن بەسلىشىپ ئۇچۇپ باقامسىلەر؟

تۇغلۇق قۇتلۇقنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ يۈرمىدى. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قالدى.

# ئۇچۇرما زىياپىتى

تۇغلۇقلار تۆمۈرتۇمشۇقلار مەھەللىسىگە قونغاندا، بۇ يەرگە «ئۇچۇرما زىياپىتى»گە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن مېھمانلار يىغىلىپ بولغانىدى. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرى ئاپىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. باشقا مېھمانلارمۇ تەنتەنە قىلىشىپ ۋىچىرلىشىپ كەتتى. بۇ يەرگە تۈرلۈك قۇشلار يىغىلغانىدى. ئۇلار تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن يېتىپ كەلگەنىدى. تۇغلۇقلارنىڭ كېلىشى بۇ يەرنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. بەزى قۇشلار ئادەم بالىلىرىنىڭ بۇنداق زىياپەتكە قاتناشقىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدى، ئۇلار ئادەملەرنى رەھىمسىز، قۇشلارنى خالىغانچە تۇتىدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇلار تۇغلۇقلار چۈشكەن يەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر چەتكە بېرىپ تۇردى. يوغان چىنار دەرىخىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى بۇ ئوتلاق ھەقىقەتەن گۈزەل ئىدى. ئوتلاقنىڭ بىر تەرىپىدە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر ئېقىن ئۈنچىلەرنى چاچرىتىپ شوخلۇق بىلەن ئاقاتتى. ئۇنىڭ شاۋقۇنىدىن چىققان رىتىملىق ئاۋاز قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قوشۇلۇپ ياڭراق كۈينى پەيدا قىلغانىدى. تۇغلۇقلار قاناتلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئەدەپ بىلەن تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قۇشلار تۇغلۇقلارنىڭ زىياپەتكە قاتنىشىدىغىنىدىن نارازىدەك قىلاتتى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن تۆمۈرتۇمشۇق خىجىل بولۇپ سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا، ئۇ بۇنداق تۇرۇۋەرسە مېھمانلارنىڭ تارقاپ كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ، زىياپەت ئۈچۈن تەييارلانغان گۈللۈك سەھنىگە چىقىپ، ئەدەپ بىلەن سۆزلىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، قەدىرلىك دوستلار، ئالدى بىلەن ھەرقايسىڭلارنىڭ تەكلىپىمنى يەردە قويماي كەلگەنلىكىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. بۈگۈن سىلەرنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ بۈگۈنكى زىياپەتكە ئەزىز مېھمانلاردىن تۆت ئادەم بالىسىنىڭ قاتناشقانلىقى. ئۇلار مېنىڭ دوستلىرىم، ئۇلار مېنىڭلا ئەمەس، سىلەرنىڭمۇ دوستۇڭلار. كۆرگەنسىلەر، ئۇلار باشقا ئادەم بالىلىرىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار قاناتلىق.

قۇتلۇق، كۆردۇڭلارمۇ، دېگەندەك قاناتلىرىنى كېرىپ قويدى. بۇنى كۆرۈپ تۇغلۇق، چوغلۇق، نۇرلۇقلارمۇ قاناتلىرىنى كېرىپ قويدى. بۇ يەردىكى قۇشلارنىڭ كۆپى ئادەملەرنى كۆرگەن، ياخشىلىق ـ يامانلىقلىرىغا ئۇچرىغان، يەنە بەزىلىرى ئادەملەرنىڭ ھويلىلىرىدا تۇرغان بولسىمۇ، بۇنداق قاناتلىق بالىلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇلارنىڭ ھەقىقىي ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنمىدى.

— بۇ مېھمانلارنىڭ بۈگۈنكى زىياپەتكە قاتناشقانلىقى تازا كۆزۈمگە سىغمايۋاتىدۇ، — دەپ گەپ باشلىدى ياۋا غاز، — ئەدەپسىزلىك بولسىمۇ بىر سوئال سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇلارنىڭ راست ئادەم بالىسى ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئادەم بالىلىرىدا ئەزەلدىن قانات بولۇپ باقمىغان، شۇڭا كىملىكى ئېنىق بولمىغان بۇنداق مېھمانلارنىڭ بۇ زىياپەتكە قاتنىششى مۇۋاپىقمۇ؟

ئاچچىقى يامان ياۋا غاز ئەمدى باشقا گېپىم يوق دېگەندەك بىر چەتكە ئۆتۈپ بويىنىنى سوزۇپ تۇردى.

— شۇنداق، مەنمۇ نۇرغۇن ئادەم بالىلىرىنى كۆرگەن. ئارىمىزدا ئادەم بالىلىرى بىلەن مەندەك دوست بولۇپ ئۆتكەن يەنە بىرىڭلار يوق، — دەپ قارلىغاچ ۋىچىرلاپ گەپ باشلىدى، — مەن ئادەم بالىلىرى بىلەن ھازىرغىچە دوستلۇقۇمنى ئۈزۈپ قويغىنىم

يوق. ئۇلار بولمىغان بولسا، مەن ھازىرغىچە ياشىيالمىغان بولاتتىم. بىراق، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق دېسۇن. مېنىڭچە، بۇلار ئادەم بالىلىرى ئەمەس، قانىتى بار تۇرۇپ، ئادەم بالىلىرى بىز، دەپ زىياپەتكە قاتناشسا بولماسمىكىن؟

تېرىككەك قۇتلۇق قارلىغاچقا ھومىيىپ قاراپ، ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ پېشايۋىنىدا قارلىغاچ ھەر يىلى ئۇۋا سالاتتى. قۇتلۇق ئاشۇ قارلىغاچلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى ھەم ئۇلارغا دان چېچىپ بېرەتتى، ئەمما بۇگۈن ياۋا غاز بىلەن قارلىغاچنىڭ گېپىگە چىداپ تۇرالمىدى.

— گەپنى ئويلاپ قىلىڭلار، بۇ يەرگە بىزنى قارلىغاچ بىلەن ياۋا غاز ئەمەس، تۆمۈرتۇمشۇق تەكلىپ قىلدى. تۆمۈرتۇمشۇق گەپ قىلمايۋاتسا سىلەر نېمانچە كۆچەيسىلەر. بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئېنىقلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى، بىز مېھمان، تۆمۈرتۇمشۇقتىن سوراپ بېقىڭلار، بىز بۇ يەرگە ئۆزىمىز كېلىۋاپتۇقمۇ؟ بىز باشقا مېھمانلار ھەققىدە گەپ قىلمىغاندىكىن، باشقا مېھمانلارنىڭمۇ بىزنى ئۇنداق ـ بۇنداق دېمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى قۇتلۇق. ئۇنىڭ ئورۇنلۇق سۆزلەپ قالغىنىدىن تۇغلۇقمۇ خۇشال بولدى. ئەنە شۇ چاغدا، قۇتلۇققا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان قارلىغاچ توساتتىن ھاياجانلىنىپ تېپىرلاپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تۇغلۇق جېدەل چىقىپ قالمىغىيدى، دەپ بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتتى. شۇ چاغدا، قارلىغاچ قۇتلۇققا قاراپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي، سەن قۇتلۇقمۇ؟ شۇنداق، قۇتلۇق ئىكەنسەن... سەن... سەن مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

بۇ يەرگە يىغىلغانلار قارلىغاچنىڭ گېپىگە ھەيران قالدى. تۇغلۇقلارمۇ قارلىغاچ قۇتلۇقنىڭ ئىسمىنى قانداق بىلگەندۇ، دېگەندەك بىر ـ بىرگە قاراپ قويدى.

قۇتلۇق ئەمدى قارلىغاچنى تونۇپ قالدى. بۇ قارلىغاچ

قۇتلۇقلارنىڭ مومىسىنىڭ پېشايۋانىدىكى ئۇۋىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قارلىغاچ شۇ ئىدى. قۇتلۇق بىلەن بۇ قارلىغاچنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇقمۇ بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن دوستانە كۆرۈشتى. ئەسلىي ئىش مۇنداق بولغانىدى:

هازىر قۇتلۇق بىلەن كۆرۈشكەن قارلىغاچ ئۇچۇرما بولۇشقا ئاز قالغاندا، ئۇچقۇسى كېلىپ پەقەت تۇرالمىدى. ئاپىسى، بالام سەن هازىر ئۇچالمايسەن، قاناتلىرىڭ تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىدى، شۇڭا يەنە ئازراق تەخىر قىلغىن، مەن سىلەرگە



ئوزۇقلۇق ئەكەلگۈچە ئاكا - ئاچىلىرىڭ بىلەن سىرتقا چىقماي تۇرۇپ تۇرغىن، بولمىسا خەتەرگە ئۇچرايسەن، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئۇ، ماقۇل، دەپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قانات - قۇيرۇقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن يېتىلىپ بولغاچقا، يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈپ يەنە ئۆۋىسىغا ئۇچۇپ چىقالايتتى. شۇڭا، ئاپىسى ئوزۇقلۇق ئەكېلىشكە كەتكەن ھامان، ئاكا - ئاچىلىرىنىڭ، ئاپام كەلگۈچە تالاغا چىقما، دېگەن گېپىنىمۇ ئاڭلىماي ئۆزى ھويلىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ، ھويلىدىكى كىچىك باغدا خالىغىنىنى يەيدىغان، كۆڭلى تارتقان ئويۇنلارنى ئوينايدىغان بولۇۋالدى.

ئۇ ئاپىسى ئەكەلگەن ئوزۇقلارغىمۇ قاراپ تۇرماي ئۆزىنىڭ قورسىقىنى ئۆزى تويدۇرىدىغان بولۇۋالغىنىغا خۇشال ئىدى. ئاكا - ئاچىلىرى ئۇنىڭغا تولا گەپ قىلىپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇششۇقلۇقىنى ئوبدان بىلىدىغان ئاكا - ئاچىلىرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ئاپىسىغىمۇ دەپ يۇرمىدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى پەملەپ ئۆۋىسىغا كىرىۋالاتتى.

ئاپىسى بىر كۈنى ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «سىلەرگە ئۇچۇرما زىياپىتى بېرىدىغىنىمغا يەنە بىر ھەپتە قالدى. ھازىرمۇ ئۆز ئالدىڭلارغا ئۇچالىشىڭلار مۇمكىن، لېكىن سىلەر تېخى كۆپ ئىشلارنى بىلمەيسىلەر، تالا بۇ ئۆۋىدەك بىخەتەر ئەمەس، شۇڭا ھەرقانچە ئۇچقۇڭلار كېلىپ كەتسىمۇ ئۆۋىدىن چىقماي تۇرۇڭلار. ئۇچۇرما زىياپىتىدىن كېيىنمۇ مەن سىلەرگە ھۇنەر ۋە خەتەردىن قۇتۇلۇش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىمەن. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن مۇستەقىل ئۇچساڭلار بولىدۇ، بولمىسا...»

لېكىن، ھېلىقى قارلىغاچىنىڭ قۇلىقىغا ئاپىسىنىڭ بۇ گەپلىرى كىرمىدى. ئۇ نەچچە قېتىم ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىپ ھېچقانداق خەۋپكە ئۇچرىمىغانلىقىدىن كۆرەڭلەپ: «ۋاي - ۋۇي، ئۇچۇرما زىياپىتى دېگەن قانداق گەپ بۇ، يەنە نېمىنى

ئۆگىتىدىكىن بۇ ئاپام، مەن ھازىرمۇ بىر ئوبدان ئۇچۇۋاتامدىمەن؟ ماۋۇ ئاكا ـ ئاچىلىرىممۇ ئاپام ئەكېلىپ بەرگەن ئوزۇقلۇقلا قاراپ تۇرغۇچە ئۆزلىرى تېپىپ يېسە بولمامدۇ؟» دەپ ئويلاپ يەنە ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلدى.

بىر كۈنى، ئۇ باغقا كىرىپ پىشقان مېۋىلەردىكى قۇرتلارنى تويغۇچە يېدى. ئۇ باغدىن ھويلىغا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇۋىسىغا چىققۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى قايتىپ كېلىدىغانغا خېلى ۋاقىت بار ئىدى، شۇڭا ئۇ ھويلىدا يەنە بىردەم ئوينىماقچى بولۇپ يەردە سەكرەپ ـ تاقلاپ يۈرەتتى. ئەنە شۇ چاغدا، قۇتلۇقلارنىڭ ئاسلىنى بۇ قارلىغاچنى پايلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن پەم بىلەن كېلىشكە باشلىدى. ئويۇن بىلەن بولۇپ كەتكەن قارلىغاچ ئۆزىگە بۇنداق خەۋپنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمەي قالدى. دەل شۇ چاغدا قۇتلۇقمۇ سىرتتىن كىرىپ قالدى. ئۇ سېرىق ئاسلىنىنىڭ قارلىغاچقا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، قارلىغاچنى ئۇچۇرۇۋەتمەكچى بولۇشىغا ئاسلان چەبدەسلىك بىلەن قارلىغاچقا ئېتىلىپ قارلىغاچنىڭ ئوڭ قانىتىنى چىشلىدى. ئالغىچە قۇتلۇقمۇ چاققان چىقىپ قارلىغاچنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوڭ قانىتى خېلى ئوبدانلا زەخىملەنگەنىدى. سېرىق ئاسلان قۇتلۇقتىن قورقۇپ قايىسىدۇر تۆشۈككە كىرىپ يوقالدى. قانىتى زەخىملەنگەن قارلىغاچ تىترەپ ياتاتتى. قۇتلۇق قارلىغاچنى قولىغا ئالماقچى بولۇپ يەنە توختاپ قالدى، چۈنكى مومىسى ئۇنىڭغا قارلىغاچنى تۇتقان ئادەمنىڭ قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ دېگەنىدى، ئۇ ئاخىر قارلىغاچنى بوۋىسىنىڭ تۇمىقىغا سالدى...

دېمەك، قارلىغاچ بىلەن قۇتلۇقنىڭ دوستلۇقى ئەنە شۇ ۋەقەدىن باشلانغانىدى. قۇتلۇق قارلىغاچ بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالىدىغىنىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. يۇقىرىقى

ئىشلارنى قارلىغاچ بۇ يەردە بىرمۇبىر بايان قىلىپ ئۆتتى. زىياپەتكە كەلگەنلەر بەكمۇ تەسىرلەندى ھەم قۇتلۇقلىقا بولغان ھۆرمىتى ئاشتى. شۇڭا، قۇشلار ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. بايىقى ھېكايىنى قارلىغاچ گۈللۈك سەھنىدە خۇددى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك بەكمۇ ھېسسىياتلىق ئېيتقاچقا، خۇددى مۇڭلۇق بىر ناخشىدەك ھەممەيلەنگە تەسىر كۆچىنى كۆرسەتكەنىدى. ئارىلىقتا تۇغلۇقلارغىمۇ ئالاھىدە بىر نومۇر ئورۇنداش پۇرسىتى بېرىلدى. ئۇلار تۆتى سەھنىگە چىقىپ، مەكتەپتە ئۆگەنگەن «قۇشلار» دېگەن ناخشىنى ئازراق ئۆزگەرتىپ ئېيتتى:

قۇشلار، قۇشلار ئاسماندا،
موللاق ئېتىپ ئويناشىدۇ.
قەيەردىكىن ئۆيۈڭلەر،
قاراڭغۇدىن قورقماسىلەر.

قۇشلار، قۇشلار ئاسماندىن،
ئەمدى يەرگە چۈشمەمسىلەر.
ئويناپ بىزنىڭ مەھەللىدە،
بىز بىلەن تەڭ كۈلمەمسىلەر.

قۇشلار، قۇشلار يىراقتىن،
ئەمدى يېنىپ كېلىڭلار.
ھويلىمىزدا، باغلاردا،
سايراپ نەغمە قىلىڭلار.

ئۇلارنىڭ ناخشىسىدىن كېيىن تۆمۈرتۇمشۇق باللىرىغا تۇرلۇك ئۇچۇش ماھارەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ باللىرى بىلەن تۇرلۇك ئۇچۇش ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى. كېيىن تۆمۈرتۇمشۇق باللىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ،

مېھمانلار ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرى ئۆرلەپ ئۇچۇش، پەسلەپ ئۇچۇش قاتارلىق تۈرلۈك ماھارەتلەرنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ تۇمشۇقى بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى تېشىش ماھارىتى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ئاخىر، تۇغلۇقلار يەنە سەھنىگە چىقىپ، پەس ئۇچۇپ تۇرۇپ قىزىقارلىق ئۇسۇللارنى ئوينىدى، بولۇپمۇ قۇتلۇقنىڭ ئۇسسۇلى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى.



# كۆكتاغقا سەپەر

ئۆچۈرما زىياپىتى ئەنە شۇنداق قىزىقارلىق ئويۇنلار بىلەن ئاخىرلاشتى. تۇغلۇقلارنىڭمۇ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. زىياپەتكە كەلگەن قۇشلار ئۆز ئۇۋىلىرىغا قايتىشتى. تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆچۈرما بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ يېڭى ھاياتنى باشلىۋەتكەنىدى.

ئەمدى تۇغلۇقلار بىلەن تۆمۈرتۇمشۇق يالغۇز قالدى. ئۇ تۇغلۇقلارغا قىيالمايۋاتقاندەك قىلغان بىلەن، ئۇمۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلمىسا بولمايتتى. لېكىن، تۇغلۇقلار غېمى يوق، ئۆزىنىڭ ئويۇنىنى ئويناپ يۈرەتتى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئوتلاقتىكى ياۋا گۈلزارلىقتىن رەڭدار گۈللەرنى تېرىۋېلىپ گۈلدەستە ياسىسا، تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق كېپىنەكلەرنى قوغلاپ ئويناپ، تۆمۈرتۇمشۇقنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. شۇ تاپتا تۆمۈرتۇمشۇق پۈررىدە ئۇچۇپ كەتسىمۇ، ئۇلار بۇنى سەزمەي قالاتتى. تۆمۈرتۇمشۇق ئۇنداق قىلىشنىڭ ئەدەپسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، بىراق ئۇلاردىن قاچانلىقتا كېتىسىلەر، دەپ سوراش تېخىمۇ بىئەپ بولاتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇچۇپ بېرىپ تۇغلۇقنىڭ قولىغا قوندى.

— ھە، سىلەر بۇ يەردىمىدىڭلار؟ مەن تېخى سىلەرنى كەتتىمىكىن دەپ خاپا بولۇپ يۈرۈپتىمەن، — دېدى ئۇ ئۇلارنى نېمە دەيدىكىن دەپ. تۇغلۇق تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ بۇ گېپىدىن «قايتىڭلار» دېگەن مەنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلمىدى، دېمىسىمۇ ئۇلار ئۆيگە قايتىشنى ئويلىمايۋاتاتتى، ئەتىلا توشىدىغانغىمۇ يەنە ئون نەچچە كۈن قالدى. ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان ھەدىسىمۇ

ساياھەتتىن قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ئايخان موماي بىلەن ئاسىم بوۋاي ئۇلاردىن قانچە ئەنسىرىگەندۇ - ھە؟ چوغلۇق، نۇرلۇقلارنىڭ دادىسىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇلارنى ئويلىغان تۇغلۇق ئاخىر تۆمۈرتۇمشۇقنىڭ مەقسىتىگە يەتكەندەك بولدى.

— ئەمدى بىز قايتايلىمىكىن، سىزنىمۇ كۆپ ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، — دېدى قۇتلۇق چوغلۇقلارنى چاقىرغاندىن كېيىن تۆمۈرتۇمشۇققا.

— مەن سىلەرنى ياخشى مېھمان قىلالمىدىم، ئەمىسە خاپا بولماي قايتارسىلەر.

تۆمۈرتۇمشۇق «قايتارسىلەر» دېگەن گەپنى ئالدىراپ دەپ قويغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ قالدى.

— راست، ئەمدى بىز قايتمىساق بولمايدۇ، ئاتا - ئانىلىرىمىز بىزدىن ئەنسىرەپ قالىدۇ، — دېيىشتى بالىلار.

تۇغلۇقلار تۆمۈرتۇمشۇق بىلەن خوشلىشىپ قايتماقچى بولدى. ئۇلار كۆنۈپىتىشقا قاراپ ئۇچۇپ ئۆيگە بارالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇلار تۇرلۇك غەلىتە ئىشلارغا ئۇچراۋاتقان بولغاچقا، بەزى ئىشلاردىن قورقمايدىغان، ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار قاناتلىق بولغاچقا نەگە ئۇچۇپ بارىمەن دېسە بارالايتتى. تۇغلۇقلار تۆمۈرتۇمشۇق بىلەن خوشلىشىپ، كۆنۈپىتىشقا قاراپ ئۇچتى. ئۇلارنىڭ ئۇچقانسېرى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچقۇسى كېلىۋاتاتتى. قۇتلۇق تۇرۇپ - تۇرۇپلا موللاقچى كەپتەرلەردەك موللاق ئېتىپ قوياتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ئۇچقاندىن كېيىن پەسلەشكە باشلىدى.

— بىزنىڭ مەھەللىگە كەپتۇق، بىزنىڭ مەھەللىگە كەپتۇق! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق. بىراق، قۇتلۇققا بۇ گەپ خۇشياقمىدى.

— سىلەرنىڭ مەھەللىگە بىز ئەمدى بارمايمىز. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىگە بارىمىز، — دېدى قۇتلۇق غودۇڭشىپ.

توغلۇقمۇ ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭمۇ مومىسىنىڭ ئۆيىگە قايتقۇسى، ئۇ يەردىكى باللار بىلەن ئوينىغۇسى كەلدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت بوران چىقىپ كەتتى. كۈچلۈك بوران ئۇلارنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇردى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار پەسلەپ ئۇچۇپ يەرگە چۈشەي دەپ قالغانىدى.

قۇتلۇق يەرگە قاتتىق چۈشۈپ كەتتىمكىن، خۇددى ھوشىدىن كەتكەن ئادەمدەك خېلىغىچە كۆزىنى ئاچمىدى.

— قۇتلۇق قوپە، نېمانداق ئۇخلايسەن، ئاخشام ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتسام ئۇخلاپ قاپسەن، ھازىرمۇ چۈش بولۇپ قالغىلى تۇردى، قوپە، — قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا توغلۇقنىڭ گەپلىرى كىرمىدى.

— ھە، بىز يەرگە چۈشۈپ كەتتۇقمۇ؟ چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق يوققۇ، ئۇلار نەگە چۈشۈپ كەتكەندۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن، چوغلۇق، نۇرلۇق دەپ قاپسەنغۇ، ئۇلار سېنىڭ ھېلىقى قوشماق ساۋاقداشلىرىڭغۇ قوپە، مەھەللىگە چىقىپ ئوينايمىز.

توغلۇق قۇتلۇقنى يەنە نەچچىنى تۇرتۇۋەتتى. قۇتلۇق ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. تۆمۈرتۇمشۇق، چۇمۇلە پادىشاھ دېگەنلەر خۇددى چۈشىدە كۆرگەندەك ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇدى.

— يائاللا بالام، ئاخشام ۋاقتىدا ئۇخلاڭلار دېسەم ئۇنىماي، ئەجەب ئۇخلاپ كەتتىڭا، ئاكاڭ قوپۇپ كەتكىلىمۇ خېلى بولدى. ئاپاڭلاردىن تېلېفون كەپتىكەن، پاراڭلىشالماي قالدىڭ.

ئايخان مومايىنىڭ گەپلىرىمۇ قۇتلۇققا خۇددى تۆمۈرتۇمشۇق سۆزلەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئايخان موماي ئەتكەنچايغا ناننى چىلاپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. قۇتلۇق قورسىقى ئېچىپ كەتكەچكە ناننى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى: «تۆمۈرتۇمشۇقلار شۇنچە چوڭ زىيايەتنى قىلغان بىلەن بىر تال

يەيدىغان نېمىسى يوق ئىكەن، ئاشۇمۇ زىياپەت بولدىمۇ؟»

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ باللار، تۆمۈرتۆمشۇقنىڭ گېپىنى قىلىپ قاپتۇغۇ؟ — ئايخان موماي كۈلۈپ كەتتى. قۇتلۇق ئادەتتىمۇ ئاشۇنداق قىزىق گەپلەرنى پوسۇققىدە قىلىپ قويىدىغان بولغاچقا، ئايخان موماي ئانچە ھەيرانمۇ قالمىدى.

— بولە، بولە، مەھەللىدىكى باللار بىلەن ئوينىغىلى بارىدىكەنمىز، ئۇلار بىزگە قاراپ قالدى، — دېدى تۇغلۇق تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ. قۇتلۇق نۇرغۇن ئويۇنلارنى ئويناپ كەلگەندەك چارچاپ كەتكەندى. ئەمدى ئۇ ئاخشام ئۆزىنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك چۈش كۆرگەنلىكىنى بىلدى. بىراق، چۈش دېگەنمۇ شۇنداق ئېنىق ۋە ئۇزاق بولامدۇ، ئۇ چېپىنى ئىچىپ بولۇپ، تۇغلۇق بىلەن تالاغا چىقتى.

ئادىل قاتارلىق باللار ئۇلارنى مەھەللىدە ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈن خۇددى ساياھەتكە چىقىدىغاندەك ساياھەتچىلەرنىڭ شەپكە ۋە چاپانلىرىنى كىيىۋالغان، سومكىلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغانىدى.

— ھەي، بۇ نېمە گەپ، سىلەرنى مەكتەپكە يىغقان ئوخشىمامدۇ، تېخى تەتىل تۈگىمىگەن تۇرسا، — قۇتلۇق باللاردىن ھەيران بولۇپ سورىدى. چۈنكى، قۇتلۇق ئۇلارنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. تۇغلۇقمۇ ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمىگەنىدى. ئادىل قۇتلۇققا جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا تۇغلۇقتىن سورىدى:

— ئۇنىڭغا دېمىگەن ئوخشىمامسەن؟

— ئۇ ئۇخلاپ ئەمدى قوپتى. ھازىر دېسەكمۇ بولىدۇ.

قۇتلۇق ئادىلدىن بۈگۈن مەھەللىنىڭ نېرىسىدىكى كۆكتاغقا ئوينىغىلى بارىدىغانلىقىنى ئۇقتى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق كۆكتاغ ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ بېرىپ باقمىغانىدى، ئۇزاقتىن بويان ئاشۇ تاغقا بېرىپ ئويناشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسىمۇ پۇرسەت چىقمايۋاتاتتى، شۇڭا بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك

خۇشال بولدى.

— ھەممىڭلار سومكا ئىلىۋاپسىلەرغۇ؟ — سورىدى قۇتلۇق ئادىلدىن.

— سومكىغا يەيدىغان، ئىچىدىغانلىرىمىزنى سېلىۋالدۇق. تۇغلۇق ئىككىڭلارنى بۈگۈن بىز مېھمان قىلىۋالماقچى.

— موماڭغا دەپ قويامدۇق ؟ — دېدى قۇتلۇق ئاكىسىغا.

— مەن دەپ قويدۇم. بىز كەلگۈچە ئەنسىرىمەيدۇ، بىراق ھېچقايسىمىز كۆكتاغقا چىقىدىغانلىقىمىزنى دېمىدۇق، بولمىسا چوڭلار بىزنى ئۇ يەرگە بارغۇزمايدۇ، — دېدى تۇغلۇق ئەتراپقا قاراپ قويۇپ. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى قوشقاندا ئۇلار جەمئىي ئالتە بالا ئىدى. كۆكتاغقا بېرىش ھەققىدە ئادىل بىلەن تۇغلۇق ئاخشاملا پۈتۈشۈۋالغانىدى.

— ئادەمنى كۆپ ئىلىۋالساق بولمايدۇ، بەش - ئالتىمىز بارساقلا بولدى، — دېگەنىدى ئادىل.

— توغرا دەيسەن، ئالتىمىز بارايلى.

ئۇلار بارىدىغانلارنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخشام بىر - بىرلەپ خەۋەر قىلدى. ئاخشام بۇ تىزىملىكتە قۇتلۇق يوق ئىدى. بارىدىغان بالىلاردىن بىرى شەھەرگە كەتكەن بولغاچقا، شۇنىڭ ئورنىغا قۇتلۇقنى ئىلىۋېلىشقانىدى.

مەھەللە بىلەن كۆكتاغنىڭ ئارىلىقى بەش - ئالتە كىلومېتىر كېلەتتى. مەھەللىدىن چىقىپ، بىر ئورمانلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېتىزلىق، ئېتىزلىقنىڭ نېرىسى بىنەملىك ۋە توقايلىق ئىدى. كۆكتاغقا يېقىنلاشقان يەردە يەر ئېچىپ قوغۇن تېرىۋاتقان قوغۇنچىلارنىڭ كەپىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدا كۆكتاغقا پەقەت ئادىللا دادىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم بارغانىدى. بىراق، تاغنىڭ ئىچكىرىدە سىرلىق ئۆڭكۈرلەر بار دەپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇ ياقلارغا بېرىپ باقمىغانىدى. بۈگۈن ئۇلار تاغنى، ئاشۇ سىرلىق ئۆڭكۈرلەرنى ئالا قويماي تولۇق كۆرۈپ كەلمەكچىدى.

ئادىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇلار كۆكتاغقا قاراپ ماڭدى. كۆكتاغ يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ تۇرغاچقا، ئۇلارغا ھازىرلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. ئۇلار مەھەللىدىكى ئورمانلىقتىن بىردەمدە ئۆتۈپ بولدى. ئۇلار بىنەمگە كەلگەندىمۇ تاغ يەنىلا بۇرۇنقى جايىدىلا تۇرغاندەك قىلاتتى، بولمىسا ئۇلار بىر سائەتتىن ئوشۇق يول ماڭغانىدى. ئادىلمۇ بۇرۇن كۆكتاغقا دادىسىنىڭ تراكتورى بىلەن بارغاچقا بەك يېقىندەكلا بىلىنگەنىدى. بۈگۈن پىيادە ماڭغاچقا كۆكتاغقا مەڭگۈ يېتىپ بارغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلدى. تاغ تەرەپتىن سالقىن ھاۋا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، قۇياشنىڭ تەپتى زېمىننى قىزدۇرۇپ تۇراتتى. بالىلارنىڭ ھەممىسى تەرلەپ چىپىلداپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ يۈكىمۇ يەڭگىل ئەمەس ئىدى. باشتا يەڭگىلدەك تۇيۇلغان نان، چاي، ئالما دېگەندەك نېمەتلەر سېلىنغان سومكىلار بارغانسېرى ئېغىرلاشقىلى تۇردى. سومكىسى ئېغىر كەلگەن بالىلار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىمۇ كۆتۈرسىكەن دېگەندەك قاراپ قويدى. ئادىلنىڭ سومكىسى ئەڭ ئېغىر بولغاچقا، تۇغلۇق ئۇنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. قۇتلۇق باشقىلارغا ياردەملەشمەكتە يوق، ھەممىدىن بۇرۇن قاقشاشقا باشلىدى:

— ۋاي - ۋۇي، نېمانداق يىراق تاغ بۇ. بوۋام دائىم، كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، دەيتتى. بۇ تاغ كۆرۈنگەن بىلەن ئەجەب يىراقكىنە.

— ئاز قالدۇق، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن يېتىپ بارىمىز، — ئادىل يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، تەخمىنەن شۇنداق دەپ قويدى. باشقا بالىلارمۇ يەنىلا شۇنداق تېتىك ئىدى. تۇغلۇق ئادىلدىن باشقا بالىلارنىڭ سومكىسىنىمۇ كۆتۈرۈشۈپ بەردى.

— بالىلار، مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئازراق بىر نەرسە يەۋالايلى، — دېدى ئادىل بالىلارغا.

بالىلار بىنەملىكتە ئۇنۇپ قالغان يالغۇز قارىياغاچنىڭ

تۇۋىدە ئۇلتۇردى. ئۇستىدە ئاق قۇشقاچلار ۋىچىرلاپ تۇرغان، غولىغا ئىككى - ئۈچ چوڭ ئادەمنىڭ غۇلىچىمۇ يەتمەيدىغان بۇ قارىياغاچنىڭ ئاستى ھەقىقەتەن سالقىن ۋە ھوزۇرلۇق ئىدى. باللار قارىياغاچنىڭ ئاستىدىكى چۆپلۈككە ئۆزلىرىنى تاشلاپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن نان، ئالما، ئۈزۈملىرىنى ئېلىپ يېگىلى تۇردى. چۈش بولۇپ قالغاچقا ئۇلار نان ۋە مېۋىلىرىنى يەپ بىراقلا يېرىملاشتۇرۇپ قويغىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ئادىل باللارنى ئاگاھلاندۇردى:

— يەيدىغان نەرسىلەرنى ئاياپ يەيلى، تاغقا بېرىپ كەلگۈچە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى يەيدىغاندەك قىلىمىز.

— باللار يېيىش - ئىچىشتىن توختاپ، بىردەم سۇنايلىنىپ ياتتى.

— بولۇڭلار، بولۇڭلار، تاغقا بارار - بارماي بۇنداق ياتقىلى تۇرساق، قانداق تاغ سەيلىسى قىلىمىز، قوپۇڭلار! — ئادىلنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن باللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تاغقا قاراپ ماڭدى. ئۇلار تاغقا بارغانچە يېقىنلاپ قالغانىدى. نېرىدىن قوغۇنچىلارنىڭ كەپىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىراق، تاغ بىلەن بىنەمنى چوڭ بىر ئۆستەڭ ئايرىپ تۇراتتى. ئادىل دادىسى بىلەن كەلگەندە خېلىلا چوڭ بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندەك قىلغان، ئەمما يېقىن ئەتراپتا كۆۋرۈك كۆرۈنمەيتتى.

— ئەمدى قانداق قىلارمىز، بۇ ئۆستەڭ خېلى چوڭ ئىكەن، ئارىمىزدا سۇ ئۈزەلەيدىغانلار بارمۇ؟

تۇغلۇق ئەنسىز سورىدى. ئادىل قاتارلىق باللار كۆلدە سۇ ئۈزەلىگەن بىلەن تېز ئېقىنلىق ئۆستەڭدە ئۈزۈپ باقمىغانىدى.

# كۆكتاغدىكى يامغۇر

ئۆستەڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئوقتەك تېزلىكتە ئاقاتتى، تاغ سۈيى ئۆستەڭدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ھەيۋەت بىلەن دولقۇنلايتتى. ئۇلار مۇشۇ ئۆستەڭدىن ئۆتسىلا كۆكتاغقا كىرىپ كېتەتتى. ئادىل باللارغا تاغ ئىچىدە تۈرلۈك ياۋا مېۋىلەر، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى، بولۇپمۇ كۆكتاغدىكى ھېلىقى سىرلىق ئۆڭكۈر ھەققىدە ئادىللا ئەمەس، مەھەللىدىكى چوڭلارمۇ قىزىقارلىق ھەم قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى، شۇڭا باللارنىڭ تاغنى كۆرمەي قايتقۇسى يوق ئىدى.

ئادىلمۇ كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەي تۇغلۇققا قارىدى، تۇغلۇقمۇ ئامالسىز قىلىپ بېشىنى قاشلىدى.

— ھەي، كۆۋرۈك بار دەۋاتمامتىڭ، — قۇتلۇق ئادىلغا ۋارقىرىدى، — بىز باشقا يولغا كىرىپ قالغان ئوخشايمىز، بۇ يېقىن ئەتراپتا كۆۋرۈك كۆرۈنمەيدۇغۇ.

— تۇغلۇق، سەن سۇ ئاستىدا ئۇزاق تۇرالايتتىڭغۇ، باشتا سەن ئۆتۈپ باقمامسەن، بۇ ئۆستەڭ قانچىلىك چوڭقۇركىن، — دېدى ئادىل تۇغلۇققا. تۇغلۇق بۇنداق تېز ئېقىندا ئۈزۈپ باقمىغانىدى، سۇغا بېشىنى تىقىپ نەچچە سېكۇنتمۇ تۇرالمايتتى. بىراق، تۇغلۇق ئەمدى بۇ ئۆستەڭدىن ئۈزۈپ ئۆتمىسە باللارنىڭ ئۇنى «سۇ ئۈزۈش ماھىرى» دەپ ماختىغىنى بىكار بولاتتى. «ھەي، ئاشۇ ياسالما تۇغلۇق دېگەن ئاداش مەن يوق چاغدا نەدىكى مەن قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ، مېنى ئەجەب تەس كۈنگە قويىدى. مەن ئەمدى، كۆلدە سۇ ئۈزۈپ، سۇغا چۆكۈپ ماھارەت

كۆرسەتكىنى مەن ئەمەس، ئۇ دېگەن ياسالما تۇغلۇق، دېسەم كىم ئىشىنىدۇ. بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي» دەپ ئويلىغان تۇغلۇق، ئۆستەڭدىن ئۆتۈش ئۈچۈن كىيىملىرىنى سېلىۋاتقان بولسىمۇ، سۇغا چۈشۈشتىن يەنىلا قورقۇۋاتاتتى. بىراق، ئۇ بۇۋىسىدىن ئېقىن سۇ كۆل سۇيىگە قارىغاندا ياخشى، ئېقىن سۇدا سۇ ئۈزۈش ئاسان، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى.

— مەن بىر چۈشۈپ باقاي، — تۇغلۇق بىردىنلا غەيرەتكە كېلىپ، ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلىدى. سۇ ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا تۇغلۇق ئەندىكىپ كەتتى، لېكىن سۇ تۇغلۇق ئويلىغاندەك ئۇنداق قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى. سۇ تۇغلۇقنى ئازراق ئېقىتقان بولسىمۇ، ئۇ نەچچە غۇلاچ تاشلاپلا قارشى قىرغاققا چىقىۋالدى. بالىلار چۇرقىرىشىپ كەتتى. تۇغلۇق يەنە ئۆستەڭگە ئۆزىنى ئېتىپ بالىلار بار تەرەپكە ئۆتتى. ئەمدى ئۇ ئۆستەڭدىن قانداق ئۆتۈشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغانىدى.

— ۋۇي، يەنە قايتىپ كەلدىڭغۇ؟ — دېدى ئادىل.

— سۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىكەن، ئۆتمەكمۇ ئاسان



ئىكەن. كىيىملىرىمىزنى سالمايلى، ھۆل بولۇپ كەتسە بۇ ئىسسىقتا بىردەمدە قۇرۇپ كېتىدۇ. مەنمۇ ئىشتان ـ كۆڭلىكىمنى كىيىۋالىمەن، ـــ دېدى تۇغلۇق. كىيىملىرىنى سېلىپ بولغان بالىلار كىيىملىرىنى كىيىشتى.

ـــ ئەكېلىڭلار، ماۋۇ سومكىلارنى مەن ئۆتكۈزۈۋېتەي.

تۇغلۇق سومكىلارنى بىر قولى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇزۇپ ئۆتتى. باشقا بالىلارمۇ تۇغلۇقنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بىردەمدە ئۆتۈپ كەتتى. قۇتلۇق ئازراق غودۇڭشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بالىلار ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى بىرقۇر سىقىشتۇرۇپ يەنە كىيىۋالدى.

تۇغلۇقلار ئەمدى ئادىلنىڭ يول باشلىشى بىلەن كۆكتاغنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان جىرا ئىچىگە كىردى. جىرا تۇرلۇك دەرەخلەر ۋە گۈل ـ گىياھلار بىلەن بېزىلىپ تۇراتتى. جىرانىڭ بىر تەرىپىدىكى كىچىك ئېرىقتا سۈزۈك سۇ ئويناقلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئاشۇ ئېقىننى بويلاپ ئادەم ۋە جانىۋارلارنىڭ مېڭىشىدىن شەكىللەنگەن چىغىر يول تۇراتتى. بالىلار ئەنە شۇ يول بىلەن ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ماڭغانسېرى تاغ ئېگىزلەپ جىرا چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئالتە بالا تەبىئىي ھالدا بىر قاتار بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ئادىل دادىسى بىلەن بىللە كەلگەن جىرانىڭ بۇ ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئېگىز تاغ قۇياش نۇرىنى توسۇۋالغاچقا، چۈش بولغىنىغا قارىماي گۈگۈم بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى، تۇيۇقسىز چىقىپ قالىدىغان ئاللىقانداقتۇر ئاۋازلار بالىلارنى قورقۇنچقا سالاتتى، ئادىل بۇ يەرنىڭ ئۆزى كەلگەن جىرا ئەمەسلىكىنى بالىلارغا دېمەي، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يەنە يېرىم سائەتتىن ئوشۇق يول ماڭغاندىن كېيىن تاغلار پەسلىگەندەك بولۇپ، بىر يېشىل ئوتلاققا چىقىپ قالدى. ئاسماندا بىرنەچچە توپ ئاپئاق بۇلۇت لەيلەپ تۇرغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاسمان شۇنداق سۈزۈك ھەم نۇرلۇق ئىدى.

تۇغلۇقلار يېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ بىردەم ئارام ئالدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ماغدۇرى قېچىپ قالغاچقا، ئۆزلىرى ئېلىۋالغان نان ـ چاي بىلەن قورسىقىنى ئەستەرلىدى. ھازىرقى بۇ يېشىل ئوتلاق شۇنداق تۈز ۋە كەڭرى بولۇپ، تەبىئىي پۇتبول مەيدانىغا ئوخشايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىزلا پۇتبول ئوينىغۇسى كېلىپ قالدى.

— ھەي باللار، بۇ يەردە پۇتبول ئوينىساق بەك ياخشى بولىدىكەن جۇمۇ، — دېدى قۇتلۇق يېشىل چىم ئۈستىدە موللاق ئېتىۋەتكەندىن كېيىن.

— بۇ يەردە پۇتبول ئوينىغىلى بولمايدۇ، — ئادىل قۇتلۇقنىڭ گېپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى. ئادىلنىڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا شۇنداق قوپال سۆزلەپ قالىدىغان چاغلىرى بولاتتى، بولۇپمۇ قۇتلۇقنى كىچىك چاغلاپ، خۇددى ئۇكىسىنى سىلكىگەندەك سىلكىپ سالاتتى. شۇڭا، قۇتلۇق ئادىل بىلەن تازا چىقىشالمايتتى.

— نېمىشقا ئوينىغىلى بولمىغۇدەك؟ — دېدى قۇتلۇقمۇ ئاچچىقلىنىپ.

— ھەي، بۇ يەردە پۇتبولۇڭ بارمىدى؟ بولغان تەقدىردىمۇ، ئالتە ئادەم قانداق ئوينىغىلى بولىدۇ.

قۇتلۇق باشقا گەپ تېپىپ بېرەلمەي جىم بولدى.

— بۇ يەردە پۇتبول ئەمەس، يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى قىلايلى، — دېدى تۇغلۇق. باللار تۇغلۇقنىڭ گېپىنى توغرا تاپتى.

— ئۇنداق بولسا ئىككى ـ ئىككىدىن مۇسابىقىلىشەيلى. قېنى، مەن بىلەن كىم يۈگۈرىدۇ؟ — قۇتلۇق ئادىلدىن ئۆچ ئالماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئادىلمۇ قۇتلۇقتىن ئانچە قورقۇپ قالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە چوڭ بولغان قۇتلۇققا قارىغاندا ئۆزىنى تېز يۈگۈرىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

— نەگىچە يۈگۈرىدىغانلىقىڭلارنى بەلگىلەپ بېرەي، — تۇغلۇق كەيپىياتنى تەڭشەش ئۈچۈن ئارىلىققا چۈشتى، — ئەنە

ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىرىقىنىزنىڭ يىپىنغىچە چاپىسىلەر.

تۇغلۇق يۇگۇرۇش مۇسابىقىسىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇلارنى مۇسابىقىگە سالدى. باياتىن بىرى چارچاپ قالغان باللار بۇ تاماشىنىڭ چىققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ھە ـ ھۇ دېيىشىپ جانلىنىپ كەتتى.

ئادىل بىلەن قۇتلۇق پەللىدىن ئوقتەك چىقتى، دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بەك تېز چاپاتتى. قارشى تەرەپكە ئىككى بالا باشتا بىرىپ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئاۋۋال كەلگەنلىكىنى بەلگىلەشكە قويۇلغانىدى، ئۇلار شۇنچە تېز چاپقاچقا، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئادىل، قايسىسى قۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ئالدىراپ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

ئۇلار شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ئۇلار پەللىگە تەپمۇتەڭ كەلگەنىدى، قۇتلۇق بىلەن ئادىل ھەر ئىككىسى مەن باشتا كەلدىم، دەپ تۇرۇۋېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەڭ كەلگەنلىكى راست ئىدى. شۇڭا، ئۇلار باشقىدىن يۈگۈرۈشمەكچى بولۇپ باش پەللىگە قايتىپ كەلدى، رېپېرىلىق قىلىۋاتقان تۇغلۇق ئۇلارنى يەنە قايتىدىن يۈگۈرتمەكچى بولدى، ئۇنىڭ گېپىگە ئادىل قوشۇلغان بولسىمۇ، قۇتلۇق يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋالدى.

ـــ ئۇلار ئادىلغا يان بېسىپ شۇنداق دەپ قويىدى، بولمىسا مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن بارغان ...

ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئۇلار يەنە قايتىدىن مۇسابىقىلىشىدىغان بولدى، قۇتلۇق ھەرقانچە جاھىللىق قىلسىمۇ، يەنە تۇغلۇقنىڭ گېپىگە ماقۇل بولدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىپ تۇرۇۋاتقاندا ھاۋا تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. بايىلا شۇنداق سۈزۈك نۇرلىنىپ تۇرغان ئاسماننى بىر دىنلا قارا بۇلۇت قاپلىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار خۇددى غەلىتە مەخلۇقلاردەك بىر يەرگە توپلىشىپ، تېخى چۈش ۋاقتى بولغىنىغا قارىماي بىر دەمدىلا ھەممە يەرنى قاراڭغۇ قىلدى. قۇلاقنى

يارغۇدەك گۈلدۈرماما باللارنى قورقۇتۇۋەتتى. ئەمدى يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى بىلگەن ئادىل باللارغا ۋارقىرىدى:

— باللار، مۇسابىقىنى قويۇپ، چاققان ئاۋۇ ئۆڭكۈرگە كىرىۋالايلى!

باللار ئادىل كۆرسەتكەن تاغ ئۆڭكۈرىگە قاراپ چاپتى. ئۇلار ئۆڭكۈرگە كىرىپ بولغۇچە يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلدى، ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى بىلەن يامغۇرنىڭ شارقىرىشىدىن پەيدا بولغان سادا بەكمۇ ۋەھىمىلىك ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى تۇغلۇقلار ئۆڭكۈرگە كىرىۋالدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولسىمۇ، ئۆڭكۈر ئاغزىدىن كىرىپ تۇرغان ئازغىنە يورۇقلۇقتىن باللار بىر - بىرىنى كۆرەلەيتتى.

— نېمانداق قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ بۇ يەردە؟

— تاغ دېگەن شۇ، ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ بىر بولۇپ كېلىشى بىلەنلا بىردەمدىلا يامغۇر ياغىدۇ. قار ياغمىغانغا خۇش بولۇڭلار، — دېدى ئادىل خۇددى مۇشۇ تاغدا چوڭ بولغاندەك مەغرۇرانە سۆزلەپ.

كۆكتاغقا كەلگەنلەرئالتە بالا دېگەنىدىم، ئۇلاردىن ئادىل، قۇتلۇق، تۇغلۇق سىلەرگە تونۇش بولسىمۇ، يەنە ئۈچ بالا سىلەرگە ناتونۇش. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھېكايىلىرىمىزدە بۇ ئۈچ بالىمۇ بار بولغاچقا، مەن ئۇلارنى سىلەرگە قىسقىچە تونۇشتۇرۇۋېتەي.

دائىم يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىدىغان جۇغى كىچىك، پاكارراقى ئەزىمەت، ئۇ ھەرقانداق چاغدا يۇمۇر سۆزلەشنى، قىزىقچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاسان تېرىكمەيدۇ، ھەممىلا باللار بىلەن چىقىشىپ ئۆتىدۇ.

مانا، ماۋۇ ئېگىز بويلۇق دارازىنىڭ ئىسمى پەرمان. ئۇ ئانچە كۆپ گەپ قىلمايدۇ، بىراق تۇرۇپلا باللارنى تېپىشماق تېپىشقا سالىدۇ، ئۆزىمۇ تۇرلۇك تېپىشماقلارغا ئۇستا، تېخى تېپىشماقمۇ ئىجاد قىلىپ قويىدۇ. مەھەللىدە باللار زېرىكىپ

قالغاندا، ئۇنىڭغا تېپىشماق ئېيتقۇزۇشقا ئامراق. ئۇ كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىمۇ بىردەمدىلا شېئىرىي تېپىشماققا ئايلاندۇرالايدۇ.

يەنە بىر ئېگىز دارازىنىڭ ئىسمى مەردان. ئۇ پەرماننىڭ ئۆكىسى. ئۇلارمۇ تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا ئوخشاش قوشماقلار. ئۇلارنىمۇ ئايرىۋالماق تەس. مەردان ئازراق پوچى، قىزىقچىلىق قىلىپ قەستەن پو ئاتسىمۇ بالىلارنى كۈلدۈرۈۋېتىدۇ. بۇ يەردىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى مەھەللىدە داڭقى بار بالىلار.

— بالىلار، بۇ يامغۇر توختىمايدىغان ئوخشىمامدۇ، يىغىۋاتقىلىمۇ بىر سائەت بولۇپ قالدى، — يەنە قۇتلۇق غودۇڭشىدى.

— توختىمىسا بىزدە نېمە ئامال؟ — ئادىل مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بالىلار، سىلەر بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن دىككىدە بېرىپ يامغۇرنى توختىتىۋېتىپ كېلەي، — ئەزىمەت ھەييارلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ مېڭىپ قويدى. ئۇنىڭ قىزىقچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بالىلار كۈلۈپ كەتتى. پەقەت قۇتلۇقلا نېمىگىدۇر رەنجىگەندەك غودۇڭشىپ ئولتۇراتتى.

— ھەي، ئەزىمەت، يامغۇر ياغدۇرىدىغان يەرگە قانداق بېرىشنى سەن بىلمەيسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سەل ئېگىزرەك يەردە، سېنىڭ بويۇڭ يەتمەيدۇ، مانا مەن بېرىپ كېلەي، يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئۇ بوۋاي بىلەن مەن تونۇش، — مەردانمۇ ئەزىمەتنىڭ چاقچىقىغا يارىشا پو ئاتتى، — بۈلتۈر مەھەللىدە قۇرغاقچىلىق بولۇپ كېتىپ، كېيىن توختىماي ئۈچ كۈن يامغۇر ياغقانلىقى ئېسىڭلاردا باردۇ؟ — بالىلار ئۇنىڭ قىزىق گەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە: «ھە، ئېسىمىزدە بار» دەپ قويدى، — ھە، ئۇ يامغۇرنى مەن ياغدۇرغان دەڭلا. شۇ چاغدا، يامغۇر ياغدۇرىدىغان بوۋاينى ئىزدەپ كەلسەم ئاغرىپ قاپتىكەن، نېمە

بولدىڭىز دېسەم، تازا مىجەزىم يوق، ئىسسىق تۇتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، يېرىم تاۋۇزنى كاسا قىلىپ يېسەم، ساقىيىپ كېتەتتىم دەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا يوغان تاۋۇزدىن بىرنى ئەكىلىپ بەردىم، بوۋاي تاۋۇزنى يەپلا ئوڭشىلىپ قېلىپ، مەندىن نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. بىزنىڭ مەھەللىگە ئۈچ كۈن يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىڭ دېيىشتىم. ئۇ گېپىمنى دەرھال بەجا كەلتۈردى... شۇڭا ياغقان يامغۇر ئۇ، — باللار پەرمانىنىڭ گېپىدىن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.



# ئۆڭكۆردىكى ئېيىق

— ئۇنداق بولسا يامغۇرنى توختاتمامسەن، تاغقا ئوينىغىلى كېلىمىز دەپ ئۆڭكۆرگە سولىنىپ ئولتۇرغىنىمىز نېمىسى. ھەي ئادىل، بىزنى ھېلىقى ياۋا بۆلجۈرگەن بار يەرگە ئاپارمامسەن؟ — دېدى ئەزىمەت ئويۇنغا ئالدىراپ تالاغا قاراپ قويۇپ. يامغۇر تېخىچىلا چېلەكلەپ تۆكۈلگەندەك يېغىۋاتاتتى.

— ھەي، ھېلىقى بوۋاي يامغۇر ياغدۇرالىغاندىكىن يامغۇر توختىتالىغاندۇ؟ بىزگە ھازىر يامغۇر توختىتالىدىغىنى كېرەك جۇمۇ، — تۇغلۇق ئۆڭكۆردىكى زېرىكىشنى يوق قىلىش ئۈچۈن چاقچاقلا قوشۇلدى. ئۇ قولىدىكى مەڭگە قاراپ قويدى، بىراق ئۇنىڭدىن نۇر تارايدىغاندەك قىلمايتتى. دېمىسىمۇ ھازىر مەڭدىن ياردەم سورايدىغان چاغ ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن غەلىتە ئىشلارغا يالغۇز يولۇققان تۇغلۇق ئۈچۈن بالىلار بىلەن بۇنداق ئۆڭكۆرگە سولىنىپ قېلىشمۇ ناھايىتى ھۇزۇرلۇق ئىش ئىدى.

— ھەي بالىلار، گەپ قىلمىسام بۇ يامغۇر يېغىۋېرىدىغان ئوخشايدۇ، مەن بۇ يامغۇرنى بىر توختىتىۋېتەي جۇمۇ، — دېدى مەردان قىزىقچىلىق قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ھېلىقى بوۋاينى ئىزدەپ باراي دەمسەن؟ — دېدى ئەزىمەتمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ياق، ھازىر ئۇنى ئىزدىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. قاراپ تۇرۇڭلار ھە، مەن يامغۇرنى قانداق توختىتىۋېتىمەنكىن.

مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ خۇددى يەل گۇمپىسى ماھىرلىرىدەك ھەرىكەت قىلىپ «ھايت ـ ھۇيت» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھايت ـ ھۇيتىغا قوشۇلۇپ، ھاۋا يەنە بىر قېتىم

گۈلدۈرلەپ، يامغۇر تېخىمۇ شارقىراپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەردان يەنە بىردەم ھايت - ھۇيتلىدى. بىراق، يامغۇر تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، سېنىڭ ئۇ ھايت - ھۇيتلىرىڭ بىلەن يامغۇر توختاپ قالىدىغان ئىش بولسا، سەن بۇ يەردە بىز بىلەن يۈرمەيتتىڭ جۇمۇ، — دېدى تاغقا كەلگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ ئولتۇرغان قۇتلۇق مەردانىنى مەنسىتمىگەندەك ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

مەردان ئۇنداق گەپلەرگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ دائىم دېگۈدەك پو ئېتىپ ئەنە ئاشۇنداق قىزىقچىلىق قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ راست گېپى بىلەن يالغان گېپىنىمۇ ئايرىۋالغىلى بولمايتتى. مەردان ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغىلا ئۆڭكۈردە ئولتۇرۇپ زېرىككەن ئەزىمەت سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. باللار نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە ئۇمۇ مەردانغا ئوخشاش «ھايت - ھۇيت» قىلغىلى تۇردى.

— قاراپ تۇرۇڭلار ھە، مەردان توختىتالمىغان يامغۇرنى مەن توختىتىۋېتىمەن، — ئەزىمەت ھايت - ھۇيتلاپ ھەرىكەت قىلىۋىدى، كۆپ ئۆتمەيلا يامغۇر توختاپ قالدى. بۇ تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولسىمۇ، باللار ئەزىمەتكە ھەيران بولۇپ قارىدى.

— قانداق ئىكەن، مەردانجان، پېقىرنىڭ ئىسمى بىكارغا ئەزىمەت ئەمەس ئىكەن.

— ھە، سەن ئۆزۈڭچە بۇ يامغۇرنى مەن توختاتتىم دېمەكچىمۇ؟ بۇ يامغۇر بايىقى گۈمپام بىلەن توختىدى، سېنىڭ ئۇ ھايت - ھۇيتلىرىڭ تېخى ئۆڭكۈردىن چىقىپ بولالمىغان تۇرسا...

ئۇلار ئەنە ئاشۇنداق قىزىقچىلىق قىلىۋاتقاندا، تالادا قۇياش چاقناپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىمۇ يورۇپ كەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ، ئىچىدىكى ئېگىز - ئېگىز تاش ئورمانلار

ئۆڭكۈرنى تېخىمۇ سىرلىق كۆرسەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى تەرىپى قاراڭغۇ بولۇپ، كېچە ئاسمىنىدا يۇلتۇزلار جىمىرلىغاندەك ئاللىقانداقتۇر نۇر ئۇچقۇنلاپ چاقناپ تۇراتتى. تالادىكى گۈلدۈرماما بىلەن يامغۇرنىڭ شارقىرىشى توختىغان بولغاچقا، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن غەلىتە غوڭۇلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئۇ بالىلارغا ئالۋاستىلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدەك تۇيۇلدى.

— ھەي بالىلار، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتقان قانداق ئاۋاز ئۇ؟ — ئادىل تۇغلۇققا قارىدى. بالىلار ئۆڭكۈردىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ئۆڭكۈر ئېغىزىغا بېرىپ بولغانىدى، ئەمما ئۆڭكۈرگە قىزىقىپ قالغان تۇغلۇق ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۆڭكۈرنىڭ تېخىمۇ ئىچىنى كۆرۈپ باققۇسى بار ئىدى. بىراق، بۇ بالىلار بىلەن ئۇ يەرگە كىرىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇمۇ قايتىپ چىقماقچى بولدى. شۇ چاغدا، غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى.

ئۇلار ئۆڭكۈر ئېغىزىغا قاراپ ئالدىغا مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەدىمى ئالدىغا ئەمەس كەينىگە كېتىۋاتاتتى، بالىلار ئۆزلىرىدىكى بۇ غەلىتە ئۆزگىرىشتىن ھەيران بولۇپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ھەي، بۇ نېمە ئىش، ئالدىغا ماڭسام كەينىگە كېتىۋاتىمەنغۇ؟

— ھە، مەنمۇ شۇ...

— ۋاي! بۇ قانداق گەپ؟!

بالىلار چۇرقىرىشىپ بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— ماڭماي ئورنۇڭلاردا تۇرۇڭلار، بولمىسا ئۆڭكۈرگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىسىلەر، بىز كەينىچىلەپ مېڭىپ باقايلى، — تۇغلۇقنىڭ گېپى بويىچە ئۇلار كەينىگە قەدەم تاشلىغانىدى، ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار شۇنداق كەينىگە مېڭىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا ئاز قالغاندا، ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۆڭكۈر ئېغىزىنى ئېتىلىپ قالدى دېگەندىن

كۆرە، ئۇنى يوقاپ كەتتى دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى نەدىنىدۇر چۈشۈۋاتقان يېشىل نۇر بىلەن يورۇپ تۇرسىمۇ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەستەك ئەسلىي قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمىدى.

— ھەي باللار، بۇ نېمە گەپ، ئەمدى ئۆڭكۈردىن قانداق چىقارمىز، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى يوق تۇرىدۇغۇ، — دېيىشىپ ئەزىمەت بىلەن قۇتلۇق بەس ـ بەستە ۋارقىرىشىپ كەتتى. ئادىل، پەرمان ۋە مەردانلارمۇ قورقۇپ قالغانىدى. پەقەت تۇغلۇقلا، مەن كۆرگەن ئىشلارنىڭ ئالدىدا بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، دېگەندەك بەخىرامان تۇراتتى.

— قانداق قىلىمىز، تۇغلۇق؟ — دېدى ئادىل.

— قانداق قىلساڭلار قىلىمامسىلەر، كەچكىچە ئىلكامدىن سورايدىكەن، — دېدى قۇتلۇق تۇغلۇققا يېقىن كېلىپ. تۇغلۇق ئانچە قورقۇپ كەتمىگەن بىلەن قانداق قىلىشىنى ئۇمۇ بىلەلمەيۋاتاتتى. باشقا باللار تۇغلۇق بىلەن ئادىلنىڭ بىر ئامال تېپىشىغا قاراپ تۇراتتى. ئەمدى تۇغلۇقمۇ جىم تۇرۇۋالسا بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۆڭكۈرگە قەيەردىندۇر چۈشكەن يېشىل نۇر ئىچىنى كۆڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى.

— ھەممىمىز تولۇقمۇ، — دېدى ئۇ باللارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ، — ياخشى، بىز تولۇق ئىكەنمىز، قېنى، ئۆزئارا قول تۇتۇشايلى. ھازىردىن باشلاپ گېپىمنى ئاڭلاڭلار، ئالدىمىزدا ھەر خىل خەتەرگە يولۇقۇشىمىز مۇمكىن.

بالىلار بىر ـ بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، ھەممىسى قورقۇپ تۇراتتى. بۇ ئۆڭكۈردىن قانداق چىقىپ كېتىش غېمى ئۇلارنىڭ ھەممە خۇشاللىقلىرىنى يوق قىلىۋەتكەنىدى. تۇساتتىن بوم ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ھەي، سىلەر ئادەم باللىرىغۇ؟ مەن سىلەرنى كۈرۈۋاتىمەن، تېزرەك يېنىمغا كېلىڭلار، سىلەرگە دەيدىغان گېپىم بار.

بۇ ئاۋازدىن باللار تېخىمۇ چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاۋاز يەنە بىر ئاڭلىماققا ئاچچىقى يامان بوۋايلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى. تۇغلۇق باللارنى گەپ قىلماسلىققا شەرەت قىلىۋەتكەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— شۇنداق، بىز ئادەم باللىرى. سىز كىم؟ بىز بۇ يەرگە يامغۇردىن قېچىپ كىرگەن.

ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— سىلەر ئادەم بالىسى بولساڭلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار. مەن بىر كۆرۈپ باقاي، مانا ماۋۇ يورۇقلۇق بار تەرەپكە قاراپ مېڭىڭلار.

ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى تەرىپىدىن گۈلخاننىڭ يورۇقىدەك بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى.

— تېز بولۇڭلار، بولمىسا ئالۋاستىلار سىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

شۇ چاغدا، ئۆڭكۈرنىڭ ئېتىلىپ قالغان ئېغىزى تەرىپىدىن قىيا - چىيا ئاۋازلار ئاڭلاندى، شۇڭا باللار يورۇقلۇق بار تەرەپكە جان - پېنى بىلەن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ يەرنى چوغدەك جۇلالاپ تۇرغان دۈگىلەك بىر تاش يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار بىر قاپقارا ئېيىقنى كۆردى.

— بولۇڭلار، باللىرىم. كەينىمگە ئۆتۈۋېلىڭلار، كەينىڭلاردا ئالۋاستىلار كېلىۋاتىدۇ.

قول تۇتۇشۇپ يۈگۈرۈپ كەلگەن باللار ئېيىقنىڭ كەينىگە ئۆتتى. ئۇلار خۇددى ئويۇن ئويناۋاتقاندەك ئېيىقنىڭ كەينىگە تىزىلىپ تۇردى. كۆپ ئۆتمەيلا ئىككى كۆزى قارا كامارغا، قالغان يەرلىرى ئىسكىلىتقا ئوخشايدىغان بىرنەچچە ئالۋاستى يېتىپ كەلدى.

— ھەي ئېيىق، بۇ باللار بىزنىڭ رىزقىمىز تۇرسا، سەن ئۇلارنى نېمىدەپ قۇتقۇزۇۋالىسەن، بىز ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟ — دېدى ئالۋاستىلارنىڭ بىرى چىرقىراق ئاۋازدا.

— بۇلار كىچىك بالىلار، ئۇلار بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەن تۇرسا، سىلەر ئۇلارغا نېمىشقا زىيانكەشلىك قىلىسىلەر؟

— كاللاڭ پەقەت ئىشلىمەيدىغان نېمىكەنسەن. ئادەملەر ساڭا ئاز ئەسكىلىك قىلدىمۇ؟ قېنى، مەن ساناپ باقاي، بىر، ئىككى، ئۈچ... توپتوغرا ئالتە ئىكەن. بوپتۇ، ساڭا ئىككىنى بېرەيلى، ئاۋۇ تۆتىنى بىزگە بېرىۋەتكىن.

بولۇنۇۋاتقان گەپلەردىن قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان بالىلار كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى، پەقەت تۇغلۇقلا غەلىتە ئالۋاستىلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ئالۋاستىلار ھېلىقى چوغدەك جۇلالاپ تۇرغان تاشتىن قورققاچقا ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتەلمىدى.

— بۇ بالىلار مېنىڭ دوستلىرىم، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارغا چېقىلىدىغان نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار، مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ قالسا قانداق قىلىدىغىنىمنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ئەمدى ئوشۇق گەپنى قويۇپ كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، — ئېيىقنىڭ ئاچچىقى كەلگەچكە ئاۋازى تېخىمۇ ياڭراپ كەتتى. ئالۋاستىلار ئېيىقتىن قورقتىمۇ، ئەيتاۋۇر كۆپ گەپ قىلماي غايىب بولدى.

— بالىلىرىم، ئەمدى قورقمىساڭلارمۇ بولىدۇ، مەنلا بولسام ئۇلار سىلەرگە چېقىلالمايدۇ. مەن ئادەم بالىلىرى بىلەن ئەزەلدىن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتكەن. بۇ ھەقتە سىلەرگە سۆزلەپ بەرسەم بىر ھېكايىمۇ بار، — بالىلار ئېيىقنىڭ خۇددى بوۋايلارغا ئوخشاش سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بايا ئۆزلىرىنى ئالۋاستىلاردىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى بوۋىلىرىغا قارىغانەك ھۆرمەت بىلەن تىكىلگەنىدى. بالىلار ھېكايىگە ئامراق بولغاچقا، خۇددى چۆچەكچى بوۋاينىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانەك ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇردى. ئەزىمەت بىلەن قۇتلۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، خۇددى سېھىرلەنگەندەك جىمجىت ئولتۇراتتى، — ئەمىسە باشقا گەپنى ھېكايەم تۈگىگەندە دېيىشىمىز جۇمۇ، — ئېيىق شۇنداق

دەپ ھېكايىنى باشلىدى.

— بىزنىڭ مۇشۇ كۆكتاغدا ئەركىن - ئازادە يايراپ، خۇشال - خۇرام ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىمىز ئىدى. ئۇ چاغلاردا بىز ھەسەل ھەرىلىرى بىلەنمۇ شۇنداق ئىناق دوستلاردىن ئىدۇق، ئۇلار بىزگە ئەڭ ئېسىل ھەسەللىرىنى سوۋغا قىلىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغلاردا ئۇلار بىزنى ھەسەل يېيىشكە ئامراق قىلىپ قويغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلار... — ئېيىق ھازىرقى ھەسەل ھەرىلىرى بىزگە ھەسەل سوۋغا قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قوغلاپ يۈرۈپ چاقىدۇ، دېمەكچىدى. بىراق، بالىلارغا ئۇنداق گەپ قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ئويلاپ گەپنى تېزلا يۆتكىدى، — ئۇ چاغدا بۇ كۆكتاغدا بىز نېمە دېسەك شۇنى قىلاتتۇق، ئادەملەر بىلەنمۇ ھەرھالدا ئىناق ئۆتكەنىدۇق، كېيىن ئازراق ئازارلىشىپ قالغان باھانە بىلەن ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى ئەسلىگە



كەلتۈرەلمەي يۈرىمىز. سىلەرنى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ھېكايىنىڭ نەق ئۆزىنى سۆزلىمەي چەتلەپ كېتىپتىمەن...

بىر كۈنى، مۇشۇ كۆكتاغنىڭ ئاقچوققا دېگەن يېرىدە سەيلە قىلىپ يۈرەتتىم، تۇيۇقسىز «قۇتقۇزۇڭلار ! قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. دېمەك، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن باشتا ئاۋازنىڭ قايسى تەرەپتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى ـ كەينىمگە چېپىپ قالغان ئوخشايمەن، مەن يېتىپ بارغۇچە بىر يىلپىز بىر بالىنىڭ ئاپىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بالىنىمۇ ۋەھشىيلىك قىلماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. مەن ئېتىلىپ بېرىپ يىلپىزغا زەربە بەردىم، بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان بالا ئاللىبۇرۇن ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئامان قالدى. يىلپىز ماڭا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە قارىغايلىققا قېچىپ كىرىپ كەتتى، مەنمۇ ئۇنى قوغلاپ يۈرمىدىم، بولمىسا يىلپىزغا بىر دەمدە يېتىشىۋالاتتىم، — ئېيىق ئادەتتە يىلپىزغا يېتىشەلمەيتتى، بالىلارنىڭ ئالدىدا پو ئېتىپ قويدى، — مەن ئۈچۈن ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش مۇھىم ئىدى. بالىنىڭ ئانىسى ئاللىبۇرۇن جان ئۈزۈپ بولغاچقا، ئۇنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولمىدى، — ئېيىق ھەسرەتلەنگەندەك ئۇھ تارتىپ قويدى.

# ھەسەل ھەرىسى قىزلار

— ئانا بىلەن بالا بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغان ياكى باشقىلار بىلەن بىللە كېلىپ ئېزىقىپ قالغانمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بالا مەندىن قورقۇپ ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلماي، ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ جەسىتىنى تاشلار ئارىسىغا كۆمۈپ قويدۇم، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە قۇياشمۇ ئولتۇرۇپ بولدى، كەچ بولۇپ قالغاچقا بالا بىردەم ماڭا، بىردەم ئەتراپقا قاراپ يىغلاۋاتاتتى.

مەن بالىنى ئۆڭكۈرۈمگە ئەكەلدىم، بالىنىڭ قورسىقى ئاچقان بولغاچقا ئۇنى ھەسەل ۋە ئورمانلىقتىن ئەكەلگەن مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلدىم. مەن بالىغا ياخشى مۇئامىلە قىلساممۇ، ئۇ توختىماي يىغلايتتى، چىرقىرايتتى. مەن ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى بىلەلمەي قالدىم. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بەك چارچاپ كەتكەچكە ئۇخلاپ قالدى. مەنمۇ ئۇنى قوغداپ ياتتىم. مېنىڭ بېشىمغىمۇ بىر غەم چۈشكەنىدى. بالا ئويغانسا ئۇنى ئادەملەر بار يەرگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدۇم. راست گەپنى قىلسام، بەش ـ ئالتە ياشقا كىرگەن ئۇ ئادەم بالىسىنى مەن باقالمايتتىم، ئادەملەر ماڭا كۆپ يامانلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ، مەن بۇ بالىغا يامانلىق قىلىشنى ئويلىمىدىم. مەن ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ياخشى، ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر كىچىك بالا، ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بولسۇن؟ مېنىڭ بىر تاغامنى ئادەملەر تۇتۇپ كەتكەنىدى، مەن بۇ بالا بىلەن تاغامنى ئالماشتۇرماقچى بولدۇم، بىراق ئۇنى قانداق، قايسى شەكىلدە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ ئىدى.

مەن ئاخىر بالىنى ئادەملەرگە ئاپىرىپ بېرىشۆەتمەكچى بولدۇم، چۈنكى بالا ئەتىسى ئويغانغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا قورقۇپ يىغىسىدىن توختىمىدى. شۇڭا، بالىنى ئادەملەرگە تېزرەك تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئادەملەر تولا سەيلە ـ ساياھەتكە كېلىدىغان جىراغا باردىم. مەن ئادەملەرگە كۆرۈنۈشتىن قورقىدىغان بولغاچقا، جىراغا بەك يېقىنلىشالمىدىم. بالا ئاپىسى بىلەن يىلپىزنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا، تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ پۇتى ئىششىپ كەتكەن بولغاچقا ماڭالمايتتى. جىرادا سەيلە ـ ساياھەتكە كەلگەن ئادەملەر چۇرقىرىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قالسىلا ھوشسىزلاندۇرۇش ئوقىنى ئېتىپ مېنى بىردەمدە قەپەسكە سولاپ بولاتتى، شۇڭا بالىنى ئادەملەردىن خېلىلا يىراققا تاشلاپ قويۇپ قايتتىم. بىراق، مەن ئازراق ماڭار ـ ماڭمايلا بالىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملەپ يۈگۈرۈپ كەلسەم، بالىنى بىرنەچچە بۆرە ئارىغا ئېلىۋاپتۇ. مېنىڭ غەزەپ بىلەن كەلگەنلىكىمنى كۆرگەن بۆرىلەر بالىنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بالا ماڭا يالۋۇرغاندەك قاراپ قويدى. بالا بەك چىرقىراپ كەتكەچكە ساياھەتچىلەر بىز تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن قېچىپ ئورمانلىققا كىرىۋالدىم. ئادەملەر كېلىپ بالىنى ئەكەتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم بولدۇم، — باللار ئېيىقنىڭ ھېكايىسىدىن تەسىرلىنىپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئەزىمەت بىلەن قۇتلۇقمۇ بايىقى ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇپ، ئېيىققا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— سىز ھەقىقەتەن ياخشى ئېيىق ئىكەنسىز، — دەپ قويدى تۇغلۇق نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي.

— ھەي، مېنى ماختىماڭلار، مېنىڭ ئەسكى تەرەپلىرىممۇ بار.

— سىز ھەرقانداق نەرسىدىن قورقمامسىز؟ — پەرمان ئېيىقتىن سورىدى.

— ياق، مەن ئادەملەردىن قورقىمەن. مېنىڭ قورقىدىغان

نەرسىلىرىممۇ كۆپ، مەن ھەتتا ھەسەل ھەرىسىدىنمۇ قورقىمەن، — ئېيىق شۇنداق دەپ گۇلدۇرلەپ كۈلگەندى، باللارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلدى.

— سىلەر بۇ كۆكتاغقا نېمە ئۈچۈن كەلگەندىڭلار؟

— ئوينىغىلى كەلگەن. بۇ ئۆڭكۈرگە يامغۇردىن قېچىپ كىرىۋالغاندۇق، — دېدى توغلۇق.

— ئوينىغىلى كەلگەن بولساڭلار، بۇ يەردە سولىنىپ ئولتۇرساڭلار بولمايدۇ. مەن سىلەرنى ئوينايدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويايمۇ؟

ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— بولىدۇ، بولىدۇ، تازا ئوينىۋالساق بولاتتى!

— كەينىمدىن مېڭىڭلار!

ئېيىق خۇددى ئادەمدەك ئىككى پۇتلۇق بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، باللارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ قولىدىكى نۇرلۇق تاش ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ باللارنى ئېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ئۇلار خۇددى تەشمىگە ئوخشايدىغان ئۆڭكۈردە كېتىۋاتاتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئاڭلىنىپ قالىدىغان غەلىتە ئاۋازنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باللار بۇ ئۆڭكۈردىن قورقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئېيىقنىڭ كەينىدىن سەپ بولۇپ ماڭغانىدى، ئەڭ ئارقىدا توغلۇق ماڭدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى. باللار بۇ غەلىتە ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىدىغان بولدۇق، دەپ خۇشال بولدى. راست دېگەندەك، ئۇلار ئۆزلىرى كىرگەن ئۆڭكۈر ئېغىزىدىنمۇ چوڭ بىر ئېغىزغا كەلدى.

ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن گۈل - چېچەك ۋە يېشىللىققا پۈركەلگەن گۈزەل جىرا كۆرۈندى. ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىققانسېرى ئاشۇ گۈلىستانلىققا كىرىپ كېتەتتى.

— مەن مۇشۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە قالىمەن، سىلەر بۇ گۈزەل جىراغا قەدەم قويساڭلارلا ھەر خىل ئويۇن ۋە قىزىقارلىق

ئىشلارغا يولۇقىسىلەر. سىلەر قانچە ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي بولساڭلار، بۇ يەردە شۇنچە ياخشى ئىشلارغا ئۇچرايسىلەر. ناۋادا بىرەر خەۋپكە ئۇچراپ قالساڭلار، «ئېيىق ئاكا» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىساڭلار، مەن دەرھال پەيدا بولىمەن، — ئېيىق شۇنداق دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كەينىگە ياندى.

ئۇلار گۈزەل جىراغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ، گۈل — گۈلىستان ۋە ئورمانلىقلار ئارىسىدىن ئۆزلۈكىدىن يول ئېچىلىپ، بالىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار خۇددى يازلىق لاگېرغا كەلگەن بالىلاردەك ناخشا ئېيتىپ ماڭدى. ئۇلار بايىقى ئۆڭكۈردىكى ۋەھىمىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ شوخ ۋە ياڭراق ناخشىسى بۇ گۈزەل جىرانى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى.

گۈزەل كۆكتاغ ئەزەلدىن،
بىزنىڭ ئانا تېغىمىز.
ئۇ يەردە بار چىرايلىق،
گۈلىستان ۋە بېغىمىز.

كۆكتاغدىكى ئۆڭكۈردە،
بىر مېھرىبان ئېيىق بار.
سۇ كەلگەچكە كۆكتاغدىن،
مەھەللىمىزدە ئېرىق بار.

بۈگۈن مۇشۇ كۆكتاغدا،
سەيلە قىلىپ ئوينايمىز.
يەنە يېڭى دوست تۇتۇپ،
خۇشال كۈلۈپ يايرايمىز.

ئۇلار گۈلىستانلار ئارىسىدا شادلىقتىن سۆيۈنۈپ، خېلى ئۇزاققىچە ناخشا ئېيتتى. ئۇلار ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق

يەرلەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— پاھ، بۇ يەر مەن دادامىلار بىلەن بارغان ھېلىقى تاغقا يەتمىسىمۇ، يامان ئەمەس ئىكەن جۇمۇ، — ئەزىمەت ئەڭ ھەيران قېلىۋاتقان بولسىمۇ، مەن بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق يەرنى كۆرگەن دېگەنىدەك شۇنداق دېۋىدى، ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىغا يەنە قۇتلۇقنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ۋاي - ۋۇي، كەچكىچە ھويلاڭ بىلەن مەكتەپتىن چىقمايدىغان ئادەم تۇرساڭ، يالغان سۆزلىمىگىنە، بۇنداق چىرايلىق يەرنى ئۆمرۈڭدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانسەن.

ئەزىمەت قوتلۇققا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، قىزلار خوربىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ناخشا ئاڭلاندى. بالىلار بۇ يەردە مەكتەپ بارمۇ نېمە، دەپ تۇرغاندا ناخشا ئاۋازى تېخىمۇ يېقىنلاشتى. بۇ ناخشا تۇغلۇقلار ھەققىدە ئېيتىلىۋاتاتتى.

بۇگۈن بىزنىڭ مەلىگە،
ئالتە بالا تەڭ كەلدى.
ئۆتۈپ قارا ئۆڭكۈردىن،
بىزگە شادلىق ئەكەلدى.

كۆكتاغدىكى بۇ باغنى،
ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان.
بىز بىلەن تەڭ بۇ يەردە،
خۇشال كۇلۇپ باقمىغان.

ئەمدى ئۇلار بۇ يەردە،
تۇرلۇك ئويۇن ئوينايدۇ.
بالىلىقنىڭ پەيزىنى،
كۆرۈپ خۇشال يايرايدۇ.

ئۇلار ناخشا ئېيتىۋاتقانلارنى قايسى تەرەپتىن كېلەر دەپ ئەتراپىغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. نۇرغۇن ئىشلارنى ئالدىن بىلىۋالىدىغان تۇغلۇقمۇ بىرنېمە دېيەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ئادىل ئۆڭكۈردىن چىققاندىن بېرى گاچا بولۇپ قالغاندەك زۇۋانىمۇ چىقمايۋاتاتتى. قۇتلۇق بۇنداق غەلىتە ئىشلاردىن زېرىكىپ كەتكەچكە، مەھەللىگە كېلىپ پۇتبول ئوينىساق بولمامدۇ، دەپ غودۇڭشىپ قويدى. شۇ چاغدا، رەتلىك تىزىلغان بىر توپ ھەسەل ھەرىسى قىزلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. تۇغلۇق ئۇلارنى ساناپ چىقتى. قىزلار قارىماققا تۇغلۇقلارنىڭ سىنىپىدىكى قىزلار بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەسەل ھەرىسىنىڭكىدەك سۈزۈك ۋە نېپىز قانىتى بار ئىدى. ئۇلار ئاشۇ قاناتلىرىنى يەڭگىل تىترىتىپ يەرگە دەسسىمەي تۇراتتى. تۇغلۇق ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ! — باشقا بالىلارمۇ تۇغلۇققا ئەگىشىپ سالام قىلدى. ھەسەل ھەرىسى قىزلار جاراڭلىق، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن جاۋابەن:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! گۈلزارلىقىمىزغا مەرھابا ! — دەپ، قاناتلىرىنى تىترىتىشتىن توختىتىپ تۇغلۇقلارنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ قاناتلىرى چىرايلىق كۆڭلەكلەرگە ئايلاندى. قىزلارمۇ رەتلىك تىزىلغان بولۇپ، رەتنىڭ ئەڭ ئالدىدىكىسى ئەدەپ بىلەن سۆزلىدى:

— بىز مۇشۇ گۈلزارلىقتىكى ھەسەل ھەرىسى قىزلار، بۇ يەرگە ئاراڭلاردىكى تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقتىن باشقىلار كېلىپ باقمىغان، بىز تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ دوستلىرىنى باشلاپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ھەيران قالدى، چۈنكى ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندەك قىلمىغانىدى. باشقا بالىلار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇققا گۇمان نەزىرىدە قاراپ قويدى. ئەمدى تۇغلۇق بالىلارنىڭ ئالدىدا بۇ گەپنى ئېنىق قىلىۋەتمىسە يالغانچى

بولۇپ قالاتتى.

— بىز بۈگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزدىن بەكمۇ خۇشال، بىراق سىلەردىن بىر نەرسىنى سوراپ باقاي، قۇتلۇق بىلەن ئىككىمىز بۇ يەرگە كەلمىگەن تۇرساق، كەلگەن دېگىنىڭىز قانداق گەپ ئۇ.

— ھە، سىلەر چۆچەك يۇلتۇزغا بارغىنىڭلارنى، چوغلۇق ۋە نۇرلۇق دېگەن قىزلار بىلەن دوست بولۇپ قالغىنىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىلەر؟

— ھەئە، ھەئە، بىز چۆچەك يۇلتۇزغا بارغان. بىراق، بۇ يەرگە كېلىپ باقماپتىكەنمىز، بۇ يەر... — تۇغلۇق دۇدۇقلاپ قالدى.

— ئۆزۈڭلار كەلگەن بۇ يەرنىڭ چۆچەك يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟

— نېمە، بۇ چۆچەك يۇلتۇزمۇ؟ — تۇغلۇق قولىدىكى مەڭنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. مەڭ سۈس نۇرلىنىپ قويدى. باشقا بالىلار ھېچ چۈشەنمەي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى.

قۇتلۇق بۇ يەردە بولۇۋاتقان گەپلەرگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەيۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ چۆچەك يۇلتۇز، چوغلۇق دېگەنلەرنى چۈشىدە كۆرگەندەك قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ بۇرۇن كۆرگەنلىرىنىڭ چۈش ياكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇ ئەزىمەتكە قاراپ قويدى. ئەزىمەت بۇ يەردىكى ئىشلاردىن ھەيران قالمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەيران قېلىۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇ چاغدا سىلەرنىڭ بىزگە قوشنا بالىلار ئورمانلىقىغا كەلگەنلىكىڭلارنى ئاڭلىغانىدۇق، سىلەرنى چوقۇم بىزنىڭ بۇ گۈلزارلىقىمىزغىمۇ كېلىدۇ، دېسەك بۇ يەرگە ئاياغ بېسىپمۇ قويماي كېتىپ قالغاندىڭلار، كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولغانىدى. بىراق، چوغلۇق، نۇرلۇقلار بىزگە ھەممىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن بىز سىلەردىن رەنجىمىدۇق، — ھەسەل ھەرىسى قىزنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ۋە جاراڭلىق ئىدى.

# تېپىشماقلار كۆنىكى

ھەسەل ھەرىسى قىزلار تۈغلۇقلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. تۈغلۇقتىن باشقا باللار كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ھەيران قالغاچقا، تېخىچە تىلىغا گەپ كەلمەي تۇراتتى. ھەسەل ھەرىسى قىزلار تۈغلۇقلارنى ئەزىز مېھمان كۆرۈپ، ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالغانىدى.

— سىلەر چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنى قانداق تونۇيسىلەر؟ — باياتىن بېرى گەپ قىلماي تۇرغان قۇتلۇق سورىدى.

— بىز چوغلۇق، نۇرلۇقلار بىلەن بۇرۇندىن يېقىن دوست. ئۇلارغا سىلەرنىڭ كەلگەنلىكىڭلارنى خەۋەر قىلساق، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇتلۇق باشقا گەپ قىلالمىدى. چۈنكى، ئۇ چوغلۇق ۋە نۇرلۇق بىلەن چىقىشالمايمۇ قالاتتى.

— مېڭىڭلار، بىزنىڭ بۇ گۈلزارلىقىمىزدا تۇرلۇك ئويۇنلار سىلەرنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئۇلار ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا جانلىنىپ چۇڭقۇلداپ سۆزلىشىپ كەتتى:

— باللار، ھەرە قىزلار دېگەن قانداق قىزلار بۇ، بىر يەرلىرى بىزنىڭ مەھەللىدىكى قىزلارغا، يەنە بىر يەرلىرى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدىكەنغۇ؟ — ئەزىمەت پەسرەك ئاۋازدا سورىدى. ھەسەل ھەرىسى قىزلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالغانەك كەينىگە قارىۋىدى، تۈغلۇق باللارنى بىر تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ دېدى:

— باللار، ھازىر بىز چۆچەك يۇلتۇزدا ئىكەنمىز، بۇ يەردە بىزگە بىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ھەر خىل ئىشلار ئۇچرايدۇ.

كۆپ سوئال سورىمايلى، ھەرقانداق گەپنى ئەدەپ بىلەن قىلايلى. بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ ئەقىللىق، پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويمىساق بولمايدۇ. قالغان ئىشلارنى بىلىسىلەرغۇ، — تۇغلۇقنىڭ گېپىدىن كېيىن باللار ئەدەپلىك بولۇپ قالدى.

ھەرە قىزلار ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى، تۇغلۇقلار ئۇلارغا يېتىشىۋالدى.

— ئالدى بىلەن سىلەرنى تېپىشماق كۆنىكىگە ئەكىرەيلى.

ئۇلار بىرنەچچە گۈلزارلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ناھايىتىمۇ يوغان، كۆپلىگەن ئېغىزلىرى بار بىر كۆنەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. تۇغلۇقلار ھەرە كۆنىكىنى كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنداق چوڭ كۆنەكنى كۆرمىگەنىدى. باللار بۇ كۆنەك ھەققىدە پاراڭلاشماقچى بولدىيۇ، بايا تۇغلۇقنىڭ دېگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ گەپ قىلمىدى. ئۇ كۆنەك مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇراتتى.

— مانا بۇ كۆنەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئېغىزدىن كىرسەك تېپىشماق كۆنىكىگە كىرىمىز. بىز ئالدى بىلەن ئۇ يەرگە كىرىپ سىلەرگە... — ھەسەل ھەرىسى قىز گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلماي، پۇررىدە ئۇچۇپ ئۆزى كۆرسەتكەن ئاشۇ تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. باشقا ھەسەل ھەرىسى قىزلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەتتى. ئۇ كۆنەك تۇغلۇقلار ئۇچۇن ئون - ئون بەش قەۋەتلىك بىنادەك ئېگىز يەردە ئىدى.

پەرمان ئېگىزدىن بەك قورقاتتى، ئۇ يەرگە قانداق چىقارمەن، دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى. ھەسەل ھەرىسى قىزلار كۆنەكنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپ، كۆپ ئۆتمەي شوتىسىمان ئارقاننى تاشلاپ بەردى. شوتىسىمان ئارقان لەپەڭلەپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغا يامىشىپ چىقىش خېلىلا خەتەرلىك ئىدى.

— تېز بولۇڭلار، شوتىغا يامىشىپ چىقىڭلار، — ھەسەل ھەرىسى قىزلار ۋارقىرىدى. بىراق، باللار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ تۇراتتى.

— ئادىل، سەن ئالدى بىلەن چىقە، — تۇغلۇق ئادىلنى

ئالدىراتتى. ئادىل بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان بەك ياۋاشلاپ قالغانىدى، بىراق ئۇمۇ شوتىغا يامىشىشقا ئۇنىمىدى. تۇغلۇققا نارازىلىق بىلدۈردى:

— ياق، مەن بۇ شوتىغا يامىشالمايمەن، نوچى بولساڭ ئۆزۈڭ ياماش.

— مەنغۇ يامىشىمەن، بىراق مەن چىقىپ كەتسەم سىلەر بۇ يەردە نېمە قىلىشىڭلارنى بىلەلمەي قالارسىلەرمىكىن؟ كېلە قۇتلۇق، سەن ئالدى بىلەن چىقە ئۇكام.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇتلۇقنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— ياق، مەن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىمەن، باشتا ئۆزۈڭ چىق.

تۇغلۇق يەنە ئۇشۇق گەپ قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەل ھەرىسى قىزلار: «تېز بولۇڭلار!» دەپ ئالدىرىتىۋاتاتتى. تۇغلۇق شوتىغا ياماشتى، دېمىسىمۇ لەپەڭلەپ تۇرغان بۇ شوتىغا يامىشىشمۇ خېلىلا مۇشكۇل ئىدى، تۇغلۇق باشقا بالىلارغا قورقۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويسا بولمايتتى. ئۇ خۇددى قورقمىغاندەك تېز ـ تېز يامىشىپ بىردەمدىلا كۆنەككە چىقىپ بولدى. ھەسەل ھەرىسى قىزلار ئۇنى قولىدىن تارتىپ، كۆنەكنىڭ ئىچىگە ئەكىردى. ئەمدى ئۇ بالىلارغا ۋارقىرىدى:

— تېز بولۇڭلار، شوتىغا يامىشىڭلار، بەك ئاسان ئىكەن !

تۇغلۇق بىلەن بەسلىشىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادىل ئىككىنچى بولۇپ ياماشتى. ئۇنىڭمۇ كۆنەككە كىرىپ بولغۇچە پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ چاندۇرمىدى. ئۈچىنچى بولۇپ قۇتلۇق، تۆتىنچى بولۇپ ئەزىمەت، بەشىنچى بولۇپ مەردان شوتىغا ياماشتى. ئەڭ ئاخىرىدا پەرمان قالدى. كۆنەككە كىرىپ بولغان بالىلار بىلەن ھەسەل ھەرىسى قىزلار پەرمانغا ۋارقىراۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ شوتىغا يامىشىشقا ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. بىراق، ئۇ يەردە يالغۇز قالغاچقا ياماشمايمۇ ئامالى يوق ئىدى. بالىلارنىڭ قايتا ـ قايتا تۇۋلاشلىرىدىن كېيىن پەرمان

كۆزىنى يۇمۇپ شوتىغا ياماشتى. بىراق، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ، شوتىمۇ توختىماي لەپەڭلەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ شوتىنىڭ يېرىمىغا چىقىپ بولغانىدى. باللار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ ۋارقىراۋاتاتتى، پەرمان كۆزىنى ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى.

پەرمان باللارنىڭ: «يارايسەن، ئاز قالدىڭ» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلاپ، كېلىپ قالغان ئوخشايمەن، دەپ كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، بېشى پۇررىدە قېيىپ، پۇت - قوللىرى تېخىمۇ تىترەپ، ئۆزىنى تاشلىۋەتكىلى تاس قالدى. كۆنەككە چىقىپ بولغان باللارمۇ پەرماندىن ئەنسىرەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. پەرمان ئەمدى شوتىنى چىڭ قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىغىنىچە بىر قەدەممۇ ئۆرلىمەي جىم تۇرۇۋالدى. باللارنىڭ: «ئاز قالدىڭ، يەنە ئازراق كۆچىۋەتسەڭلا بولىدۇ» دەپ ۋارقىراشلىرى قۇلىقىغا كىرمىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پەسكە چۈشۈپ كېتىشكىمۇ ماغدۇرى يەتمەيۋاتاتتى. توغلۇق پەرمانغا كۆپ گەپ قىلىپ ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن ھەرە قىزلارغا ئىلتىجا بىلەن قارىدى. پەرماننىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ تۇرغاچقا، شوتىدىن ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ھەرە قىزلار پىچىرلىشىپ بىرنېمىلەرنى دەۋالغاندىن كېيىن، بايا توغلۇقلارغا گەپ قىلغان ھەرە قىز كۆنەكتىن چىقىپ پەسكە قاراپ ئۇچتى. ئۇ پەرماننىڭ يېنىغا كېلىپ ۋارقىرىدى:

— قولىڭىزنى ئەكېلىڭ، تېز، قولىڭىزنى بېرىڭ!

ھەرە قىز پەرمانغا ۋارقىراپ تۇرسىمۇ، پەرمان ھۆكرەپ يىغلاپ شوتىدىن قولىنى ئاجراتمىدى. ئاخىر ھەرە قىز پەرماننىڭ كەينىدىن كېلىپ، پەرماننى قۇچاقلاپ تارتىپ كۆتۈردى.

باللار تېپىشماق كۆنىكىگە كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ بەكمۇ چىرايلىق، ئازادە ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ يەردىكى گۈل - گىياھلارنى، دەل - دەرەخلەرنى توغلۇقلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدى. يول بويلىرىدا قاتارلىشىپ تۇرغان گۈللەر

تۇغلۇقلارنى كۆرۈپ: «خۇش كەپسىلەر! خۇش كەپسىلەر!» دەپ يېقىملىققىنا سالام قىلاتتى. باشقا ھەرە قىزلار ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىش ئۈچۈن تاراپ كەتتى. پەرماننى قۇتقۇزۇۋالغان ھەرە قىز تۇغلۇقلارنى تېپىشماقچى ھەرە ئانىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ ماڭدى. باللارنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقىنى، ئۇلار بۇ كۆنەككە كىرگەندىن بېرى ئۇلارنىڭ پۇتى يەرگە تەگمەيتتى، خۇددى ھەرە قىزلاردەك يېنىك لەيلەپ كېتىۋاتاتتى.

ھەرە ئانا ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ھەسەل ۋە گۈلچاڭلىرىدىن قىلىنغان تۈرلۈك يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنى قويدى. باللار بۇ تاتلىق يېمەكلىكلەرگە تەرەپ ـ تەرەپتىن قول ئۇزارتقىلى تۇرغاندا، تۇغلۇق گېپىنى قىرىپ قويدى. چۈنكى، تۇغلۇق: «ئەگەر بىرەر قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قالساڭلار مەن گېپىمنى قىرىپ قويىمەن» دېگەنىدى. شۇڭا، باللار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەدەپ بىلەن يېدى. پەرماننىڭ كۆزلىرىدىكى ياش تېخى قۇرۇمىغانىدى. ئۇلار بىردەم چاي ـ پاي ئىچكەندىن كېيىن ھەرە ئانا ئېغىز ئاچتى:

— ھە، باللىرىم، بىزنىڭ كۆنەككە مېھمان بولۇپ كەلگىنىڭلاردىن بەك خۇشال بولدۇم. كۆنىكىمىزگە ئىلگىرى سىلەردەك باللار پات ـ پات كېلىپ تۇراتتى. يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتىغۇتاڭ؟ يېقىندا تۇغلۇق بىلەن قوتلۇقنى كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يولىغا شۇنچە قارىساق كەلمىدى، ئۇلار «باللار ئورمانلىقى»دىنلا كېتىپ قاپتۇ، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشقا باللار تۇغلۇق بىلەن قوتلۇققا قارىدى. تۇغلۇق ئۇلارغا دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، قوتلۇق، قانداق، بىز بۇ يەرگە بۇرۇن كېلىپ بولغان، دېگەندەك مەغرۇرانە قىياپەتتە باللارغا قاراپ قويدى. ھەرە ئانا باللارغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كۆنىكىمىزدىكى ئويۇنلار تېپىشتىن باشلىنىدۇ، شۇڭا

مەن بىر تېپىشماق دەيمەن، سىلەر تاپسىلەر، كىم تېپىشماقنى تاپالىسا، شۇ ئۆزى خالىغان ئويۇننى ئوينايدۇ، بولامدۇ؟
— بولىدۇ، — بالىلار خۇددى سىنىپتا ئوقۇتقۇچىسىغا جاۋاب بەرگەندەك تەكشى جاۋاب بەردى.
— ئەمىسە ئويۇنىمىزنى باشلىدۇق، — ھەرە ئانا شۇنداق دېگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى تېپىشماقنى ئېيتتى:

مۇشۇك كۆزلۈك بۇرۇتلۇق،
يۈرەر ھەريان ھۆركىرەپ.
دۆلىتى يوق بىر شاھ ئۇ،
يۈرەر ھەريان گۆش تىلەپ.
ئۆتەر كۈنى ھەسرەتتە،
خىلۇەتلەردە چىش بىلەپ.

بالىلار ئويلىنىپ بولغۇچە پەرمان جاۋاب بېرىپ بولدى.
— يولۋاس!
ھەرە ئانا پەرماندىن مەمنۇن بولۇپ ماختاپ قويدى.
— ھە، بۇ خېلى يامان ئىكەنغۇ، بايا شوتىغا يامىشالماي ئەجەب قورقۇنچاقلىق قىلىۋىدى.
بالىلار پاراقلاپ كۈلدى، بىراق قۇتلۇق قايىل بولمىغاندەك غودۇڭشىدى:
— ۋاي، مەنمۇ تېپىپ بولغان، بۇنداق ئاسان تېپىشماقنى كىم تاپالمايدۇ؟
پەرمان بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، تۇغلۇق يەنە گېلىنى قىرىپ قويدى.
— ھە، بۇ تېپىشماقنى پەرمان تاپتى، — دېدى ھەسەل ھەرىسى ئانا، — ئۇ ئۆزى خالىغان ئويۇندىن بىرنى ئويتىسا بولىدۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ، پەرمان خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

ھەسەل ھەرىسى ئانا ئىككىنچى تېپىشماقنى باشلىدى:

ئەركەك تۇرۇپ ئايالدەك،
شۇنداق ئۇزۇن چېچى بار.
ئايالنىڭ چېچى يوق،
ئورمانلىقتا ئىشى بار.
بەستى بەكمۇ ھەيۋەتلىك،
ئالماس كەبى چىشى بار.

بالىلار تېپىشماق تېپىشقا ئۇستا بولغاچقا تەڭلا جاۋاب بەردى.

— شىر!

ھەسەل ھەرىسى ئانا تېپىشماقنى پەرماندىن باشقا بەش بالىنىڭ تەڭ تاپقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، قۇتلۇقنىڭ مىجەزىنى بىلىپ قالغاچقا، قۇتلۇق تاپتى، دەپ خۇلاسە چىقاردى. بالىلار ھەسەل ھەرىسى ئانىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنى تازا بىلەلمەيۋاتاتتى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن تاپسام، بۇلارمۇ ماڭا ئەگىشىپ توۋلاپ، — دەپ قويدى قۇتلۇق ھاياجان بىلەن.

— سىزمۇ بىردەمدىن كېيىن خالىغان ئويۇنىڭىزنى ئوينىسىڭىز بولىدۇ، — ھەسەل ھەرىسى ئانا شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئۈچىنچى تېپىشماقنى ئېيتتى:

بەستى يوغان كالانپاي،
قىشتا ئۇخلار توختىماي.
ئامراق بەكمۇ ھەسەلگە،
...

— ئېيىق! بۇنى كىم بىلمەيدۇ، — قۇتلۇق ھەسەل ھەرىسى

ئانا تېپىشمىقنى ئېيتىپ بولغۇچە جاۋابىنى دەۋەتتى. ئەسلىي ئۇنىڭ ئەمدى تېپىشماق تېپىش ھوقۇقى يوق ئىدى. ھەسەل ھەرىسى ئانا ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراپ قويدى.



## ئۈچار گىلەم ۋە ئاي ئوردىسى

ھەرە ئانا يەنە بىرنەچچە تېپىشماقنى دېگەندى، بالىلار تېزلا تېپىۋالدى.

— ئەقىللىق باللار ئىكەنسىلەر، كۆنىكىمىزدە دۇنيادىكى ھەرقانداق ئويۇن ۋە ئويۇنچۇقلار بار، خالىغىنىڭلارنى ئويناڭلار، — ھەرە ئانا شۇنداق دەپ، ھەرە قىزغا بۇلارنى ئاچىقىپ ئوينىتىڭ دېگەندەك قاراپ قويدى. زېرەك ھەرە قىز باللارنى تالاغا ئاچىقتى.

— ئەمدى ئۆزۈڭلار خالىغان ئويۇننى ئويناڭلار. ئەگەر ئويۇن ئويناش جەريانىدا ئېزىپ قالساڭلار، بىر - بىرىڭلارنىڭ ئىسمىنى توۋلىساڭلارلا ئۆزئارا تېپىشالايسىلەر ياكى بىر - بىرىڭلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭلاردىن خەۋەردار بولالايسىلەر. ئەمىسە مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلاي، سىلەر تارتىنماي خالىغانچە ئويناڭلار، — ھەرە قىز شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار يالغۇز قالدى.

— ھەي باللار، سىلەر راست بارمۇ؟ — ئەزىمەت بولۇۋاتقان ئىشلارغا ئىشەنمەيۋاتقاندەك باللاردىن سورىدى.

— قانداق سوئال بولدى بۇ، ئالدىڭدا پارقىراپ تۇرساق، سىلەر بارمۇ دەيسەنغۇ؟ — دېدى قۇتلۇق.

— بۇ چۈشۈممىدۇ، ئوڭۇممىدۇ، پەقەت بىلەلمەيۋاتىمەن، — ئەزىمەت ئۆزىنى چىمدىپ بېقىپ ۋارقىراپ كەتتى، — ۋايجان، ئەجەب ئاغرىدا.

— چۈش كۆرۈۋاتمايسىلەر، گەپنى ئاز قىلىپ، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلار خالىغان ئويۇننى ئويناڭلار، — دېدى تۇغلۇق.

باللار قانداق ئويۇن ئوينىساق بولار، دەپ بىردەم تالاش -

تارتىش قىلغاندىن كېيىن، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئوينىماقچى بولۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئايرىلدى. قۇتلۇق تېپىشماق تېپىشتىن زېرىكىپ كەتكەچكە، ئويۇن ئويناشقا ئالدىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئويۇنغا ئالدىراپ بالىلاردىن ئايرىلىۋالغان بىلەن قانداق ئويۇن ئويناشنى تېخى ئويلىشىپ بولمىغانىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۇرۇۋاتقان يېرىنىڭ چۆچەك يۇلتۇز ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى.

«توغرا، چۆچەكتىكى ئويۇننى ئويناش كېرەك. تاپتىم، ئۇچار گىلەم. ئۇچار گىلەمدە ئولتۇرۇپ خالىغان يەردە ئۇچۇپ يۈرمەمدىمەن» قۇتلۇق شۇنداق خىيال قىلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنداق چىرايلىق، رەڭدار بىر خوتەن گىلىمى پەيدا بولدى. گىلەم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ يېيىلدى.

— قېنى، ئۈستۈمگە چىقىڭ. مەن سىزنىڭ دوستىڭىز ئۇچار گىلەم بولىمەن، — قۇتلۇق گىلەمنىڭ سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولۇپ، ئالدىراپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى، — سىزنى نەگە ئاپىراي ؟

— ئۆزۈڭ خالىغان يەرگە ئاپارغىن.

— مېنىڭ خالىغان يېرىم يوق، ئۆزىڭىز بىر يەرنى دەڭ.

— ئەمىسە مېنى ئاسماندىكى ئويۇنچى بالىلارنىڭ يېنىغا ئاپارغىن.

قۇتلۇق شۇنداق دېيىشىگىلا گىلەم ناھايىتى تېز كۆتۈرۈلدى. قۇتلۇق ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالغانىدى. ئۇ گىلەمدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەك گىلەمگە چاپلىشىپ يېتىۋالدى. گىلەم بەك تېز ئۇچقاچقا، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى.

— ھەي گىلەم، مېنى نەگە ئاپىرىسەن؟

— ئويۇن بار يەرگە.

— ھە، ئىشقىلىپ ئويۇن بار يەر بولسىلا بولدى، — قۇتلۇق ئەمدى گىلەمنىڭ ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇرسىمۇ



يىقىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ، پۈتلىرىنى ئالماپ ئولتۇردى.
ئۆزىنىڭ نەچچە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىدىن خۇشال
بولۇپ، ئەتراپقا مەمنۇن بولۇپ قاراپ قويدى. بىراق، ئەتراپتا
ئاپئاق بۇلۇت ۋە كۆپكۆك ئاسماندىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.
— ھەي، سەن مېنى قانداق يەرگە ئەكەلدىڭ، بۇ يەردە ھېچ
نەرسە يوققۇ؟
— ئالدىرىماڭ تېخى بىز ئوينايدىغان يەرگە كەلمىدۇق،
بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، — گىلەم شۇنداق دېگەندىن كېيىن،
ئاستا ـ ئاستا پەسلىدى.
— پەسلەۋاتىمىزغۇ؟
— شۇنداق، مەن سىزنى ھەسەن ـ ھۈسەن قوشماقلارنىڭ
يېنىغا ئاپىرىمەن. ئۇلار سىزگە ئۆمرىڭىزدە كۆرۈپ باقمىغان
ئويۇنلارنى ئوينىتىدۇ.
كۆپ ئۆتمەي، گىلەم گۈزەل بىر تاغ باغرىغا قوندى. قۇتلۇق
بۇ يەرنىڭ تاغ ياكى نۇرلۇق باغ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بۇ يەردە
ھەممىلا نەرسە چاقناپ، جۇلالاپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپىدا جۇلالىنىپ
تۇرغان نۇرلارغا قاراپ، خۇددى بايرام كېچىسىدىكى ساليۇتلۇق
ئاسمانغا قارىغاندەك تۇيغۇغا كەلدى.
— خۇش كەپسىز، دوستۇم.
— خۇش كەپسىز، دوستۇم.
بىر ـ بىرىگە ئوپمۇئوخشاش قوشماق بالا قۇتلۇقنى
كۈتۈۋالدى. قۇتلۇق ئادەتتە ئەدەپ بىلەن سالام قىلىشنى
بىلمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سالىمىنى قانداق ئىلىك
ئېلىشنىمۇ بىلمىدى. قۇتلۇق نۇرانە يەرگە قەدەم قويۇشى بىلەنلا
ئۇچار گىلەم غايىب بولدى. قۇتلۇق شۇئان ۋارقىراپ كەتتى:
— ھەي گىلەم، يوقاپ كەتسەڭ بولمايتتى، مەن قانداق
كېتىمەن؟
— غەم قىلماڭ، ئۇ يوقاپ كەتمەيدۇ، — ھەسەن ـ ھۈسەن

قۇتلۇق بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— قۇتلۇق، سىز بىزنى كۆرگەنمۇ؟ — ھەسەن ـ ھۈسەن قۇتلۇقتىن سورىدى.

— ھە، كۆرگەن، كۆرگەن، سىلەر يامغۇردىن كېيىن ئاسماندا پەيدا بولىسىلەرغۇ، باشقا چاغدا سىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

— بىز داۋاملىق بار، بىراق سىلەرگە پەقەت يامغۇردىن كېيىنلا كۆرۈنىمىز.

— شۇ... — قۇتلۇق بېشىنى قاشلىدى، — مەن بۇ يەرگە ئويناپمەن دەپ كەلگەن، سىلەر مېنى ئويناتساڭلار بولاتتى.

— ئالدىرىماڭ، بىز سىزنى قانغۇدەك ئوينىتىمىز، ئالدى بىلەن ئاي ئانا بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ.

— نېمە دەيدىغانسىلەر، ئۇنىڭ بىلەن قانداق كۆرۈشكىلى بولىدۇ. ئۇ دېگەن ئاسماندا تۇرسا...

— قۇتلۇق، ئۆزىڭىزنىڭ نەدە تۇرغانلىقىڭىزنى بىلەلمەيۋاتامسىز ياكى قەستەن چاقچاق قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ھەسەن ـ ھۈسەن. قۇتلۇق جاۋاب بەرمىدى.

— ئالدى بىلەن تولۇن ئاي بىلەن كۆرۈشەيلى، — ھەسەن ـ ھۈسەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قۇتلۇقمۇ ئۇچار گىلەم بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار يەنە نەچچە قات بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ توختىماي ئۆرلىدى. ھەسەن ـ ھۈسەن قاناتىسىز تۇرۇپ، ئۇچار گىلەم بىلەن تەڭ ئۇچۇپ ئۆرلەۋاتاتتى. ئۇلار خېلى ئۇزاق ئۇچقاندىن كېيىن بۇلۇت بىنا، بۇلۇت دەرەخلەر بىلەن ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ تۇرغان بىر مەھەللىگە قوندى. ئۇلار ئاپئاق بۇلۇت كوچىلارنى ئايلىنىپ، ھەيۋەتلىك بىر بۇلۇت بىنانىڭ ئالدىغا كەلدى.

بىنانىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا «ئاي ئوردىسى» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى. ھەسەن ـ ھۈسەن قۇتلۇققا تونۇشتۇردى:

— بىز ھازىر ئاي ئوردىسىغا كەلدۇق، بۇ يەردە ئەدەپ - قائىدىلىك بولايلى، بىراق ئاي ئانىدىن سورايدىغان سوئال بولسا سوراۋېرەيلى، بولۇپمۇ سىزنىڭ بۇ يەرگە تۇنجى قېتىم كېلىشىڭىز، شۇڭا سورايدىغانلا گەپ بولسا سوريۋېلىڭ.

قۇتلۇق بۇ يەردىكى خاسىيەتلەرنى كۆرۈپ مۇلايىملىشىپ قالغانىدى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ ئۈستى تەرىپى نۇرلانغاندەك بولۇپ، يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— باللىرىم، سىلەر مېنى يوقلاپ كەلگەنمۇ؟

— شۇنداق، ئاي ئانا، تېخى بىز بىر مېھماننى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى ئەكەلدۇق.

— شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى نۇر تېخىمۇ چاقناپ كەتتى.

— ھەي، ماڭا تونۇش بالا ئىكەنغۇ بۇ، كىرىڭلار، — ئاي ئانىنىڭ گېپىدىن كېيىن ئاي ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسى نۇرلىنىپ، بەكمۇ يېنىك ئېچىلدى. ئۇلار رەڭگارەڭ نۇر ئېچىدىكى ئاي ئوردىسىغا كىردى، ئاندىن نۇرلۇق يول بىلەن چاقناپ تۇرغان كارىدورلاردىن ئۆتۈپ، ئاي ئانىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا شۇنداق چىرايلىق بىر ئايال تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن نۇر چاقناپ، مېھرىبانلىق يېغىپ تۇراتتى. دەسلەپتە قۇتلۇق تالادا قالغان ئۇچار گىلەمنى يوقاپ كېتەرمۇ دېگەن غەم بىلەن ئاي ئانىغا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى، مانا ئەمدى ئاي ئانىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئاسماندىكى ئايغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. «ھەي، بۇ قانداقمۇ ئاسماندىكى ئاي بولسۇن، بۇ خۇددى موماغا ئوخشايدىغان يېقىملىق موماي ئىكەنغۇ» قۇتلۇق شۇنداق ئويلاپ، ھەسەن - ھۈسەننىڭ گېپى بويىچە ئۇنىڭدىن سوئال سوراشنى باشلىۋەتتى:

— موما، سىز بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاسماندا كۆرۈنىدىغان

ئاي شۇمۇ؟

— شۇنداق، بالام، مەن يالغۇز سېنىڭ مەھەللەڭدىلا ئەمەس، ھەممە بالىلارنىڭ مەھەللىسىدە بار.

— ئۇنداق بولسا سىز تولۇن ئايمۇ، ھىلال ئايمۇ؟

— مەن ھەر ئىككىلىسى، سىلەرگە بەزىدە ھىلال، بەزىدە تولۇن بولۇپ كۆرۈنىمەن.

— سىزنى بەزىدە ئاسماندا كۆرمەيمىز، شۇ چاغدا نەگە كېتىسىز؟

— مۇشۇ ئۇردامدا ئارام ئالىمەن.

— سىز نېمىشقا كۈندۈزى يوق؟ — ھەسەن - ھۈسەن قۇتلۇقنىڭ قۇمدەك سوئال سورايدىغانلىقىنى بىلىپ، چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتتى.

— نېمە بولدى، نېمىشقا چاپىنىمنىڭ پېشىنى تارتىسىلەر؟ — قۇتلۇق يەنە بۇرۇنقى مىجەزى بويىچە قوپاللىق قىلدى. ھەسەن - ھۈسەن ئۇنى بىر چەتكە تارتتى.

— سىز بۇ يەرگە ئوينايمەن دەپ كەلگەنىغۇ، شۇڭا بەزى سوئاللارنى سورىماڭ.

— ئۆزۈڭلار قانچە كۆپ سوئال سورىساڭ شۇنچە ياخشى دەۋاتامتىڭلار، ئەمدى سورىسام سىلەرگە نېمە دەز كەتتى، — دېدى قۇتلۇق قوپاللىق قىلىپ. ئاي ئانىمۇ ئۇنى مېھمان دەپ ئاڭلىماسلىققا سالدى.

— سوئال سورىسىڭىز بولىدۇ، بىراق ھەممە ئادەم بىلىدىغان شۇنداق ئاددىي سوئالنى سورامسىز، سىز شۇنچىلىك نەرسىلەرنىمۇ بىلمەمسىز؟

— سىلەر بەك بىلىدىغان ئوخشىمامسىلەر، گەپ قىلمىسام مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭلار؟ — قۇتلۇق ئۆزىنىڭ قانداق شارائىتتا تورۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ھەسەن - ھۈسەنگە قوپاللىق قىلدى، — سىلەر تېخى ئاسماندىكى ھەسەن - ھۈسەنمۇ؟ سىلەر

كىمنى ئالدايسىلەر، هازىر مەن سۆزلەشكەن ماۋۇ قېرى ئايالنى ئاسماندىكى ئاي دېسەڭلار كىم ئىشىنىدۇ، ئۇمۇ ئاسماندىكى ئاي ئەمەس، سىلەرمۇ ھەسەن ـ ھۈسەن ئەمەس، گەپ قىلمىسام، مېنى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىكەن دەپ قالماڭلار، سىلەر چوقۇم يەردىن قېچىپ ئاسمانغا چىقىۋالغان ئالۋاستىلار.

— ئەدەپلىك كىرەك بولۇڭ، بىز سىزنى شۇنداق ھۆرمەت قىلىۋاتساق، ئېمىلەرنى دەپ يۈرۈيسىز؟

— سىلەرنىڭ مېنى ئالدىغىنىڭلار مېنى ھۆرمەت قىلغىنىڭلارمۇ؟ — قۇتلۇق مەھەللىدە ئۇششۇقلۇق قىلغاندەك رەسمىي ئۇششۇقلۇق قىلغىلى تۇردى.

— بىز سىزنى نېمىدەپ ئالداپتۇق؟

— سىلەر... — قۇتلۇق شۇنداق دېيىشىگە پۈتۈن يەر ـ جاھان گۈلدۈرلىدى. ئەتراپتا چاقناپ تۇرغان نۇرلار غايىب بولدى، ھەسەن ـ ھۈسەن ۋە ئاي ئانىنىڭمۇ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. قۇتلۇق قورقۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. گۈلدۈرماما توختىماي گۈلدۈرلەۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇقتا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئارىلىقتىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن چاقماق چېقىپ، ھەممە يەر بىر يورۇپ ئۆچتى، ئاندىن ئەتراپ سۇس يورۇدى. قۇتلۇق ئۆزىنىڭ ئاي ئوردىسىدا ياكى باشقا يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قارا تۇمانغا ئوخشايدىغان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بىر مەخلۇق پەيدا بولدى. ئۇنى كۆرۈپ قۇتلۇقنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى.

# قۇتلۇق قايتىپ كەلدى

— قۇتلۇق دېگەن سەنمۇ؟ — بايىقى مەخلۇقنىڭ كۆزىدىن چاقماق چاققاندەك بىر نۇر چاقناپ ئۆچتى. قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى.

— ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، قۇتلۇق دېگەن سەنمۇ، ئەمەسمۇ؟ نېمانداق تىلىنى چاينىۋالغان ئادەمدەك گەپ قىلالمايسەن، — ئاۋاز گۇلدۇرمامىدەك كۈچلۈك ئىدى.

— مەن قۇتلۇق، سەن كىمۇ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا، گېپىنىڭ يوغانلىقىنى بۇنىڭ، مېنى سەنلەۋاتامسەن؟

— سەنمۇ مېنى سەنلىدىڭغۇ؟

— سەن دېگەن كىچىك، مەن دېگەن بوۋاڭنىڭ بوۋىسىدىنمۇ چوڭ.

— مېنى كىم كىچىك دەيدىكەن، مەنمۇ چوڭغۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا، — گۇلدۇرمامىدەك كۈلكە ساداسى قۇتلۇقنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كەتتى، — راست گېپىڭنى قىل، سەن كىچىك بالىمۇ، چوڭ ئادەممۇ، راست گېپىڭنى قىل، بولمىسا...

— مەن چوڭغۇ.

— مۇشۇ گېپىڭ راست ـ ھە.

— راست.

— چوڭ ئادەم بولساڭ مەن بىلەن ماڭ، بۈگۈندىن باشلاپ مەن قىل دېگەن ئىشنى قىلىسەن، ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلالمىساڭ، مەن سېنى ئىس ـ تۈتەككە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن.

قۇتلۇق ئالدىدا گۈلدۈرلەپ سۆزلەۋاتقان مەخلۇقنىڭ گۈلدۈرماما ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرى چۆچەك يۇلتۇز بولغاچقا، بۇنداق ئىشلارغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇتلۇق بۇنداق ئىشلارغا پەرۋا قىلمايدىغان، قورقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، يەنە كېلىپ ھازىر ئۆزىنىڭ تېپىشماق كۆڭلىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ ھازىر تۇغلۇق، ئادىل، ئەزىمەت، ئىشقىلىپ دوستلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ ئىسمىنى توۋلىسا، ئۆزىنى ئۇنىڭ يېنىدا كۆرەتتى. بىراق، ئۇنىڭ ئالدىراپ بۇ يەردىن كەتكۈسى كەلمىدى.

— ھەي، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، ماڭ دەيمەن، — گۈلدۈرماما كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ يەنە بىر قېتىم توۋلىغاندىن كېيىن، قۇتلۇق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. راست دېگەندەك ئۇلار بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئىكەندۇق، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقتى، تالا يەنىلا شۇنداق نۇرلۇق، يورۇق ئىدى. قاراڭغۇلۇقتىن چىققاچقا قۇتلۇقنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى. قۇتلۇق ئەتراپىغا قاراپ بولغۇچە گۈلدۈرماما ئۇنى قولتۇقىغا قىسىپلا ئۇچتى. سوغۇق ھاۋا قۇتلۇقنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇلار تاغ چوققىسىنىڭ باغرىدىكى بىر كۆلنىڭ يېنىغا قوندى. كۆل ھەقىقەتەن چوڭ ۋە پايانسىز ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ ماۋۇ كۆلنى؟ — سورىدى گۈلدۈرماما قۇتلۇقتىن.

— ھەئە، كۆرسەم نېمە بوپتۇ؟

— سەن چوڭ ئادەم بولغاندىكىن، مۇشۇ يەردە ئىشلەيسەن، — دېدى گۈلدۈرماما. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇتلۇقنىڭ ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىش بىلەن پەقەت خۇشى يوق ئىدى.

— مەن بۇ يەرگە ئويناي دەپ كەلگەن، ئىشلەيمەن دەپ كەلمىگەن.

— ئويۇندىن ساڭا نېمە چىقىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن

ئۆزۈڭنى چوڭ ئادەم دېدىڭغۇ، چوڭ ئادەم دېگەن ئويىنىمايدۇ، ئىشلەيدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ سەن يەرگە يامغۇر ياغدۇرۇشقا مەسئۇل، ھازىردىن باشلاپ مۇشۇ كۆلدىكى سۇنى توختىماي ئاسمانغا چاچىسەن. مەھەللىدىكى كۆلدىمۇ باللار بىلەن «ئۇنچىمۇ، مونچاق؟» ئويۇننى ئوينايتتىڭغۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاسمانغا توختىماي سۇ چاچىسەن، بىراق توختاپلا قالساڭ، كۆلنىڭ سۈيى سېنى غەرق قىلىدۇ. خوش، مەن كەتتىم، — گۈلدۈرماما شۇنداق بىر گۈلدۈرلەپ قويۇپ يوقاپ كەتتى.

قۇتلۇققا كۆل بويىدا سۇ چېچىش خۇشياقمىدى، شۇڭا غودۇڭشىدى:

— قانداق ئاداش بۇ؟ يەرگە يامغۇر ياغدۇرۇشقا مەسئۇل سەن دەيدۇ، ئۆزى قىلىدىغان ئىشنى ماڭا ئارتىپ قويماقچىمىكەن؟ كۆلنىڭ سۈيىنى توختىماي ئاسمانغا چېچىپ تۇرسام، يامغۇر ياغارمىش، يامغۇر يېغىش، ياغماسلىقى بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم.

بىراق، شۇ چاغدا كۆلنىڭ سۈيى تام بويى ئۆرلەپ، قۇتلۇق تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.ئەگەر قۇتلۇق ئاسمانغا سۇ چاچمىسا، ئۆزى سۇغا غەرق بولۇپ كېتەتتى، ئۇ كۆل سۈيىنى ئاسمانغا چېچىشقا مەجبۇر بولدى. كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان سۇمۇ كەينىگە ياندى، كۆل يۈزى ئەسلىگە كەلدى. بىراق، قۇتلۇق سۇ چېچىشنى توختاتسىلا، سۇ يەنە شۇنداق يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. شۇڭا، قۇتلۇق سۇ چېچىشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىدى. راست گەپنى قىلساق، ئۇنىڭ توختاتقۇسى بولسىمۇ توختىتالمىدى.

قۇتلۇقنىڭ ئەنە شۇنداق ئاسمانغا قارىتىپ سۇ چېچىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى. ئۇنىڭ قولى مۇزلاپ، بىلەكلىرى چارچاپ كەتتى. ئەسلىي قۇتلۇق مەھەللىدە مۇشۇنداق سۇ چېچىشىپ ئويناشقا ئامراق ئىدى، بىراق بۈگۈن بۇ ئويۇندىن بىزار بولۇپ كەتتى. ئۇ سۇنى ئىككى قولىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ چېچىۋاتقان بولسىمۇ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكىلى تۇردى. سۇ چېچىشنى

توختىماي دېسە، ئۆزىنىڭ سۇغا غەرق بولۇشىدىن قورقتى. ئۇنىڭ ئاسمانغا چاچقان بىر تامچە سۈيىمۇ نەچچە توپ قارا بۇلۇتقا ئايلىنىپ، زېمىنغا قاراپ چاپماقتا ئىدى. دېمەك، قۇتلۇق يامغۇر ياغدۇرۇۋاتاتتى. قۇتلۇقنىڭ قۇلىقىغا :

— قۇتلۇق، بولدى قىل، يامغۇر ياغدۇرىۋەرمە، ھەممە يەرنى كەلكۈن بېسىپ كەتتى. سەن ئاسمانغا چىقىۋېلىپ نېمانداق ئەسكىلىك قىلىسەن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەمدى قۇتلۇقنىڭ پەقەت ماغدۇرى قالمىدى. قۇلاق تۈۋىدە زېمىندىن كەلگەن بايىقى ئاۋاز ياڭرايتتى. ئۇ بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، دەپ ئۆزىنى تاشلىۋىدى، كۆل سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ سۇ ئاستىدا قالىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. قورقۇپ كەتكەن قۇتلۇق ۋارقىرىۋەتتى:

— ئۇچار گىلەم ! مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن !

ئۇ ئۆزىنى ئۇچار گىلەمنىڭ ئۈستىدە — دولقۇنلاپ ئۆرلەۋاتقان كۆلنىڭ ئۈستىدە كۆردى.

— ھا - ھا - ھا، — قۇتلۇق خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئاستىدا ئۆرلەپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارغا قاراپ مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي، بايا شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن كۆل سۈيى ئاستا - ئاستا پەسلەپ، بۇرۇنقى تىنچ ھالىتىگە كەلدى. ئۇچار گىلەم ئاسماندا بىردەم پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن، قۇتلۇقنى تېخىمۇ ئېگىزگە ئېلىپ ئۇچتى. ئۇ ئەسلىدە ئۇچار گىلەمگە رەھمەت ئېيتماقچى بولغانىدى، بىراق ئەدەپ سۆزلىرىنى قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. ئۇچار گىلەمنىڭ ئۆزىنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ھەققىدىمۇ سورىيالمىدى. ئۇچار گىلەم ئۇنى يەنە ھەسەن - ھۈسەننىڭ يېنىغا ئەكەلدى. قۇتلۇقنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە نۇرلىنىپ تۇرغان ماكان بىلەن ھەسەن - ھۈسەن پەيدا بولدى.

— ھەي قۇتلۇق، بايا ئاي ئوردىسىدا تويۇقسىز يوقاپ كەتتىڭىزغۇ، سىزنىڭ نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى بىلەلمەي قالدۇق.

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، تۇيۇقسىزلا قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە گۇلدۇرمامىنىڭ سوئال ـ سورىقىغا قالدىم. ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان ئىشنى قىلىسەن، دەپ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى.

— ۋۇي، گۇلدۇرماما ئەسلىدە ئەدەپلىك بالىلارغا چېقىلمايتتىغۇ، — ھەسەن ـ ھۈسەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قۇتلۇققا قارىدى، — قارىغاندا بەزى ئەدەپسىز قىلىقلىرىڭىزمۇ بار ئوخشايدۇ ـ دە، بولمىسا گۇلدۇرماما سىزگە ھەرگىز چېقىلمايتتى.

قۇتلۇق شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بەزىبىر ئەدەپسىزلىكلىرىنى ئويلىدى: ئادەتتە ئۆزىنىڭكىنى راست دەپ باشقىلار بىلەن تاكاللىشىشقا ئامراق؛ ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن جېدەللىشىپ، يوق ئىشلار ئۈچۈن غودۇڭشىپ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلمايدۇ. شۇڭا، گۇلدۇرماما ئۇنى جازالىغانىدى. ئۇ ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق بالا بولغان بولسا، بۇ يەردە ئۆزى ئويلاپمۇ باقمىغان ئويۇنلارنى ئوينىغان بولاتتى. ئۇ گەرچە ئۇچار گىلەم بىلەن ئۇچۇپ، ھەسەن ـ ھۈسەن، ئاي بىلەن كۆرۈشكەن بولسىمۇ، گۇلدۇرماما ئۇنى ئوبدانلا جازالىدى، ھەتتا سۇغا غەرق بولغىلى تاس قالدى. قۇتلۇق مانا شۇلارنى ئويلاپ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى.

— مېنى ئوبدان كۈتكىنىڭلارغا رەھمەت، مەن ئەمدى قايتاي، — قۇتلۇق ھەسەن ـ ھۈسەن بىلەن خوشلاشتى.

— بۇنداقلا كەتسىڭىز بولمايدۇ، سىز تېخى ھېچقانداق ئويۇن ئوينىمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ھەسەن ـ ھۈسەن قۇتلۇقتىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك.

— راست گەپنى قىلسام، ئويۇن ئوينىغۇم بار، بىراق بۇ يەردە تۇزۇك ئويۇن يوق ئىكەنغۇ، ئويۇن بولمىسا نېمىنى ئوينايمىز؟ — قۇتلۇق ئادىتى بويىچە قوپاللىراق سۆزلەپ سېلىپ، دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — بولدى، سىلەرنى ئاۋارە قىلماي، ئەمدى قايتمىسام دوستلىرىم ئىزدەپ قالىدۇ.

— ياق، بىز سىزنى بىر قېتىم بولسىمۇ ئويىناتمىساق بولمايدۇ، قېنى دەڭە، سىز قانداق ئويۇنغا ئامراق؟ سىزگە شۇنداق ئويۇننى پەيدا قىلىپ بېرەيلى.

— مەن قىشتا چانا تېيىلىشقا ئامراق ئىدىم. بىراق، بۇ يەردە ئۇنداق ئويۇن ئويناش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ، — دېدى قۇتلۇق بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇنداق ئويۇننى ئويناشقا ئىشەنچى يوق ئىدى.

— ئەمىسە كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ، ئەمدى ئېچىڭ!

قۇتلۇق كۆزىنى ئاچتى. ھەسەن ـ ھۈسەن ياي شەكىللىك دۆڭگە ئايلانغانىدى. ئەنە شۇنداق نۇرلۇق دۆڭدە قۇتلۇق شۇنداق تېز سىيرىلىۋاتاتتى. قۇتلۇق گويا قارلىق دۆڭدىن سىيرىلىپ چۇشكەندەك ئويناۋاتاتتى، بۇ يەر قارلىق دۆڭدىن نەچچە ھەسسە راھەت ھەم تېز ئىدى. ئۇ ياي شەكىللىك ھەسەن ـ ھۈسەننى بويلاپ پەسكە سىيرىلىپ چۇشۇۋاتاتتى.

تۇغلۇقلار ئۆزلىرى خالىغان نۇرلۇك ئويۇنلارنى ئويناپ بولۇپ، ھەسەل ھەرىسى گۇلزارلىقىغا كېلىپ بولغانىدى. ئارىدا پەقەت قۇتلۇقلا يوق ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئويىنىغان ئويۇنلار ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى. بۇنداق ئىشلارنى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئادىل، ئەزىمەت، پەرمان، مەردانلار بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارغا تېخىچە ئىشەنمەي چۇشەكەپ قالغان ئادەمدەك يۈرەتتى. ئەنە شۇ چاغدا، ئاسماندا ئادەتتىكى ھەسەن ـ ھۈسەنلەردىن نۇرلۇق ھەسەن ـ ھۈسەن پەيدا بولدى. يامغۇرمۇ ياغماي تۇرۇپ، ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ پەيدا بولۇشى بالىلارنى قىزىقتۇردى.

— قاراڭلار، ھەسەن ـ ھۈسەن، — ئەزىمەت شۇنداق دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بالىلار ئاسمانغا قارىدى. ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ ئۈستىدە سىيرىلىپ چۇشۇۋاتقان قۇتلۇقمۇ ئېنىق كۆرۈندى. پەرمان ۋارقىرىۋەتتى:

— كۆردۈڭلارمۇ، ئەنە قۇتلۇق، قۇتلۇق ئىكەن.

باشقا باللار تۇرماق، تۇغلۇقمۇ ھەيران قالدى. قۇتلۇق بەكمۇ خۇشال ھالدا ھەسەن - ھۈسەنىنىڭ ئۈستىدە سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق ئويۇن ئويناپ باقمىغان بولغاچقا، خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەندى. قۇتلۇق غۇيۇلداپ سىيرىلغىنىچە باللارنىڭ ئالدىغا چۈشتى، ئۇ يەرگە چۈشۈش بىلەن تەڭ، ھەسەن - ھۈسەن غايىب بولدى. باللار خۇشاللىقىدىن قۇتلۇقنى تەبرىكلەپ كەتتى.

— ئەمدى كېتەيلى باللار، ئاتا - ئانىمىز ئىزدەپ قالمىسۇن، — دېدى مەردان ئۆيىنى سېغىنىپ.

— كەتسەكمۇ ھەسەل ھەرىسى قىزلار بىلەن خوشلىشىپ ماڭارمىز، — دېدى تۇغلۇق سەمىمىيلىك بىلەن. شۇ چاغدا، ھەسەل ھەرىسى قىزلار ئۇلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.



# مۇسابىقىگە قاتنىششتىن بۇرۇن

ھەسەل ھەرىسى قىزلار كەلگەندە، بالىلار ئۆزلىرى ئوينىغان تۇرلۇك ئويۇنلار ھەققىدە ماختىنىپ سۆزلەپ كەتتى. تۇغلۇق بۇنداق ئويۇنلارنى كۆپ ئويناپ كەتكەچكىمۇ بىر چەتتە گەپ قىلماي تۇراتتى.

— مەن پۇتبول مۇسابىقىسىگە چۈشۈپ كەلدىم. بىردەمدىلا ئۈچ توپ كىرگۈزۈۋەتتىم، — دېدى بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئاز گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئادىل ماختىنىپ تۇرۇپ.

— ماڭە ۋاي، ئۆزۈڭ يالغۇز كېتىپ، نەدىكى پۇتبول مۇسابىقىسى ئىكەن ئۇ، — ئەزىمەت ئادىلنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئېغىزىنى پۇرۇشتۇردى، — مانا مەن ئات مىنىپ كەلدىم. ئات مىنەي دەپ شۇنداق خىيال قىلىشىم بىلەن، ئالدىمدا تۇلپاردەك بىر ئاق بوز ئات پەيدا بولدى. ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ كارامەت، چاپچىپ تۇرىدىغان شاش ئات ئىكەن. قانداق مىنەرمەن دەپ تۇرسام، ئات ئالدىمغىلا كېلىپ ئۆزى يېتىپ بەردى. شۇنداق مىنىشىم بىلەن، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بىر كىشنىۋەتكەندىن كېيىن بىر چاپتىكى...

مەھەللىدە نېمە دېسە ئادىلنىڭ ئاغزىغا قارايدىغان ئەزىمەتنىڭمۇ ئۇنى كۆزگە ئىلمىغاندەك گەپ قىلىۋاتقانلىقى ئادىلنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى. شۇڭا، ئۇ ئەزىمەتنى سىلكىشلىدى:

— گەپ قىلمىسام، تولا پو ئاتماي، ماۋۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىغىنا، ئەمدى مەھەللىگە بارمايدىغاندەك ئەجەب سۆزلەپ كەتتىڭغۇ؟ بۇ يەردە شۇنداق چىرايلىق پۇتبول مەيدانى بار



ئىكەنكى، ياپيېشىل چىملىق خۇددى...

قۇتلۇق ئادىلنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ ھەي، باللار، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئويۇنىنى ئويناپ كەلگىنىمىز راست، ئۇنى مەھەللىگە بارغاندا دېيىشىۋالساقمۇ بولىدۇ. ھازىر ماۋۇ ھەسەل ھەرىسى قىزلار بىلەن خوشلىشىپ، قايتىدىغانىنىڭ ئىشىنى قىلايلى.

قۇتلۇق ئادەتتە بۇنداق مۇلايىم گەپ قىلمايتتى. بۇ قېتىمقى ئويۇن ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن تەسىر قىلغانىدى. تۇغلۇق ئۇكىسىنىڭ ئورۇنلۇق گەپ قىلغانلىقىدىن خۇشال بولدى. پەرمان ۋە مەردانلارمۇ ئۆزلىرى ئوينىغان ئويۇنلار ھەققىدە سۆزلىمەكچىدى، قۇتلۇقنىڭ گېپى بىلەن توختاپ قالدى. باللار تەڭلا تۇغلۇققا قارىدى، چۈنكى ئۇلار تۇغلۇقنىڭ ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن گەپ قىلىشىنى مۇۋاپىق كۆرەتتى.

ــ ھەسەل ھەرىسى قىزلار، باللار خالىغان ئويۇنلىرىنى ئويناپ بولدى، ــ دېدى تۇغلۇق، ــ ئەمدى قايتمىساق ئاتا ـ ئانىمىز ئەنسىرەپ قالىدۇ، شۇڭا بىزنى يولغا سېلىپ قويساڭلار.

بىزنى ئوبدان كۈتۈۋالغىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

— بىزغۇ سىلەرنى ئۆزىتىپ قويايلى دېگەن، بىراق...

شۇ چاغدا، گۈلزارلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن بىر توپ ھەسەل ھەرىسى قىزلارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تېز بولۇڭلار، ھەسەل ئوغرىسىنى تۇتۇۋالدۇق، تېز باغلاڭلار!

بىر توپ ھەسەل ھەرىسى قىزلار بىر ئېيىقنى ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ تۇتۇپ كەلدى. ئېيىق بېشىنى ساڭگىلىتىپ، ئاران مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. بالىلار كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. بۇ تۇغلۇقلارنى مۇشۇ گۈلزارلىققا باشلاپ كەلگەن، ئۇلارنى ئالۋاستىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى ئېيىق ئىدى. ئېيىق تۇغلۇقلارنى كۆرۈپ خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىۋالدى.

— بۇ ئېيىق ھەرگىز ئوغرىلىق قىلمايدۇ، سىلەر خاتا تۇتۇپ قالغان ئوخشايسىلەر، — تۇغلۇقنىڭ ئېيىققا ھۆرمىتى بولغاچقا شۇنداق دەپ ۋارقىراپ كەتتى. باشقا بالىلارمۇ ئېيىقنى ئاقلاپ، چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىراق، ئېيىق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، يەنىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى.

— سىلەر بۇ ئوغرى ئېيىقنى تونۇيدىغاندەك گەپ قىلىسىلەرغۇ! — ھەسەل ھەرىسى قىز تۇغلۇققا قارىدى.

— ئۇ بىزنى ئالۋاستىلاردىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئاق كۆڭۈل ئېيىق ئىدى. مەنچە ئۇ ئوغرىلىق قىلمايدۇ...

— ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغان - قىلمىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراڭلار! ئۇنىڭغا بوھتان چاپلاۋاتقىنىمىز يوق، — ھەسەل ھەرىسى قىز ئېيىققا قاراپ قويدى.

— سىز راست ئوغرىلىق قىلغانمۇ؟ — تۇغلۇق ئېيىقتىن سورىدى.

— ئەمدى... ئەمدى... مەن سىلەرگە راست گەپ قىلاي، مەن سىلەرنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەن، چۈنكى سىلەرگە ھاجىتىم چۈشۈپ قالغانىدى. مەن سىلەرنى بۇ گۈلزارلىقنىڭ ھەممە

يېرىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم، بىراق كېتەي دېسەم، ھەممىلا يەردىن سىلەرنىڭ ھىدىڭلار پۇراپ تۇراتتى. سىلەر كەتكەندىن كېيىن بېشىمغا تالاي ئاپەت كەلدى، — ئېيىقنىڭ ئالۋاستىلار ئالدىدىكى قەيسەرلىكى يوقاپ، بىچارىلەرچە شۈمشىيىپ تۇراتتى. تۇغلۇقلار بۇ ئېيىق بىلەن دوست بولۇپ قالغاچقا، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى ھەم ھېسداشلىقى قوزغالدى.

— ئېيىقنى بوشىتىۋېتىڭلار! — دېدى تۇغلۇق دەرھال. ھەسەل ھەرىسى قىزلار ئېيىقنى بوشىتىۋەتتى. ئېيىق خىجىل بولۇپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن... مەن... سىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ قورسىقىم ئېچىپ قالغاچقا، ئالدىمغا ئۇچرىغان بىر قاپ ھەسەلنى يەپ ساپتىمەن. ئازراق يەي دېگەنىدىم، بىراق يېسەم - يېسەم ئاغزىمغا تېتىپ يەۋېرىپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام... بۇلار... — ئېيىق گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي قالدى.

— بايا سىز چوڭ تالاپەتكە ئۇچرىدىم دەۋاتاتتىڭىز.

— مەنمۇ سىلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەن... ھەي، نېمە دېسەم بولار، مەن ئادەملەرنى ئۆزۈمگە دوست دەپ ئويلايتتىم، بىراق ئۇلار تاغامنى تۇتۇپ كەتكەننى ئاز دەپ، ئىككى ئوماق بالامنىمۇ تۇتۇپ كەتتى. مەن بالىلىرىمنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم، شۇڭا سىلەردىن ياردەم سوراپ كەلگەنىدىم. سىلەر ئاشۇ بالىلىرىم بىلەن تاغامنى قۇتقۇزۇپ بەرسەڭلەر، مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولغان بولاتتىم، — ئېيىق گېپىنى تۈگىتىپ ھۆڭگۈرەپ يىغلىۋەتتى. ئېيىقنىڭ بۇنداق يىغلىشى تۇغلۇقلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى. ئېيىق بىلەن ئانچە خۇشى يوق ھەرە قىزلارمۇ ئېيىققا ھېسداشلىق قىلدى.

— بىز بالىلىرىڭىزنى چوقۇم قۇتقۇزىمىز، سىز يىغلىماڭ، — ئەزىمەت ھاياجانلىنىپ ئالدى - كەينىنى ئويلىمايلا سۆزلەپ قويدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېيىق خۇشاللىقىدىن خۇددى كىچىك

بالىدەك سەكرەپ كەتتى. تۇغلۇق ئەزىمەتنىڭ ئالدىراپ ۋەدە بېرىپ قويغانلىقىدىن بىئارام بولدى. ئېيىقنىڭ بۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا، بىز سىزنىڭ تاغىڭىز بىلەن بالىلىرىڭىزنى قۇتقۇزالمايمىز، دېيىشكە جۇرئەت قىلالمىدى. ئېيىق تېخىچىلا سەكرەپ ئۆزىنى توختىتالمايۋاتاتتى.

— ھەي، ئويلاشمايلا گەپ قىلىپ قويدۇڭ، ئۇنىڭ تاغىسى ۋە ئىككى بالىسىنى قانداق قۇتقۇزىمىز؟ قىلالمايدىغان ئىشقا ئالدىراپ ۋەدە بەرمەيدىغان ئىش ئىدى، — دېدى تۇغلۇق ئەزىمەتكە. ئەزىمەتمۇ ئالدىراپ بېرىپ قويغان ۋەدىسىدىن خىجىل بولۇپ تىرىنىقىنى تاتىلىدى. شۇ چاغدا ئادىل گەپكە ئارىلاشتى:

— ئەزىمەتنىڭ سۆزى ھەممىمىزنىڭ يۈرەك سۆزى، — دېدى ئۇ تۇغلۇققا، — سەن دەپ باقە، بىز ئېيىققا ياردەم قىلالامدۇق؟ بۇنىڭغا سەن بىرنېمە دېمىسەڭ بىز بىرنېمە دېيەلمەيمىز.

تۇغلۇق نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

— بالىلار، بىز ئالدى بىلەن بۇ چۆچەك يۇلتۇزدىن قانداق كېتىشنى ئويلىشايلى، ئېيىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىز چوقۇم ئاۋۋال مەھەللىگە، يەنى بىزنىڭ شەھەرگە بېرىشىمىز كېرەك. ئېيىقنىڭ بالىسى بىلەن تاغىسى بىزنىڭ شەھەردىكى ھايۋاناتلار باغچىسىدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز باشتا بۇ يەردىن قانداق كېتىشنى...

— راست گەپنى قىلساق، سىلەرنىڭ قانداق كېتىشىڭلارنى بىزمۇ بىلمەيمىز. چۆچەك يۇلتۇزغا سىلەرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىڭلارنى، سىلەرنىڭ يەنە نەگە كېتىشىڭلارنى بىلمەيمىز. بۇ ئىشنى... — ھەسەل ھەرىسى قىز ئېيىققا قاراپ قويدى.

— مەن ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويالايمەن، — ئېيىق بالىلارنىڭ تاغىسى بىلەن بالىسىنى ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — ھېلىقى

ئالۋاستىلار ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرىدۇ. مەن بولمىسام ئۇلار بالىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، — ئېيىق ئەمدى تەمكىن، سالماق ھالىتىگە قايتقانىدى.

تۇغلۇقلار ھەسەل ھەرىسى قىزلار بىلەن خوشلىشىپ، ئېيىق بىلەن بىللە قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، دوستلار، — دېگەن ياڭراق ئاۋاز ئاڭلاندى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ھەيران قالدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق تۇراتتى.

بۇ يەردىكىلەر تەڭلا جاۋاب قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — ھەسەل ھەرىسى قىزلار، تۇغلۇقلار ۋە ئېيىقنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ گۈلزارلىقلاردىن ئەكس سادا قايتتى.

— ۋۇي، سىلەر چوغلۇق بىلەن نۇرلۇققۇ؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — تۇغلۇق ھاياجان بىلەن سورىدى.

— نېمە دەيدىغانسىلەر بۇ يەر بىزنىڭ مەھەللىگە يېقىن تۇرسا، بىز بۇ يەرگە داۋاملىق كېلىپ ھەسەل ھەرىسى قىزلار بىلەن ئويناپ تۇرىمىز. سىلەر قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ بىز سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭلارنى جاھانىنەمادىن كۆرۈپ ئىزدەپ كەلدۇق. سىلەرنى بەك سېغىنىپ تۇرغانىدۇق، بۇ يەرگە كەلگىنىڭلارنى بىلىپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتۇق.

— بىراق بىز ھازىر قايتماقچى بولۇۋاتىمىز.

— نېمە دەيدىغانسىلەر! سىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ماۋۇ دوستۇڭلارنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكى ئاسانمۇ؟ بىز ئۇلارنى مېھمان قىلمىساق بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە چۆچەك يۇلتۇز سەنئەت باغچىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «قوشماقلار مۇسابىقىسى»گە ئىككىڭلارنى تىزىملىتىپ قويۇپتىكەنمىز. سىلەر قاتناشمىساڭلار بىزنى... — چوغلۇقلار خىجىل بولغانەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى. ئادىل قاتارلىق بالىلارمۇ ئۆيگە قايتىشقا

ئالدىراۋاتقاچقا چوغلۇقنىڭ گېپىگە تازا قوشۇلغۇسى كەلمىدى.

— ۋاي - ۋۇي، كېتەيلى-چۇ، بولدى ئۇنداق مۇسابىقىگە قاتناشقۇم يوق، قاتناشساڭ ئۆزۈڭ قاتنىشىۋال! — قۇتلۇق يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولغانىدى، گۇلدۇرماما گۇلدۇرلىۋىدى، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تېزلا ئەدەپلىك بولۇپ قالدى، — بوپتۇ، بوپتۇ، ئەگەر ئېيىق قوشۇلسا مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق.

باشقا بالىلارنىڭمۇ بۇ يېڭىچە سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقۇسى باردەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلگەن، ئويۇننىڭ گېپى چىقسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ھەسەل ھەرىسى قىزلارمۇ سەنئەت باغچىسىدىكى مۇسابىقىگە قاتناشماقچىدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭمۇ تۇغلۇقلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمىدى. بۇ يەردىكى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان ئېيىق سالماقلىق بىلەن:

— بىر - ئىككى كۈننىڭ يېنىشى يوق. مەنمۇ سىلەر بىلەن ئاشۇ سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشاي، — دېدى. ئېيىقنىڭ بۇ گېپىدىن ھەممەيلەن خۇشال بولۇپ كەتتى. ھەسەل ھەرىسى قىزلارمۇ تۇغلۇقلار بىلەن يەنە بىر كۈن بىللە بولۇۋالىدىغانلىقىدىن خۇشال بولدى. «قوشماقلار مۇسابىقىسى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ پەرمان بىلەن مەردانمۇ بىر - بىرىگە قاراپ قويدى. ئۇلارمۇ قوشماق بولغاچقا بۇ مۇسابىقىگە قاتناشقۇسى كەلدى.

— بىزمۇ بۇ مۇسابىقىگە قاتناشساق بولامدۇ؟ — پەرمان چوغلۇقتىن سورىدى.

— سىلەرمۇ قوشماقمۇ؟

— شۇنداق، مەردان بۇياققا كەل، — پەرمان بىلەن مەردان بىر يەرگە كېلىپ، ئوخشىمايدىكەنمىز دېگەندەك ئۇلارغا قاراپ قويدى. چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق بۇ قوشماقلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى، چۈنكى بۇ مۇسابىقىنىڭ رىياسەتچىسى چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق ئىدى.

— سىلەرنىڭ مۇسابىقىگە قاتناشتۇرىدىغان نومۇرۇڭلار بارمۇ؟ — چوغلۇق پەرماندىن سورىدى.

— بار، بار، بىزنىڭ ھېلىقى ئىتوتىمىز بەك قىزىقارلىقتۇ، شۇنى قاتناشتۇرايلى ! — دېدى پەرمان بىلەن مەردان تەڭلا.

توغلۇقلار كەتمەيدىغان بولغاچقا ھەسەل ھەرىسى قىزلار ئۇلارنى يەنە بىر قېتىم مېھمان قىلىدىغان بولدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە يەنە خۇشال - خۇرام مېھمان بولدى.



# قوشماقلار مۇسابىقىسى

تاڭ سۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ھەسەل ھەرىسى قىزلار ماكانى ئېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتتى. ئەتراپتىن يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشايدىغان لەرزان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، تاڭ ساباسىغا خۇش ناۋا بەخش ئەتكەنىدى.

چوغلۇق ۋە نۇرلۇقلار ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ تۇغلۇقلارنى ئويغاتقىلى كەلدى. تۇغلۇقلار مېھمانخانا كۆنەكتىكى ئايرىم - ئايرىم تۆشەكلەردە بەك راھەت يېتىپ، تاتلىق چۈشلەرنى كۆرۈپ قانغۇدەك ئۇخلىغانىدى.

— قوپۇڭلار، قوپۇڭلار، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ئەمدى تېزرەك ماڭمىساق مۇسابىقىگە ئۈلگۈرەلمەيمىز، تېز بولۇڭلار!

چوغلۇقلۇقلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەڭ ئاۋۋال تۇغلۇق بىلدى.

— ھە مانا، — دېدى تۇغلۇق، ئارقىدىن باللارنى ئويغاتتى، — بولۇڭلار، باللار، قوپۇڭلار!

باللارمۇ تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئۇلار چوغلۇقلار بىلەن بىللە قوشماقلار مۇسابىقىسىگە ماڭدى. ئاخشام باشقا مېھمانخانىدا ياتقان ئېيىقمۇ يېنىپ كېلىپ تۇغلۇقلار بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار قاتار تىزىلىپ ماڭغانىدى. سەپنىڭ ئالدىدا چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق، سەپنىڭ ئاخىرىدا ئېيىق كېتىۋاتاتتى. ئېيىقمۇ ئىككى پۇتلۇق بولۇپ، خۇددى باللارنى دوراۋاتقاندەك قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ بۇنداق مېڭىشى تولىمۇ كۈلكىلىك تۇيۇلاتتى.

تۇغلۇق قاتارلىق باللار قوشماقلار مۇسابىقىسى

ئۆتكۈزۈلىدىغان يەرگە كەلگەندە، بۇ يەرگە مۇسابىقىگە قاتناشقىلى ۋە مۇسابىقە كۆرگىلى كەلگەنلەر توپلىنىشىپ بولغانىدى. رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ۋە خىلمۇخىل ياپراقلاردىن ياسالغان سەھنە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى چىملىق مەيدانغا تاماشىبىنلار لىقمۇلىق يىغىلىشقانىدى. قوشماقلار مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلار سەھنىنىڭ كەينىدىكى مەشىق مەيدانىدا تۈرلۈك تەييارلىقلار بىلەن ئالدىراش ئىدى. بۇ مۇسابىقىگە مەسئۇل بولۇۋاتقان بۇغا بىلەن قوڭۇر مايمۇن ئارتىسلارنىڭ ھەققىي ياكى قوشماق ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاۋاتقاندەك ھەربىر قوشماقنى ئالدىغا ئەكېلىپ، ئۇلارغا سىنچىلاپ قاراپ، تۈرلۈك سوئاللارنى سوراۋاتاتتى. شۇ چاغدا، قوڭۇر مايمۇن بۇغىدىن سورىدى:

— چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق تېخى كېلىپ بولالماپتۇغۇ؟ ئەگەر ئۇلار كەلمىسە، بۇ مۇسابىقىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ بىز بۇ مۇسابىقىنى ئادەملەر قاتنىشىدىغان تۇنجى مۇسابىقە دەپ داۋراڭ سالغاندۇق، ئەگەر ئۇلار قاتناشمىسا يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ جۇمۇ. تاماشىبىنلارمۇ ئادەملەرنى كۆرگىلى كەلدۇق، دەپ يۈرۈيدۇ. شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا... — بۇغا مايمۇننىڭ ئادەتتە كۆپ سۆزلىمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسمۇ، بۇگۈنكى گېپىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدى، ئۇ خىجىل بولغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى، چۈنكى ئۇ، چوغلۇق، نۇرلۇقلارنىڭ بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىشىغا مەن كاپالەتلىك قىلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ قوڭۇر مايمۇننىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالدى.

— مانا بىز كەلدۇق! — چوغلۇق بىلەن نۇرلۇقنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى بۇغىنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى، يەنە نېمىلەرنىدۇر دەپ غودۇڭشىماقچى بولۇپ تۇرغان قوڭۇر مايمۇننىڭ ئاغزى بېسىلىپ قالدى.

— ھە، كەلدىڭلارمۇ؟ تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىمۇ ئەكېلىمىز

دېگەنىدىڭلارغۇ؟ — بۇغا چوغلۇقتىن سورىدى.

— بىز تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىلا ئەمەس، يەنە باشقا مېھمانلارنىمۇ باشلاپ كەلدۇق، — چوغلۇقنىڭ گېپى تۈگەر - تۈگىمەيلا تۇغلۇقلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇغلۇق قاتارلىق ئالتە بالا ۋە ئېيىقمۇ شۇ بالىلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى.

— مانا ماۋۇ تۆتى ئىككى جۈپ قوشماقلار، ئەزىمەت بىلەن ئادىل قوشماق ئەمەس، — دەپ تونۇشتۇردى چوغلۇق. بۇغا بىلەن قوڭۇر مايمۇن ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، ئاندىن بىرنەچچە سوئال سورىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قوشماق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

— بۇياقچۇ؟ — بۇغا خىجىل بولۇپ تۇرغان ئېيىقنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— ئۇنى بىز تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇق. ئۇ بىز ئورۇندايدىغان سەنئەت نومۇرلىرىدا قوشۇمچە رول ئالىدۇ، — تۇغلۇق ئىتتىك جاۋاب بەردى. ئېيىقمۇ تۇغلۇققا ماسلاشتى:

— شۇنداق، شۇنداق، مەن قوشۇمچە رول ئالىمەن، قوشۇمچە، — ئېيىقنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى ھەممە يەرگە ئاڭلاندى.

ئارىلىقتا بەزى رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن مۇسابىقە باشلاندى. ھەربىر قوشماق بىردىن سەنئەت نومۇرى ئورۇندايتتى. مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى تاماشىبىنلار تاشلىغان بېلەت ۋە باھالىغۇچىلارنىڭ خۇلاسىلىشى بىلەن چىقىرىلاتتى. مۇسابىقە تەرتىپى بويىچە، رىياسەتچى چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق سەھنىگە چىقىپ مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئالدى بىلەن قوشماق يولۋاس بالىسى قوش ئاۋازلىق ناخشا ئېيتتى:

قوشماق يولۋاس،
قوشماق باتۇر بىز.
بىلىپ قويغىن،
ھەممىدىن زور بىز.

شىر ئاكاڭمۇ،
قورقىدۇ بىزدىن.
ئادەملەرمۇ،
قورقىدۇ بىزدىن.

بىلىپ قويغىن،
شۇنداق باتۇر بىز.
مەيلى تاغدا،
مەيلى گۈلباغدا.

پىر سۇلتانمەن،
شاھمەن ھەممىگە،
پادىشاھ مەن...

ناخشا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قوشماق يولۋاسلار ئىيىتمۇاتقان ناخشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ــ پادىشاھ دېگەن مانا مەن.

ــ پادىشاھ دېگەن مانا مەن. مەن سېنىڭ ئاكاڭ تۇرسام، مەن تۇرغان يەردە سەن قانداق پادىشاھ بولىسەن؟

ــ سەن ئاكام ئەمەس، سەن دېگەن مەن بىلەن بىر كۈندە تۇغۇلغان.

ــ ئىشقىلىپ سەندىن بىر مىنۇت بولسىمۇ بۇرۇن تۇغۇلغانمەن.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ۋارقىرىشىپ سەھنىدە تۇتۇشۇپ قالدى. تاماشىبىنلار باشتا ئۇلارنىڭ سەنئەت نومۇرى شۇنداق ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، باھالىغۇچىلار ئۇلارنى سەھنىدىن ياندۇرۇپ چۈشكەندىلا، ئۇلارنىڭ رەسمىي سوقۇشۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، مۇسابىقە يەنە داۋاملاشتۇرۇلدى. ئارىلىقتا قوشماق كېپىنەك، قوشماق ئۆردەكلەر قىزىقارلىق ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. ئەمما تاماشىبىنلار، ئادەم بالىلىرى كۆرسەتكەن نومۇرنى كۆرىمىز دەپ، تەشنا بولۇۋاتقاچقا باشقىلارغا ئانچە چاۋاك چالماي، سۈس مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى. بۇنى ئوبدان بىلگەن باھالىغۇچىلار تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى ئويۇن كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق ئارىلىقتىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئېيىق بىلەن بىرلىشىپ ئورۇندايدىغان بىر ئىتوتنى تەييارلاپ بولغانىدى.

چوغلۇق بىلەن نۇرلۇق سەھنىگە چىقىپ ئېلان قىلدى:

— ئىتوت «قوشماق ئاكا ـ ئۇكىلار ۋە ئېيىق».

تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

سەھنىگە ئالدى بىلەن ئېيىق ئىرغاڭلاپ چىقىدۇ، ئۇ ئەتراپقا قاراپ قويۇپ دەيدۇ:

— بۇ ياقلاردا ھەسەل باردەك قىلمايدۇغۇ، ھەسەلنى ئادەملەر ئىشلەپ چىقىرامدىغاندۇ، ھەرىلەرمۇ؟ ھەرىلەر ئىشلەپ چىقىرامدىكىن دېسەم، ھەممە ھەسەلنى ئادەملەر يەيدىكەنغۇ؟ ھەممە ھەسەلنى ئادەملەر ئوغرىلاپ كېتىۋاتسا ھەرىلەر مېنى نېمىشقا ئوغرى دەپ چېقىۋالىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئوغرىلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟

شۇ چاغدا، تۇغلۇق سەھنىگە چىقىدۇ:

– ھەي ئېيىق ئاكا، سىز بىزنىڭ غەيۋىتىمىزنى قىلىۋاتقان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، ياق، مەن ئاۋۇ… — ئېيىق ھودۇقۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرايدۇ، — مەن ئاۋۇ مايمۇنلارنى ئوغرى دېمەكچىدىم. ئۇلار ھەسەل ئوغرىلاپ يەيدىكەن. بايىلا ئۇلارنىڭ ھەسەل يەۋاتقانلىقىنى

كۆردۇم.

شۇ چاغدا، سەھنىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن قۇتلۇق بىر بوتۇلكا ھەسەلنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئېيىق قۇتلۇقنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كېتىدۇ:

— ئەنە، ئەنە، ھېلىقى ھەسەل ئوغرىسى مايمۇن كەلدى. ئۇ ھازىرمۇ ھەسەل يەۋاتىدۇ.

قۇتلۇق ھەسەل يېگەچ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ.

— ھەي، كىم مايمۇن ئىكەن؟ — قۇتلۇق ئېيىققا ۋارقىرايدۇ، — مەن دېگەن ئادەم. مەن ھەسەل ئوغرىلىمىدىم، ھەسەلنى ماگىزىندىن سېتىۋالدىم.

— نېمە؟ — ئېيىق ۋارقىراپ كېتىدۇ، — سېتىلغان دېگەن قانداق گەپ ئۇ، مەن ئەجەب سېتىۋالالمايدىكەنمەنغۇ؟ سەن ئادەم ئەمەس، سەن دېگەن مايمۇن. ئادەم دېگەن مانا ماۋۇنىڭدەك بولىدۇ، — ئېيىق تۇغلۇقنى كۆرسىتىدۇ.

— مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرىم بارمىكەن؟

— كۆرگەنسەن، بۇنىڭدا سېنىڭكىدەك قۇيرۇقى يوق، يۈزىدە تۈكى يوق. بۇ دېگەن ئادەم، سەن دېگەن مايمۇن، — ئېيىق كۈلۈپ كېتىدۇ.

— ھەي، نەدە مېنىڭ قۇيرۇقۇم بار ئىكەن؟ بۇ دېگەن قوشماق ئاكام، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوپمۇئوخشاش تۇرمامدىم؟

ئېيىق قۇتلۇقنىڭ ئالدى - كەينىگە سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ھەيران بولۇپ سۆزلەيدۇ:

— ھە، سېنىڭ قۇيرۇقۇڭ يوق ئىكەن، سەن مايمۇن ئەمەسكەنسەن، ئادەم بالىسى ئىكەنسەن، ماۋۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق ئىكەنسەن، — دەپ ئېيىق تۇغلۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ خۇشامەت قىلغاندەك قۇتلۇققا يېقىنلىشىدۇ - دە، قۇتلۇقنىڭ قولىدىكى ھەسەلنى ئەپقاچىدۇ، قۇتلۇق ۋارقىرايدۇ.

— ئاكا، ئاۋۇ ئېيىق ھەسىلىمنى ئوغرىلاپ قاچتى!

قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇق ئېيىقنى قوغلايدۇ. ئېيىق قاچىدۇ.

ئېيىق تورلۇك قىزىقارلىق قىلىقلارنى چىقىرىدۇ. توغلۇق بىلەن قۇتلۇق ھەييارلىق بىلەن قوغلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ شوخ مۇزىكا ياڭرايدۇ. ئېيىق نەچچە يىقىلىپ، نەچچە ئورنىدىن تۇرىدۇ، قولىدىكى ھەسەل بوتۇلكىسى چۇشۇپ كېتىپ دومىلاپ كېتىدۇ، ئېيىق بوتۇلكىنى قوغلاپ تەڭ دومىلايدۇ، توغلۇق بىلەن قۇتلۇقمۇ ھەييارلىق قىلىپ دومىلايدۇ...

تاماشىبىنلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. مۇسابىقە خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشتى. نەتىجىدە، توغلۇق بىلەن قۇتلۇق بىرىنچىلىككە ئېرىشتى، مەردان بىلەن پەرمانمۇ يامان ئەمەس نەتىجىگە ئېرىشتى...

باللار ئېيىق بىلەن بىللە كۆكتاغقا قايتىپ كەلدى. توغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ نەتىجىگە ئېرىششىدە ئېيىقنىڭمۇ تۆھپىسى بولغاچقا، ئۇلار ئېيىققا تاغنى ۋە باللىرىنى قۇتقۇلدۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ قايتتى.

توغلۇقلار مومىسىنىڭ مەھەللىسىگە قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان ھەدە ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپ، توغلۇق بىلەن قۇتلۇقنى شەھەرگە ئەكەتتى.

مەكتەپكە يىغىلىدىغانغا يەنە بىر ھەپتىدەك ۋاقىت قالغاندى. ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان ھەدە توغلۇقلارنى ئوينىتىپ قويماقچى بولۇپ شەھەر ئەتراپىدىكى ھايۋانات باغچىسىغا ئېلىپ باردى. قارىماققا تەبىئىي ئورمانلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ باغچىدا تۈرلۈك ھايۋانلار ئەركىن يايراپ يۈرەتتى. توغلۇق بىلەن قۇتلۇق بۇ ھايۋانلارغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. مانا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بىر جۈپ شىر ھەيۋەت بىلەن ئۆتمەكتە. ئەركەك شىر ئۇخلاپ قويغان ئادەملەردەك ئەسنەپ قويغاندىن كېيىن توغلۇققا قارىدى، توغلۇقمۇ خۇددى ئەركەك شىر ئۈزىگە

گەپ قىلىدىغاندەك ئۈنىڭغا قاراپ تۇردى. چۈنكى، ئۈنىڭ يازلىق تەتىلدىكى كەچۈرمىشلىرى بارلىق ھايۋانلارنى خۇددى ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدۇ، دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك شىر، — قۇتلۇقمۇ شىرغا سالام بەردى. ئېرپان ئاكا بىلەن چولپان ھەدە ئۇنى قىزىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى.

مانا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يوغان بىر قارا ئېيىق بىلەن ئىككى ئېيىق بالىسى پەيدا بولدى.

— ھەي، ئاكا، بۇ ھېلىقى ئېيىقنىڭ تاغىسى بىلەن بالىسى شۇمۇ؟ بىز ئۇ ئېيىققا... — قۇتلۇق گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

— ۋۇي، نېمە بولغاندۇ ماۋۇ بالىلارغا، بۇ يەردىكى شىر - ئېيىقلارنى تونۇيدىغاندەكلا گەپ قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ — چولپان ھەدە شۇنداق دەپ كۈلۈپ قويدى. تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇق بىر - بىرىگە كۆز قىسىشىپ قويدى. ئۇلار ئېيىقلار ئۇزاپ كەتكۈچە قاراپ قالدى...

تەتىل تۈگىدى، تۇغلۇقلار بۈگۈن مەكتەپكە يىغىلدى. ئۇلارنىڭ يازلىق تەتىلدىكى ئاشۇ كەچۈرمىشلىرى ئىچىگە ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى، چۈشى، خىيالى ۋە غەلىتە تەسەۋۋۇرلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىۋالغۇسىز ھالدا چىرمىشىپ كەتكەنىدى. ئەلۋەتتە، مومىسى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە - چۆچەكلەرمۇ ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

تۇغلۇق بىلەن قۇتلۇقنىڭ مەكتەپتىكى ھاياتى يەنە باشلاندى. ئۇلار ئۆزىچە ئۇھ تارتىپ قويدى:

— ھەي، ئەمدى قاچان تەتىل كېلەر؟

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*

# چىچەن قوشماقلار

(رومان)


ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

مەسئۇل مۇھەررىرى: گۈلباھار ئەخەت

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: سەنەۋەر ئىبراھىم، رەناگۈل ئابلىمىت

تەكلىپلىك كوررېكتورى: ياسىن زايىموف

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

مۇقاۋا ۋە قىستۇرما رەسىم سىزغۇچى: تۇرسۇن ئىسھاق

نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

تېلېفون: 0991 − 2827472

پوچتا نومۇرى: 830001

باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجىياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى

ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 13

نەشرى: 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

باسمىسى: 2009 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 5000

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 12886 − 0

باھاسى: 26.00 يۈەن